# بىز كىم

مۇندەرىجە

1. بىز كىم ـ ئۆزىمىز ئۈستىدە ئويلىنىش ( ئەزىز ئىمىن يانغىن )........................3ـ بەت

2. تۇنۇگۇن ـ بۈگۈن ۋە ئەته ( تەكلىماكانى )..................................9ـ بەت

3. بىز يەنىلا ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلىنايلى ( مۇتەللىپ ئەھەتباقى )......................11ـ بەت

4. بىزگە بىركىم مەڭگۈ يۆلەك بولالمايدۇ. ( ماھىنۇر تۇردى )........................15ـ بەت

5. بىز قانداق ياشاۋاتىمىز...........................................16ـ بەت

6. ئەركەكلىك زىمىندىكى سىغىنىش ( ھاياتنۇپۇس مۇھەممەت )......................20ـ بەت

7. مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ يىلتىزى........................................23ـ بەت

8. تەخىرسىز ئويلار ( زۇلپىقار ئېلى مەمەت )................................27ـ بەت

9. نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردا كەلگۈشۇناسلىق مەدەنىيىتى بارلىققا كەلمىدى. ( ئەركىن ئەمەت )...34ـ بەت

10. بايرام ئالدىدىكى –ئۇيغۇرلار ( مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا )............................40ـ بەت

11. ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى ئىجتىمائى مەسىلىلەر ( دوكتۇر مەمەت ئىمىن )..................44ـ بەت

12. ئەسسالام ئانا دىيار..................................................51ـ بەت

13. مىللىي مائارىپ....................................................65ـ بەت

14. ھەققى قۇدرەت تېپىش دېگەن نېمە ؟.......................................65ـ بەت

15. كارخانا...........................................................71ـ بەت

16. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى.......................................73ـ بەت

17. ياۋروپالىقنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى..................................75ـ بەت

BABUR

18. ئۇيغۇر زىيالىلىرى بىلەن دىئالوگلىششش ( ئۆزباش )............................82 ـ بەت

19. خۇتەن قوزغىلىڭى ھەققىدە ئەسلىمە ( دوكتۇر مۇھەممەت ياقۇپ بوغرا )................85 ـ بەت

20 چۇمۇلە رۇھى ۋە ئىقتىساد ئېڭىمىز ( ئوسمان زاھىر ).............................96 ـ بەت

21. زاۋۇتى يوق مىللەت قانداق كۈنگە قېلىشى مۇمكىن ؟.........................110 ـ بەت

22. پۇلىمىز نەگە كىتىۋاتىدۇ ؟...........................................115 ـ بەت

23. تۈركىيە ئاناتولىيىدىكى ئۇيغۇر رايونى ئۇستىدە تەكشۈرۈش ۋە كورىيە ئۇيغۇرلىرى

( ئابدۇكرىم راخمان )...............................................119 ـ بەت

24. شەھەرلەردە ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقان ئادەتلىرىمىز ( غالىب مۇھەممەد قارلۇق )..........122 ـ بەت

25. ياپۇنىيىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ..................................126 ـ بەت

26. ئۆزلۈك ۋە كىملىك ئارىلىقىدا ( تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار )........................131 ـ بەت

27. زور ۋەقەلەر يىلنامىسى..............................................157 ـ بەت

28. تەكلىماكاننىڭ تەرجىمىھالى..........................................166 ـ بەت

29. يەكەن خانلىرى....................................................168 ـ بەت

( يۇقارقى ماتىرىياللار توردىن يىغىۋېلىنغان، بەزى ماتىرىياللارنىڭ ئاپتۇرنى ئەسكەرتىش مۇمكىن بولمىدى )

BABUR

# بىز كىم ـ ئۆزىمىز ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش

**ئەزىز ئىمىر يانغىن**

ئەسئەت سۇلايماننىڭ «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»ناملىق كىتابىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققان ئوقۇرمەنلەرگە ئايان بولسا كېرەك ، بىز ئۇنىڭدىن مۇنۇ جۈملىلەرنى ئۇچرىتىمىز «بىز كىم، بىزنىڭ مەدەنىيەتلەر جىددىي رەۋىشتە يۇغۇرۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئورنىمىز ۋە سالاھىيىتىمىز نېمە ، بىز بۈگۈنكى يەر شارى كەنتىدە باشقا نۇرغۇن خەلقلەرگە ئوخشاش ئۆزلۈكىمىزنى ۋە كىملىكىمىزنى قانداق ئىپادە قىلىمىز؟

شىمالىي ياۋروپادا ياشىغان بىر يىل جەريانىدا مەن بۇ سوئاللارنى ئۆز ـ ئۆزۈمدىن تالاي قېتىملار سورىدىم. كۆك رەڭلىك ياۋروپانىڭ سوغۇق ۋە ھۆل رىئاللىقى ئىچىدىن يىراقتىكى ئانا يۇرتۇمنىڭ قۇرغاق كەيپىياتىغا نەزەر تاشلىدىم. ياۋروپا قىرغاقلىرىنى بويلاپ كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىمنى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ زامانىۋى يالتىراقلىرى ۋە قىممەت ئۆلچەملىرىدە ئەمەس، بەلكى مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىغا باغلانغان بىر قەدىمىي خەلقنىڭ كۆزىدە تۇرۇپ كۆزەتتىم. ئۆزۈمنى، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى ۋەتىنىمدە ۋە خەلقىمنىڭ كۆزىدە تۇرۇپ ياشىغان شۇنچە ئۇزۇن يىللاردا ئەمەس، بەلكى ۋەتەندىن ئايرىلىپ مۇساپىرەتتە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ بىر يىل جەريانىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم...»

بۇ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغان سۆزلەر ، شۇنداقلا ئۆز مىللىتىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلايدىغان ھەم ئويلىيالايدىغان بىر مىللەت ئەزاسىنىڭ ئويلىنىپ كۆرىشىگە تېگىشلىك چىن سۆزلەر . مەن ئالدى بىلەن بۇ ماقالەمنى يېزىشتىن بۇرۇن «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» نى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىم ھەم ئويلىغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن :

ئىنسان ئانا تىنىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ روھدا ئاپىرىدە بولۇپ، ھايات يولىدىن ئىبارەت ئۇزۇن ھەم مۇشكۈل داۋانلاردىن ئېشىپ ، شاتلىق ھەم قايغۇ ھەسرەتلەر كېچىكىنى كېچىپ، مۇھەببەت شەربەتلىرىدىن بىردە قېنىپ ، بىردە قانماي، غەلبە بىلەن مەغلۇبىيەت چىگرىسى ئوتتۇرىسىدا تاللاش، شاللاشقا مۇپتىلا بولۇپ ... بىر تالاي ھايات ماماتلىق جەڭلەردە چېنىقىپ ياشايدىكەن ھەم ئۆزلۈكىدىن .

بۇ تولىمۇ ئۇزۇنغان سوزۇلغان جەريان خالاس. ئەمما ئىنسان مانا مۇشۇ جەريانلاردا ئۆزگىچە دۇنيا ، قىممەت قارشىغا ئىگە بولىدىكەن .

تاشقى دۇنيانىڭ رەڭدارلىقى بىزنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ ئۇنىڭ جىلۋىگەرلىكىدىن مەستخۇش بولۇپ ياشاپ كەلدۇق. كائىناتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىز ياشاۋاتقان بۇ تۇپراق بىر يەرشارى كەنتى بولسا بىز مۇشۇ كەنتتە ياشىغۇچى بىر ماددا خالاس. ئەمما بىزنىڭ روھى دۇنيارىمىز بىزنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىۋاتقان كىشى ئۈچۈن ئاجايىپ بىر دۇنيا. روھى بېكىنمىچىلىك ئىچىدە ياشاپ كەلدۇق. بۇ بىزنىڭ قېنىمىزغا سىڭگەن ئىكەن ، ئەلۋەتتە روھى دۇنيارىمىزمۇ قېنىمىزنىڭ قۇماندانلىقىدا بولىدۇ. ئۆزى ياشاۋاتقان ۋەزىيەتنى، دەۋرنى چۈشەنمەي ھايات كەچۈرۈپ مەن تىرىك ئىنسان دەپ ئۆزىنى تىرىكلەر قاتارىدا كۆرۈش تولىمۇ بىچارىلىك ، جىسمى تىرىك ئەمما روھى ئۆلۈكلۈك. روھى ئۆلۈكلۈك ئىنساننىڭ قەدىر قىممىتىنى يوقىتىدۇ. تاماق يېيىش ، ئۇخلاش،مانا بۇ روھى ئۆلۈك كىشلەرنىڭ تۇرمۇش مىزانى ھەم ياشاش ئۆلچىمى. يىراقلارغا نەزەر سېلىشتىن بۇرۇن ئەتراپىمىزغا نەزەر سالدىغان بولساق. ئەتراپىمىزدا مىڭ ئادەمنىڭ جىنىغىمۇ تېگىششكە بولمايدىغان ئاجايىپ قىممەتلىك كىشلىرىمىز بار . ئۇلارنىڭ ياشاشتىكى مەقسىدىنى پەقەت بىر جۈملەر سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ " مەن ئۆزۈمنىڭ ئەمەس ، مىللىتىمنىڭ مىللەتكە ئەقىدە ، تەرەققىياتنى غايە نىشان قىلىپ ياشاش ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىنىڭ ھۆكۈمدار سۆزى. ئۇلار يۈرىكىدىكى مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار، سۆيۈملۈك پىلانلىرى، مەقسەتلىرى بىلەن تونۇپ سەركە بولدى. ئۇلار ھايات قەدرىنى ئەمەلىي ھەركەتلىرى ئارقىلىق ياراتتى. ئۇلار ئەتراپىدىكى بېكىنمە تۇرمۇشقا

BABUR

www.uyghurkitap.com



چۆككەن، تاشقى دۇنيانىڭ جىددىيەتچىلىكىدىن خالاس ھالدا ھايات كەچۈرۋاتقان قىرىنداشلىرى ئۈچۈن يۈرۈكىدە يۇم يۇم يېغلىدى. ئۇلارنىڭ روھىنى ئويغىتىش، ئۇلارغا جاھاننامە ئەينىكى كۆرسىتىش ئۈچۈن كېچە كۈندۈز زېھنىنى خوراتتى. ئۆز مىللىتى ئۈچۈن قىلغان مېھنەتلىرى ئېتىبارسىز قالغاندا ئېغىر خۇرسىنىش ئىلكىدە مىللىتكە ئېچىندى. ئۇلانىڭ تېزراق ئويغىشىنى ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە ئەقلىي ئەمگەكلەرنى قىلدى. ھاردۇقنى بىلدى ئەمما تالدىمنى بىلمىدى.

ئەسئەت سۇلايمان يازغان «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق كىتاپنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قەلبىمدە يۇقارقىدەك ھېسلار دۇلقۇنلىرى ئۇرغۇدى. ھەتتا ھاياجان ياشلىرىمنىمۇ سىرغىتتىم.

ئۆزلۈكىمىزنى يۇقاتتۇق ... كىملىكىمىز بۇيۇن قىسقان ھالەتتە بىزنىڭ قۇتقۇزىشىمىزنى چاقىرماقتا.

ئاپتۇر مۇشۇ كىتابى ئارقىلىق مېنى، سېنى ھەم ئۇنى روھى ئويغىنىشقا يىتەكلەپ، ۋۇجۇدىمىزغا سىڭىپ كەتكەن روھى بىكىنمچىلىكنى تازلاپ يېڭى ئېقىم ، ۋەزىيەتكە ئەقىل كۆزىمىز بىلەن بېقىشنى ئىپادە قىلغان دۇنيادىكى بارچە دۆلەتكە سېلىشتۇرغاندا بىز ياشاۋاتقان بۇ ئانا تۇپراق تولىمۇ كىچىك ئۇقۇم. بىزنىڭ نامىمىز تېخىمۇ شۇنداق.

تارىختا ياشىغان يەھۇدىلەرنىڭ دۇنيا ئېقىمىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەر قايسى مىللەت دۇنيا ئەللىرىنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولغىنى يۇق. ئۇلاردىكى مىللىي روھ، يىمىرىلمەس ئېتىقات، تىرىشچانلىق ئۇلارنىڭ نامى ئۈچۈن ئابىدە تىكلىگەن.

ئاددىي مىسالەن : ئۇلاردا توي قىلغاندا ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنىڭ تۇيلىقى ئۈچۈن كىتاپ سوۋغا قىلىدىغانلىقىدەك باياننى مەن قايسىدۇر بىر كىتابتا كۆرگەنمەن. مانا بۇ يەھۇدىلارنىڭ ئۇلۇغ ، تەرەققىي تاپقان مىللەت بولۇپ سانىلىشىنىڭ ئاچقۇچى. "بىلىم بۇيۇكلىكنىڭ ئاچقۇچى " دەپ ئېيتقان ئىدى قايسىدۇر بىر ئاقىل. مانا مۇشۇ جۈملە سۆز نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ئەجداتلار تەرىپىدىن ئېيتىلغان. مانا مۇشۇ سۆز شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ بىلىم ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدەك بىر ھەقىقەتنى يۇرۇتۇپ بېرىدۇ.

ھال بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز ئۆزىمىزدە بار بولغان قىممەتلەرنى قەدىرلىمەستىن ئۇنى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. ئۇلار بىزنىڭ مەدەنيەتلىرىمىزنى قازدى، تەتقىق قىلىپ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ قىلدى.

تەتقىقاتچى ئەسئەت سۇلايمان ئۆز مىللىتىنىڭ مەنىۋى بايلىقى ۋە روھى بايلىقىنى قېزىش ،رەتلەش ئۈچۈن ئانا يۇرتىدىن تولىمۇ يىراق بولغان كائىناتنىڭ ئۇ چېتىگە بىرىپ مۇساپىرچىلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزلىكىمىز ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. قولىمىزدىن كېتىپ باشقىلارنىڭ ئالقىنىغا چۈشكەن نۇرغۇن ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىمىزنى نۇرغۇن مۇشكىلاتلار ئارقىلىق كۆرۈشكە ، تەتقىق قىلىشقا مۇيەسسەر بولدى. بۇ نەقەدەر ئۇلۇغ ھەم ئازاپلىق ئىش ھە! شۇ تاپتا كىتاپ ئۈستىلىمدە «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»نىڭ ھەر بىر بەتلىرىنى ۋاراقلىغىنىمدا ھاياجان ئارلاش ئاچچىق نىدا يۈرىكىمنى قامالىدى. ئاپتۇرنىڭ ئۆز مىللىتى ئۈچۈن قىلغان كاتتا شۆھرىتىدىن سۆيۈنگەن بولسام، بىزدىكى روھى بىخۇدلۇق ھۇرونلۇق تونىغا ئورىنىۋېلىپ ھاياتىنى قۇمدەك سورىتىپ ئۆتكۈزۈۋاتقانلاردىن تولىمۇ ..تولىمۇ ئېچىندىم.

كىتاب « بىز ئەسلى كىم؟ كىمنىڭ ئەۋلادى؟ بىز تارىختا قانداق ئورۇن تۇتقان، ھازىرچۇ ؟>> دېگەندەك بايانلار بىلەن تارىخ بىلەن بۈگۈننىڭ سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق بىزنى ئويغىنىشقا، جاھانغا ئەقىل كۆزى بىلەن بېقىشقا، تىرىشىشقا ئۈندەيدۇ.

ھايات ئىنسانغا بىرلا قېتىم كىلىدۇ . ئۇ ئىنسانغا بېرىلگەن قىممەتلىك سوۋغا. بۇ سوۋغا نادانىنىڭ ئالقىنىدىمۇ بار ،دانانىڭ ئالقىنىدىمۇ بار ، ئۇ ـ نادانىنىڭ ئالقىنىدا خۇنۈك كۆرۈنگەن بولسا ، دانانىڭ ئالقىنىدا نۇر چاچىدۇ. بۈگۈن قۇياش شەرقتىن ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن كۆتۈرۈلگەن بولسا ، غەرىپتە ھارغىنلىق بىلەن تاغ كەينىگە مۆكۈنىدۇ. كۈنلەر مانا مۇشۇنداق تەكرارلىنىدۇ. بىز مۇشۇنداق تەكرارلىق ئىلكىدە ھاياتىمىزنى ئۆتكۈزىمىز. ئارىمىزدا بۇ كىتاپنى ئوقۇغانلارمۇ بار بولىشى ئوقۇمىغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن . لېكىن بۇ ئەسئەت سۇلايمان بىز ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرىپ قىلىپ يېزىپ چىققان بۇ كىتاپ «مەن كىم ؟>> دەپ ئۆزلىكى ھەققىدە ئويلىنىشنى خالايدىغان قەلبى ئىگىسى ئۈچۈن چوقۇم بىر ۋاراقلاپ قۇيۇشقا تېگىشلىك قىممەتلىك دەستۇر.

سىز باشقىلارنىلا تونۇماڭ ، سىزنىمۇ باشقىلار تونۇسۇن، ئېتىراپ قىلسۇن.

باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشىمىزنىڭ ئاچقۇچى ـ دەل بىزنىڭ روھى ئويغىنىشىمىز ، تىرىشىپ بىلىم

ئىگەللىشىمىز.
بىر كۈن ئۆتتى ، ئۆلۈمگە بىر كۈن يېقىنلاشتۇق. بۇنى ئويلىغىنىمىزدا كۆڭلىمىز يېرىم بولماسمۇ ؟ كۈنىمىز قىسقارغان بىلەن بىز قىلغان ھالال مېھنەتلەر ھاياتىمىزنى ئۇزارتىدۇ... سىز كەتتىڭىز ، ئەمما ئەۋلادىڭىز سىزنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلغان ئەمگەكىڭىزدىن قەلبىدە سىز ئۈچۈن ئابىدە تىكلەيدۇ.ئۇلارمۇ ئېغىزى ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە سۆزلەپ بېرىدۇ .مانا بۇ دەل ھاياتىڭىزنىڭ ئۇزارغانلىقى.
قەدىرلىك ئوقۇرمەن : مەن بۇ ماقالىنى رىئاللىقتىن كەلگەن تەئەججۈپلىك خىياللىرىم بىلەن كىتاپتىن ئالغان مەمنۇنلۇقىا ياندىشقان ئازاپلىق تەسراتىم ئاساسىدا يېزىپ چىقتىم . كىتاپتىكى مەزمۇنلارنىڭ دائىرىسى بىلەن سالمىقى ھەقىقەتەن چوڭقۇر ھەم كەڭ دائىرلىككە ئىگە. بۇ كىتاپتىكى مەزمۇنلارنى چۈشۈنىشكە،ھەم بۇ مەزمۇنلار ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ئوپىراتسىيە قىلىشىمىزغا موئەييەن بىلىم كېتىدىكەن. تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك بىلىمىمىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلى كىتاپقا يەنە چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتەلمىدىم. ئەمما مەن بۇ كىتاپتىكى بايان قىلىنغان مەزمۇنلارنى يەنى ئاپتۇرنىڭ يۈرىكىنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆتتۈم. ھازىر مەن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن، مەن ۋە مېنىڭ ئەجدادلىرىم ياشاپ كېلىۋاتقان ماكانىمدىن يەنى ئانا يۇرتۇمدىن گۈزەل ئارزۇ ئىستەكلەر بىلەن ئايرىلىپ، ئۆزيۇرتۇمنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان بىر ماكاندا ياشاۋاتماقتىمەن. يۇرتتىن ئايرىلىش ئالدىدا تېخى بارىدىغان يېرىم جەننەتتەك بىر ماكان دەپ ئويلايتتىم. مەن يۇرتتا بولغان بىر قىسىم ئىشلارنى، ئۆزمىللىتىمىزدىن چىققان ياشلارنىڭ مىللىتىمىزنى، مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرىنى ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن بولسامۇ بۇ ئىشلارنى نىمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتىم. مانا ھازىر يۇرتۇمدىن ئايرىلغىنىمغا ئىككى يىل بولدى. ئۆز ماكانىمدىن ئايرىلىپ، مەن ئۆز خىيالىمدا جەننەتتەك دەپ ئويلىغان بۇ ماكاندا ياشاۋاتىمەن. بۇ ماكاندا ئىككى يىل ياشاپتىمەن يەنە ئىككى يىل تۇرۇشۇم ھەتتا ئۇنىڭدىن ئۇزاقراق تۇرىشىم مۇمكىن. مەن بۇ جەريانلاردا خېلى كۆپ ئىشلارنى كۆردۈم، ئاڭلىدىم ۋە چۈشەندىم.
مەن ئاڭلىغان ئاشۇ ياشلىرىمىزنىڭ نىمە ئۈچۈن جاپا مۇشەققەتلەرگە قارىماي، ئۆزىنىڭ مىللىتىنىڭ ئابرويىنى، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قوغداشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ئانچە ـ مۇنچە چۈشەندىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يات يۇرتتا بىر قىسىم ياشلىرىمىزنىڭ جان باقىمىز دەپ ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، ھەتتا ئېپپەت نومۇسنى سېتىش ئارقىلىق كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم. ئۇلار بۇ ئەللەردە مىللىتىمىزنىڭ نامى ۋە سۈپىتىگە شۇنداق تەسىر بەرگەنكى ، شىنجاڭلىق دەپ ئاڭلىغان ھامان ئوغرى دەپ بىلىدىغان، دۇكان سارايلارنى ئايلانسا پىركازچىكلار ياكى مۇھاپىزەتچىلەر بىرگە ئارىلايدىغان، ئاپتوبۇسلاردا كۆرگەن ھامان سومكىلىرىنى قۇچاقلاپ، بىزدىن يىراق تۇرىدىغان ، بىزنىڭ تاشقى قىياپىتىمىزگە قاراپلا باھا بېرىۋېتىدىغان ھالەتكە ئەكىلىپ قويۇپتۇ. مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقىنىمدا ئابدۇقادىر سادىرنىڭ بىر ساتىرىسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى .

تۆت كاللا بىر بولساق ئىچىپ كىتىمىز،
ئىچكەندە جان ـ پاندىن كېچىپ كىتىمىز.
شادلىقتىن كۈلسەكمۇ،پىغان چەكسەكمۇ،
مەي ئالغان ئىدىشقا چۆكۈپ كىتىمىز.

ھەشەمەت ھۆكۈمران بىزنىڭ باشلارغا،
تاپقاننى شىرەگەتۆكۈپ كىتىمىز.
تۆت رومكا ئايلانماي باشلانسا غەيۋەت،
گادايدىن شاھقىچە سۆكۈپ كىتىمىز.

زارلىنىپ گاھىدا تەتۈر پەلەكتىن،

كىمنىدۇ ساۋداپ تىپىپ كىتىمىز
كۆزلەرگە گۈل بۇلۇپ كۆرۈنسە پىيەك،

شەھۋەتنىڭ سۈيىدە ئېقىپ كىتىمىز.

قىنىمىز قاينىسا ئېزىپ ئەقىلدىن ،
ئىپپەتنىڭ قىندىن چىقىپ كېتىمىز.
بىزنى دەپ پايپېتەك بولسا ساھىپخان،
يۈزىگە تۈپىنى چېچىپ كېتىمىز.

ئايلىنىپ بىردەمدە تۆكلۈك قاۋانغا،
تۈز بەرگەن قازاننى چېقىپ كېتىمىز.
قەلبلەر تاپشۇرۇپ جان دېيىشكەننىڭ،
دەم ئۆتمەي گېلىدىن سىقىپ كېتىمىز.

ئالتۇندەك دوسلارنىڭ قەلبىپ كۆزىگە،
ئۇچلانغان ياغاچنى تىقىپ كېتىمىز.
ئۆزىمىز تىكلىگەن دوسلۇق تېمىنى،
شۈيۈسۈن بىر ـ بىرلەپ يىقىپ كېتىمىز.

گاھىدا ئايلىنىپ جەڭگاھقا سورۇن،
ئەتلارنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ كېتىمىز.
ھاياتنىڭ قەدرىنى ئېسىپ كانارغا،
پاخالنىڭ نەرقىدە سېتىپ كېتىمىز.

ئىچ ـ ئىچتە يىقىلىشاق نىشانسىز ئۆتتىن،
دۇم چۈشكەن يالاقتا يېتىپ كېتىمىز.
گاھىدا شۈپپىتى مۇز كالتىكىدەك ،
كۆچىدا ئەبىدى قېتىپ كېتىمىز

قىممەتلىك ھاياتنىڭ ئالتۇن چېغىنى،
مەي قىلىپ مەيخورغا سېتىپ كېتىمىز.
چىقالماي غالىپلىق قىپىنى يىرتىپ،
دۇنيادىن دىرەكسىز يۇتۇپ كېتىمىز.

بىزشۇنداق بەك ئىچكەك تەڭدىشىمىز يوق ،
دو تىكسەك ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىمىز.
تېپىڭلار بىز كىمۇ ؟ يۇشتى كىمنىڭكى؟

دوستلار بىز زادى كىملەرنىڭ ئەۋلادى، كىملا كۆرسە قاچىدىغان كىشلەرنىڭمۇ؟ تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان

بولساق بىزنىڭ پەخرىمىز بولغان مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر،لۇتپۇللا

مۇتەللىپ... قاتارلىق ساناقسىز ئۇلۇغ زاتلىرىمىزنىڭ مىللىتىمىزنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى
كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ . ئەجىبا ئاشۇ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى بىزنىڭ ئۇشبۇ ئۇيقۇ ھالىتىدىكى

ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ تۇرسا ، بىزگە ئېچىنماسمۇ ؟...ئەۋلادلىرىمىز بىزگە ئېچىنماسمۇ ؟!..بۇنىڭدىن قارىغاندا

بۇ سېسىق نام بىزگە بۇرۇنقى ئەجدادلىرىدىن قېلىپ قالمىغان بەلكى ھازىرقى جەمئىيتىمىزدىكى بەزى
ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ پۇل مالنى، ھارامدىن كەلگەن ئاشۇ ئازغىنە باياشاتلىقنى دەپ مىللىتىمىزنىڭ نام ـ ئابرويىنى،



BABUR

www.uyghurkitap.com

ئەۋلاتلارنىڭ كەلگۈسىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، يات ئەللەردە ھەرخىل يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىدىن؛ يەنە بەزى بىر قىسىم ياشلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت قوبۇل قىلدۇق دەپ قارىغۇلارچە ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان مەدەنىيىتلەرنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە شۇ ئاتالمىش مەدەنىيەتلىرىدىن پەخىرلىنىپ كەتكەنلىكىدىن؛ ئۆز يۇرتىدا ھالال ئەمگەك بىلەن ياشىماي، يات ئەللەردە دۇرۇس ئىشلار بىلەن ئارلاشماي، ھارام مال ـ دۇنياغا دۇم چۈشكەنلىكىدىن؛ ۋىجدان، ئىنساپىنى بىر يەرگە قايرىپ قويۇپ، بىر كۈن ئۆتسە شۈكرى قىلىدىغان تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەنلىكىدىن ھەمدە بىزدە ھالال ئەمما جاپالىق تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

شائىر تىيىپچان ئېلىيوف «تىۋلغا» ناملىق شئىرىدا «ھەقىقەت ئېگىلەر سۇنماس» دەپ ناھايىتى توغرا

ئېيتقاندى.توغرا ، ئەي، ئۇيغۇرۇم!!!! ھەقىقەت، توغرا يول ھەممىدىن غالىپتۇر. بىز ئەمدى مال ـ دۇنيا كويىدا

بولىۋەرمەيلى!!! باش ئەتىيازدىكى ئۇرۇق، دېھقان ئاكىنىڭ قۇيغان سوغۇق سۇيىدىن چۆچۈپ ويغىنىپ ئەتراپقا باققىنىدەك، بىزمۇ نادانلىق ئۇيقىسىدىن ويغانمىساق بولمايدىغان، كۆزىمىزنى ئوبدان ئېچىپ، ئەتراپقا تەپسىلىي قاراپ، باشقىلار نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، بىز نىمە ئىشلار بىلەن ئالدىراش دىگەنلەر ھەققىدە ئويلانمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى؛ شۇنداقلا بىزنىڭ ئەجدادىمىزلىرىمىز كىملەر، ئۇلار زادى قانداق ئادەملەر؟ دەپ تارىخ بېتىگە قارىمىساق، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز كىملەر، ئۇلار قانداق ئادەملەردىن بولماقچى؟ دېگەنلەر ئۈستىدە ئويلانمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى؛ بىزنىڭ ئوغرى، ئالدامچى دىگەن نامىمىزنى ئەۋلاتمۇ ـ ئەۋلات تارقىتىش ياكى

ئاتالمىش بۇ نامىمىزنى پۈتكۈل دۇنياغا تارقىتىش ياكى يەڭ ئىچىدە ئۇجۇقتۇرىۋېتىش كېرەكمۇ؟ دىگەن مەسىلە

ئۈستىدە ئويلانمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى؛ تارىخ بېتىگە ئوبدان قاراپ، تارىخىمىزنى چۈشىنىپ قانداق ئادەم

بولىشىمىز تۇغۇرلۇق ئوبدان ئويلانمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى؛ ھەقىقەت ئارغامچىسىنى تۇزلەش ئۈچۈن

بارلىقنى ئاتىۋەتكەن بارلىق قېرىنداشلىرىنىمىزنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى؛

ئەي ئۇيغۇرۇم، قېرىندىشىم! ئازغىنە پۇل ، مال ـ دۇنيا ، باياشات تۇرمۇش بىلەن كۈلۈش ھەرگىزمۇ ھەقىقىي

كۈلۈش ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت ئارغامچىسى تۇزلەنگەن، مىللىتىمىزنىڭ نامى ئەسلىگە قايتقان ، يىراق ئەللەردىكى خەلق دىققىتىنى يىغىپ بىزگە قارىغاندىكى، بىزنى ھەقىقىي چۈشەنگەن كۈنلەردىكى كۈلۈش ـــــ ھەقىقىي كۈلۈشتۇر.

ھەقىقىي كۈلىدىغان كۈنلەرنىڭ كىلىشى ئۈچۈن بىز نىمە قېلىشىمىز لازىم ، دىگەنلەرنى ئويلايدىغان بولساق، بۈنى بەلكىم مىللىتىمىز تارىخىدا خەلقىمىزنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئەڭ ئېغىر بىر يۈك دىسەك ھەرگىز ئارتۇق بولمىسا كېرەك. شۇڭا بىزھەممىمىز ويغىنىشىمىز، ئۆزىمىزگە كېرەكلىك بولغان يولنى بالدۇرراق تېپىۋېلىشىمىز لازىم. جۈملىدىن بىز ياشلار بۇ ۋەزىپىنىڭ زور قىسمىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز لازىمدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرلاپ ئوقۇش پۇرستىگە ئېرىشكەن قېرىنداشلىرىمىز ئامال بار پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى ئىگەللىشىمىز، ئوقۇش پۇرستىگە ئىگە بولالمىغان قېرىنداشلىرىمىز ھالال بولغان بىرەر كەسىپنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، ھالال ياشاشنى شەرەپ دەپ بىلىپ ، بىزنى غەپلەت، نادانلىق ئۇيقۇسىدىن ويغىتىدىغان بىلىملەرنى كۆپلەپ ئېگەللىشىمىز ، ھەق توغرا يول بىلەن ياشاشنى ئۆزىمىزگە ئادەت قىلىپ يېتىلدۈرىشىمىز لازىم. ھالال تاپقان مال ـ دۇنيا بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغۇسى. ھەمدە بىزنى ھەقىقىي بەختلىك تۇرمۇشقا يەتكۈزگۈسى.

ئۇلاردا ھەقىقى لەززەتلىنىش ، ھىس قىلىش ، بىلىش ئېڭى مەۋجۇت ئەمەس . ئۇلار تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇدىيەتلەرنى قىرىپ تاشلىغۇچىلاردۇر . ئۇلار ئۈچۈن جانلىقلار ، تەبىئەتنىڭ ھەممىسى سۇمۇرۇپ تۈگىتىۋېتىشكە تىگىشلىك مەۋھۇم ئۇقۇم . ئۇلار تەبىئەتنىڭ ، جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىغا پۇرسەت بەرمەيدۇ . ئۇلارنىڭ ھالال ـ ھارامنى چۈشۈنۈش ئېڭى مەۋجۇت ئەمەس . شۇڭا ئۇلار ھەممە نەرسىنىڭ ئاتىسىنىمۇ ،

ئاپىسىنىمۇ ، بالىسىنىمۇ سۆيۈپ يەۋىتىدۇ . تەبىئەت ، جانلىق ، ھاياتلىق پائالىيىتىگە زادىلا ئۆزىنى تۇلۇقلاش پۇرستى بەرمەيدۇ . ئۇلار يەر شارىنىڭ ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ، ئالەمنىڭ تىزراق ھالەك بۇلۇشى ئۈچۈن قىيامەتنىڭ چاقنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تىزلەتكۈچىلەردۇر . مانا مۇشۇ ئىنسانىيەتنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھالاكەت ئەلچىلىرىنىڭ ئىنسانىيەت تەقدىرىگە ئاشكارە ئەجەل بومبىلىرىنى ھەر بىر ئىنساننىڭ تاپىنى ئاستىغا كۆمۈپ مېڭىشىدىن ئىبارەت بۇ گۇمراھلىق مېنى ئۆز مىللىتىمدىن ، ئۇيغۇر خەلقىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىش ، سۆيۈنۈش ئېڭىمنى ئويغاتتى . ھەقىقەتەن بىز ئۇيغۇر مىللىتى تەبىئەتنى ، ھاياتلىقنى سۆيگۈچىلەرمىز . مۇشۇ ئەقىدىمىزدىنلا بىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىمىز ، جىسمىمىز پۈتۈن كائىنات بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالايمىز . ئۆزىمىز باققان قوي ـ كالىلارنى يېيىش ، يىگەندىمۇ چىشى ، بوغاز ، يېشىغا يەتمىگەن دىگەندەك ھەرخىل ئايرىش ئارقىلىق ھەتتا ئۆز يېنىمىزدىكى ھاياتلىق ئۈچۈنمۇ كيىنكى پۇرسەتلەرنى قالدۇرۇپ قويىشىمىزنىڭ ئۆزى ئاللاھ مىللىتىمىزنىڭ قەلبىگە سالغان ئالەمدىكى بىر مۆجىزە . تەبىئەتتىكى باشقا تۈمەنخىل جانلىقلار بىز ئۈچۈن ئاللاھ زىمىنغا ياراتقان قىرىپ تۈگىتىۋىتىشكە ، قۇرۇتۇۋىتىشكە ، خالىغانچە ۋەيران قىلىشقا بولمايدىغان ، قوغدىلىدىغان ، ئاسرىلىدىغان ، بىز ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ياشاش ھوقۇقى بولغان ھاياتلىقتىن ئىبارەت . شۇڭا ئاللاھ بىزنىڭ ئېڭىمىزغا ئۇلارنى قوغداش يۈزىسىدىن ھارام دىگەن سۆزدىن ئىبارەت گىگانىت ، ئۆرۈلمەس ، مۇستەھكەم سېپىل سوقۇۋەتكەن . بىز ئۇيغۇرمىز . بىز پۈتكۈل تەبىئەتنى سۆيۈش بىلەن ئۇيغۇرمىز . بىز پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قەدىرلەش بىلەن ئۇيغۇرمىز . بىز ئەخلاق ، ئېتىقادنى ھاياتلىقىمىزنىڭ مەنبەسى ، يىتەكچىسى ، قىبلىنامىسى قىلغانلىقىمىز بىلەن ئۇيغۇرمىز . بىز رەزىللىك ، مۇناپىقلىق ، ھىيلە ـ مىكرى ، نەيرەڭۋازلىق ، چېقىمچىلىق ، پاسىقلىقتىن يىراق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇيغۇرمىز . بىز پۈتكۈل دۇنيادىكى ھەققانىيەت يولدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئىنسانىيەت بىلەن بىرگە ھەققانىيەت ، ئەركىنلىك ، تىنىچلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلىقىمىز بىلەن ئۇيغۇرمىز . بىز ئىنسانلارغا ، ئۆز قېرىنداشلىرىمىزغا بەخىت ـ سائادەت دوستلۇق ئاتا قىلالىغانلىقىمىز بىلەن ئۇيغۇرمىز . بىز ئىتتىپاقلىق ، ئىناقلىقنى مۇقەددەس بۇرچ قىلىپ ، چېچىلىپ كېتىشىمىزنى ئۇمۇت قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان باشقىلارنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن ھىلە ـ مىكرىسىدىن ، قىلتاقلىرىدىن غالىپ كېلىپ ئۇيغۇر دىگەن نامنى ئالغانلىقىمىز ھەم بۇ نامنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەنلىكىمىز بىلەن ئۇيغۇرمىز . بىز ئىمان بىلەن قويۇلغان ئىسمىمىزنى ، ئىمان سالغان تىلىمىزنى ، ئىمان بولغان دىلىمىزنى قوغداش بىلەن ئۇيغۇرمىز .

ئۇنداقتا يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن ئويلىنىپ باقايلى . ئەمىلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە ھېلىھەم مىللەت ئۈچۈن ھەسسە قوشىۋاتقان كىشىلەر شۇنداق كۆپ، ئەلۋەتتە مىلەتنىڭ يۈزىنى تۆكۈۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس، شۇنىسى ئېنىقكى، مىللەت ـ تارىخ تەرەققىياتتا ئورتاق پىسخىك ساپانى ھازىرلىغان كىشىلەرنىڭ گەۋدىسى بولۇش بىلەن، ھەرگىز بىرلىك ئەمەس، ھەممە شەخس ئورتاق تىرىشقاندىلا ئاندىن ئالغا باسقىلى بولىدۇ، شۇڭا سىز ئاشپەز بولسىڭىز ساپلىقنى چىلك تۇتۇپ، تاماقنى ئوخشۇتۇپ ئېتىڭ، قاسساپ بولسىڭىز قوينى ياخشى سۇيۇڭ ، ئوقۇغۇچى بولسىڭىز كىتابقا ياخشى قاراڭ .... مەيلى كىم بولۇڭ، نىمە ئىش قىلىڭ، شۇ ئىشنى ياخشى قىلىڭ، مىللەت ئۈچۈن چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمىسىڭىزمۇ، ھەرگىز مىللەتنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشنى قىلماڭ، شۇنداق قىلىپ بەرگىنىڭىزنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش، شۇنداق قىلىپ ھەممىمىز ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلساق، چوڭ ـ كىچىك بولسۇن باشقىلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرالىساق، ئاددى جايدىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ياخشى نامىمىز قالدۇرالىساق، شۇنىڭ ئۆزى چوڭ غەلبە ئەلۋەتتە !! ئەمىسە ھازىردىن باشلىدۇق، ھەممىز شۇنى تەكرارلايلى:
مىللەت ئۈچۈن چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمىسەممۇ، ھەرگىز يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشنى قىلمايمەن!!!

تۇغۇلۇپلا كىملىكنى قويدۇم يۇتتۇرۇپ،

ئاتا ۋە ئانامنۇ كېتىشتى تاشلاپ،
ماڭىمەن تەمترەپ قويۇنلار ئارا،
يېتىملىك دەردىدە كۆزۈمنى ياشلاپ.

مەن كىم دەپ سورىسام بىلمەيدۇ ھېچكىم،
سەن كىم دەپ سورىسام تېخىمۇ شۇنداق،
گويا ھەممە يوقاتقاندەك ئۆز كىملىكىنى،
نىشانسىز مېڭىشار خۇددى مەن سىياق.

كىملىكىم بولمىغاچ قالدىم تالادا،
كىملىكىم بولمىغاچ قالدىم بالادا،
كىملىكى يۇتكەنلەر ماڭار ئۆملەپ،
كىملىكنى تاپقانلار ئۇچار سامادا.

كىملىكىڭ بولمىسا ياشىماق تەسكەن،
كىملىكى يوق كىشى خۇددى ئوت خەسكەن،
قاچانمۇ تاپارمەن ئەشۇ كىملىكنى،
كىملىكسىز ھاياتىڭ ھايات ئەمەسكەن.

**2009 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چىقىدۇ.**

# تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە

**ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي**

دۇنيادا مۇئەييەن تۇرغۇنلۇققا ئىگە بولغان ھەر قانداق شەيئىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئالەم تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەرتىنىڭ بارلىقى بىلەن مەۋجۇد. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئالەمنى ئالەم قىلغان ئاشۇ تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەرتىدىن ئىبارەت ئۈچ قېرىنداش. پاكىت شۇكى، تۈنۈگۈن ــ بۈگۈننىڭ ئانىسى، بۈگۈن بولسا، ئەرتىنى تۇغىدۇ. شۇڭا بۈگۈننىلا تونۇپ، ھازىرنىلا ئويلاپ، تۈنۈگۈننى قارىلاش، ئەرتىنى قارغاش ئاقىللىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

بەزىلەر: «تۈنۈگۈن ــ ۋاقتى ئۆتكەن چەك، ئۇنتۇپ كېتىڭ» دەيدۇ. بىراق ئالدىڭغا قاراپ باق، ئەنە ئاشۇ سەن سۆيسۈزۈك سۆيىنى ئىچىۋاتقان قۇدۇق بۈگۈنلا ئاپىرىدە بولۇپ قالغان ئەمەس، ئۇنى دەسلەپ سېنىڭ بوۋاڭ كولىغان. كېيىن داداڭ نەچچە رەت ئۇنىڭ لاي ـ لاتقىلىرىنى ئېلىپ، كۆزىنى قايتىدىن ئاچقان. ھال ۋكى، سەن بۈگۈن ئۇنىڭ سۆيىنى ئىچىۋېلىپلا مەزكۇر قۇدۇقنى كولىغۇچىنى ئۇنتۇپ كەتسەڭ بولامدۇ ۋە ئۇنتۇپ كېتەلىشىڭ مۇمكىنمۇ، ئاخىر؟! دۇرۇس، سەن دېگەندەك بوۋاڭ قاراڭغۇ ئۆتكۈردە ياشىغان، ئەجدادىڭ بۈگۈن سەن ئېرىشكەندەك ئوچۇقچىلىققا، يورۇقلۇققا مۇيەسسەر بولالمىغان بولغىيدى. بىراق، ئېسىڭدە بولسۇن، سېنىڭ بوۋاڭ، ئۇ قاراڭغۇ ئۆتكۈردە نىشانسىزلا تېمىسقىلاپ يۈرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ يەردە ئۇ «ھالال ئەمگەك» ماركىلىق ھايات مەشئىلىنى يورۇتقان، ئىجاد مېتىنى بىلەن جاھالەت ئۆتكۈرىنى تېشىپ، بۈگۈنكى ئوچۇقچىلىق ۋە يورۇقلۇققا يول ئاچقان. راست، داداڭنىڭ نادانلىق تۈنىدە تېڭىرقاپ يۈرگەنلىرىمۇ باردۇ. بىراق،

ئۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ رايى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن سادىر قىلغان ئاداققىي گۇناھى ئەمەس، ماقۇل، ئۇ شۇنداق گۇناھ سادىر قىلغانمۇ بولسۇن، شۇنچىلىق بىلەن ئۇ ئەمدى مەڭگۈ ئەيىبلىكمۇ؟ ئۇنىڭ ساتقا قالدۇرغان تەجرىبىسى ھېچ بىر ئەھمىيەتلىك ئەمەسمۇ؟

تۇنۇگۈن — بۈگۈن ئۈچۈن ئەينەك. تۇنۇگۈن — بۈگۈن ئۈچۈن تەجرىبە خەزىنىسى. ھەتتا، تۇنۇگۈنكى ئەلەم، جاپا ۋە قاباھەتلىك چۈشلەرمۇ بۈگۈن ئۈچۈن تىلغا ئېلىش، ئەسلەش، ساۋاق ئېلىش، ئۆرنەك قىلىش قىممىتىگە ئىگە. چۈنكى، تۇنۇگۈنكى ئوڭۇشسىزلىق بۈگۈنكى غالىبىيەتنىڭ ئۆز ئانىسى، تۇنۇگۈنكى جاپا ـ مۇشەققەت بولسا، بۈگۈنكى راھەت ـ پاراغەتنىڭ ئىبرەت تانىسىدۇر. دەرۋەقە، «يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى» چۈشەنچىسىنى چىقىش قىلىپ، «يىللارنىڭ ئۆمۈرنى ئوغرىلاپ، ئارقىسىغا قارىماي يورغىلاپ مېڭىپ، ‹ھايت ـ ھۇيت› دېگۈچە قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال سوۋغا قىلىۋېتىدىغان» ئەمەلىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈن تولىمۇ قەدىرلىك، تولىمۇ قىممەتلىكتۇر. خۇددى مۇتەپەككۇر لى داجاۋنىڭ: «بۈگۈن — ھاياتتۇر. بۈگۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر، بۈگۈن — ئىجادىيەتتۇر. مېنىڭچە، دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بۈگۈن، ئەڭ ئاسان مەھرۇم بولىدىغان نەرسىمۇ بۈگۈن. ئۇ بەك ئاسان قولدىن كېتىپ قالىدىغان بولغاچقا، ئەڭ قىممەتلىكتۇر» دېگىنىدەك. شۇڭا، بۈگۈننى قەدىرلەش، بۈگۈننى ئۇلۇغلاش، ئىمكان قەدەر بۈگۈننى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

بۈگۈننى قەدىرلەش ئىش يۈزىدە، بۈگۈندىن ئىبارەت مۇشۇ ۋاقىتنى، بۈگۈنكى ئەمگەكنى ۋە بۈگۈنكى ئادەملەرنى قەدىرلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۈگۈنكى ۋاقىت قەدىرلىك، چۈنكى، ئۇ تۇنۇگۈن يوق ئىدى، ئەرتە مەۋجۇد بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بۈگۈننى ئەمگەك بىلەن، ئىجاد بىلەن ئۆتكۈزمىسەك، بۈگۈننىڭ كۈنى تاغنىڭ كەينىگە پاتقاندا، ئەپسۇس لېۋىڭنى ھەسرەت چىشىڭ بىلەن چىشلەپ قالىسەن.

بۈگۈنكى ئەمگەك قەدىرلىك. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن بۈگۈننىڭ بىناسى ئۆرە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى تۇرمۇش جانلىنىدۇ، شۇڭا، سەنمۇ بۈگۈن ئۈچۈن ئەمگەك قىل، بۈگۈنكى ئەمگەكلەرنى قەدىرلە. ئۇنداق قىلمىساڭ، ئەمەلىيەتتە، ئۆزۈڭنىڭ بۈگۈنكى مەۋجۇدىيىتىڭنى ئۆزۈڭ دەپسەندە قىلغان بولىسەن.

بۈگۈنكى ئادەملەر قەدىرلىك. چۈنكى، بۈگۈنكى ھايات مۇشۇ بۈگۈن ياشاۋاتقان سەن، مەن ۋە ئۇلار بىلەن گۈللىنىدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى ئادەملەرنى قەدىرلە، بوۋاڭ ئېيتقان: «ئۆلگەندىن كېيىن ‹ياسىن› ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ نەق شۇ.

بىراق، بۈگۈننى قەدىرلەش ھەرگىزمۇ كەينىدە تۇرغاننى تېپىش، ئالدىغا كەلگەننى چىشلەشنىڭ باھانىسى، ھەممىنى مۇتلەق ئىنكار قىلىشنىڭ نەزەرىيە دەستىكى، «بۈگۈن قورسىقىم تويسىلا بولدى، ئەرتىگە خۇدايىم بار» دەيدىغان ھورۇنلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بەزلەش تۇمارى بولۇپ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى، يەنە سەمىڭگە سالاي: بۈگۈننىڭ ئانىسى تۇنۇگۈن، بۈگۈندىن تۇغۇلۇر ئەرتە ھەم ئۆگۈن! بۇ ئالەم مەۋجۇدلا بولىدىكەن، كېلەچەك مەۋجۇد، ئەرتە مەۋجۇد. ئىنسانلار ئەقىل ۋە ئاڭ كۈچى ئارقىلىق، مەخلۇقاتلار سېپىدىن ئايرىلىپ چىققان شۇ كۈندىن باشلاپلا، ئۇلاردا كېلەچەكنى كۆزلەش ئىقتىدارى بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىقتىدارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىش يۈزىدە، ھايۋان بىلەن ئادەمنىڭ چېكىنى ئەبەدىيلىك، ئېنىق ئايرىغان. دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق رەڭدار، كۆركەم ۋە مۇشۇندق قوۋناق ھالغا كېلىشى ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلاردىكى ئاشۇ كېلەچەكنى — ئەرتىنى كۆزلەش ئىقتىدارىنىڭ سەمەرىسى.

ئەرتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مىڭ تۈرلۈك بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئەۋزىلى ئۇنىڭ بۈگۈندىنمۇ ياش، رەڭدار ۋە بۈگۈندىنمۇ گۈزەل بولۇشىدا. تۇنۇگۈن بولۇشى ئەقىلغا سىغمايدىغان، بۈگۈنمۇ مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان تۈرلۈك تۈمەن مۆجىزاتلارنىڭ ئەرتە مەيدانغا كېلىشى تامامەن مۇمكىن. مانا بۇ ـ كېلەچەكنىڭ نېمەت مەۋقەسى؛ مانا بۇ ـ ئەرتىنىڭ قىممەت مەنبەسى. شۇڭا، ئەرتىگە تەلپۈن، ئەرتە ئۈچۈن چېلىش، شۇنداقلا، ئەرتىدىن نېسىۋە كۆرۈشكە تىرىش!

تۇنۇگۈن، بۈگۈن ۋە ئەرتىلەردە يېگانە خاسىيەتلەر جىلۋە قىلىدۇ: تۇنۇگۈن — ئەڭ

BABUR

ئەستىلىك؛ بۈگۈن ــ ئەڭ قىممەتلىك؛ ئەرتە بولسا، ئەڭ جازىبىلىك ۋە سېھىرلىكتۇر.
بۈگۈننىڭ قۇياشىنى كۆرۈپلا تۈنۈگۈنكى كۈننى تىللىما، تۈنۈگۈنكى كۈن بۈگۈنگە سىڭىشتۇرغاندا ھەرقانچە ئەرزىمەس بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ساڭا ھايات بېغىشلىغان داداڭ بىلەن بوۋاڭنىڭ قەدەم ئىزلىرى بار. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، شۇ ئىزلار بولمىغان بولسا، بۈگۈنگە ئۇلاشقان يول بولمىغان بولاتتى.
بۈگۈنكى نەتىجە، شاراپەت ۋە سائادەتلەر بىلەن مەست بولۇپ كېتىپ ئەرتىنى ئەرزىمەس چاغلىما؛ ئەينى چاغدا، بۈگۈنكى ئۇتۇقسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتتىن مەيۇسلىنىپ، تەركىدۇنياچىلىق كەمىرىنى بېلىڭگە باغلىما. دۇرۇس، بۈگۈن بىلەن ئەرتىنى ـ كېلەچەكنى سىڭىشتۇرۇش ناھايىتى تەس، بىراق شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، ئەرتىنىڭ قۇياشى بۈگۈنكىگە قارىغاندا تېخىمۇ پارلاق؛ ئۇنىڭدىكى ھايات بۈگۈنكىگە قارىغاندا تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ قايناق. ئۇنىڭ سەندىن تەمە قىلىدىغىنى تىرىشچانلىق، ھالال ئەمگەك ۋە غەيرەت؛ ساڭا ئاتا قىلىدىغىنى بولسا، ئۈمىد، پۇرسەت ۋە كۆڭۈلدىكى نۇسرەتتۇر!
(«شىنجاڭ ياشلىرى»نىڭ 1994 ـ يىللىق 7 ـ سانىدىن ئېلىندى)

# بىز يەنىلا ئۆزىمىز ھەقدە ئويلىنايلى

**مۇتەللىپ ئەھەتباقى**

«بىر دۆلەتتىكى مائارىپنىڭ قانداق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىشى ئاساسلىقى ئۇدۆلەتتە قانداق ئادەملەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ نىمە ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ»... روزا مارىيا تورس يېقىندىن بۇيان چەتئەل مائارىپى بىلەن ئېلىمىز مائارىپىنى سېلىشتۇرما قىلىپ يېزىلغان مۇھاكىمە مەزمۇنىدىكى ماقالىلار ،كىتابلار مائارىپىمىزنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان روھىيىتى سەگەك بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا پايدىلىنىشىغا سۇنۇلدى ،بۇخىل تۈردىكى ماقالە .كىتابلار بىزگە ئوخشاش ‹‹ئۆزىنى ئىزدەش بوسوغىسىدا ›› تۇرۋاتقان بىر خەلق ئۈچۈن يول باشلىغۇچى ماياك بولالايدۇ ئەلۋەتتە، لېكىن بىز چەتئەل مائارىپىنى يەنە يۈز يىل تەتقىت قىلغان كۆككە كۆتۈرگەن بىلەنمۇ ئۆزىمىزنىڭ مىللى مائارىپى ھەققىدىكى ئويلىنىشىمىز ،تەپەككۇرىمىز توختاپ قالسا ئۇھالدا بىزنىڭ باشقىلار ئۈستىدىن ئېرىشكەن خۇلاسە نەتىجىلىرىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ،چۈنكى ئۆزى ھەققىدە مۇكەممەل تونۇشقا ئىگە بولماي تۇرۇپ باشقىلار نى دوراش ،باشقىلار ھەققىدە سۆزلەش يىڭىچە نادانلىق.دىمىسىمۇ ئۆزىمىزدەئويلىنىشقا ،تۈزۈتۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلەر بار،بۇمەسىلەر بىرنىڭ قانغۇدەك يەتكۈچە مۇھاكىمە ،مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشىمىزغا ئىشىپ قالىدۇ،شۇڭا مەن يەنىلا ئۆز مىللى مائارىپىمىزدا ساقلىنىۋاتقان تۈزۈتۈشكە تېگىشلىك بىرقىسىم مەسىلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مائارىپىمىزغا،ئوقۇتقۇچىلارغا تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى سۆزلەشنى راۋا كۆردۈم.
ئېچىمىزدىكى ياسالمىلىقلار ئادەتتە كۆپ ساندىكى مەكتەپلەرنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ‹‹ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى يولداشلارنىڭ مەكتىۋىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز›› ...دىگەنگە ئوخشاش سەممى شۇئارلارنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. بۇخىل شۇئارلاردا قارىماققا شۇمەكتەپنىڭ سەممىيىتىئى ئەكس ئەتكەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئاسقىنى ياسالمىلىقنىڭ قېپقىزىل بەلگىسىدىن ئىبارەت خالاس.چۈنكى بۈگۈنكى كۈندىكى مائارىپ ھەرگىزمۇ يۇقۇرى دەرىجىلىك رەھبەرلىككە ۋە ياكى ھەرخىل تەكشۈرۈش مۇپەتتىشلەرگىلا ئېچىۋىتىلگەن مائارىپ بولماسلىقى بەلكى ئەڭ ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىلارغا،جەمئىيەتكە ،ئاشكارە ئېچىۋىتىلگەن مائارىپ بولۇشى زۆرۈرئىدى، ئەپسۇس بۇ مائارىپىمىزدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەمەس بەلكى رەھبەرلىكنىڭ تەكشۈرۈشى ئۈچۈن ياخشى ئىشلەش ئېڭىنىڭ خىلى بۇرۇنلا ئادەتكە ئايلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى.
ئاددىسى يۇقۇرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك تۆۋەن قاتلامدىكى خىزمەتلەرنى ھېچقاچان مەخپى تەكشۈرۈپ كۆرمەيدۇ، ئەكسىچە تەكشۈرۈشكە بېرىشتىن بۇرۇن ئالاھىتەن ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئالدىن سۇر ھەيۋە بىلەن كېلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەردە ئوقۇشنى قايرىپ قويۇپ تەكشۈرۈشكە تاقابىل تۇرۇش جىددى تەييارلىق ھەربى ھالەتتى

يۈرگۈزىلىدۇ ، بەزى ئىشلار، بەزى قانۇنلار شۇكۈنلىكىلا ئىجرا بولىدۇ، شۇ سەۋەپتىن نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار، ھەركۈنلىكى تەكشۈرۈش بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ. مائارىپ مۇپەتتىش تارماقلىرىمۇ ،ئوقۇتقۇچىلارمۇ،ئوقوغۇچىلارمۇ بۇخىل ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەن، بۇخىل ياسالما، سۇنئىي ئۇسسۇلدىكى تەكشۈرۈش ـ تەكشۈرتۈش، ئۆتكۈزۈش ـ ئۆتكۈزىۋىلىش مۇناسىۋەتلىرىنى ھەقىقى ئىلىپ بىرىش نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ھەل قىلىمساق، تۈزەتمىسەك ، تۈگەتمىسەك بولمايدىغان مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى.

رەھبەرلەر تەكشۈرۈپ كۆرگەن شۇۋاقىتتىكى ئەھۋال دەل ئەشۇ كۈننىڭ تۈنۈگۈنكى ۋە ئەتىكى ئەھۋالى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ،مەسىلەن: رەھبەرلەر كىلىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى مەكتەپ كومپيۇتېرخانىسى ،كۈتۈپخانىسى ئېچىۋىتىلمىگەن.مالىيە ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئاشكارىلاش جەدىۋىلى چاپلانمىغان،ئوقوغۇچىلار چۇشلۇك تامىقىغا گۆشلۇك پولو ئەمەس سۇيۇقئاش ئىچكەن.مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ چىرايلىرىدا مۇلايىملىق ئەمەس مۇغەمبەرلىك ئەكس ئەتكەن....دىگەنگە ئوخشاش ئەھۋاللار پۈتۈنلەي يوقمۇ ئەمەس.يۇقارقىلاردىن شۇنى كۆرىۋىلىشقا بولىدۇكى بىزنىڭ مىللى مائارىپىمىز ساپا مائارىپى يولىغا قويۇلغان لىكىن ئېچىۋىتىلمىگەن بىكىنمە مائارىپ،زامانىۋىلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن ئەمما تەبىئىلىكتىن يىراقلىشۋاتقان مائارىپ.يەنى:يەسلى مائارىپىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئانا مېھرىگە قانمىغان سەبى باللارغا ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئەمما ئانىلىق خاراكتىرى يىتىلمىگەن يىتەكلىگۈچىلەر قارايدۇ،دەرس بىرىدۇ.تاماق بىرىدۇ،ئويىنتىدۇ،ئەمەلىيەتتە بۇخىلدىكى تەربىيەلىگۈچىلەر باللارغا بىلىم بىرەلەيدۇ لىكىن ئەقىل ئۈگىتەلمەيدۇ،غەمغۇرلۇق قىلالايدۇ ئەمما مېھرىنى بىرەلمەيدۇ.بالا بېقىپ چوڭ قىلىشنى بىر بىنا سىلىشقا ئوخشاتساق ئۇنىڭ ئۇلى مۇستەھكەم بولمىسا ئۇنەچچەقەۋەتلىك ،قانچە ھەيۋەتلىك بىنا بولۇپ پۈتۈپ چىقىشىدىن قەتئىنەزەر ھامان ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان خەتەرلىك بىنا بولۇپ قالىدۇ،بۈگۈنكى دۇنيادا بالا تەربىيەلەشنى يەسلىدىن ئەمەس ئانا قورسىقىدىكى ھامىلە چىغىدىن باشلاپ تەربىيەلەش لازىملىقى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ئەھۋالدا مائارىپ ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ ھەرگىزمۇ ياسالمىلىقلارغا قىلچە ئورۇن بەرمەي ،ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشەپ قويماي بىكىنمە ھالەتنى ئۆزگەرتىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرى ،يۇقۇرى ـتۆۋەن دەرىجىلىك مائارىپقا مەسئۇل رەھبىرى ئەمەلدارلار،ئاتا ـ ئانىلار،ئوقۇتقۇچى ئۇستازلاردىن باشلاپ ھەممەيلەن مائارىپقا تۇتقان پوزىتسىيەمىزنى يىڭىلاپ،ۋە ئۆزگەرتىپ ئۆز ـ ئۆزىمىزدە ساقلانغان پوزىتسىيە مەسىللىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلۇنۇپ كۆرۈشىمىز لازىم.يەنى جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ، بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ،بىر قىسىم رەھبىرى يولداشلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغاتۇتقان پوزىتسىيسنى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ ئۆز ـ ئۆزىگە تۇتقان پۈزىتسىيە مەسىلىلىرىدىكى ساقلانغان ئەھۋاللارغائاساسەن مائارىپىمىزنىڭ جەمىيەت ،ئاتا ـ ئانا ،رەھبىرى يولداشلار،ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى ئەمەلى مىساللار تېخىمۇ ئېچكىرلىگەن ھالداكۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقۇرى ـ تۆۋەن رەھبىرى يولداشلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا تۇتقان پوزۇتسيەسى **2009** ـ يىلى2 ـ ئايدا يۆتكىلىش ئىلتىماسىم ۋىلايەتتىن تەستىقلىنىپ ئۇقتۇرۇش قىلىندى ،شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنۇم تۇرۇشلۇق ناھىيە ھاكىمىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا ماڭا ئوخشاش تەستىق كۈتۈپ تۇرغان ئوتتۇز ـ قىرىق نەپەرگە يىقىن ئوقۇتقۇچى بىلەن ھاكىمنىڭ كىلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم.ھاكىممۇ كەلدى،ھەممەيلەننىڭ تەستىق كۈتۈپ تۇرىۋۋاتقان ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كىيىن ئەلپازى يامانلاشتى،قولىغا تېلىفۇننى ئالدى ـ دە ۋارقىراشقا باشلىدى:«ماۋۇ بىرنېمىلىرىڭنى بۇيەردىن تېزدىن ئىلىپ كىتىش ! ھازىر «ئىككى ئاساسەن» نى ئاپتۇنۇم رايۇندىن تەكشۈرىمىز دەۋاتسا،مەن كىم بىلەن بۇخىزمەتنى ئۆتكۈزىمەن...»گەپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالماي تەسلىكتە ئېرىشكەن خىزمەتتىن ئايرىلىپ قىلىشىمىزدىن قورقۇپ بىر ـ بىرلەپ قايتىشقا باشلىدۇق.شۇكۈنىدىن باشلاپ بىر ـئىككى ھەپتىگىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھاكىمنى ئىزدەپ خەلق ھۆكۈمەت بىناسى ئېچىگە كىرىشى چەكلەندى...كيىنچە ۋەزىيەتمۇ ئوڭشالدى،مەنمۇ يىڭى خىزمەت ئورنۇمغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يۆتكىلىپ كەلدىم.لىكىن شۇچاغدىكى ئاشۇ ئىش مېنى پات ـ پات ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ.

دۆلەت رەئىسى يولداش خۇجىنتاۋ ۋە باشقا مەركەز رەھبەرلىرىمۇ ھەرييللىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرىنى يوقلاش ، ھال سوراش بىلەن بىرگە «پۈتكۈل جەمئىيەت ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش»(خۇجىنتاۋ)كە چاقىرىپ بىزگە ئالاھىدە ئېتىبار نەزىرى بىلەن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يەردە نىمىشقا تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمەلدارلار ئۇنداق قىلالمايدۇ؟!ئەكسىچە بىرقىسىم ناھىيە ،يىزا ،كەنىت ئەمەلدارلىرى بىزنى ھەقسىز ئىشلىتىپ يىسەم،دادا دىگۈزسەملا دەيدۇ؟ مىسالەن،بىر قىتىملىق يىزا بويىچە كەنىت پارتىكلىرىغا ئىشچى

—خىزمەتچىلەردىن ئىئانە يىغىش دولقۇنىدا بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى ئائىلە قىيىنچىلىقى تۇپەيلىدىن ئىئانە پۇلنى بىرەلمەيدىغانلىقىنى يىزا باشلىقىغا بىۋاستە ئېيتقاندا يىزا باشلىقى ئۇلارنى سەت گەپلەر بىلەن قاتتىق ھاقارەتلىگەن،ھەمدە مەكتەپ مۇدىرىغا تېلىفۇن قىلىپ مەكتەپ مۇدىرىنىمۇ بىرمۇنچە گەپلەر بىلەن قورقۇتقان . ئاخىرىدائوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ توغۇرلۇق يۇقۇرىغا ئەرىز سۇناماقچى بولغانلىقىنى بىلگەندىن كىيىن ئىئانە توپلاش ىشىمۇ شۇيەردە توختاپ قالغان. . .مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئەملى مىسالىلار كىشىنى ئاچچىق ئويلىنىشقا مەجبۇرى قىلىدۇ. ئەسلىدە ھەرقانداق يوغان ئەمەلدار ياكى ئاددى پۇخرا بولۇشىدىن قەتئى نەزەر ھەممىسى ئوقۇتقۇچىدىن تەلىم ئالغان ،ئېلىم ـ بىلىم ئۆگەنگەن.ئوقۇتقۇچى ئۆزنۆۋىتىدە ئىنساننىڭ ئەقىل بۇلىغىنى ئاچقان،دىلىنى يورۇتقان تۇنجى كىشى ھىساپلىنىدۇ.لىكىن بۇنى ئېسىدەتۇتالىغانلار ئىنتايىن ئازساندا ،شۇسەۋەپلىك جەمىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە مەسلەن:‹‹دوختۇرخانىنىڭ جىددى قۇتقۇزۇش زالىدا ، بانكىنىڭ پۇل مۇلازىمەت كۆزنىكىدە ، قاتناش بىكەتلىرىدە. . .›› ئوقۇتقۇچىلارغا ھىچقانداق بىر ئېتىبار مۇلازىمىتى بىكىتلىگىنى يوق .شۇنداقتىمۇ ئوقۇتقۇچىلار بىر سائەتلىك دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن قانچە سائەتلەپ خەت يىزىشقا توغرا كىلىدىغانلىقىدىن،ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىدىكى ھەربىر تال خەتنى قانچە رەت كۆرۈپ چىقىدىغانلىقىدىن،باللارنى ئەدەپ ـ ئەخلاققا،ئېلىمگە دالالەت قىلىش يولىدا زېھنىنىڭ قانچىلىك خورىشىدىن ،قانچىلىك جاپالارنى چىكىشىدىن قەتئى نەزەر يەنىلا داتلىمايدۇ. داتلىسىمۇ ناھايتى ئېھتىيات ئىچىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قەلەم بىلەن قەغەزيۈزىگە داتلاپ قويۇپ ئۆنىڭدىن تەسەللى تاپىدۇ خالاس. بەزەن رەھبىرى يولداشلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى كۆزگە ئىلماي ئۇلارنىڭ ئېززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلماسلىقى شاھ،گاداي،ھاكىم ،دوتەي،ئالىم ،شائىردىن تارتىپ ئالەم ئۈچقۇچىسى . . .ۋەھەممە تەربىيەلىنىدىغان مائارىپنىڭ ئېززەت —ھۆرمىتىنى قىلمىغانلىق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شۇڭلاشقا مەيلى يۇقۇرى —تۆۋەن رەھبىرى ئەمەلدار ،كىم بولۇشىدىن قەتئى نەزەر ،ئادەم تەربىيەلەيدىغان بۇئاددى كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلىشى زۆرۈر. .ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا تۇتقان پوزۇتسىيەسى ئاتا ـ ئانا باللارنىڭ تۇنجى مەكتىپى،باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قۇچىغىدا ئاجايىپ ئىللىقلىق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئۆسۈپ يىتىلىدۇ.ئۇلارنىڭ مېھرىدىن ئوزۇق ئالىدۇ،لىكىن مېھرىگە قانالماي چوڭ بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئىككىنچى بىر پەرۋىشكارى بولغان ئۇستازى باللارنى ئېلىق مېھرى بىلەن باغرىغا باسىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىنى مېھرى —مۇھەببىتى بىلەن ئىللىتىدۇ.ئەلۋەتتە ئاتا ـ ئانا بالىغا بەرگەن مېھرىنى ئۇستازى بىرەلمەيدۇ،ئۇستازى بالىغا بەرگەن مېھرىنى ئۆزنۆۋىتىدە ھىچقانداق ئاتا ـ ئانا بىرەلمەيدۇ.شۇسەۋەپتىن ئاتا ـ ئانا بىلەن ئۇستاز بالىغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكۈچى بولۇپ قالىدۇ.ئاتا ـ ئانا بىلەن ئۇستازىنىڭ ياخشى سۆزى،ياخشى تەربىيىسىدە چوڭ بولغان بالا كىيىنچىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ،ئۇستازىنىڭ،ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ.ئەكسىچە بىرەرسىنىڭ تەربىيىسى كەم بولۇپ قالغاندا بالىنىڭ ئەخلاقىمۇ ئەكسىچە يىتىلىپ قالىدۇ. دىمەك،بىر بالىنىڭ ياخشى ياكى يامان قىلىقلارنى ،ناچارئەخلاقلارنى يىتىلدۈرۈپ قىلىشىدا ئاتا ـ ئانا بىلەن ئۇستاز تەربىيىسى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھازىرقى جەمىيىتىمىزدە بۇنۇقتىغا بەزى ئاتا ـ ئانىلار سەل قاراپ بالا بىلەن ئۇستازى ئوتتۇرسىدىكى مىھىر ـ مۇھەببەتكە ،مۇناسىۋەتكە ئۆز شەخسىيتىنى ئارلاشتۇرۇپ بالىنىڭ مەكتەپتىمۇ ، ئائىلىدىمۇئاكتىپ پوزۇتسىيدە ئەركىن ئازادە ئۆسۈپ يىتىلىشىگە زىيانكەشلىك قىلماقتا. يەنى بەزەن باللار گەپ ئاڭلىماي ئوقۇتقۇچى تەربىيە قىلسا ياكى قاتتىغراق تىگىپ قويسا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىنىڭ خاتالىقلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئۇنى دەرھال تۈزۈتۈشكە بۇيرۇماستىن ئەكسىچە يامان سۆزلەر بىلەن ئوقۇتقۇچىنى ھاقارەتلەيدۇ،ھەتتا ئوقۇتقۇچى بىلەن ئالاھىتەن ھىساب ـ كىتاپ قىلىشىدۇ.شۇنىڭ بىلەن بۇخىل ھالەت ئېچىدە بالا تەبئىيلا شۇنىڭدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىنى ئۆچ كۆرىدىغان ، ئوقۇتقۇچى بىلەن قەستەن ئۆچەكىشىدىغان يامان خۇينى يىتىلدۈرىدۇ،بالىغا نىسپەتەن مەكتەپ ،ئوقۇتقۇچى تەربىيىسى ،جۈملىدىن ئوقۇش، بىلىم ئېلىش دىگەنلەر مەنىسىز بىرنەرسىگە ئايلىنىدۇ ـ دە باشباشتاقلىق ئىددىيىسى باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ،يۈگەنسىز كۆندۈرۈلمىگەن ئاتقا ئوخشاش ھەريان چاپىدۇ،كۆپكۆك ئوتلاقتىن ،سۈپسۈزۈك بۇلاقتىن ئاتلاپ كەتكىنىنى تۇيماي، چاپچىپ ھارغاندا ،ئاچلىقتا ،ئۇسسۇزلۇقتا پايلىماي ئەتراپىدىكى ،يىقىنلا يەردىكى پاكىزە ئەمەس نەرسىلەردىن ئوزۇقلىنىپ قالىدۇ. . .

دىمەك ئاتا ـ ئانىنىڭ ئوقۇتقۇچىغا تۇتقان پوزۇتسىيەسى بالىنىڭ ئۆسۈپ يىتىلىش ئەھۋالىغا تەسىر كۆرستىدۇ.شۇڭا ھەربىر ئاتا ـ ئانا بالا بىلەن ئوقۇتقۇچى ئوتتورسىدىكى يۈز بەرگەن بەزەن ئەھۋاللارغا نىسپەتەن سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ مەسلىنى يامان تەرەپكە بۇرىماستىن ئۆز ـ ئارا كىڭىشىش،ئۆز ـ ئارا چۈشىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئادەتلىنىشى لازىم. جەمىيەتنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا تۇتقان پوزۇتسىيەسى ھېيت ـ بايرام دەم ئېلىش كۈنلىرىدە

BABUR

كىيىم ـ كېچەك ستىۋېلىش ۋەياكى باشقا تىجارەت سورۇنلىرىدا بولمىسۇن يۇقۇرى باھا قويۇلغان نەرسىلەرنى سەل مۇۋاپىقراق ئېلىش ئۇچۇن بايۋەچچە خوجايىنلار بىلەن باھا تالىشىپ قالغان چاغلاردا ‹ ‹ ئەجەپ باھا تالىشىپ كەتتىڭىزغۇ؟ سىز ئوقۇقوتقوچىلىق قىلامسىز نىمە؟!. . . › › ، ‹ ‹ ئوقۇتقۇچىغا ئوخشاش باھا تالاشقىنىڭىز نىمىسى؟ ؟!!. . . › › دىگەندەك كىنايىلىك سۇئاللارغا دۇچ كەلگەندە جەمئىيەتىمىزدىكى بۇبىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا تۇتقان پوزۇتسىيىسىدىن بىئارامىلىق ھىس قىلىپ قالىمەن. جەمئىيەت تەرەققى قىلىپ كىشىلەرنىڭ كۆندىلىك ىستىمال ، يىمەك ـ ئىچمەك ،قاتناش ، داۋالىنىش ، تۇرالغۇ. . . ئەھۋاللىرى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقان بۇ مەزگىلدە يەنىلا ياخشىلانمايۋاتقىنى دەل جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا تۇتقان پوزۇتسىيىسى ،كۆزقارىشى. بۇنداق بولۇشىغا تارىختىن بىرى ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش ئىلىم تارقاتقۇچىلارنى كىنايە سورۇنلىرىغا سۆرەپ چىقىش ھېچقانداق جاھالەت ھىساپلانمايدىغان ھالەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىمىز. ھەمدە بىزدە بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ قەدرى ،ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغۇدەك ساپا يېتىلمىگەنلىكى سەۋەب بولغان. شۇڭا بۈگۈنكىدەك ھالەتنى ئۆزگەرتەلمەي كېلىۋاتقان جەمئىيىتىمىزدىكى بىرقىسىم كىشىلەر ئىلىم ـ پەننىڭ ،ئىلىم ـ ھېكمەتنىڭ ھازىر بىز قوغلىشىۋاتقان ، بىھۇدە ىسراپ قىلىۋاتقان بارلىق نەرسىلىرىمىزدىن يۇكسەك ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بىلىشى ،ئىلىم ئەھلىلىرى ، بىلىم تاراتقۇچىلىرى قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگۈنىۋىلىشى بەكمۇ زۆرۈر. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە تۇتقان پوزۇتسىيەسى بىزئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىن ‹ ‹ دوست يىغلىتىپ ئېيتار ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ › › دەيدىغان بىر ماقال بار ، بىزئوقۇتقۇچىلار قاچانكى ئۆزىمىزنى چوڭقۇر چۈشەنمىگۈچە ،ئۆزىمىزدىكى مەسىلىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ تۈزەتمىگۈچە بۇشەرەپلىك نامغا ۋە ئۆز ـ ئۆزىمىزگە يۈزكىلەلمەيمىز. شۇسەۋەپلىك ئويلۇنۇپ قالىمەن ، جەمىيىتىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى بولغان ۋە ئوقۇتقۇچى بولۇش ئالدىدا تۇرغانلارغا ۋە ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈلمىلىرىگە قاراپ باقىدىغان بولساق ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك سەۋەبى بىلەن بەزىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇتقۇچىلىقا تەقسىملەپ بىرىۋىرىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈنمۇ ئۇنچىۋالا كۆپ . . . . . زۆرۈرىيەت لازىم ئەمەس ، يەنى ئۇئادەم ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن شاھادەتنامە ، خەنزۇتىلى سەۋىيە كىنىشكىسى ،سالامەتلىك ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەييار قىلىپ ئوقۇتقۇچى تولۇقلاش ئىمتاھانىدىن ئۆتسىلا ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچى بولدى دىگەن گەپ. ئەسلىدە ئوقۇتقۇچى ئۇ ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن ئاۋال ئاددى بىر ئادەم ،لېكىن ئۇ ئوقۇتقۇچى بولغان دەقىقىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئادىمىيلىكىدە ئۆزگىرىش بولۇشى ، ئادەم تەربىيلىگۈچىگە خاس پىسخىك ساپا ،ساغلام تەپەككۇرغا ئىگە بولۇشى زۆرۈر. ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىغا خاس ھېچقانداق سالاھىيەت ھازىرلانمىغان بولىدۇ. ئۇ سىڭدۈرگەن ئەجىر ياراتقان تۆھپە شان شەرەپلەرمۇ مەڭگۈ ھېچنىمىگە ئەرزىمەس نەرسە ھىساپلىنىدۇ. ئەمدى نەزىرىمىزنى ئوقۇتقۇچى شان ـ شەرەپ ئاستىدىكى تىنىمسىز پىدالىق بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋەتقان ۋە جان ئاغىرتماي ئىشلەۋەتقانلارغا قاراتساق گاھ خۇشال بولىمىز گاھ ئۆكسۈيمىز . ئارىمىزدا ھەقىيقى ئوقۇتقۇچىغا خاس پەزىلەتكە ئىگە ئۇستازلىرىمىزمۇ ئەكسىچ ھايەنكەش ،هاراقكەش ،قىمارۋازلارمۇ تىپىلىدۇ.ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچىلىقنى ، ھەقىقى ۋىژدانى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقانلاردىن ئايلىق تەمىنات ئۈچۈن قىلىۋاتقانلار سانى كۆپراقتەك بىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ كەسىپنى تاللىغانلار ئىشلەۋەتقانلار كۆپ ، سۆيۈنۈۋاتقانلار ،كۆيۈنۈۋاتقانلار ئاز، ئادىيسى ئۆز يۇرتىمىزدىكى پۈتكۈل مىللەت ساپاسىنىڭ چوڭقۇر يۈكسىلىشىگە ۋە مائارىپىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ناھايىتىمۇ شىپالىق يامغۇردەك پايدىلىق بولغان « ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا ھىيت بايرام ، دەم ئېلىش كۈنى ، كىچە كۈندۈز دىمەستىن ھەممە ئوقوتقىچىلار جاپالىق ئىشلىدۇق ، ئىشلەش داۋامىدا شۇنى ھىس قىلدۇقكى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار ئانىسىدىن تۇغۇلغانغا پۇشايمان قىلدى ، پەقەت ئاز ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار بۇجاپالىق ئەمما شەرەپلىك خىزمەتنى مائارىپىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن دەپ تونۇپ ھەقىقى ئىشلىدى ،جاپالارغا چىدىدى ، شۇنىڭدىن كۆرۈۋىلىشقا بولىدىكى بەزى ناچارلىقلار ئەڭ ئاۋۋال باشقىلارنى تەربىيلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەل ئۆزىدىن باشلىنىدۇ . مىسالەن ، بەزەن ئەر ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلىرىنى تاماكىغا بۇرۇيدۇ بەزىدە بىللە ئىچىشىدۇ ئوقوغۇچىسى بىلەن توي قىلىدۇ . ھلىھەم ئارىمىزدا بەزى ئوقۇغۇچىلار دەرىسنى بىلمىسە ، بىلەلمىسە بىرەرئىشنى خاتا قىلسا ئۇلارغا سەمىيملىك ۋە سەۋىرچانلىق بىلەن ئۆگەتمەستىن ئەكسىچە ئۇلارنى ھاقارەتلەپ خۇددى ھىندىستان ھكايە فىلىمى ‹ ‹ سەرگەردان › › فىلىمىدە تەسۋىرلەنگىنىدەك ئەينى ۋاقىتتىكى ھىندىستان جەمئىيتى سەرگەردان راجاغا مۇئامىلە قىلغانىدەك مۇئامىلىدە بولىدىغانلار مەۋجۇت . گەرچە بۇخىل ئەھۋاللار ئوقۇتۇش پىرىنسىپلىرىدا چەكلەنگەن بولسىمۇ بەزەن ئوقۇتقۇچىلار

قەلبىدە چەكلەنمىگەچكە بۇخىل ئەھۋالىلار ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى.
ئۆز ئۇستازى تەرىپىدىن ئاز تولا ئىززەتلەنمىگەن ، ساۋاقداشلار ئالدىدا روھى چۈشكۈن بالا ئۆز خۇشاللىقىنى، روھى تەسەللىسىنى مەكتەپتىن ئەمەس تورخانا دىسكو،كىنوخانىلاردىن ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە مەسئۇلىيەتسىز ئوقۇتقۇچىدا چالا تەربىيە كۆرگەن بالا شۇنداق قىلىپ ناچار ئىش ناچار قىلمىشلارنىڭ ئاسانلا سايىپخانى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا دەيمەن جەمئىيەتتىكى بولمىغۇر قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇاتقانلار نىڭ جىنايىتىنى پۈتۈنلەي ئائىلە تەربىيىسى ۋە زامان تەرەققىياتىغىلا ئارتىپ قويماستىن بەلكى مەكتەپ ۋە ئۇلارنى تەربىيلىگەن ئوقوتقىچىلارغىمۇ بىر ئۇلۇش مەسئۇلىيەت ئارتىشىمىز كىرەك. چۈنكى ئوقۇتقۇچى تەربىيلىگۈچىنىڭ تەلىم تەربىيە ئەخلاقى پەزىلەت خاراكتىرىنى بايقىغۇچىسى،يىتەكلىگۈچىسى، يىتىشتۈرگۈچىسى. ئۇئۆزى تەربىيەلەپ يىتىشتۈرگەنلەرنىڭ كەلگۈسىگە جاۋاپكار بولىشى كىرەك. بولمىسا ئۇئوقۇتقۇچى ئەمەس جىنايەتچىلەرنىڭ جاۋاپكارى، جىنايەتچىسى. شۇڭائوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا نىسپەتەن ئاشۇنداق زور مەسئۇلىيەت ئىگى بولمايدىكەن ھەم ئاشۇنداق زور مەسئۇلىيەت ئىگىدە تۇرۇپ ئوقۇتۇش ئىلىپ بارمايدىكەن ئۇ تەربىيلەنگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا مەڭگۈ قەرىزدارھىساپلىنىدۇ. ھۆكۈمىتىمىز ھازىرقىدەك مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ھەققىي غەمخورلۇق قىلىپ مەيلى ئوقۇتۇش تۈزۈلمىلىرى، ئوقۇتقۇچىلار قانۇن نىزاملىرى جەھەتتىن بولمىسۇن ۋە مەيلى دۆلەت سىياستى، مەبلەغ جەھەتىن بولمىسۇن ئوقۇتقۇچىلار تۇرمۇشىنى ياخشى كاپالەتكە ئىگە قىلىۋاتقان،‹‹ پۈتكۈل جەمئىيەت ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ئوقۇتقۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ،مائارىپنى خەلق رازى بولغۇدەك دەرىجىدە ياخشىلاش›› (خۇجىنتاۋ) تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قۇيۇلىۋاتقان،مائارىپقا مىلىيونلاپ پاتمانلاپ مەبلەغنى سىلىۋاتقان مۇشۇنداق ئەۋزەل بىر دەۋەردە ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ كەسپى بۇرچىنىلا ئەمەس بەلكى ۋىجدانى بۇرچىنى ئادا قىلىشى بەكمۇ زۆرۈر. گەرچە بىز ئوقۇتقۇچىلانىڭ نۇرغۇن باشقىتىشچىلىقى،ئارزۇسى،بولسىمۇ ئوقۇتقۇچى دەپ ئاتالغان ئىكەنمىز قىيلچىلىقلارنى يىڭىپ ئۆز ئوبرازىمىزنى ھەقىيقى نامايەن قىلىپ قانداق ياشاشنى مۇنبەردە سۆزلەش بىلەنلا ئەمەس بەلكى ئەملى ھەركىتىمىز بىلەن كۆرستىشىمىز زۆرۈر . مەن ھەرقىتىم ئوقۇتقۇچى ۋە مائارىپ ھەقدە ئوي خىياللارغا پاتقىنىمدا ئوقۇتقۇچىلىئق سالاھىيتىم ۋە ۋىجدانى مەسئۇلىيتىم ئالدىدا تۈگىمەس سوئال ـسوراقلار بىلەن قىينىلىمەن ،مەسلەن: مەن ئوقۇتقۇچى بولغاندىن بۇيان گەرچە ئەتراپىمىزدىكى مۇھىت ۋە مەكتەپ تۈزۈلمىلىرى دەساقلىنۋاتقان مۇستەبىتلىك سەۋەبىدىن يەنى ھازىرغىچە ئۆز كەسپىم، بىلىم ساپايىمغا مۇۋۋاپىق بىر سائەتلىك دەرىس ئۆتەلمىدىم، گېزىت ـ ژورنال پۇلنى نەخ تۆلىسەممۇ قايسى گىزىت ـياكى قايىسى ژورنالغا مۇشتەرى بولۇش ئەركىنلىكىگە ئىرىشەلمەسلىكىم، مۇشتەرى بولغان گىزىت ژورناللارنىڭ تولۇق ۋاختىدە تەگمەسلىكى،ئايالىم ،ئائىلەم،ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ .بەش ناھىيە ئاتلاپ تاغلىق يېزىدىكى ئاشخانا يوق ،قاتنىشى قۇلايسىز بىر مەكتەپتە جاپالىق ئىشلىشىم ھەم بۇجەرياندا بىرەر رەھبەر ياكى مۇدىرنىڭ بىر ئېغىزغەمخورلۇق سۆزىنى ئاڭلاپ باقماسلىقىم. . . قاتارلىق بەزى ئىشلار مىنى ئازاپلىسىمۇدەرىس مۇنبىرىگە چىققاندا ھەممىنى ئۇنتۇپ كىتمەن. قۇچقاچتەك ۋىچىرلىشىۋاتقان، ماڭا تەلمۇرىۋاتقان ئاشۇ كىچىك ناتىۋانلارنى كۆرگەندە ھەتتا ئۆزۈممۇ ئۇنتۇلمەن. ئوقۇتقۇچىلىق ـھەقىيقى مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەنە شۇنداق ئۆزىنى ئۇنتۇش دىمەكتۇر ،بۇئۇنتۇش ھەرگىزمۇئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق بۇرچىنى ئۇنتۇش دىگەنلىك ئەمەس بەلكى ئاشۇ ئوقۇتقۇچىلىق بۇرچى ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇش دىگەندىن ئىبارەت.
ئاپتور قاراقاش ناھيە زاۋا يېزىلىق 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## بىزگە بىر كىم مەڭگۈ يۆلەك بولالمايدۇ

**ماھنۇر تۇردى**

دوستۇم، سىز ئۆزىڭىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بەخت ۋە خۇشاللىقا ئېرىشكەنمۇ؟ ۋە ياكى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ خۇشاللىقا ئېرىشكەنمۇ؟

باللىق چاغلىرىمدا ئازراقلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسام دادامغا تايىنىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا بولاتتىم.

شۇ چاغدا دادام ماڭا: ‹‹بالام، ھەر قانداق قىيىنچىلىققا يولۇقسىڭىز ئامال بار ئۆزىڭىز ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ، باشقىلارغا تايىنىۋېلىش ياخشى ئادەت ئەمەس، ھازىرغۇ مەن بار، كېيىنكى كۈنلەردىچۇ؟›› دەپ نەسىھەت قىلاتتى. بىر كۈنى دادامدىن ياردەم سورىغىنىمدا ئۇ مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: ‹‹بىر ئادەم يولدا كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر لەمپىنىڭ ئاستىدا دالدىلىنىپ، بىرەرسىنىڭ كېلىپ ياردەم بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇ بىر ئادەمنىڭ كۈنلۈك تۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ئەپەندىم، ياردەم قىلغان بولسىڭىز، كۈنلۈكىڭىزنى دالدا قىلىپ ئۆيۈمگە بىرىۋالسام بوپتىكەن، دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ: كەچۈرۈڭ، سىزگە ياردەم قىلالمىغۇدەكمەن، سىزگە مۇشۇ قولۇمدىكى كۈنلۈكلا ياردەم قىلالىغۇدەك، بۇنى سىزگە بەرسەم مەنچۇ؟ دەپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئادەم بىلەن بىللە مېڭىشنى ئويلاپتۇ. بىراق، ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا ئۇنىڭغا: مەن يەنىلا سىزگە ياردەم قىلالمىغۇدەكمەن، چۈنكى بۇ كۈنلۈك مېنىڭ، شۇڭا ئۇ سىزگە ئەمەس، ماڭا دالدا بولۇشى كېرەكتە! سىزگە ھەقىقىي دالدا بولالايدىغىنى يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ كۈنلۈكى›› دەپلا كېتىپ قاپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ ئادەم خىجالەتچىلىكتىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئەينى چاغدا دادامنىڭ بۇ ھېكايىسى ماڭا ئادەتتىكى ئىشتەكلا تۇيۇلغانىدى. كەلگۈسىدە مۇستەقىل ياشىيالايدىغان، جاپاغا چىدىيالايدىغان، پەزىلەتلىك ئادەم بولسۇن، دېگەن ئۈمىدلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن مېھرىبان دادامدىن بىمەھەل ئايرىلغاندىن كېيىن، دادامنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ تېگىگە يەتتىم. يىللار ئۆتۈپ ھەش – پەش دېگۈچە ئىككى بالىغا ئانا بولدۇم، مەيلى خىزمەتتە ۋە ياكى تۇرمۇشتا بولسۇن، ئوڭۇشسىزلىق، كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىغاندا تەمتىرىگەن، ئىككىلەنگەن، ئۈمىدسىزلىككە پاتقان ۋاقتلىرىممۇ بولدى. لېكىن، نەچچە يىللىق تەجرىبە – ساۋاقلاردىن شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، دادامنىڭ ھېكايىسىگە يىقىلغان يېرىڭىزدىن ئۆزىڭىز دەس تۇرۇڭ! بىركىم سىزگە يۆلەك بولالمايدۇ! ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىڭىز قىلىڭ، دېگەن مەنە يوشۇرۇنغان ئىكەن.

شۇنداق، دوستۇم ئەگەر ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلىدىغان ئۇسۇلدا ياشاشنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ئۇنداقتا، چوقۇم

كىشىلىك ھايات يۆنىلىشىڭىزنى ياخشى بەلگىلىۋېلىشىڭىز كېرەك. ھاياتلىقتا ھېچكىممۇ ياكى ئۇنداق،ياكى مۇنداق ئوڭۇشسىزلىق، قىيىنچىلىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. لېكىن ھەممە ئىشتا باشقىلارغا يۆلىنىپ ياشىغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئىنسانچىلىقتا باشقىلارغا تايانمايمەن، باشقىلاردىن ياردەم سورىمايمەن، دېگىلىمۇ بولمايدۇ. مۇھىمى، قانداق ئەھۋالدا باشقىلاردىن ياردەم سوراش، قانداق ئەھۋالدا چوقۇم ئۆز كۈچىگە تايىنىشنى بىلىشنىڭ ئۆزى ئاقىلانىلىكتۇر. ھاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپرەك ۋاقتىمىزنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلايلى، تىرىشساقلا ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇشتا ئۆتكىلى بولمايدىغان داۋان، يەڭگىلى بولمايدىغان توسۇق بولمايدۇ. كۆڭلىدە باشقىلارغا تايىنىشنىلا ئويلايدىغان ئادەم ئۆزىنى كىمنىڭ يۆلەۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. مەسىلە شۇكى، كىمنىڭ يۆلەۋاتقىنى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى، بىزنىڭ مۇشۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتەلىشىمىزدە.

شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كىشىلىك ھاياتتا ھېچكىم بىزگە يۆلەك بولالمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ھايات يولىنى باشقا بىرى ئەمەس، ئۆزىمىزلا قۇرۇپ چىقالايمىز.

# بىز قانداق ياشاۋاتىمىز؟

**www.seltenet.co .**

ياشاش ــــ جانلىقنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش جەريانى. ياشاش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن مەۋجۇتلۇقنىڭ كاپالىتى بولغان ماددىي ئېھتىياج كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ، ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان ھەقىقەت،

ئەلۋەتتە. ماددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن جەمئىيەتتە ھەركىم ئۆزىنىڭ ئارزۇسى ۋە غايىسى، قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارى بويىچە تۈرلۈك كەسىپلەر ۋە ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار ياراتقان ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك قىممىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ، شۇنداقلا تۇرمۇشتىكى ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ھەقىقەتكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر باياشات تۇرمۇشقا، يۇقىرى ئىستېمالغا ئىنتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ياشاش ـــ مول ئەقىل ـ پاراسەت، يۈكسەك شىجائەت، ئۆلمەس ئۈمىد ـ ئىشەنچ ئاساسىدىكى قىممەتلىك پۇرسەت.

سىز جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ھاياتلىق سەھنىسىدە قانداق ياشاۋاتقانلىقىڭىز ھەققىدە ئويلىنىپ كۆردىڭىزمۇ؟

بىز، ئاتا ـ ئانىمىز بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ قويغىنى ئۈچۈنلا زورمۇزور ياشايمىزمۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بەلگىسى بولمىش تەنىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا بىرەر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىمىزمۇ؟ ياكى بولمىسا بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان «گۇناھى» ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىمىزغا بارلىق ئېغىرچىلىقىمىزنى ئارتىپ، ئەتراپىمىزدا قانداق ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى بىلەن پەرۋايىمىز پەلەك ھالدا، ئۆيگە كىرسەك قاچا بىكارلاپ، تالاغا چىقساق كوچا چېڭداپ كۈن ئۆتكۈزىمىزمۇ؟ ھايات بىز ئۈچۈن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى نوقۇل ھالدا دورايدىغان، قىلچە ئىلجادكارلىق بولمايدىغان ئەھمىيەتسىز جەريانمۇ؟ ھاياتلىق ـــ بىرەر كەسىپ، خىزمەت ۋە ھۈنەرنىڭ پېشىنى تۇتا ـ تۇتمايلا ھەر خىل ئىيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرىغا چېپىپ، تاپقان تۆت تەڭگىمىزنىڭ توپىسىنى كۆككە سورۇپ، ئۆزىمىزنى بىلمەيدىغان جەريانمۇ؟ ھايات دېگەن باشقىلار نېمە قىلسا بىزمۇ شۇنى تەكرارلايدىغان، نېمە قىلسا شۇنىلا قىلىدىغان قېلىپلاشقان پائالىيەتمۇ؟ ئاشۇنداق ياشاشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ ئۆزىنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەي ياشاۋاتقانلار ئىنتايىن ئاز سانىنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئۇ بەدەندىكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىگە ئوخشاش بىر كۈنلەرگە بارغاندا بىزنى، يەنى «ئۇيغۇر» ئاتىلىپ ياشاۋاتقان ھەربىرىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۈلگۈرەلمەيدىغان پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە ئىتتىرىشى مۇمكىن.

تارىخ بىزنى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەرگە ئوخشاشلا يېڭى ئەسىرگە ئىختىيارسىز باشلاپ كىردى، بىز يېڭى ئەسىردە رەھىمسىز رىقابەت ئېقىمىنىڭ كەسكىن سىناقلىرىغا دۇچ كەلدۇق. دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىششقا قاراپ يۈزلەندى، جەمئىيەت تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. جۈملىدىن بىزمۇ تەرەققىياتلاردىن چەتتە قالماي، مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇق ھەم ئۈزلۈكسىز تۈردە تەرەققىي قىلىۋاتىمىز. كىشىلەرنىڭ ياشاشقا بولغان ئېھتىياجى ۋە تەلىپى ئالىلقاچان ئەنئەنىۋى تار رامكىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. تۇرمۇشتىكى ئاددىي مەئىشەتلەرنىڭ غېمىدىن باشقا، جەمئىيەتتە ھەركىم ئۆزىگە خاس ئىمتىياز، ئورۇن ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشىش، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس روھ بىلەن ياشاش ئۈچۈن كەسكىن رىقابەتكە ئاتلاندى. رىقابەتتە شاللىنىش ۋە تاللىنىش ھەربىرىمىزنىڭ روھىيەت ئاسمىنىدا گۈلدۈرلەپ چاقىدىغان چاقماققا ئوخشاش مەڭگۈلسىزلا ۋەھىمە سالىدىغان، جان ـ جەھلىمىز بىلەن تىرىششقا ئۈندەيدىغان ئۈنۈملۈك سىگنالغا ئايلاندى. ئەتىكى تۇرمۇش، ئەتىكى ھايات ھەققىدىكى تۈرلۈك سوئاللار ئەزەلدىنلا «ئالا» پېتى كېلىۋاتقان تەپەككۇرىمىزنى چارچىتىپ، يىگىلىتىپ قويۇش تەرىپىگە يۈزلەندۈردى. بىز بەئەينى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك ھەر تەرەپكە قاترايمىز ـ يۇ، ئۆزىمىز ۋە باشقىلار رازى بولغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز. قىلغان ئەمگىكىمىز ۋە دەسمايىمىزنىڭ مېۋىسى مەي بولغۇچە تاقەت قىلالماي «غورا» پېتى تاشلاپ قويىمىز، گاھى ئۇنىڭغا، گاھى بۇنىڭغا زەھرىمىزنى چېچىپ، ۋاقىت ئىسراپ قىلغاندىن باشقا ھېچقانچە قىممەت يارىتالماي، يەتكۈچە قەرزگە غەمگە بوغۇلىمىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

جەمئىيەتتىكى خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر قانداق ياشاش ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۆزلۈك دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. ياشاش گويا مەڭگۈ تەكرارلىنىدىغان پائالىيەتتەك بىرەر ئۆزگىچە شەكىل ۋە ئەندىزە يارىتىش ئۈچۈن ئىزدەنمەيدۇ. «ئاتا ـ بوۋام دېھقان بولۇپ ياشاپتۇ، مەن چوقۇم كادىر بولىمەن»، «ئاتا ـ بوۋام كادىر ئىكەن، مەن چوقۇم دوكتور، پروفېسسور، ئالىم ... بولىمەن»، «ئاتا ـ بوۋام ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان قورۇ ـ جايلاردا ئولتۇرۇپتۇ، مەن بۇ قورۇ ـ جايلارنى يېڭىلاپ زامانغا لايىق سالىمەن ...» دېگەندەك ئويلارنى ئويلاشنى خالىمايدۇ؛ ھەتتا ئوقۇپ بىلىم ئىگىلەش، خىزمەت قىلىپ تۆھپە يارىتىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت ئىنسانىي بۇرچىمۇ سۇس مۇئامىلە قىلىدۇ. يەنە تېخى ئوقۇپ بىلىم ئىگىلەش، بىرەر كەسىپ ۋە ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن مەقسەت پۇل تېپىش، دېگەن بىر تەرەپلىمە ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، بالىلىرى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلسە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ ۋەياكى مىڭ تەستە تاپقان

پۇلنى بۇزۇپ ــ چېچىۋەتكەندەك تۇيۇلۇپ، بالىلىرنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشتىن ۋاز كېچىدۇ. بالىلارمۇ ھەتتا ئوقۇش، خىزمەت قىلىشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى پۇل تېپىش ئىكەن، ئوقۇپ ۋاقىت ئىسراپ قىلغاندىن پۇل تاپقان ياخشى ئىكەن، دەيدىغان كۆزقاراشتا بولىدۇ. ئەمدىلا تولۇقسىز ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىگە قارىماي، بىرمۇنچە بالا ھەرقايسى رېستوران ۋە مېھمانسارايلاردا، تۈرلۈك نامدىكى شىركەتلەردە ھەر خىل مۇلازىملىق كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ جەرياندا جەمئىيەتتىكى ناچار ئىش ــ ھەرىكەتلەرگە، ئەخلاقسىزلىقلارغا، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە چېتىلىپ قېلىپ، تۈگىمەس كۆڭۈل ئاغرىقلىرىغا مۇپتىلا بولۇپلا قالماي، يەنە ياشلىق مەزگىللىرىنى تۈرمىلەردە پايخان قىلماقتا. ئۇلار مەكتەپلەردە تىرىشىپ ئوقۇغان، بىلىم ۋە تېخنىكا ئىگىلىگەن بولسا، تېخىمۇ ياخشى خىزمەت شارائىتى ۋە پۇل تېپىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەسمىدى ــ ھە؟ ئەلۋەتتە، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنى نابۇت قىلماي نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ ئەخلاقسىزلىق، نېمىنىڭ قانۇنسىزلىق ئىكەنلىكىنى ئايرىپ، ئۆزىنى ئۆزى قوغدىيالىغان بولاتتى. توغرا، پۇل ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەركىزى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ھازىر خەلقئارادىمۇ ئىقتىسادىي كۈچلۈكلۈك تەكىتلىنىدىغان، ئالقىشلىنىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ئەمما پۇلغا قانداق ئېرىشىش، ئۇنى نېمىلەرگە سەرپ قىلىش بىلەن قانداق مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. تاپقان پۇلنى ئەھمىيەتلىك جايلارغا ئىشلىتىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ رازى قىلىش شۇ پۇلغا ئېرىشكۈچىنىڭ سەۋىيىسىگە، ۋىجدانىغا باغلىق. پۇل ياخشى نىيەتلىك ئادەمنىڭ ئالقىنىدا بەخت، يامان نىيەتلىك ئادەمنىڭ ئالقىنىدا بەختسىزلىك پەيدا قىلىدىغان قوش بىسلىق شەمشەر. بۇ شەمشەرگە قانداق ئېرىشىش ۋە ئۇنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلىش، ياشلار جىددىي ئويلىشىدىغان، ئىزدىنىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە.

بەزىلەر: «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، بىرەر خىزمەتكە ئېرىشەلمىسەڭ، دېھقان بولىسەن» دەيدۇ، ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقان بالىلىرىغا. ئەمما ھازىرقى دەۋردە دېھقان بولۇش ئۈچۈنمۇ بىلىم ۋە ئەقىل ــ پاراسەت كېرەك. ھازىرقى جەمئىيەتتە قانداق دېھقان بولۇش، قانداق ئادەم بولغانغا ئوخشاشلا مۇھىم. بىز ھەممىمىز ئەلمىساقتىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشاپ كەلگەن دېھقان مىللەتنىڭ ئەۋلادى. بىزگە نىسبەتەن ئەڭ قورقۇنچلۇقى دېھقان بولۇشنى نومۇس، دېھقانچىلىق قىلىشنى ئۆچ كۆرىدىغان ناچار روھىي ھالەت. قانداق دېھقان بولۇشنى بىلمەسلىك، يارامسىز، ھەقىقىي دېھقان بولالمايدىغانلىقتۇر.

بىز جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ كەڭرى سەھنىدە ياشاشقا بولغان پوزىتسىيىمىزنىڭ، تەلىپىمىزنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئىجادكارلىق، سەركىلىك، سەردارلىق روھىمىزنى ئۇزۇل ــ كېسىل يوقىتىپ قويۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن رىقابەت بىزنى ھەر تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئالدى، خېلى بىر تۈركۈم ئىلىم خۇمار، ئىرادىلىك كىشىلىرىمىز سەپنىڭ ئالدىدا غالىب قەدەملىرى بىلەن بېشىنى تىك تۇتۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتقانلىرىمىز زادى قانچىلىك؟ قانائەتچانلىق، ھۇرۇنلۇق، پۇرسەتپەرەسلىك، تەمەخورلۇق، تەخسكەشلىك، قارىغۇلارچە مودا قوغلىشىشقا ئوخشاش بولمىغۇر ئىللەتلىرىمىز؛ بۈگۈنىنىلا ئويلاپ ئەتىنى ئويلىمايدىغان، يېقىننىلا ئويلاپ، يىراقنى نەزەر سالمايدىغان تار مەزمۇندىكى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادەتلىرىمىز... ئۆمۈربويى ئۈزلۈكسىز تۈردە بىلىم ئېلىش، ئۆگىنىش يولىمىزدىكى ساغلام روھىمىزنى قۇرتتەك غاجاپ، ئۆزىمىزگە تېگىشلىك بولغان تالاي پۇرسەتلەردىن، ئىمتىيازلاردىن مەھرۇم قالدۇرماقتا.

بىلىم ئېلىش، ئوقۇش دېگەن مەكتەپ يېشىدىكى، مەكتەپ ئىچىدىكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭلا ۋەزىپىسىدەك، خىزمەتكە چىقىۋالغانلىرىمىز ئۈزلۈكسىز تۈردە بىلىم ئېلىش ۋە ئۆگىنىش دېگەنلەرنى ئويلىمايدىغان بولدۇق. ئۆز كەسپىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇنۋان ئېلىش، دەرىجە ئاتلاش ئىمتىھانلىرىغا قاتنىشىش، ئۆتۈش دېگەنلەر گويا پۇلسىرات كۆۋرۈكىگە ئوخشاش تۇيۇلۇپ، تىرىشمىلتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمىز، ئەكسىچە كىچىك بولسىمۇ بىرەر ئەمەلگە ئېرىشىشنىڭ كويىدا ئىشكمۇئىشك دوقۇرۇپ، تىمسىقلاپ يۈرىمىز. تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ بىرەر ئەمەلگە ئېرىشىپ قالغانلىرىمىز يۇقىرىغا «خوش ــ خوش» دەپ بەل ئېگىپ، تۆۋەننى خالىغانچە بېسىپ گەدىيىپ، تېرىمىزگە سىغماي يۈرىمىز. دوكلات يوللىغاندا يېزىلغان ماتېرىيالدىكى ئاتالمىش زور نەتىجىلىرىمىز بىلەن يۇقىرىنى ئالداپ، تېخىمۇ چوڭراق ئەمەلگە ئېرىشىشنىڭ كويىدا بولىمىز. يۇقىرى رەھبەرلىك تۈرلۈك ھىيلە ــ ۋاستىلىرىمىزنىڭ تەسىرىدە بىرەر قېتىم ماختاپ، مۇكاپاتلاپ قويسىغۇ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ ئۆزىمىزنى بىلەلمەي، ئۆزىمىزنى كۆككە كۆتۈرۈپ قويارغا يەر تاپالماي قالىمىز. رەھبەرلىكنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالسام خىزمەت ئورنۇمدىن، يەۋاتقان ئېشىمدىن قۇرۇق قالارمەنمىكىن، دەپ كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتنىلا ئويلايمىز. ئۆزىمىز بىر كادىرغا، زىيالىيغا خاس دادىل پىكىر قىلىپ، نامۇۋاپىق ئىشلارغا قارىتا نارازىلىقىمىزنى ئىپادىلىيەلمەيمىز، ئەكسىچە

ساپانغا قوشقان كالىدەك ئولتۇرغىنىمىز ئولتۇرغان. ھەرقانداق بىر ئىش بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك يوقىنىڭ ئورنىدا ياشايمىز. يەنە بەزىلىرىمىز خىزمەت ئورنىمىزدا ھېچقانداق نەتىجە ياراتمىساقمۇ، ئىقتىدار ۋە بىلىملىرىمىز كۆنسېرى يېڭىلىنىپ ئۆزگىرىۋاتقان تەرەققىياتقا ماسلىشالماي، «قېرىپ» قالسىمۇ، قىلچە ئويالماي ۋاقتى ئۆتكەن نەتىجىلىرىمىز، دىپلوملىرىمىز ۋە نەچچە ئون يىللىق خىزمەت ستاژىمىزنى پەش قىلىپ ئۆز - ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنىپ، خىزمەت ئورنىمىز بولغانلىقىغا مىڭ شۈكرى قىلىپ، ھۆكۈمەت بەرسە ئېلىپ، بەرمىسە قاراپ، بولمىسا كىملەردىندۇر زارلاپ، قاقشايمىز. ئالىي مەكتەپلەرنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئىشلىتىشكە پۇرسەت تاپالمايۋاتقان، ئەمما خىزمەت قىلىش قىزغىنلىقى ئۈستۈن بىر قىسىم ياشلىرىمىز ئۆز بىلىمىنىڭ تېخىمۇ تاكامۇللىششى، ۋاقتىنىڭ بىكار ئۆتمەسلىكى، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلماي، بىر قىسىم ئورۇنلارغا كىرىپ، ئۆزلۈكىدىن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇلارنى ياراتمايمىز؛ بىز قىلالمايۋاتقان، قىلىشنى خالىمايدىغان بىرەر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىپ سالسىمۇ قوقاسقا ئولتۇرۇۋالغاندەك چىدىيالماي قالىمىز. ئورنىمىزنى تارتىۋالارمىكىن، «ئالتۇن تاۋاق»ىمىزدىن قۇرۇق قالامدۇقكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ماسلاشماقتا يوق، ياردەم بەرمەكتە يوق، تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ھەر خىل توسالغۇلارنى پەيدا قىلىپ، پۈتلىكاشاڭ بولۇشقا ئورۇنىمىز. ۋاستە تاللىماي ئۇلارنى رەھبەرلىككە سەت كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز. رەھبەرلىك قىلغانلىرىمىزغا ئىشەنمىسە، ئەكسىچە ئۇلارنى قوللىسا، خىزمەتلىرىگە قولايلىقلارنى يارىتىپ ياردەم بەرسە، ئۇلارغا ھەر خىل بەتنامىلارنى چاپلاپ، سامان ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ، سۆز - چۆچەك ئوبيېكتى قىلىپ قويىمىز. رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكۈچى ناۋادا بىر قىز بولۇپ قالسىغۇ بىزگە بولۇپ بېرىدۇ. خىلمۇخىل پەرەزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇنى جەمئىيەتتە باش كۆتۈرەلمەس يۈرۈشكىمۇ ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىمىز. ئاقىۋەتتە نېمىگە ئېرىشىمىز؟ ساقىمۇ يوق، ماقىمۇ يوق بولۇپ رەللە بولىمىز. تېخى نادانلىقىمىز، بىلىمسىزلىكىمىز، ئىقتىدارسىزلىقىمىز ۋە ئىرادىسىزلىكىمىز تۈپەيلىدىن خىزمەت ئورنىمىزدىكى رىقابەتتە مەغلۇپ بولۇپ، كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغىنىمىزدا، ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆز قولىمىزدا يارىتالمىغان دېتسىزلىقىمىزدىن، نادانلىقىمىزدىن ئۆكۈنمەي، ئەكسىچە ياراتقان تەڭرىدىن، مېڭىبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ بېقىپ قاتارغا قوشقان، ئاشۇ خىزمەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمىغان ئاتا - ئانىمىزنىڭ كىملەرگىدۇر خۇشامەت داستىخانلىرىنى يايمىغىنىدىن ئاغرىنىمىز. ئۆزىمىزنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ھامان جەمئىيەتتىن، ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن، ئاتا - ئانىلىرىمىز ۋە باشقىلاردىن باھانە ئىزدەيمىز.

ئايرىم ساندىكى بىر قىسىملىرىمىزنىڭ كۆڭلىدە «بىرەر مەكتەپنى ئەپلەپ - سەپلەپ پۈتتۈرسەك، خىزمەتنىڭ پېشىنى تۇتساق بولدى» دەيدىغان ئىدىيە ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولغاچقىمۇ، خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىرىمىز ئۆرلەپ ئوقۇش، بىلىمىمىزنى يېڭىلاش دېگەنلەرنى ئەسلا ئويلىماي، قانداقتۇر تۈگىمەس مېھماندارچىلىقىمىز ۋە باردى - كەلدىمىز بىلەن، ھەر خىل نامدىكى ئولتۇرۇشلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمىز. يۈرەك پارىمىز بولغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تەربىيىلىنىشى، تەلەپ - ئارزۇلىرى، ئىستىقبالى ھەققىدە ئەسلا ئويلاپ قويمايمىز. باللىرىمىزنى گاھى ئۇ چوڭ ئۆيگە، گاھى بۇ چوڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ، گاھى ئۆيلىرىمىزدە يالغۇز قالدۇرۇپ، ئۆزىمىز بىلگەننى قىلىمىز. ئەرلەر «بالا تەربىيىلەش ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيىتى» دېسە، ئاياللار «بالا يالغۇز مېنىڭمۇ، ئەرنىڭ مەجبۇرىيىتى يوقمۇ؟» دەپ مەسئۇلىيەتنى بىر - بىرىمىزگە ئىتتىرىپ، باللىرىمىزنىڭ تەربىيىلىنىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىۋاتقانلىقىمىزنى ئويلاپ قويمايمىز.

بەزىلىرىمىز ھەتتا ئۆزىمىز بىر يىل قىلغان خىزمەتنىڭ خۇلاسە ماتېرىيالى ياكى جاپالىق خىزمەت قىلىپ، مىڭبىر جاپادا ئېرىشكەن «ئىلغار»لىقىمىزنىڭ ماتېرىيالىنىمۇ يازالمايدىغان ھالىمىزغا، كۆڭلىمىزدە ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىمنى ياراتمايمىز. گاھى ئۇنى، گاھى بۇنى ئاق - كۆك دەپ، غەيۋەت - شىكايەت، ئورۇنسىز قاقشاشلار بىلەن كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالىمىز. خىزمەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشەلمەي سودا - سېتىقتا تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ ئاز - تولا پۇل تاپقانلىرىمىز شۇنچە تىرىشىپ تاپقان پۇلىمىزنى تېجەشلىك، پىلانلىق، ئورۇنلۇق جايلارغا سەرپ قىلماي، خالىغانچە بۇزۇپ - چاچىمىز. تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بىز ئۈچۈنلا ئېچىلغاندەك، ئۇلارغا پۇل خەجلەپ بەرمىسەك كۆڭلىمىز كەچ بولمايدۇ. پۇل تاپالمايۋاتقانلىرىمىز نېمە ئۈچۈن پۇل تاپالمايۋاتقانلىقىمىز ئۈستىدە ئويلانمايمىز. ئەكسىچە، كىچىك ئىشنى ياراتمايمىز، چوڭ ئىشلارغا چامىمىز يەتمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، جاھاندىن نارازى بولۇپ قاقشايمىز. جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق بىر ئىش بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك، ئۆزىمىز بىلگەن سەنەمگە دەسسەيمىز. غورىگۈل تۇرمۇش كەچۈرسەكمۇ قورسىقىمىز ئاچ، ئۇچىمىز يالىڭاچ قالمىغانغا شۈكرى قىلىپ ياشاشقا رازى بولىمىز. جىنىمىزنى ئۈپىراتماي، قولىمىزنى ئەگرى

قىلماي باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش شېرىن چۈشنى كۆرۈپ، ئاغزىمىزنى تاتلىق قىلىمىز. ئاشۇنداق تۇرمۇش خىيال قىلغانغا پەيدا بولۇپ قالامدىغۇ – ھە؟! نېمىلەرگە تەلپۈنۈش، نېمىلەرگە ئېرىشىش، تىرىشىش، ئىزدىنىش، ئۆز – ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش دېگەن ئوي – پىكىرلەر كۆڭلىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، تۇرمۇشتىكى ئاددىي ئېھتىياجلارنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالماي، تېنەپ – تەمتىرەپ ياشايمىز.
خىزمەت بىلەن پۇل بىر – بىرىنى شەرت قىلىدىغان، ھاياتلىق پائالىيىتىمىزدىكى ئىككى ئەڭگۈشتەر. بۇ ئىككى ئەڭگۈشتەر يۈكسەك پەزىلەت، ئىنسانىي خىسلەتلەر بىلەن بىرىكەلىسە، بىزنى ئاجايىپ ھۆرمەتكە، قىممەتكە، شان – شەرەپكە ئىگە قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۆز خىزمەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، كەسپىي تېخنىكىمىزنىڭ زامانغا لايىق، ھۈنىرىمىزنىڭ كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە جاپاغا چىداپ تىرىشىشىمىز، تىرىشىشىمىز، يەنە تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ۋە ھايات قېلىش ئۈچۈن جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزلىرىنى چېنىقتۇرغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ياشاش ئۈچۈن بۇرۇنقىدەك جىسمانىي ئۈستۈنلۈك ئەمەس، قابىلىيەت، ئىقتىدار، تېخنىكا ئۈستۈنلۈكى جەمئىيەتىمىزنىڭ، ياشاشتىكى ئېھتىياجىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسى. تەرەققىيات تېزلەشكەنسېرى رىقابەت كەسكىنلىشىدۇ، رىقابەت كەسكىنلەشكەنسېرى ئىقتىدارسىز خىزمەتچى، لاياقەتسىز كەسىپ ئەھلى، نائۇستا ھۈنەرۋەنلەر ھامان ھەرقايسى جەھەتلەردىن پىشىپ يېتىشكەن بىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىدۇ.
ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جاھان مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. قانداق ياشاشنىڭ ئۈلگىسى ئابىدىسىنى تىكلەپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ جاپاغا چىداش روھى، ئىلىم – مەرىپەتكە بولغان كۈچلۈك ھېرىسمەنلىكى، قېيىنچىلىق، توسالغۇ ئالدىدا ئۈمىدۋارلىقى ھازىرمۇ ھەرقايسى ساھەلەردە سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىزنىڭ قېنىدا جۇش ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا. ئەلۋەتتە، ئەجدادلىرىمىز ئاخشا – ئۇسسۇلدىلا ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ قالماستىن ئىلىم خۇمارلىقى، ھۈنەر – كەسپتە ماھىرلىقى، ئېسىل پەزىلىتى، تىرىشچانلىقى، ئەمگەك سۆيەرلىكىگە ئوخشاش بۈيۈك سۈپەتلىرى بىلەنمۇ ئالەمگە مەشھۇر.
مۆھتەرەم ئوقۇرمەن، ياشلىق __ تەننىڭ بىر مەزگىللىك بەردەم ۋە بەرنالىقى بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئۆمۈر دەرىخىنى سۇغىرىپ تۇرىدىغان قۇرۇماس بۇلاق؛ تۇرلۇك مۈشكۈل قىسمەتلەر، ئازاب – ئوقۇبەتلەر، ئاچچىق خورلۇقلار ئىچىدىمۇ ياشاشقا ئۈندەپ تۇرىدىغان مەنىۋى كۈچ؛ زۇلمەت ئىچىدە نۇرلىنىپ تۇرىدىغان ئابىھايات؛ ھالسىزلانغانلارغا ئىلھام – مەدەت بەرگۈچى سۇنماس ئىشەنچ؛ تاغلارنى تالقان، چۆللەرنى بوستان قىلغۇچە توختىمايدىغان چىدام، غەيرەت ۋە ئىرادە. يىللارنىڭ ئۆتۈشى تېنىمىزنىڭ ساغلاملىقى ۋە گۈزەللىكىنى مۇقەررەر ھالدا ئېلىپ كېتىدۇ، ئەمما قەلبىمىزدىكى يۈكسەك غايىمىزنى ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. ياشلىق ھېس – تۇيغۇلىرىمىزنى قېرىتالمايدۇ. شۇڭا، ياشلىق ئۆمرىمىزنىڭ ھەربىر دەقىقىسىگىچە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ، شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ مەڭگۈ يوقالمايدىغان، ئىنسان روھىنى پاكلاپ تۇرىدىغان تەڭداشسىز روھ. ئۈمىدسىز كىشىلەر ئاشۇنداق روھتىن ئايرىلغان كىشىلەردۇر. شۇ تاپتا، سىز «مەندە ئاشۇنداق تەڭداشسىز روھ بار، كەلگۈسىدە غالىبلاردىن بولۇش ئۈچۈن چوقۇم بىلىم ئىگىلەپ، ئۆزۈمگە خاس ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزۈم ۋە باشقىلار رازى بولغۇدەك ياشاپ، ئۆمۈر گۈلۈمنى ئېچىلدۇرۇپ خۇشپۇراق چاچقۇزىمەن» دەپ، ئىرادە تىكلىيەلەمسىز؟ ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ سىز قانداق ياشىدىڭىز؟ قانداق ياشاۋاتىسىز؟ قانداق ياشىماقچى؟
( ئاپتور : تۇرپان شەھەر ئۈزۈمچىلىك يېزا خەلق دوختۇرخانىسىدا )

# ئەركەكلىك زىمىنىدىكى سىغىنىش

ھاياتنۇيۇس مۇھەممەت

**( جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى تەھرىراتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن**

**ھەرمىللەت قەلەمكەشلىرىنىڭ 76 ـ يىلدىن كېيىن تۇغۇلغانلىرىدىن ۋەكىللىك ھالدا 2010 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ**

12 ـ كۈنى ئىچكى مۇڭغۇلغا كىلىپ، ئۇ يەردە بىر قانچە كۈن، مەملىكەت ئىچىدىكى داڭلىق مەدەنىيەتشۇناس ۋە ئەدەبىياتشۇناس مۇتەخەسسىسلەرنىڭ لىكسىيەلىرىنى ئاڭلاش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ساياھەت پائالىيەتلىرىدە بولدۇق. بۇ نەسىرنى چىڭگىزخان تۇپرىغىدا، ئۇنىڭ تارىخىنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ، مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆز زېمىنىدا قالدۇرغان روھى ئىزنالىرىنى ھىس قىلىپ تۇرۇپ يازدىم...)

ئۇچۇر دەۋرىنىڭ ئاپتوماتىك قەدەملىرىدە ھالسىرىغان بىر توپ ئەجنەبىلەر، تالىجىققان روھى چاڭقاقلىغى بىلەن مۇقەددەس زېمىنىڭغا تىمتاسقىنە ئۆزىنى تىڭشىغىلى كەلدى چىڭگىزخان...بۇلار ساڭا ئوخشاش ساۋۇت دۇبۇلغىلىرىنى شاراقلىتىپ، قىلىچىنى ئوينىتىپ، ئات تۇياقلىرىدا زېمىن باغرىنى تىترىتىپ ئەمەس، كاستىيۇم ـ بورولكىلىرىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، پارقىراق گالاستۇكلىرىنىڭ قاتلاقلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ كىتىشىدىن، ھىللا مەلھەم سۈرۈپ قاتۇرغان چاچ پاسونلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ كىتىشىدىن ئەنسىرىگەن سىپايىلىق بىلەن پويىزدا ئۇخلاپ،

ئايروپىلاندا ئۇچۇپ، ئاستا قەدەملىرى بىلەن ئۈن ـ تىۋىشسىز كىلىۋالدى. ئىس ـ تۈتەك، شاۋقۇن ـ سۈرەن

قاپلىغان، مەنپەئەتلەشكەن ئىجتىمائىلىق ئىچىدە، سەمىمى كۈلكە، مەردانە غەزەپنىڭ ئورنىغا، كۈلۈپ تۇرۇپ شۇملۇق ئويلاش، تۇيدۇرماي ئورا كولاش، نامەرتلىك پىلانى ئىچىدە گەۋدىسى تىخىمۇ كىچىكلەپ، نىرۋىسى تىخىمۇ تالىجىققان مۇھتىتىن زىرىكىپ، سىنىڭ بۈيۈك ئادىمىلىك، يۈكسەك مەردانىلىق ئوزۇق بەرگەن تۇپرىغىڭدا روھىنى پاكىزلىغىلى كەلدى...

چىڭگىزخان، سەن پۈتۈن زېمىن سىغقۇدەك كەڭ باغرىڭ، ئاجايىپ كەسكىنلىك ۋە مەردانىلىق يۇشۇرغان

مىھرىبانلىقىڭ بىلەن دىللاردا ئىختىيارسىز مىھىر دولقۇنى پەيدا قىلىسەن. سەن رەقىپلىرىڭ بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز، يەكمۇ ـ يەك تۇرۇپ ئېلىشقىنىڭدا، كەلگۈسىدىكى يەنە بىر ئەۋلات ئادەملەرنىڭ يۇشۇرۇن قەست ۋە ھىلە ـ مىكىرگە تولغان نامەرتلىك ئىچىدە، پۇتكۈل ئىنسانىيەتنى دىپلوماتىك سوغۇق موناسىۋەتلەر ئورۇشى ۋەھىمىسىدە تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدىغانلىغىنى ئويلىمىغان بولغىيتتىڭ؟...ئات تۇياقلىرىڭ بىلەن زېمىننىڭ ھەر بىر ئوچۇم توپىسىغا ئۆزئىسمىڭنى بىردىن بىر قېنىڭ، روھىڭ بىلەن ئويۇپ ماڭغان ئىدىڭ. شۇ چاغلاردا بۈگۈنكىدەك،

پۈتكۈل يەر شارىنىڭ كىچىك كەنتكە ئايلىنىپ، ئات تۇياقلىرىڭ قار بۇراندا، شىۋىرغان يامغۇردا كىچىنى

كۈندۈزگە ئۇلاپ ھەر بىر قەدەملىرىڭدە، ھاياتىڭ بىلەن ئەجىر قىلىپ ئىرىشكەن زېمىن خاتىرلىرىدىكى جەڭگىۋارلىق، مەردانىلىقىڭ، بۈگۈنكى كىشلەرنىڭ ياسىداق ئىشخانىسىدا راھەت كىرىسلودا كىرىلىپ ئولتۇرۇپ ھىلە ـ مىكىرگە تولغان نىگاھلىرىدا نىشانلىغان نەزەرلىرى بىلەن، كومپيوتىر ئىكرانىدىكى نۇر توچكىلىرىنىڭ مونوپول قىلىش نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىغىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيتتىڭ؟...سىنىڭ ئۇلۇغلىقىڭ ئەنە شۇ يەردە!. سىنىڭ باتۇرلىغىڭ، قەيسەر روھىڭ، يىراقلارغا دادىل تىكىلەلەيدىغان مەردانە نىگاھلىرىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت قەددىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، ئالدىڭدا بىر ئۆمۈر تىزلاندۇرغىدەك ئەركەكلىك قەددىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تاۋاپگاھ، ئۆمۈرلۈك سېغىنىش ۋە ئاداققى غالىبىيەت...

ئەركەكلىك...بۈگۈنكىدەك مەدەنىيلەشكەن تۇرمۇش ئىچىدىكى سىپايى رېتىملارغا ئاسمىلاتسىيە بولۇپ

كىتىۋاتقان، ئادەملەر روھى بىر غايىۋى چاڭقاقلىقتا تەلمۈرۈپلا ياشايدىغان ئادەمىياتنىڭ غۇرۇرى، قەددى!. سەن ھەقىيقى ئەركەكسەن چىڭگىزخان!، سىنىڭ ئەركەكلىكىڭ ئالدىدا ئاسمان، زېمىن زىلزىلىگە كىلىپ، تاغلار تىترىگەن، ئىنسانلار قەددىڭ ئالدىدا قايتىدىن تۇغۇلۇپ، ئادىمىيلىگىڭ ئالدىدا قايتىدىن پاكىزلىنىپ، ئەركەكلىكىنىڭ يارىلىش زىلزىلىسى ئىچىدە، ساڭا تىزلىنىپ سەجدىگە باش قويغان!...

ـ ئەرلەر، ئاياللارنىڭ قەددى، ئەرلەر ئىنسانىيەتنىڭ غۇرۇرى. سەندىكى ئەرلىك قەد، قىز ـ ئاياللىرىڭنى

خاتىرجەملىك ئىچىدىكى توقلۇق بىلەن تىخىمۇ يۈكسەكلىككە ئۈندىگەن. سەندىكى ئەرلىك قەد قىز ـ ئاياللىرىڭغا ئەخلاق، نازاكەت ۋە ئاياللىق سىھرى كۈچ ئاتا قىلغان. سەندىكى ئەرلىك قەد، قىز ـ ئاياللىرىڭغا ھەقىيقى

BABUR

ئاياللىق، ئەرلىرىڭگە ئەركەكلىكتىن ئۆرنەك ئېلىپ كەلگەن... سەندىكى ئەرلىك قەد ئانىلارغا غۇرۇر، ئىپتىخار مەسئۇلىيەت ئېلىپ كېلىپ، ئانىلارنىڭ بۈيۈكلىگىنى ئائىلىدىن جەمىيەتكە، شەخستىن ئىنسانىيەتكە، بىر ۋۇجۇتتىن ئادەمىيات روھىغا ئەكىرەلىگەن، ئۇلارنىڭ نەزەرلىرىنى يىراق-يىراقلارغىچە تەلەپچان نىگاھ مېھرىبانلىقىدا ئىنسانىيەتكە پەرۋىشكار روھتا باقتۇرالىغان!..

چىڭگىزخان، بىلەمسەن، ھەر بىر ئايال سەندىكى قەيسەرلىككە، غۇرۇرغا، مۇھاببەت، مەردانىلىق ئۇخچۇپ تۇرغان دادىللىققا، تۆگىمەس-پۈتمەس ئەركەكلىك دەۋرەپ تۇرغان قەددىڭگە، ئاياللىقنىڭ ئەڭ پاكىزە، ئەڭ ساپ ۋە ئەڭ مېھرىبان پەرۋىشكار مۇھاببىتى بىلەن قايىل بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاياللىق چاڭقاقلىقى بىلەن سۆيۈنىدۇ...ھۆجەيرە-ھۆجەيرىلىرىدىن سىنى سېغىنىدۇ! مەدىنىيلەشكەن دەۋردە ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان ھالدا، روھىمىزنى تىڭلاشقا، ئەسلىمىزنى ئويلاشقا ھەپسىلىمىز يوق ھالدا پالاقشىپ ياشاۋاتىمىز...ئەنە بىر يىگىت ئۆزىگە ئەقدە قىلغان ۋاپادار سۆيگىنىدىن يۈز ئۆرۈپ ئىقتىسادى ئالۋۇنلارنىڭ ئېزىقتۇرىشى بىلەن راھەت-پاراغەت قوغلىشىپ، مەنپەئەت قوغلىشىپ، قىزنى قان-قان يىغلىتىپ، پىشنى قېقىپلا باشقا بىرىنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالدى... ئەنە بىر ئەر خوتۇن-بالىلىرى بىلەن كارى بولماي ئايالىنى قاخشىتىپ، ئۆيدىكى دادا ھەم ئەرلىكنى ئۇنتۇپ، ھەممە ئېغىرلىقنى ئايالىغا تاشلاپ بېرىپ، تىنىمسىز ئادەملەر قاينىمىدىكى ئازدۇرۇشلارغا غەرىق بولدى... ئەنە چېچىنى ئاق ئارىلىغان بىر ئەر قىزى سۆپەت قىزلارغا كۆز قىزارتىپ، ئۇلارنى ئالداپ-سىلاپ، قىزلارنى ئاياغ-ئاستى قىلىپلا يۇرمەكتە... ئەنە ئەمەل تاماسىدا، بايلىق تاماسىدا يۇرگەن بىر ئەر ئۆز قىزنىنى سايە قىلىپ، ئايالىنى كوزور قىلىپ چىرىگەن روھى بىلەن نەپ ئىزدەپ يۇرىۋاتىدۇ. ئەرلىك چىرىمەكتە، ئەركەكلىك يوقالماقتا!... ئاياللار ئەرسىراۋاتىدۇ...قىزلارنىڭ قەلبى بوش، ئاياللار پەرۋىشسىز، ئۇلار ئۆكسىمەكتە!... ئاياللار پاناھسىز، ئائىلە تۇۋرۇكسىز، پەرزەنتلەر ئۆزىگە ئاتىدىن ئالىدىغان ئوزۇقسىز، ئۆرنەكسىز قېلىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قاپلىغان، ئەرسىرىغان، ئاتاسىرىغان ئاياللىق روھ، ئانىلىق زىمىن قات-قېتىدىن چاك-چاك يېرىلىپ، روھنىڭ قاتلام-قاتلاملىرىدىن، ھۆجەيرە-ھۆجەيرىلىرىدىن توكۇلمەكتە... سىلكىنمەكتە... ئۇلار يەر شارىنى تىترىتىپ تۇرۇپ نىدا قىلماقتا!... ئۇلارنىڭ نىداسىدا گۇلدۇرماما گۇلدۇرلەپ، كۆك يېرىلىپ، ئاسماننى پارچە-پارچە قىلىپ توكۇلدۇرگىدەك قەھرى-غەزەپ ۋە چاڭقاقلىق بار!... ئۇلار تەڭرى ئىشكىنى قېقىۋاتىدۇ!...

-ئاياللار ئەرسىراپ كەتتى، پەرزەنتلەر ئاتاسىراپ كەتتى. تۇرالغۇمىز ئۆرۈلۈپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى... چۈنكى ئۇندا تۇۋرۇك يوق... ئاياللار روھى ئاقماقتا، پەرزەنتلەر روھى چۆلدەرەپ كەتتى... ئاھ، چىڭگىزخان، ئاڭلاۋاتامسەن؟!، زامانىۋى دەۋرنىڭ ئادەملىرى مانا مۇشۇ پاجىئەدە قالدۇق. روھلار قۇرۇق، نىگاھلار مۇزلۇق... رېتىملار تىز، ئەرلىك قەد يوق... تۇرمۇش رەڭدار، پاكىزە روھ يوق. يىلمان تەبەسسۇم بار، سەمىيمى مەنا يوق...

سىنىڭ روھىڭغا تىۋىنىپ، قەددىڭگە تاۋاپ قىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز. ئەنە سەھنىدە مۇڭغۇل يىگىتلىرى شىردەك ھۆركىرەپ، يولۋاستەك تاشلىنىپ، سىنىڭ ھايات مۇساپەڭنى بىزگە سۆرەتلەپ بېرىۋاتىدۇ. مۇڭغۇل قىزنىڭ جەزبىدار ئەمما تولدۇرۇپ، سوزۇپ ناخشا ئېيتقان ئاۋازىدا ياسالمىلىق يوق. ئۇ تەبىئى سېغىنىشلىق، ئەسەبى ئاۋازى بىلەن سەن ۋە ئەتراپىڭدا جەڭ قىلىۋاتقان مەردانە يىگىتلىرىڭگە مەدەت، ئىلھام بېرىپ، دادىل، قەيسەر بىر جەڭگىۋار روھتا سىلەرنى سېغىنىۋاتىدۇ. ئۆز شەخسىيتىدىن ھالقىغان مەردانە بىر سۆيگۈ كۈچى بىلەن سىلەرگە مەدەت بېرىۋاتىدۇ... ئۇلۇغ ئەركەكلىك، مەردانە ئەرلىك ۋەزنىدە، پەرۋىشكار ئاياللىق روھ، توقلۇق ئىچىدىكى ساداقەتمەن مەڭگۈلۈك سۆيۈش بولىدۇ. بۇنى سەن ئىنسانىيەت سۆيگۈسىگە، ئىنسانىيەت قەددىگە ئۆز قېنىڭ، ئۆز روھىڭ ۋە ئەركەكلىكىڭ بىلەن قالدۇردۇڭ ئەزىمەت!...

...بۇ بىر توپ كىشلەر، سىنىڭ زىمىنىڭدىن جىسمىمىزغا مادار ئالغىلى، روھىڭدىن ئادەمىيلىگىمىزنى

يۇيۇندۇرغىلى، قەددىڭدىن غۇرۇرىمىزنى تاۋلاپ، مۆكچەيگەن كىشلەرنى يۆلىگىلى، ئۇلارغا جىسمانى ۋە روھى ساغلاملىق ئۈچۈن مەدەت بەرگىلى كەلدۇق ئەركەك!، بىزگە مەدەت بەرگىن!... ئەرلەر سۆكۈناتتا سەجدىدە... ئايالالار پەرۋىشكار ئىسسەدەش بىلەن تىلاۋەتتە... چىڭگىزخان، ھەقىيقى ئەركەكلىكنى سېغىنغان بىر قەۋىم، قەددىڭگە تىزلىنىپ روھىڭغا سەجدىدە!... ئىچىرقاشتا ئۆز تەبىئىتىگە يادلىشىۋاتقان بىر ئازغۇنلۇقتىكى ئادىمىيلىك ئىتىقاد ساڭا ئەسىر...ئىگىلمەس قەد بىلەن ئۇزىمىزنى تىپىۋېلىشىمىزغا، روھلىرىمىزنى پاكىزلاپ، ئىنسانىيەتكە

مەردانە غۇرۇردا مەسئۇلىيەتكار، پەرۋىشكار تىكىلىشكە ھەممىمىزگە مەدەت ۋە مۇھابىبەت بەرگەيسەن

چىڭگىزخان!...

ئاپتۇر: خوتەن ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرستىتىدا ئوقۇتقۇچى

BABUR

## مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ يىلتىزى

بىر مىللەتنىڭ ، ئەدەپ ـ ئەخلاقى، ھەم ئەنئەنىۋى گۈزەللىك قاراشلىرىغا :يات بولغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئومۇملىشىپ قالغان غەيرى كۆرۈنۈشلەر ،شۇ خەلققە ھىچقاچان گۈزەل ھىس ـ تۇيغۇلارنى ئاتا قىلالمايدۇ. مەدەنىيەت(ھەزارەت) تارىخ بويى بىر مىللەتنىڭ پىكىر بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىجادىيەت، كەشپىيات ۋە سانائەت (ماددى ئىشلەپچىقىرىش)، شئىر ۋە پەن (ئەدەبى گۈزەل ـ سەنئەت)، تۈزۈم ۋە قۇرۇلما(ئىدارە تۈزۈمى)، قىممەت قاراش ۋە پىرىنسىپ(ساقاگى ۋە ئىجتىمائى مەسۇلات)لىرىدا ھەسسە قوشقانلىقىنى ئىپادىلەش ئىدى. مەدەنىيەت بۇ ئۇقۇم بىلەن ئىلىپ ئىيتقاندا ساماۋى دىنلارغىلا خاس بولمايدۇ. چۈنكى تارىخ قەدىمقى تۈركىي قەۋملەر، مىسىرلىقلار، ئىرانلىقلار، ھىندۇسلار ۋە گىرىكلەرنىڭ مەدەنىيەتنى تونۇپ يەتتى، ئۇلار ئۆزلىرى تالىلىۋالغان پىرىنسىپ ۋە پەلسەپىلەرگە تايىناتتى . بەلكىم بۇ مەسىلە يۇقىرىقى مەدەنىيەتلەرنىڭ يىمرىلىش ياكى ئارقىغا چېكىنىش سەۋەپلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە كىرەك.

( Civilization )دىگەن سۆز ئەسلىدە لاتىنچە سۆز بولۇپ ، شەھەرلىك (Civilis) دىگەن مەنىدە. ۋول دىيورانىت ، مەدەنىيەت دىگەن سۆزنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ: "مەدەنىيەت(ھەزارەت)ئىجتىمائى تۈزۈم بولۇپ ئىنساننىڭ مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىشغا ياردەم بىرىدۇ. مەدەنىيەت تۆت ئامىلدىن تەشكىل تاپىدۇ: ئىقتىسادى مەنبەلەر، سىياسى تۈزۈملەر، ئىخلاقى ئۆرپ ـ ئادەتلەر، ئىلىم ـ پەن ۋە سەنئەتتىن ئىبارەت"... ئۇ ھەزارەتنىڭ بىر قانچە ئامىلنى بەلگىلەيدۇ : 1 ـ بىئولوگىيەلىك ئامىللار، 2 ـ جۇغراپىيىلىك ئامىللار، 3 ـ ئىقتىسادى ئامىللار،4 ـ ساقافى ئامىللار. (ۋول دىيورانتىنىڭ " مەدەنىيەت قىسسىسى" ناملىق كىتاۋىنىڭ 3 ـ بىتىگە قاراڭ.

ياۋروپا مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئەرەب ئەللىرىگە باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن ( Civilization ) دىگەن سۆز ئەرەب لۇغىتىگە يۆتكىلىپ "مەدەنىيەت"ياكى" ھەزارەت" دىگەن ئۇقۇمدا ئىستىمال قىلىندى.

كىيىنكى زامانلاردا " ساقافەت، ھەزارەت، مەدەنىيەت"دىگەن بۇ ئاتالغۇلارغا ئىنىق ئۇقۇم بەلگىلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى ئۇقۇملار ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. چۈنكى بۇ ئۈچ ئۇقۇم ئەرەب تىلىدا يەنى بىزدە مەۋجۇت، ئىنگلىز تىلىدا بولسا پەقەت ئىككى ئۇقۇم مەۋجۇد.

بىر مىللەتنىڭ ، ئەدەپ ـ ئەخلاقى، ھەم ئەنئەنىۋى گۈزەللىك قاراشلىرىغا :يات بولغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئومۇملىشىپ قالغان غەيرى كۆرۈنۈشلەر ،شۇ خەلققە ھىچقاچان گۈزەل ھىس ـ تۇيغۇلارنى ئاتا قىلالمايدۇ.

رەزگى سۈرەت كۆڭۈلدە رەزگى خىياللارنى پەيدا قىلىدۇ، شالغۇت كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمىيەتتە، ماڭقۇرتلۇقنىڭ تەسىرى، جەمىيەتنىڭ پىكىرلىرى, ئىش ـ ئىزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىنساننىڭ پىكرى گۈزەل سىزىمچانلىقتا تەبئىيلىشىدۇ، ئۇ سىزىمچانلىق بىلەن، ئىنسان خىزمەتنى ئوبدان ئورۇنلاش ۋە ئىسىل ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە ئازادە سورۇن ۋە ئۆزىگە خاس ھىس –تۇيغۇغا ئىگە بولىدۇ.

ئەسكى كىيىم كەيگەن كىچىك بالىدىن بىرنى مىسالغا ئالايلى؛ يىرتىق ۋە ئەسكى كىيىم ئاماللسىزلىق ،نامراتلىق مەناسىنى ئىپادىلەيدۇ، ھەم ئۇنىڭدىن كۆپرەك، ئۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەپ بولىدىغان ماددى ۋە مەنىۋى مىكروپلارنى ئۆزى بىلەن كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ. چىرىپ كەتكەن قاسماق كىيىملەر پاسكىنىلىقنىڭ قىپى( ساندۇقى) بولۇپلا قالماستىن، كىچىك بالىنىڭ نەپسىيتى ( پسىخولوگىسى) ئۈچۈن تۈرمىگە ئايلىنىدۇ.

كىچىك بالا ئەخلاق نوقتىسىدىن ئەۋرەتنى يۈگەشنى ئىرادە قىلىدۇ, بىراق كىيىمنىڭ ياماقلىرى ئۇ بالىنىڭ ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرىدۇ. چۈنكى شەكلى ئادالەت "جۇۋا" موللا ياسايدۇ، "شلەپە" پوپ ياساشقا ئېلىپ بارىدۇ.

مۇستاپا كامال شلەپىنى تۈركىيە خەلقىگە خەلقنىڭ مىللى كىيىمى سۈپىتىدە تاڭغان ۋاقتىدا، كىيىمنى ئۆزگەتىشنى مەقسەت قىلماي، قەلبنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان. چۈنكى كىيىم ـ كىچەك ئىنساننىڭ قىلمىشلىرىنى خېلى دەرجىدە كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.
مەدەنىيەت چەمبىرىكى بارلىق قۇراللىرى بىلەن گۈزەللىك سىزىمچانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. بەلكى گۈزەللىك مەدەنىيەت شەكىللىنىدىغان چەمبىرەك. بىز ئۇنى كۆڭلىمىزدە مۇلاھىزە قىلىشىمىز، كوچا، ئۆي ۋە سورۇنلىرىمىزدا تەمسىل قىلىپ ئەملى كۆرۈنىشىمىز لازىم بولىدۇ.
گۈزەللىك ۋەتەننىڭ ئالەمدىكى يۈزى، ھۆرمىتىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن ئاۋۋال يۈزىمىزنى قەدىرلەيلى!
بىز مەدەنىيەت يارىتىش ھەم ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى توغرۇلۇق سۆز ئېچىشتىن ئاۋۋال، ئۇيغۇرغا خاس مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەسلىنى، ساپلىقىنى قوغداپ، ھەم تەبىئي، ساددا تۇيغۇلىرى بىلەن قەلبلىرىگە كۆمۈپ ساقلاۋاتقان ئاق كۆڭۈل دېھقانلىرىمىزنى ۋە بۇلارغا تۇرمۇش قايناملىرىدا، بەزىدە جەننەت، گاھىي دوزاق ھالاۋەتلىرىنى ئاتا قىلىۋاتقان سەھرا ـ قىشلاقلىرىمىزغا بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن كىلىپ چىقىشى سەھرالىق بولغان، تۇرمۇش غىمىدىن باشقىلارغا كۆپ ئىشىنالمايدىغان، كۈندىن ـ كۈنگە قۇۋۋىتىشىپ كىتىۋاتقان شەھەرلىكلىرىمىزنىڭ ھەم بىزدەك بىر قىسىملارنىڭ ئىڭىغا ئورناپ قالغان بەزىبىر مايماق چۈشەنچىلەرنى رۇسلىۋىلىشىمىز كىرەك.

بىر قىسىملارنىڭ ، «يىزىلىقنىڭ ئوبدىنى ئىشەك، ئەسكىسى توڭگۇز.» «ئەسكى تامدىن چىت ياخشى، شەھەرلىكتىن ئىت ياخشى» دىيىشىپ ئەزۋەيلەپ شۇنداق ھىكمەتلەشتۈرۈپ كەتكىنىدەك : خەلقىمىز راستىنلا شۇنچىۋالا ئادەم قىلىپىدىن چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟؟؟ . . . . . بۇمۇ ئۆز يولىدا سادىر بولىدىغان قىسمەنلىك، شۇنداق بولسىمۇ ئۆز قەۋمىمىزگە بولغان سەممىي كۆيۈنۈش نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، ھەممىمىز ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كىرەك. . .

تۇرقىدىن نامراتلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قالايمىقان ، پايانسىز سەھرالىرىمىز ھەم خىلىلا زامانىۋى تۈس ئالغان، يىشىللىقنى سىمنۇت،بىتۇن ،قاراماي‌لارغا قۇربانلىق قىلىپ مۆتىۋەرلەرچە سالاھىيەتكە ئىرىشكەن چاسا ـ چاسا شەھەرلىرىمىزدە، ئىككى خىل قىممەت قارىشىدا ياشاۋاتقان ئىككى ئىنسان تۈپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق؛ شەھەرلىكلەر ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، ھەممە نەرسىدە ئازلىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىر نەرسىنىڭ يوق بولغىنى ، ئاز بولغىنىدىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئازغىنا نەرسىگە رازى بولغان شەھەرلىك ئىنساننىڭ قەلبىگە چۈشكۈنلىشىش ئامىللىرى ئىچكىرلەپ سىڭىپ كەتكەن، بۇنداق چۈشكۈنلۈك ئۆز يۇرتىدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ يوقۇلۇپ كىتىشىگە سەۋەپچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كۆڭلىدە مەغلۇبىيەت روھىنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچىلەردۇر. ھاياتنى شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار داۋاملىق يىرىم يولدا، يىرىم پىكىردە ۋە يىرىم تەرەققىياتتا

بولىدۇ. نىشانىغا قانداق يېتىشنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ساپ تەبىئەتلىك ئىنسانغا ئوخشاش تارىختىكى «باشلىنىش نۇقتىسى» ياكى مەدەنىيەت ئادىمىدەك «ئاياغلىشىش نۇقتىسى » بولالمايدۇ.

بەلكى ئۇلار تەرەققىيات، تارىخ ۋە مەدەنىيەتتە ئىسلىپ قالغان ئىنسانلاردۇر. ئۇنداقتا شەھەرلىكلەرگە «ئازلىق ئادىمى »ۋە «يېرىم ئادەم » دېگەن ئىككى سۈپەت ئۇيغۇن كېلىدۇ . بۇنداق ئىنسانلار توپى ئىسلاھات مەيدانىغا كىرىپ، يېرىم پىكرى بىلەن ئىسلاھاتنى ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا « سىياسەت» دېگەن ئاتالغۇنى بەردى. چۈنكى ئۇلار يېرىم كۆچ ،يېرىم جاپا، ۋە يېرىم يولدىن باشقىسغا تەييارلىغى يوق ئىنسان توپىدۇر.

يەنە بىرسى ساپ تەبىئەتلىك يوقىلاڭ نەرسىلەرگىمۇ رازى بولىدىغان ساددا ئىنسانلار توپىنى تەشكىل قىلىپ، يېزىدا ياشاۋاتقانلارمۇ ئالدىدىكىلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىدە تىرىكچىلىك قىلىپ، ھايات كەچۈرىدىغان بولسىمۇ، ئۇلاردا شەھەرلەردىن تاپقىلى بولمايدىغان ، ئەمما بىر مىللەت ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇغىدەكلا زۆرۈر بولغان ، روھىي قىزىلما بايلىقلار زاپىسى ئىنتايىن مول. بىز مەدەنىيەت يارىتىمىز ، مەدەنىيەت تارقىتىمىز دەيدىكەنمىز، ئەپتىدىن مىلىك تاغار غەم، ئۈستى بېشىدىن توپا چاڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان دېھقانلار ھەم يېزىلار بىزلەرنىڭ دىققەت مەركىزىمىزدە بولۇشى كېرەك!
ئىشنىڭ بېشىدا ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز ، ئەخلاقى ۋە ئىجتىمائىي دائىرىمىزنى پايدىسىز ناچار ئامىللاردىن سۈزۈكلەشتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنداق بولغاندا مۇھىتىمىز جانلىق ۋە روھلۇق ھاياتقا چاقىرغۇچى ئامىللارغا ئايلىنىپ ، بىزگە رىغبەتلەندۈرگۈچى دورا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولىدۇ. تازىلاش ھەركىتى يىگى پىكىر ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ، يىگى پىكىر چۈشكۈنلىشىش دەۋرىدىن مىراس قالغان شارائىتنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ.

تۇپراق مەدەنىيەت تىكلەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرسى. بىز تۇپراق ۋە ۋاقىتتىن ئارەت خام ماتىياللارنى قوراشتۇرىدىغان بىر ئۇنىۋېرسال قۇرۇلمىغا ئىرىشەلىگەن ۋاقتىمىزدا، تۇپراقلىرىمىز مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ۋاستىچىسى بولۇشقا يارايدۇ.
تۇپراقنىڭ ئىجتىمائى قىممىتى تۇپراق ئىگىلىرىنىڭ قىممىتىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مىللەتنىڭ قىممىتى يۇقۇرى ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان بولسا، تۇپراق قىممەتلىك بولىدۇ. مىللەت ئارقىدا قالغان بولسا تۇپراق قىممەتسىز بولۇپ قالىدۇ.
دىمەك ، بىزنىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىمىز ۋە ئارقىدا قىلىپ قالغانلىغىمىز ئۈچۈن تۇپراقلىرىمىز چۈشكۈنلۈشۈپ قىممىتىنى يوقاتتى. يارىتىلىشىدىنلا چىمەنلىك، بوستانلىقلارغا تولغان زېمىنلىرىمىز چۆللۈككە ئايلىنىپ ، سۈزۈك ئېقىن سۇلار قۇرۇپ كەتمەكتە، مىۋە چىۋىلەر تەمىنى يوقۇتۇپ ، قۇرت باسماقتا. زىرائەت تېرىشقا مۇناسىپ يەرلەر قاقاسلىققا ئايلانماقتا، گۈزەل يايلاقلار ئۆز باغرىدىكى يايلاۋلىرىدىن ئايرىلىپ قالماقتا.

جاپالىق ئەمگەك قىلمىساق كىلەچەكتىكى ئەۋلاتلىرىمىزنى قۇتقۇزالمايمىز، ئۆزىمىز ۋە باشقىلار تەبىئەتتىن پايدىلىنىپ نەتىجە قازانغان چاغدا مۆجىزە يارىتالايمىز. شۇ چاغدا يىگى ھايات قۇرۇشقا ئاتلىنالايمىز ۋە تارىخ زېمىمىزگە قانداق ۋەزىپە يۈكلىسە ئىككىلەنمەي ئۈستىمىزگە ئالالايمىز. شۇ چاغدا خەلقىمىز زېمىنىنى بويسۇندۇرۇپ مەدەنىيەتكە ئاساس سالالايدۇ.

مەدەنىيەتتىكى پۈچەك ئادەتلىرىمىز، ھاياتىمىزنى ، چۈشكۈنلىشىش ئامىللىرىدىن تازىلىيالمىغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىقىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىنى بۇرمىلاشنىڭ نەتىجىسى «بىلەرمەنلىك قىلغۇچىلار ياكى ئۆزىنى ئەقىللىق ھىساپلايدىغانلار»دا مۇجەسسەملىشىدۇ.
كۆپ يىللاردىن بېرى بىزدە داۋالاش مۇمكىن بولىدىغان نادانلىق ۋە ساۋاتسىزلىق كېسىلى بار ئىدى. ئەمما ھازىر داۋالاش قىيىن بولىدىغان « بىلەرمەنلىك» كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالدۇق، بۇ كېسەلنى « بىلىم ئاشۇرۇشتىكى پۈچەكلىك» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ،
مائارىپ مەجبۇرىيەتلىرىمىزنىڭ ئاساسىي نىشانى، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىگىنى ھەقىقىي سەۋىيەگە يەتكۈزۈشتە

BABUR

www.uyghurkitap.com



ئۆزىنىڭ ئاۋانگارتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. مەدەنىيەت مائارىپسىز تارىخنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەدەنىيەت مائارىپنى يوقاتقان خەلق تارىخنى چوقۇم يوقۇتۇپ قويىدۇ. مەدەنىيەت ئىنسانىنى ئۆز دائىرىسىگە ئېلىپ تۇرىدىغان بىر ئوكيان، ئۇ مەدەنىلەشكەن جەمىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى شەكىللىنىدىغان چەمبىرەك.

ۋاقىت تارىختىن بۇيان ئالەمنى كېسىپ ئۆتىدىغان قەدىمىي ئۆستەڭ! ۋاقىت شەھەر - يېزىلارنىڭ ئارىسىنى

كېسىپ ئۆتۈپ ،ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچى بىلەن كۈچەيتىپ بېرىدۇ ياكى ھەممە خەلقلەرنىڭ زېمىنى ۋە ھەر بىر ئىنساننىڭ مەيدانىدا ئېتىلىپ چىقىدۇ. ۋاقىت بىر ساھەدە « بايلىق» بولۇپ كۆرۈنىدۇ، يەنە بىر ساھەدە « قىممىتى يوق» نەرسە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇ ھاياتلىقنى كېسىپ ئۆتىدۇ، تۇرمۇش قايناملىرىدىن روياپقا چىققان ئۇتۇق - نەتىجىلىرى ئاتا قىلغان قىممەت سىستېمىسىنى تارىخقا قويىدۇ.
بىراق ۋاقىت جىمجىت ئۆستەڭگە ئوخشايدۇ، ئۇنى بەزىدە ئۇنتۇپمۇ قالىمىز. مەدەنىيەتلەرمۇ غەپلەتكە چۆككەن ۋاختىدا ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

شۇنداقتىمۇ تارىختىكى خەتەرلىك سائەتلەردە، ۋاقىتنىڭ قىممىتى زېمىندا ھايات قىلىش تۇيغۇلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ ،مۇشۇنداق سائەتلەردە بۇ تۇيغۇ ئويغانسا ، مال دۇنيا بىلەن باھالىغىلى بولمايدىغان خەلق ئويغۇنىشى بارلىققا كېلىدۇ. ۋاقىت بۇ چاغدا ئۆلچىگىلى بولمايدىغان ھاياتنىڭ جەۋھىرىگە ئايلىنىدۇ.
ۋاقىتقا ئائىلىق بوي سۇنىدىغان ھايات ۋە تارىخ ھازىرمۇ قولىمىزدىن كېتىپ بارماقتا، بىز ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە ئىنچىكە ۋاقىت ئۆلچىمى ۋە كەڭرى قەدەملەرگە مۇھتاج.!
ۋاقىت توغرىسىدا گېرمانىيەنىڭ تەجرىبىسىگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى....«ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى 1945 - يىلى گېرمانىيەنى تۇپتۇز قىلىۋەتكەن ئىدى، ئىشلەپ چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسنى پاچاقلاپ تاشلىغان، ئويغۇنۇشنى قايتا تىكلىگىدەك بىر نەرسە قالمىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە تۆت دۆلەتنىڭ ئاستىدا مۇستەملىكىدە ئىدى. 1948 -يىلنىڭ بېشىدا گېرمانىيە خەلقىنىڭ نەپسىدە پائالىيەت ۋە ئاكتىپلىق باشلانغاندا ، گېرمانىيە، ئىقتىسادىي ساھەدە (باشقىلارغا سىلىشتۇرغاندا) نۆلگە تەڭ ئىدى.
گېرمانىيە خەلقى ئون يىلدىن كېيىن باشقا دۆلەتلەردە مەھسۇلات يەرمەنكىسى ئېچىپ، باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغان . چۈنكى ئۇ خەلق ئۆلۈم ۋە ۋەيرانە خارابىلىقتىن دەس تۇرۇپ ، ئىغىر سانائەتلەرنى ئىشلەپ چىقارغان ئىدى.
گېرمانىيە خەلقى ئون يىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن مۆجىزىلەرنى تەھلىل قىلساق، ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەر تۈرلۈك ئامىللارنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن ئىدارە -ئورگانلاردا ۋە ئىدارە چىقىملىرىدا ئىقتىسادچان بولغان، ھۆكۈمەتنىڭ كۆپ ئىشلىرىنى خەلق مىللىي مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە بىجىرىۋەتكەن، يەنىمۇ مۇھىم ئامىل ۋاقىت ئىدى.

1948 - يىلى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئەر -ئايال ۋە ئۆسمۈرلەرگە كۈنلۈكى ئىككى سائەت ھەقسىز خىزمەت قىلىشنى

بىكىتتى. ھەر بىر كىشى بۇ ئىككى سائەتنى كۈندىلىك خىزمىتىدىن سىرت خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەقسىز ئادا قىلىپ بېرەتتى .
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گېرمانىيە خەلقىنىڭ قولىدا: ئىنسان، تۇپراق ۋە ۋاقىتتىن باشقا خام ئەشيالار قالمىغان ئىدى. بىراق خەلق ئىرادىگە كېلىپ ، ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. »
دىمەك مەدەنىيەت يارىتىش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە يۇقۇرقى ئۈچ ئامىل بولسا، مەدەنىيەت سەپىرى ئۈچۈن يېتىدۇ.
بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت سەپىرىمىزدە بىر ئاز خاتالاشساقمۇ، باشقىلار بىزنى مەسخىرە قىلسىمۇ ئەسلىي ئەنئەنۋىي مەدەنىيىتىمىزنى ھازىرقى زاماننىڭ يېڭىلىقلىرىدىن ئوزۇقلاندۇرغان ئاساستا، قەدرىيەتلىرىمىزنى ئۆز قىنىدىن چەتنەتمەي تەرەققىي قىلدۇرۇش يۆنۈلىشىگە قاراپ ئىلگىرلىشىمىز كېرەك:
ھايات بىزنى ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىشقا چاقىرىدۇ. مەدەنىيەتكە قەدەم تاشلىغاندا قالايمىقان قەدەم بېسىش توغرا

بولمايدۇ. سەپىرىمىز ئىلمىي ۋە ئەقلىي بولسۇن. مەدەنىيەت چىچىلىپ تۇرغان پارچە ـ پارچە نەرسە ياكى جەلپكار كۆرۈنۈش ئەمەس. مەدەنىيەت دىگەن بارلىق نەرسىللىرى ، پىكىرلىرى ، روھى ۋە كۆرۈنىشى رەتلىك گۆھەر! ۋە ئىنسانىيەت تارىخىي يۈزلىنىدىغان مەركىزىي ئوق.!!!

شان ـ شەرەپ ،بىر ئۆستەڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق ئۇ زىلال سۇ ئەمەس. بەزىدە دولقۇنلاپ ، مەۋج ئۇرۇپ كىتىشىمۇ مۇمكىن بىراق ھىچكىمگە مەڭگۈلۈك كۆلۈپ باققانمۇ ئەمەس.............

دۇنيانىڭ رەڭۋازلىقلىرىغا ، بوغنۇقۇپ ئىچ ـ باغرى قوقاستا پۇچۇلىنىپ تۇرسىمۇ . ئۆزىدە :ھاياتنىڭ ،ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەقىل كۆزىگەئەسلىي ھالىتىنى كۆرسەتمەي ، يانداپ ئۆتۈپ كىتىدىغان تەرەپلىرىگە بولغان سەزگۈرلۈك ھەم لايىقىدا ھەزىم قىلالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈەلىگەنلىكىدىن ، روھىي دۇنياسىنى ، كىبىر ـ تەمەننادىن خالىي ، سەممىي مەمنۇنىيەتلىرى بىلەن ئاۋۇندۇرۇپ . ئوزۇق ئېلىپ ـ ئوزۇق بىرىپ كېلىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ تەنھالىق ۋە غېرىبلىق دۇنياسىدىن ،بىز دىمەتلىك ئەۋلاتلارنىڭ بەكمۇ كىچىكىپ ،قىسقىسى، ئۇلارنى يەرلىگىدە قويۇپ بولغاندىن كىيىن خەۋەردار بولۇپ، چۈشەنمەكچى، كۆيۈنمەكچى بولىدىغىنىمىز، ئاخىرىدا مۇكەممەل بىر تونۇشقا ئىگە بولالمىغان ،ئېچىنىش، پۇشايمانغا تولغان ھېسسىياتلىرىمىزنى ئۆزىمىزدەكلا چۈۋالچاق بولغان قەلبلىرىمىزنىڭ ، (قايتا تاپالمىغۇ دەك قىلىپ ) بىر يەرلىرىگە كۆمۈۋىتىپ . خۇددى دۇنياغا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا پەيدا بولۇپ قالغاندەك ،ناخشىلىرىمىزنى دۆڭ تووۋلاپ ، ئويۇن تاماشالىرىمىزنى قازا قىلماي ،كۈنلىرىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزىۋاتقان بەختلىك مىراسخورلار توپى..............

بىز ھازىر نىمىگە ئوخشاپ قىلىۋاتىمىز!؟..........................بىز زادى كىم!؟..........بىز كىم بولۇشىمىز كىرەك......؟؟؟ بىزلەرمۇ مەدەنىيەت ياراتقۇچىلاردىن بولالايمىزمۇ.......؟؟

## تەخىرسىز ئويلار

زۇلپىقارئېلى مەمەت

يەر شارى ــ ھاياتلىقنىڭ بۆشۈكى ، بىراق ئۇ ئىنسانلارغىلا تەۋە ئەمەس .

ئەركىن رۇزى

---

ماتېرىياللاردا، شىنجاڭنىڭ تاغ-دەريالىرى كۆركەم، يېرى كەڭ، بايلىقى مول، مۇنبەت زېمىن شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ھاۋاسى قورغاق، ھاۋاكىلىماتى ناچار، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى تۆۋەن ،چۆللۈكنى ئاساس قىلغان ، تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان، دېڭىزغا يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان دېيىلىدۇ. بۇ ھال خەلقىمىزنىڭ ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك، تىرىشچان، چىدامچان، غەيرەتلىك بولۇشىغا ئىناق، ئىتپاق ئۆتۈشىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن .

ئۇزاق مەزگىللىك تارىخى تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن ئەجدادلىرىمىز ھاياتلىق سەپىرىدە قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مول تەربىيۋى ئەھمىيەتكە ئىگە، پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولغان ئەسەرلەر، ھېكمەت جەۋھەرلىرىنى ئەۋلادلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەتكەن. بۈگۈنكىلەر بىباھا گۆھەر، تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلاپ ھەم پايدىلىنىپ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆرنەك قىلىپ كەلدى .

ئەجدادلار ئىزىنى بويلاپ ھاياتلىق سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق داۋام ئېتىشى جەريانىدا، جەمىيەت تەرەققىيات قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئېگىشلىك تۆھپە قوشۇۋاتقان ئەۋلادلار بىر نىيەت، بىر مەقسەدتە، مۇرنى-مۇرىگە تىرەپ رايۇنىمىزدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتتى. مۇۋاپىقىيەت نەتىجىلىرىمىزدىن بەھىر ئېلىپ، خوشاللىق كېيپىدە لەيلەپ يۈرگىنىمىزدە، بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتى مۇرەككەپلىشىپ، تەرەققىيات تېزلىشىپ، رىقابەت كەسكىنلىشىپ، تۇرمۇش قايناملىرى كۆپىيىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەسىدە داۋالغۇش ۋە ئۆزگىرىشلەر بولدى.

بۈگۈنكى دەۋردە ماددى، مەنىۋى ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. يەتكۈچە جاپالارنى تارتىپ، ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بەردۇق. تۇرمۇش قايناملىرىدا ئوڭ-تەتۈر چۆرگىلەش داۋامىدا، نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتۇق ھەم يوقاتتۇق. ئېرىشكەنلىرىمىز يوقاتقانلىرىمىزنى بېسىپ چۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يوقاتقانلىرىمىز ئېرىشكەنلىرىمىزنىڭ ئالدىدا ئېتىبارغا ئېلىنمىدى، كۆزگە كۆرۈنمىدى. كۆرۈنسىمۇ پەرۋا قىلمىدۇق. كۆپ نەرسىگە ئېرىشىپ ئازراق نەرسىنى يوقاتسام نىمە بوپتۇ، يوقاتقان نەرسىلەرگە يەنە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قاراپ، ئاۋۋال يوقىتىش، ئاندىن كېيىن ئېرىشىش، ئېرىشىش ئارقىلىق يوقاتقانلىرىمىزنى ئىزدەش ھەلەكچىلىكىدە بىر-بىرىمىز بىلەن مۆكۈشمەك ئوينىپ يۈردۇق. لېكىن..... تاكى ھازىرغىچە بۇ خىل ھالەت داۋام ئەتمەكتە. ئەجەبلىنەرلىكى، ئېرىششتىكى قىزغىنلىقىمىز، يوقاتقانلىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى قىزغىنلىقىمىزدىن ئۈستۈن تۇرماقتا .

ئەنە شۇنداق بەزىدە غالىبلارچە، بەزىدە بىچارىلەرچە ياشاش داۋامىدا، بىز ئېتىبارغا ئالمىغان، پەرۋا قىلمىغان يوقاتقانلىرىمىز يوشۇرۇن خەۋپ بولۇپ شەكىللىنىپ، سىگنال بولۇپ ياڭرىغاندا، قۇلىقىمىزنى ئېتىۋالدۇق. قۇلاقنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغۇرلىدۇق. سىگنال ئاۋازى كۈچىيىپ خىرىس بولۇپ شەكىللەندى. بۇنچىلىك خىرىسقا تاقابىل تۇرالمىدۇق بىز دەپلا قويدۇق. ئاقىۋەت خىرىس كىرزىسقا ئايلاندى. كىرزىس پەيدا بولغاندا بولسا، ئۆرە-تۆپە بولۇپ، ئالمان-تالمان كىرزىسنى تۈگەتمەكچى بولدۇق. پىلان-لاھىيە تۈزۈپ، تەدبىر بەلگىلىدۇق. تۈگىتىش ئۇسۇللىرىنى تاپقانسىرى، كىرزىس پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتتۇق. تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ياشاش جەريانىدا ، نۇرغۇنلىغان ئەكس تەسىرلەر ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققى قىلىشىغا نىسبەتەن ئېغىر تەھدىد سېلىپ ، ئادەملەر بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققى قىلىش مەسىلىسىگە قارىتا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى . شۇڭا ، 1972-يىلى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت ئېتىبارى قوزغىلىپ «دۇنيا مۇھىت يىغىنى» ستوكھولمدا ئېچىلدى. دۆلىتىمىزمۇ، بۇمەسىلىگە جىددى قاراپ يىغىنغا ۋەكىل ئەۋەتتى. بىز ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەت بەرمىسەك بولمايدىغان كىرزىس بولۇپ شەكىللەنگىنى مۇھىت ، ئېكولوگىيە ، تەبىئەت دۇنياسى مەسىلىسى .

مانا كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە39 يىل بولۇپتۇ. بۇ جەرياندا، دۆلىتىمىزمۇ بۇ تەخىرسىز مەسىلىنى ھەل قىلىش، مەسىلە كېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قانۇن، سىياسەت، نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. رايۇنىمىزمۇ قانۇن، سىياسەت، نىزام بويىچە ئىش كۆرۈپ، نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ ، سۆز بىلەن ھەركەتنىڭ بىردەك بولماسلىقى، دىل بىلەن تىلنىڭ بىردەك بولماسلىقى، ئاڭ-سەۋىيەنىڭ تۆۋەن بولۇشى، تونۇشنىڭ ياخشى بولماسلىقى تۈپەيلىدىن نەتىجىلەر كۆمۈلۈپ قېلىپ، مەسىللەر كۆپىيىپ بارماقتا. بۇ مەسىلە ھەققىدە ئويلانمىدۇق ئەمەس ئويلاندۇق، بىراق ئويلىنىپلا قويۇپ ئۆتۈپ قالدۇق. بۇنى خەلق ھەركىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ئامىمۋىيلىققا ئىگە قىلالمىدۇق .

ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، ئانا زىمىننى قوغداش، مېھرى- مۇھەببەت باغلاش شۇئارىنى توۋلاپ، ئەمىليتىمىزدە كۆرسىتىشكە تىرشچانلىق كۆرسەتتۇق.بۇھەقتە تۆھپە قوشقانلارنى مەدھىيلىدۇق. ئۇلاردىن ئېلھام ئالدۇق. بىزمۇ ھەم شۇنداق قىلماقچى بولدۇق .كۆڭلىمىزگە گۈزەل ئارزۇلارنى پۈكۈپ، ئىرادە باغلىدۇق. شۇ بويىچە ئىش قىلدۇق . پەرزەنتلىرىمىزنىمۇ شۇ بويىچە تەربىيىلىدۇق. باللىرىمىزدىن چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولىسەن، دەپ سوراپ باقايلى، ھېچبىر تەمترىمەستىن ۋەتەنگە، خەلققە يارامىلىق ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمۈدىنى ئاقلايمەن، دەيدۇ. مانا بۇ ئۆزىمىزنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلغانلىق بولماي نىمە؟

نىمە ئۈچۈن بىز كىچىكىمىزدىن شۇ بويىچە تەربىيىلىنىپ، چوڭ بولغاندا تەربىيىگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىمىز. بۇ بىزدە ئىشلارنى ئەتراپلىق پىلانلاپ قىلماسلىق، شەيئىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتمەسلىك، ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى ئوبدان ئويلىماسلىق، بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈشنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇدلىقىدىن ئىبارەت خالاس .

رىقابەت كەسكىنلەشكەنسىرى، ئىشسىزلىق نىسبىتى يۇقۇرىلاۋاتىدۇ. تۇرمۇش بېسىمىمىز ئارتقانسىرى، مەدەنىيتىمىز قۇرغاقلىشىۋاتىدۇ. مەنپەئەت، ئابروي، قارىغۇلارچە مەدەنيەت قوغلىشىش، مال-دۇنيا توپلاشنى رەزىللىك، قار قورساقلىق، شەخسىيەتچىلىك ئېڭىمىزنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەبچى قىلىۋاتىمىز. دەپىنە - دۇنيا جىنايەتنىڭ « ئانىسى » دەيمىزۇ ، لېكىن ھەممىز شۇنى كۆزلەيمىز .

ئۆتۈپ قالماڭ، بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كەلگەنمىز، ئۇ دۇنياغىمۇ يالىڭاچ كېتىمىز. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر ئىمپىراتۇر ۋە ھەربى ئالىم ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئون ئۈچ يىل پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇش جەريانىدا، زور ھەربى يۈرۈشلەرنى قىلىپ ،غايەت زور ئىمپىرىينى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىگەللىگەن زېمىنى كۆپ، توپلىغان مال دۇنياسى ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. بۇ مەشھۇر شەخس ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىش ئالدىدا، مەن ئۆلگەندىن كېيىن،

BABUR

بىر قۇلۇمنى تاۋۇتنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويۇڭلار، مەندەك بىر ئىمپېراتورنىڭمۇ ئۇدۇنياغا قۇرۇق قول ماڭغىنىنى كىشلەر بىلسۇن دېگەن .

بىز بۇنىڭدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ ئازغىنە مەنپەتنىڭ قۇلى بولۇپ، رەزىل ۋاستىلەر بىلەن مال-دۇنيا توپلىماسلىقىمىز، جىمى ھاياتلىق مەنبەسىنى يىغىپ قاتلاپ، يالماپ يۇتۇپ قۇرۇتىۋاتماسلىقىمىز، كېينكىلەرنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن، ياخشى نامىمىزنى ياد ئېتىشى ئۈچۈن، ئەۋلادلارنى كۆپەرەك ئويلىشىمىز كېرەك ئېدىغۇ؟ لېكىن بىز بۇنداق قىلمايۋاتىمىز. يەنىلا يەۋاتىمىز، يوقىتىۋاتىمىز، ئونۇتىۋاتىمىز. كيىن تېپىۋېلىپ، تولۇقلىسا بولىدىغان مال دۇنيا ئەمەس ئىدى .بىلسەك، ئەجدادلار مىراسى، ئەۋلادلار بەختى بولغان مۇھىت، ئېكولوگىيە، تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت تەڭدىشى يوق گۆھەر. گۆھەرنى تاشقا ئۇرماقچى بۇلۇپ مۇھىت بولغۇنىشنى، ئېكولوگىيلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بوزۇلىشنى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قالايمىقانلىششىنى بىلىپ-بىلمەي كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىمىز. مۇھىت، ئېكولوگىيە، تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدا ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مەزگىللىك تۇرمۇش تەجرىبىسى ئاساسىدا خۇلاسلەپ چىققان ھېكمەت جەۋھەرلىرى مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىۋاتىمىز-يۇ، يەنىلا كۆمۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ. ئەجدادلار ماڭغان ئىزىدىن گۈل ئۈندۈرسە، بىز قۇيۇپ تىكەن ئۈندۈرمەكچى بولۇۋاتىمىز.ئۇنىڭەن تىكەنگە ئەۋلادلارنىڭ دەسسەيدىغانلىقنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمىز .

مۇھىت، ئېكولوگىيە، تەبىئەت دۇنياسى بىزنى ياراتتى، بىزنى ساغلام قىلىپ ئۆستۈردى. بىزگە ھەممە نەرسىنى ئاتا قىلىپ ئادەم قىلدى. ئاتا قىلغان نىمەتلەر بولمىسا مەن، سىز، ئۇ قېنى؟ تەبىئەت بىزنىڭ ئانىمىز. بىز ئانىمىزغا تۇزكورلۇق قىلۋاتىمىز، دەپسەندە قىلۋاتىمىز. ئاش بەرگەنگە مۇشت بىرىۋاتىمىز. ئەجرگە جاۋاپ قايتۇرالمايۋاتىمىز .

مۇھىتنى بۇلغاپ، ئېكولوگىيلىك تەڭپۇڭلوقنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قانۇنيىتىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىش بەدىلىگە تېگىشلىك جازاغا ئۇچراۋاتىمىز. جازالىنىشىمىز ھەقلىق ئەمەستەك، ئاغرىنىپ يۈرىۋاتىمىز. بىز ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلساق، بىزگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانىنى بىلمىز ئەلۋەتتە. «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، ئاغرىنىشنى قارشىلىقتا ئايلاندۇرماقچى بولىۋاتىمىز. ئۆزىمىزنىڭ خاھىشى بۇيىچە ئىش قىلىپ، كۆپ ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ باردۇق. ئاخرىقى نەتىجىمىز بۇزغۇنچىلىق، ۋەيرانچىلىقتىن ئىبارەت بۇرنىمىزغا يېيىش بولدى. ھوشىمىزنى تاپماي مۇھىت، ئېكولوگىيە، تەبىئەت دۇنياسىغا سوغوققانلىق، شەخسىيەتچىلىك، شەپقەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز .قانۇنيەتكە ھۆرمەت قىلماي، ئاتا قىلىنغان نىمەتلەرگە شۈكرى قىلماي، تېخمۇ كۆپ نىمەتلەرگە ئېرىشىش كويىدا يۈرەك-باغرىنى تىلغاپ، نەپەس يولىلىرىدا توسالغۇ پەيدا قىلدۇق. تومۇرلىرىنى كەستۇق. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ نىداسىغا، نالىسىگە قۇلاق سالمىدۇق. خاتالىقلارنى توختىماي سادىر قىلدۇق. «ئېشەكمۇ بىر قېتىم پۇتى كىرگەن كۆۋرۈكتىن ئۆتمەيدۇ» بىز ھايۋانچىلىكمۇ بۇلالمايۋاتىمىز. يىغىنچاقلىغاندا، ئۆزىمىزنىڭ پۇتىغا، ئۆزىمىز پالتا چېپىۋاتىمىز. ئۆزىمىزنى بۇزغۇنچىلىق، ۋەيرانچىلىقتا ئۇچرىتىپ، يوقلىش گىرداۋىغا سۆرەپ مېڭىۋاتىمىز .

مۇھىت، ئېكولوگىيە، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھالىغا قاراپ قايغۇرساق بۇلاتتى. ئەكسىچە ئۇلار بىزنىڭ ھالىمىزغا قاراپ قايغۇرۇپ، باللىرىم خاتالىقنى بەك كۆپ سادىر قىلىپ كەتتىڭلار ئەمدى بۇلار بەس دەپ، قوينىنى كەڭ ئېچىپ بىزنى ئانىلىق مېھرى بىلەن پەپىلمەكتە. بۇ ھەقتە قايتا-قايتا ئويلىنىشقا، ساقلانغان مەسىللەرنى ھەل قىلىشقا چاقىرماقتا. بىز يەنە نىمىنى ساقلايمىز. بىلسەك، بۇ ساقلايدىغان تەخىر قىلىدىغان، تۇرۇپ تۇرسا بولىدىغان ئىش ئەمەس. ئەركىن رۇزى« بۇ يەردە كېينكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار »دېگەن كىتابىدا: « ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولغاندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ياشاپ كېلىشىنىڭ ئۆزى بىر پۈرسەت، بىر مۆجىزە، بىر ئامەت، بىر ئۇلۇغ ئىش» دېگەن. توغرا، دېمىسىمۇ پۈرسەت، مۆجىزە، ئامەت، ئۇلۇغ ئىش، بۇنىڭ مۇھىت، ئېكولوگىيە، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققانلىقنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز كېرەك .

شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىششىگە ئەگىشىپ، شەھەر مۇھىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغۇنۇپ، ئېكولوگىيلىك تەڭپۇڭلۇق بوزۇلۇپ، تەبىئەت دۇنياسى قالايمىقانلىشىپ، شەھەرلىكلەردە ئويلىنىش، قايغۇرۇش، ئەنسىرەش،سېغىنىش، ھەسرەت، پۇشايماندىن ئىبارەت ئاۋارىچىلىق ۋە باش ئاغرىقى پەيدا بولدى. بۇ توغرىسىدا ئويلانغانلار دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئامىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەلەم كۆرىشنى باشلىۋەتتى .

ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرى، بەخت-سائادىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ، پۇشايمان، تەشۋىشلىنىش،

BABUR

ئەنسىرەش تۇيغۇسىدا ‹‹ كۆيگەن دېڭىز ›› ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى «شەھەردىكى بالا›› ناملىق شېئىرنى يېزىپ، شەھەر تەبىئىتىنى ئوبرازلىق سۆرەتلەپ بەرگەن .

يېشىل-يېشىل ئورمانلار
نەگە كەتكەندۇ؟
ئاسمان تۇتۇق نېمە دەرد
ئاڭا يەتكەندۇ .

ئاڭلىمايمىز پۈتۈن ياز
قۇشلار سازىنى .
كۆرەلمەيمىز پاقلاننىڭ
ئوماق نازىنى .

ئۆتۈپ گۈزەل باللىق
بولماقتا ئادا .
تۈنۈمدىكىن بىزلەرنى
تەبىئەت ئانا.

يالقۇن رۇزى ‹‹ كامالتۇرۇك ۋە ئۇرۇمچى›› ناملىق ماقالىسىدە، ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈستىدە ئويلانغان. ئەندىشە، ۋەھىمە بىلەن تولغان خاتىرجەمسىزلىكنى ئىپادىلەپ، مۇھىت بۇلغىنىشنى، ئېكولوگىيلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇپ، تەبىئەت دۇنياسى قانۇنىيىتىنىڭ تەرتىپسىزلىشىپ كەتكەنلىكنى كۆرسىتىپ بىرىش بىلەن بىرگەتەبىئىلىكى ساقلاپ قېلىنىۋاتقان سەھرالارغا بولغان تەلپۈنىشنى ، چوڭقۇر سېغىنىشنى ئىپادىلىگەن، بۇنىڭدىن باشقا مول-ھوسۇللۇق يازغۇچىلىرىمىز، جاپاكەش قەلەمكەشلىرىمىزدىن توختى ئايۇپ ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرىدا، خالىدە ئىسرائىل نەسىر، پوۋېستلىرىدا، ئەختەم ئۆمەر پوۋېست، رومانلىرىدا، ئەسئەت سۇلايمان مۇلاھىزىلىك ماقالىلىرىدە مۇھىت بۇلغىنىش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بوزۇلىشى،تەبئەت دۇنياسىنىڭ تەرتىپسىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى لىرىكا، زىددىيەتلىك ۋەقەلىك، مۇھاكىمە ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىپ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا بۇ ھەقتىكى ئىدىيە جەڭ سەھىپىسىنى ياراتتى .

شەھەر مۇھىتىنىڭ ساپلىقىنى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى، تەبئەت دۇنياسىنىڭ قانۇنىيەتلىكىنى ساقلاپ قېلىش، بۇلغانغان، بۇزۇلغان تەرتىپسىزلىكنى تۈزەش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ۋاقىتتا، ھاۋاسى ساپ، مۇھىتى بۇلغانمىغان، ئېكولوگىيىسى بۇزۇلمىغان، مەنزىرىسى گۈزەل، جىمى نەرسىلەر قۇياش نۇرىغا تۈيۈنغان، تەبئەت ئاتا قىلغان نىممەتلەر كۆپ، تەبئىيلىكى بۇزۇلمىغان دەپ قارىلىپ كەلگەن يېزىلارغىمۇ كۆز تەگدى ھەم تېگىۋاتىدۇ .

شەھەرلىكلەرنىڭ ئېڭىدا يېزا قىياپىتى بۇرۇنقىدەك ئۆزگەرمىگەن، يېڭى ، ۋاراقلانمىغان ھالەتتە بولۇشى مىنى ئويغا سېلىپ، تەپەككۇر قىلىشقائۈندەپ، قەلەم تەۋرىتىپ، پىكىر بايان قىلىشقا سۆرەپ كىردى .

مەن ئەقلىمنى بىلسەم ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا بىر ئېرىق، ئەللىك مېتىر نېرىدا بىر ئۆستەڭ( بازىسىدا مازېدۇڭ ئۆزۈندىلىرى بار ) بار ئىكەندۇق. ئەتراپى دەل-دەرەخلەر بىلەن ئورالغان، سۈيى سۈزۈك بولۇپ، كۆپكۆك قۇم كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىشلەر ئوچۇملاپ ياكى دۈم يېتىپ قانغۇچە سۇ ئىچىشەتتى ھەم نانلىرنى ئېقتىپ يەيتى. سۇنىڭ ھىممىتىدىن قانغۇچە بەھىرلىنەتتى .ئېرىق-ئۆستەڭلەر پات-پات رىمونت قىلىنىپ، سۇنىڭ راۋانلىقى، پاكىز تۇرۇشى، دەل-دەرەخلەرنىڭ غولداپ ئۆسۈشىنى چىن مەنىدىن تەمىن ئېتەتتى. كىشلەر ئېقىن سۇغا(كۆللەرگە)كىر چىلاپ يۇيمايتى. يۇندا تۆكمەيتى. ئەخلەت ۋە باشقا تاشلاندۇقلارنى تاشلىمايتى. قىسقىسى، سۇنى بۇلغىمايتى. سۇنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى، سۇسىز ياشاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەنلىكتىنمۇ؟ ئەخلاق ئىمانىنىڭ جۇملىسىدىنمۇ؟ قاچانلا قارىسىڭىز سۇ پاكىز تۇراتتى .

سۇ ئىنسان ئۈچۈنلا ئەمەس، تەبئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاياتلىقىدىكى مۇھىم مەنبە بولۇپ،

مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، تەبىئەت دۇنياسىنى قانۇنىيەتلىك قىلىشتا ياردىمى چوڭ ئىدى. تەرەققىياتنىڭ ئىللىق شامىلى يېزىلارنىمۇ يەلپۈندۈردى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلىنىپ، مەدەنىيەت ئېڭى يوقۇرى كۆتۈرلۈپ يېڭىلىقا ئىنتىلىشى كۈچەيدى. ئەپسۇسكى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇھىت، ئېكولوگىيە، تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدىكى قارىشى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئېرىق-ئۆستەڭلەر پات-پات رېمونت قىلىنىشتىن قېلىپ، سۇنىڭ راۋان، پاكىزلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىدى. سۇغا كىر چىلاپ يۇيۇش، ئەخلەت ۋە باشقا تاشلاندۇقلارنى تاشلاش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى، سۇ مۇڭلاندى .

« ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەشۇ دەريالار يىراق-يىراقلاردىن تاشتىن-تاشقا، قاشتىن-قاشقا ئورۇلۇپ پاكلىنىپ، قۇياش نۇرىغا، ئىنسان تېنىگە ۋە ئەقلىگە پايدىلىق بولغان ھەممە تەركىبلەرگە تويۇنۇپ كەلگەن. يەنە ئىنساننىڭ بۇزۇشى، ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۆز-ئۆزىدىن پاكىزلىنىش ئىقتىدارىدىن ئاستا-ئاستا قالدى ) ‹‹ ئەركىن رۇزى:بۇ يەردە كىيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار 64-بەت) دەرھەقىقەت، بۈگۈنكى كۈندە سۇ بۇلغاندى، تۇپراق بۇلغاندى، تەڭلا تىنىمىز ۋە ئەقلىمىز بۇلغاندى. كۆلنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى تۆگەپ تىنىپ كەتتى. بۇ ھەقتە ئەختەم ئۆمەر ‹‹ قۇرتلاپ كەتكەن كۆل›› پوۋېستىنى يازدى. كۆل نىمىشقا قۇرتلاپ كېتىدۇ؟ ئەقلىلىق ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىدىغۇ؟ دەيمەن .

دەل-دەرەخلەر كۆپلەپ كېسىلگەچكە قاقاسلىق كۆپەيدى .زېمىن كەڭرىلىكنى باھانە قىلىپ، قارىغۇلارچە بوز يەر ئېچىلغاچقا، ئوتلاقلار خانىۋەيران قىلىندى. ئىپتىدائى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر نابۇت قىلىندى. مال-چارۋىلارنى باقىدىغان ئۇرۇن ئازلاپ ياكى تۈگەپ كەتكەچكە دېھقانلىرىمىز مال-چارۋىلىرىنى يايلاقلارغاچىقىرۋىتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.شۇ سەۋەبتىن تەبىئىي ئوغۇتلاردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ تەسىردە تۇپراقنىڭ شورلىششى، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كىتىشى، بۇزۇلىشى كىلىپ چىقتى .

سۇدىن پايدىلىنىش مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن، سۇ مەنبەسى ئازىيىپ كەتتى. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئازايغانلىقتىن ياكى تۈگىگەنلىكتىن، يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش ئەۋجىگە چىقتى. ئېرىق-ئۆستەڭ، ئېتىز بويلىرىغا قارىسىڭىز يەر ئاستىدىن شىددەت بىلەن چىقىۋاتقان سۇنى كۆرىسىز. قۇدۇق ئارقىلىق يەر ئاستى سۈيى تارتىلىۋەرگەچكە، كىشلەرنىڭ ھويلىسىدىكى باسما قۇدۇقتىن سۇ چىقماس بولۇپ قالدى. يەرئاستى سۈيى مۇشۇ سۈرئەتتە چىقسا يەنە قانچىلىك ۋاقىت يېتەر؟ سۇ ئورنى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، كارىزلارنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان زېمىننىڭ كۆزى دەپ تەرىپلىنىدىغان، بۇلاقلارنىڭمۇ تىنىپ كەتكەنلىكىنى ھەممەيلەن بىلىمىز ئەلۋەتتە.

قەيەرگىلا قارىسىڭىز باشقىلار تەرىپىدىن ئېچىلغان، ئېچىلىۋاتقان، ئېچىلىشنى كۈتۈپ ياتقان يەرلەر، نەپسانىيەتچى خوجاملار نەپ چىقسا پايدىلىنىپ، نەپ چىقمىسا تاشلاپ كىتىپ، دەرد-بالاسىنى بىزگە قالدۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كۆپىيىپتۇ دېيىش ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. قەيەرگىلا قارىسىڭىز دەل-دەرەخلەرنى كېسىپ، ئۆز مەنپەتىنى قاندۇرۇش، بۇنىڭغا قاراپ ياغاچ ماتىرىياللارغا بەك ئېھتىياجلىقمىكىن دېسىڭىز ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. يەر ئېچىپ، ئورمان كىسىپ، سۇدىن قالايمىقان پايدىلانغانلارغا، پايدىلىنىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلەرگە بۇنداق قىلىش ››ئەجدادلارنىڭ بەرگىنىنى يەپ، ئەۋلادلارنىڭ پىينى قىرقىغانلىق››ئەمەسمۇ؟ دېسىڭىز مەنپەئەت ئۈچۈن، تەرەققىيات ئۈچۈن دەيدۇ. كىينكىلەرگىمۇ قالسۇن دېسىڭىز، ئەۋلادلارمۇ تىرىك جان بولغاندىكىن، ئۆزى ئەجىر قىلىپ تېپىپ يېمەمدۇ،دەيدۇ. ئەجەدادلار: « بىر تۈپ ئورمان كىش توغرا كەلسە ، ئون تۈپ كۆچەت تىكىش » لازىملىقىنى ئېيتقانغۇ ؟ دىسىڭىز، ئاۋال دەمالىققا جانغا ئەسقاتىدىغان، ئىقسادى جەھەتتىكى مەنپەتىمىزنى قاندۇرالايدىغان ، تېخىمۇ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە شوتا بۇلالايدىغان پۇل تېپىشىمىز كېرەك دەيدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، پۇل ھەممىگە قادىر ، پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا تەيياركەن . يەنە ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىمىز ، ھاللىق سەۋىيەگە يىتىش قەدىمىنى تىزلەشتۈرۈپ ، تەرەققىيات مۇئەسسەسىدىن ھەممەيلەننى ئورتاق بەھرىمان قىلىمىز ، دەيدۇ . قانۇن ، سىياسەت ، نىزاملاردىن ئېغىز ئاچسىڭىز قاراڭ ، ھەر قايسى جايلار ئۆزىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا قارتا ئىش قىلسا بۇلدۇ ، دەپتىغۇ ؟ بىز بۇ جەھەتتە خىلاپ ھەركەتلەرنى قىلمىدۇق ، دەيدۇ . بۇلار يۇچۇق ئىزدەپ ، ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى يۇشۇرۇپ ، ئەپچىللىك بىلەن نىقابلىنىدۇ . تەرەققىياتنى دەستەك قىلىپ ، بۇزغۇنچىلىق ، ۋەيرانچىلىقتىن ئىبارەت ئوڭشاپ ـ تۈزەش ھەلەكچىلىكىگە باش قاتۇرىدۇ. بۇنداقلارنى : ئورمان قانۇنى ، سۇ قانۇنى ، ئوتلاق قانۇنى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاربۇيىچە بىر تەرەپ قىلىش سالمىقى كۈچەيتىلسە بۇلاتتى . سىياسەت ، نىزاملار كۈچىنى تېخىمۇ بەك كۆرسەتسە بۇلاتتى .

BABUR

سانائەتلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىششى نەتىجىسىدە، سۇلياۋ تۈردىكى مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلىپ، كىشلەرگە قولايلىق ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقنى ۋە باش ئاغرىقنىمۇ ئېلىپ كەلدى. بۇرۇن كىشلەر بازاردىن ئالغان نەرسىلىرنى خۇرجۇنغا قاچىلايتى. كىينىچە سومكىغا قاچىلايدىغان بولدى. ھازىر قۇرۇق قول بازارغا چىقىپ، نىمە ئالسا،قانچىلىك ئېلىشتىن قەتئىي نەزەر سولياۋ خالتىغا قاچىلايدىغان بولدى .سولياۋنىڭ چىرىمەيدىغانلىقنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، قىممىتى تۆگىگەندە خالىغان يەرگە تاشلايدىغان بولدى. بۇرۇنقى ۋاقتلاردا يېزا- بازار يوللىرى تازىلانمايتى. ئەخلەت ۋە باشقا قالدۇقلار جايىدا بىر تەرەپ قىلىناتتى. ھازىرچۇ، يۇلىنىڭ تازلىقنى قىلدىغان خادىملار سەپلەنگەن بولسىمۇ،لېكىن ...

ئېرىق-ئۆستەڭ سۇيىنىڭ بۇلغىنىشى، يەر - زىمىنىنىڭ مەينەتچىلىكتە قېلىشى بارغانسىرى ئەۋجىگە چىقتى. بۇنداق ئىشلارنىڭ پەيدا بۇلۇپ،ئەۋجىگە چىقىشنى چەكلەيدىغان، تۇسىدىغان جامائەت ئېڭى شەكىللەنمىدى، ئاڭ شەكىللەنمىگەچكە ئاممۇۋى ھەركەتكە ئايلانمىدى .

ئېرىق-ئۆستەڭلەردە سۇ بولمىسا، سىپسىمچىلىق ھەممە يەرنى قاپلايدۇ.سۇ بولسىمۇ ئاستىدا ئەخلەت ۋە باشقا تاشلاندۇقلار بىلەن تىنىپ كىتىش ئالدىدا تۇرغان ، مەينەتچىلىك قارىغۇلۇقىمىزمۇ كەلمەيدۇ، ئوچۇملاپ ، دۇم يېتىپ سۇ ئىچىپ، نان چىلاپ يىگەن ئېرىق-ئۆستەڭ شۇمىدۇ؟ قاقاسلىقلارغا قاراپ، بۇرۇن سەگدەپ ئولتۇرۇپ مۇڭ پاراڭلارنى قىلىپ ، جاھان ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغان سايە تاشلاپ تۇردىغان دەرەخلەر نەگە كەتكەندۇ؟ ئېچىلىپ تۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلى تاشلىنىپ قالغان يەرلەرگە قاراپ توپ-توپ پادىلار ئوتلاپ يۈرگەن ئوتلاقلار قېنى؟ پادىچىلارچۇ؟ باغمۇ-باغ يۈرۈپ چىتلاقتىن شورا تىشىپ غورىلارنى قاققانلىرىمىزچۇ؟ قۇشلارنىڭ سايراپ،پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرىچۇ؟ ( ھازىر يېزىلاردىمۇ ئاز ساندىكى قۇشلارنىلا كۆرگىلى بولىدۇ، پاقىلارنىڭ كۇرىلداشلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولماس بۇلۇپ كەتتى) كۆللەردە قۇمچاقلارنى تۇتۇپ ئويناشلىرىمىزچۇ؟ ئىش قىلىپ جىمى تەبئىيلىك، پاكلىق نەلەرگە كەتكەندۇ، دەپلا قۇيىلىۋاتىدۇ؟. بۇ ھەقتىكى بايانلىرىمغا پەرھات ئابىت چوغلاننىڭ «باللىقىم» ناملىق شئېرنى دەلىل قىلماقچى شئېردا ئەسلەش، سېغىنىش، بىلەن بىرگە ئەپسۇسلىنىش، ئېچىنىشمۇ ئىپادىلەنگەن .

يېزلارغا ئىنتىلىپ، كۆرۈش ئىستىكى قوزغىلىپ، سەھرا ھىدىنى پۇرايدىغانلار كۆپ ئىدىغۇ؟ ھازىرچۇ، ئېچكىرى ئۆلكە، چەتئەللەرگە كۆپەرەك ئىنتىلدىغان بولدى. سەۋەبى، يېزىلارغا كۆز تەگدى ھەم تېگىۋاتىدۇ. مۇھىت، ئېكولوگىيە، تەبئەت دۇنياسى مەسلىسىدە شەھەرلەردە ئويغۇنۇش ھالىتى شەكىللىنىپ بولدى. تولىمۇ ئەپسۇس، يېزىلار ئۇخلاش ھالىتىدە تۇرماقتا. شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنيەت پەرقىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، مۇھىت، ئېكولوگىيە، تەبئەت دۇنياسىدىمۇ پەرق چوڭىيىپ بارماقتا. ئىشنى بىر ئورۇننىڭ ساپلىقنى، تەبئىيلىكنى قوغداش ، ئەسلىنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق ، يەنە بىر ئورۇنغا تەسىر كۆرستىپ، تۈزەش، ئوڭشاش، تەرتىپلىك قىلىشتىن باشلىساق بۇلاتتى .شەھەرنى ئوڭشاش جەريانىدا يېزلارغا كۆز تېگىۋەرسە، ئېرىشكىنىمىز يەنىلا مەغلۇبىيەتتىن ئىبارەت نەتىنجە بۇلۇپ قالامدۇ قانداق؟ تارىختا ئۆتكەن قۇدرەتلىك كرورەن دۆلتىمۇ يېشىلىققا پۈركەنگەن ، مۇھىتى ئاجايىپ ساپ ، ئېكولوگىيسى تەڭپۇڭ ، تەبئەت دۇنياسى قانۇنيەتلىك بۇلۇپ ، جەننەت ماكان ئىدى . كىينىچە ، كىشلەرنىڭ مەنپەئەت قۇلغا ئايلىنشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ دەل-دەرەخلەر كۆپلەپ كىسىلىپ ، قاقاسلىق كۆپىيىپ ، قۇم كۈچۈش تىزلىشىپ ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ياشاش شارائىتى ناچارلىشىپ مۇھىت مۇساپىرلىرى كۆپىيىپ كەتكەن . دۆلەت بۇ ئەھۋالنى ئوڭشاش ، ياشاش شارائىتنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى تۈزگەن ، سۇ ئىشلەتكۈچىلەردىن سۇ بېجى ئېلىشنى بەلگىلگەن بولسىمۇ ھەمدە بىر تۈرلۈك « ئورمان قانۇنى » تۈزۈپ « دەرەخلەرنى يىلتىزدىن كەسكەنلەرگە ، كىم بۇلۇشدىن قەتئىنەزەر ، بىر ئات جەرىمانە قۇيۇلدۇ ، دەرەخلەرنىڭ شېخنى كېسىۋەتكەنلەرگە بىر ئىنەك جەرىمانە قۇيۇلدۇ » دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ ئاخىرقى ھېساپتا ، بۇ خۇددى « ئۆلگەندىن كىيىن ياسىن ئوقۇغان » دەك بىر ئىش بولغان . سەلتەنەتلىك بوستانلىقلارنىڭ خارابىلىششى ۋە بۇنىڭدىكى ئىنسانلار پائالىيتىنىڭ رولى بىر ئاچچىق رېئاللىق » ، ( ئەركىن رۇزى بۇ يەردە كىينكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار 35- بەت ) بىز بۇ رېئاللىقنى بۆگۈنكى بوستانلىقلىرىمىزنىڭ يوقلىپ كەتمەسلىكىگە ساۋاق قىلساق بۇلاتتى .

توۋا دەيمەن، ئادەم قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولمىسا، ھازىرقى زامان ئادەملىرنىڭ ئەقلى ئىقتىدارى، جىسمانى كۈچى، ئەخلاقى تۆۋەنلەپ، ئېتىقاد، ئىمان سۇسلىشىپ كېتىدىغاندۇ. ئەجدادلىرىمىز يېمىگەننى يەۋاتىمىز. كۆرمىگەننى كۈرىۋاتىمىز .ئىچمىگەننى ئىچىۋاتىمىز. شارائىتىمىز ياخشى، توققۇزىمىز تەل. ( ئادەمنىڭ توققۇزى تەل بولسا، ئۇدۇنياغا كىتىدۇ، دىيىشدىكەن.) ھازىر يۈز بىرۋاتقان بەزىبىر ئىشلاردىن شۇنداقمىكىن دەپ قالىسىز.

تەبىئەت دۇنياسىدىن  يەنە بىز نىمىنى تالىشىمىز؟ ئۇ بىزدىن ھېچنىمە تالاشمايدىغۇ؟ ئەكسىچە، نىمە دىسەك شۇنى بېرىدىغۇ، ھازىرىمىزغا شۈكرى قىلىپ، قانائەتچان بولساق بۇلاتتى. تەبىئەت دۇنياسى بىزنى قوينىدا تۇيۇندۇرۇپ، پەپىلەپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ بىز بىلەن بىر گەۋدە بۇلۇپ ياشىغانلىقىغۇ؟ بىزچۇ، تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆز خاھىشىمىزغا بويسۇندۇرماقچى بولدۇق. بىر گەۋدە بۇلۇپ ياشاشنى رەت قىلدۇق. مۇناسىۋىتىمىزنى ئىتراپ قىلغىمىز كەلمىدى. ئۆزىمىزنى خوجايىن ھېسابلاپ خالىغانچە بۇيرۇق چۈشۈرسەك، قۇلى بولۇپ ھىچ ئىش قىلماي ئولتۇرساق، داۋاملىق ئېگە بۇلۇشنىڭ كويىدا يۈرسەك، چۇقۇم ئۇنىڭ جازاسىغا ئېخىمۇ كۆپ ئۇچرايمىز .

ئادەملەردە خىلمۇ-خىل يېڭى كېسەللەرنىڭ پەيدا بۇلۇش سۈرئىتى، داۋالاش ئاپپاراتلىرنىڭ سۈرئىتىدىن يۇقىرى بولماقتا.ئۇسۇملۇكلەردىمۇ خىلمۇ-خىل كېسەللىك ۋە ھاشارەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇزۇقلۇق زەنجىرىنىڭ بوزۇلىشى، ھايۋانلارنىڭ نەسلىنىڭ قۇرۇپ كىتىشى، ئەرمەك ھايۋانلارنى بېقىشنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى، مۈشۈك، ئىتلارنىڭ تۇمۇر قەپەزگە سولىنىپ سېتىلىشى، سېتىۋالغان مۈشۈكنىڭ چاچقان تۇتالماي، باغلاقلىق ھالەتتە تورۇشى، كېلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ تۇراقسىز بولۇشى، ھاۋانىڭ كۈندىن-كۈنگە ئىسسىپ، ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، چاڭ-تۇزاڭلىق ھاۋارايىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئادەمنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، ئەقىلنى لال قىلىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بىرىشنى كۆرۈۋاتقان كىشلىرىمىز توۋا، ئاجايىپ بىر زامان بولۇپ كەتتىيا- بىذ، دىگەنلىرى مۇھىت، ئېكىلوگىيە، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ جازالىشى، ئىنسانلارنىڭ جازالىنىشى ئەمەسمۇ؟ يەرنىڭ پىلانسىز قالايمىقان ئېچىلىشى، دەل-دەرەخلەرنىڭ كۆپلەپ كېسىلىشى، سۇدىن مۇۋاپىق پايدىلانماسلىق،مۇھىتنىڭ ئۆزىنى تازلاش ئىقتىدارىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەچكە، مۇھىت بۇلغىنىش، ئېكلوگىيە تەڭپۇڭسىزلىنىش، تەبىئەت دۇنياسى قانۇنىيىتىنىڭ تەرتىپسىزلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

كىشلەر دائىم ‹‹ ئورمان يەر شارىنىڭ ئۆپكىسى،ئۆپكىنى كاردىن چىقىرۋەتسەك،يەر شارى نەپەس ئالالماي قالىدۇ›› دېيىشىدۇ-يىذ، لېكىن دەل-دەرەخلەرنى قالايمىقان كېسىپ، يەر شارىنىڭ نەپەسلىنىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ، يەر شارى نەپەسلىنىشتىن قىينالسا، بىزمۇ بىللە قىيىنلىسىمىز، مۈشۈنداق بولىۋەرسە، ئاقىۋەت قانداق بولۇپ كېتەر؟ سۇ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى دەيمىز-يۇ ، مەنبەنى قۇرۇقداپ قويۇۋاتىمىز. مەنبە تۈگىسە، ھاياتلىقىمىزچۇ ؟ تۇپراقتىن تۆرەلگىنىمىزنى، يەنە شۇ تۇپراقنىڭ قوينىغا قايتىدىغىنىمىزنى ئېنىق بىلىمىز، بىلىپ تۇرۇپ تۇپراقنى خالىغانچە ۋەيران قىلساق، يەرەكنى تىلغاپ، ئۆچەي - باغرىنى قوچۇپ، بۇنى ئاز دەپ كۆتىرىدىغان يۈكنى ھەددى ھىساپسىز كۆپەيتىۋەتسەك، قانچىلىك بەرداشلىق بىرەر، ھالسىزلىنىپ كەتسىچۇ؟ بىزنى كىممۇ قوينىغا ئالار؟ تۇرمۇش بىزنى ھەر كويغا سالسىمۇ، دولقۇنلىرىدا تەۋرەتسىمۇ، ئىگىز -پەس يوللىرىدا تاسقىسىمۇ شۇنى ئېنىق ئىسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، مۇھىت، ئېكلوگىيە، تەبىئەت دۇنياسى ھاياتلىق ئۈچۈن ھەممە بايلىقتىن قىممەتلىك بايلىق. يەنە شۇنى ئويلىشىمىز كېرەككى، بىزدە ھازىرغىچىلىك خەلق ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن ھەركەتكە كىلىپ تەشكىللەنگەن،ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان تەشكىلات يوق. ‹‹ ئەتيازدا قۇيماق يەپ،كەچكۈزدە كېكىردىم ‹‹دەپ پۇشايمان قىلغان بىلەن، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا يوق، لىكىن ئالدىنى ئالدىغان قاچىنىڭ بارلىقنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. ئېكولگىيىلىك مۇھىتنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچىرتىۋاتقان ھەر بىر تىپىك ئەملى مىساللارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا بېرىلگەن بىر غەپلەتتىن ئويغىنىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدىن ئىبارەت خالاس . ئۆزىمىزنىڭ ۋە كيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ، جەمىيتىمىزنىڭ سىجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن ، ھەر بىر ئادەم ھەركەتكە كىلىپ مۇھىت ، ئېكولوگىيە ، تەبىئەت دۇنياسىنى ئاكتىپ قوغدىشىمىز لازىم . بىز بىلەن بىرلىكتە بۇ زىمىندا ياشاۋاتقان باشقا نۇرغۇنلىغان جانلىقلارنىڭمۇ بارلىقنى قەتئى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. بايانى تامامىلاپ، تۈگەنچەكلەش ئالدىدا شۇنىمۇ دېمەكچى: ئۇرۇش مالىمانچىلىقدا جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھېچنىمە بىلەن كارى بولمىغانلارنى بىز كۆپ كۆرگەن، بۇگۈنكى كۈندە پۇل تېپىش، ئېچىش- كېيىش، ۋەيران قىلىش مالىمانچىلىقدا ھىچنىمە بىلەن كارىمىز بولمايۋاتىدۇ. ئۇرۇش مالىمانچىلىقدىن، پاراكەندىچىلىك تۈپەيلى يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بۇلۇۋاتقانلارنى كۆرىۋاتىمىز، ئاڭلاۋاتىمىز.ئۇرۇشسىز تىنىچ جەمىيەتتە مۇھىت بۇلغىنىش، ئىكولوگىيلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بوزۇلۇش، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قالايمىقانلىشىش قەدىمىنى تېزلەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ جازالىشىغا ئۇچراپ‹‹مۇھىت مۇساپىرلىرى ›› سېپىنى شەكىللەندۈرىۋاتىمىز . يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلغانلار ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈگىگەندە ماكانلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ، ياشاش پۇرستىگە ئىگە بۇلالايدۇ.مۇھىت بۇلغانسا، ئېكولوگىيلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلسا، تەبىئەت دۇنياسى قالايمىقانلىشىپ كەتسە، سېغىنىش ئىچىدە تەلپۈنگەن يۇرتىمىزدىن يوقالغان نەرسلىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ياشاش پۇرستىگە ئېرىشىش بەكمۇ قىيىن ۋە مۈشكۈل ئىش.مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىكلا . بايانىمنى ئەخمەت ئىمىن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ سۆزى

www.uyghurkitap.com



بىلەن ئاخىرلاشتۇراي‹‹ئەي، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئارزۇلۇقى ئىنسان،جانلىقلارنىڭ سەر خىلى ئىنسان!يەر شارى سىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋىدى،سەن ئەمدى يەر شارىنى بېشىڭغا ئېلىپ تاشلىۋەتمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ ››

پايدىلانمىلار :

ئەركىن رۇزى « بۇ يەردە كېنىكلەرنىڭمۇ ھەققى بار » ناملىق كىتابى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىل 11-ئاي 1- بېسىلىشى .

ئابدۇقادىر جالالىدىن ‹‹ كۆيگەن دېڭىز » ناملىق شېئىرلار توپلىمى .شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل 6-ئاي 1-بېسىلىشى .

ئابلىز ئەمەت تۈزگەن « ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى » قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001-يىلى 2- ئاي 1- بېسىلىشى.

## نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردا كەلگۈسىشۇناسلىق مەدەنىيىتى بارلىققا كەلمىدى؟

## (ئوبزور)

ئەركىنجان ئەمەت

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھازىر ئەدەبىيات تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىيات گۈلزارىدا ئىلمى فانتازىيىدىن ئىبارەت، بۇ كېيىن كىرگۈزۈپ قويۇلغان نازۇك نوتا تېخى ئۆزلىشىپ مېۋە بېرىشتىن يىراق تۇرماقتا. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى ئىلمىي فانتازىيە ئەدەبىياتى قىزغىنلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئاۋام خەلق ئارىسىدا ئومۇملىشىپ، شۇ ئەللەردىكى بىر خىل ئۆزگىچە فانتازىيە مەدەنىيىتى ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىگە روشەن سېلىشتۇرما ھالەتتە تۇرۇۋاتقىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلاھات ئېچىۋېتىش دەۋرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىمۇ ئىلمىي فانتازىيە ئەدەبىياتى ئوقۇرمەنلەر قاتلىمى شەكىللەنمىدى. بۇ خىل ھادىسە قانداقتۇر يېڭى كىرگەن ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ۋاقىتلىق تېخى جامائەتنىڭ شەكىللىنىپ ئېتىشغا سىڭىپ كىرەلمىگەنلىكىدىن بولماي، بەلكى بۇنداق ھالەتنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىدا مۇھىمى ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىدىئولوگىيە تەرەققىيات سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى توسالغۇلار ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىكى مىللىي ئۆزلۈك روھنى تېپىۋېلىش تىرىشچانلىقىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقىمۇ سەۋەب بولغانىدى. بۇ ئىجتىمائىي ئامىللار ئاساسەن تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا گەۋدىلىك ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

1. ئۇيغۇر خەلقى سانائەتلىشىشتىن ئىبارەت مىللەتنى زامانىۋىلىششقا يېتەكلەيدىغان تارىخىي جەرياننىڭ تېخى ئورۇندالمىغانلىقىدىن سانائەت مەدەنىيىتى قىممەت قاراشلىرىنىڭ ھۆل تېشى بولغان ئىندىۋىدال خاسلىق ئازادلىقى خەلقىمىز قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ تەركىبىگە ئايلانمىاي، ئىنسانىدىكى ئىندىۋىدال خاسلىقنىڭ ئەنئەنىۋى ئاسارەت ئىسكەنجىسىدە بوغۇلۇشى فانتازىيە ئەدەبىياتى 19 - ئەسىردە ئەينى دەۋردىكى ئەنئەنىۋى خىيالىي ھېكايىلەردىن، ئىنسانىيەت يۈزلەنگەن ئومۇمىي مەسىلىلەر ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى رېئاللىقنى، تەبىئىي پەن تەرەققىياتى بىلەن سۇغۇرۇلغان تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئىپادىلەش بىلەن ئايرىلىپ چىققان مۇستەقىل بىر ئەدەبىي ژانىر ھېسابلىنىدۇ.

فانتازىيە ئەدەبىياتى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق سانائەت تەرەققىياتى بىرقەدەر يۇقىرى غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە بارلىققا كېلىپ راۋاجلانغان بولسا 20 - ئەسىردە پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر سانائەت كۈچى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئامېرىكىدا ھەققىي گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرنى كۆتۈۋالدى.

فانتازىيە ئەدەبىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش تەرەققىياتى، سانائەتلىشىش دەرىجىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېچىۋېتىلىش دەرىجىسى بىلەن ماس قەدەمدىكى تەرەققىياتىنى ساقلاپ كەلدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى فانتازىيە ئەدەبىياتى ھەرگىزمۇ ھازىرقى زامان رېئاللىقى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش راۋاجلىنىشى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېھتىياجىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

ژيۇل ۋېرن 1863 - يىلى ئۆزىنىڭ «ئاجايىپ ساياھەتلەر» ناملىق رومانىنى نەشر قىلدۇرۇشتىن ئىلگىرىكى 100 يىل ۋاقىت ئىچىدە غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە سانائەت ئىنقىلابى ئاساسەن ئورۇنلانغان بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى، ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ مەرىپەت، كىشلىك خاسلىق ئازادلىقى، ئىنسان ئىدىيە ئازادلىق غايىلىرى، سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئېلىپ كەلگەن چوڭقۇر ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك رېئاللىشىپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى يېڭى بىر ئىتىقادقا ئايلاندى. سانائەت ئىنقىلابى ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ 2000 - يىللىق ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىسى ئىلىم ساھەسىدىن تۈنجى قېتىم شۇ ئەللەر خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ، ئىلىم - پەن روھى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش نىزاملىرىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلاندى. ئىلىم - پەن ئېتىقادى ئىلىم ساھەسىدىكى بەس - مۇنازىرە ھالىتىدىن، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئېغىر پاراۋۇزىنىڭ غەربىي ياۋروپا زېمىنىنى بېسىپ ئۆتۈشى ئارقىسىدا ئوتتۇرا ئەسىر روھانىيلار پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى تەلتۆكۈس بىتچىت قىلىپ تاشلايدىغان كۈچكە ئايلىنىپ، ئىنسانىيەتنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈپ، تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ قىلىدىغان يەنە بىر ئېتىقادقا ئايلاندى. ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر قىزىقارلىق ھادىسە، ئىلىم - پەن روھى 4 - ماي يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى دەۋرىدە دۆلىتىمىزگىمۇ كۆچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ شۇ دەۋردىكى بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئىلىم - پەن روھىدىن ئوزۇق ئالغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە ئىشتىراك قىلغۇچىلار ئوخشاش بولمىغان سىياسى مەزھەپلەرگە ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان ئىلىم - پەن روھى ئۇلارنىڭ ئورتاق قىممەت قاراشلىرىنىڭ بىرقىسمى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان ئىدى.

سانائەت ئىنقىلابى ئېلىپ كەلگەن يەنە بىر ئاقىۋەت ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىكى مىسلىسىز ئۆزگىرىش بولدى. بىرىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى بولغان دېھقانچىلىك ئىگىلىكى جەمئىيىتىدە، ئىشلەپچىقىرىش تۆت پەسلى دەۋر قىلغان ھالدا مۇقىم ماكان - زامان تەرتىپىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، بۇنداق جەمئىيەت ھامان بىكىنمىچىلىك، ئىنسانىيەتنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغان قۇللۇق، مۇستەبىتلىك، ئەركىسىزلىك، خۇراپاتلىق قاتارلىقلارنىڭ بۆشۈكىگە ئايلىنىپ قېلىشتىن خالىي بولالمايتتى. مەۋجۇت رېئاللىققا ئەنئەنە، ئۆتمۈش ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئىككىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى ۋۇجۇدقا چىقارغان سانائەت جەمئىيىتى بولسا ئىشلەپچىقىرىش رىقابىتى، مەھسۇلاتلارنى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ۋاقىت ئىستېرىلكىسىنى ئالدىغا سۈرۈش شەكلىدە مىنۇت - سىكۇنتلاپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم قوغلىشىپ ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىشنى سىجىل تەرەققىياتقا ئىگە قىلىدىغان ئاچقۇچ تېخنىكا يېڭىلاشتا ئىدى. سانائەت كارخانىلىرى ئۈزلۈكسىز تېخنىكا يېڭىلىغاندىلا، توختىماي زور ئىقتىسادىي سىلىنمىنى يەن - تەتقىقاتىغا سالغاندا ئاندىن تېخنىكا كۈچى جەھەتتە دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭالايتتى. رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. بۇ خىل سانائەتلەشكەن جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش شەكلى كىشىلەرنى ئەركىن پىكىر قىلىشقا، جانلىقلىققا، ئىجادچانلىققا، كۆپ خىللىققا تۇرمۇشنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان رامكىلارنى توختىماي بۇزۇپ تاشلاشقا، باراۋەرلىك، ئىنساندىكى ئىندىۋىدۇئال خاسلىقلارنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيتتى.

تۇرمۇش تارىختىكى بىر خىل قېلىپقا چۈشۈپ دەۋرلىنىشتىن رېئاللىق كەلگۈسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. ئىشلەپچىقىرىش، پەن - تەتقىقات پىلانلىرى شەپقەتسىزلىك بىلەن كىشىلەرنى كەلگۈسىنىڭ قىياپىتىنى ئىنىق، توغرا بىلىشكە قىستىسا، خەلقئارا سودا، ئىش تەقسىماتى رىقابىتى كىشىلەرنى تېخىمۇ ئەسەبىلىك بىلەن ۋاقىتقا بەيگىگە سالاتتى. فوتورىزىم ئەدەبىياتى، كەلگۈسشۇناسلىق دەل مۇشۇنداق جەمئىيەت تەقەززاسىدىن بارلىققا كەلگەن ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر.
ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئابدۇقادىر داموللا، تەۋپىق ئەپەندى، نىمشېھىت ئارمىيە داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە يۈرۈش قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىيىتىدىكى ھالەتتىن يېڭى مەدەنىيەتكە كۆچۈش چاقىرىقىنى قىلىپ تا ھازىرغىچە بىرەر ئەسىردەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، شانلىق يېپەك يولى مەدەنىيىتىنى يارىتىپ دۇنياغا تاراتقان بۇ مىللەتنىڭ سانائەتلىشىش، ھازىرقى دۇنيا تەرەققىي قىلغان مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش غايىسى ھامان شىرىن چۈش

پېتى قېلىۋەردى. گەرچە ھۆكۈمەت يېرىم ئەسىردەك ۋاقىت مابەينىدە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان خىلمۇ - خىل ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ مىللىتىمىزنىڭ سانائەتلىشىش يولىدىكى قىممەتلىك تايانچ كۈچلىرى رايونىمىزنىڭ سانائەتلىشىش جەريانىغا قاتنىشالمىدى. بۇ دىيارىمىزدىكى كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى، بۇ خىل دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭمۇ پەن - تېخنىكا سىلىنمىسى تۆۋەن بولۇپ، ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى كاتىگورىيىسىدىن تەلتۆكۈس ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكى شۇنداقلا ئاز ساندىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭمۇ كۆلىمى چەكلىك بولغانلىقىدىن ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن تۆكمە قىلىنىدىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سانائەتلىشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قىممەتلىك ئىقتىساس ئىگىلىرى بايلىقى، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماي، ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى ۋە باشقا مەمۇرى ساھەلەردە ئارقا سەپ مۇلازىمەت ساھەلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماي، بىسىلىپ قېلىپ دۆلەتنىڭ زور مەبلەغ سىلىپ تەربىيلىگەن سانائەت ئىقتىساس ئىگىلىرى سانائەتلىشىش جەريانىنىڭ سىرتىدا قىلىش تەقدىرىگە دۇچار بولىۋاتىدۇ.

رايونىمىزدا دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى ئوتتۇز يىلدا شىنجاڭ دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق سانائەت رايونى بازىسى قىلىنماي، چېگرا مۇداپىئە ئالدىنقى سەپ رايونى قىلىنغانلىقى، 80 - يىللاردا ئىچكى ئۆلكىلەردە كۆتۈرۈلگەن يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇش قىزغىنلىقى، دۆلىتىمىزنىڭ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسىدە ئۈچىنچى باسقۇچتا ئېچىۋېتىلىش رايونى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر يېزىلىرىدا مەملىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قايىنام تاشقىنلىق سانائەتلىشىش مەنزىرىسىگە نىسبەتەن ھېچقانچە سانائەتلىشىش دولقۇنى پەيدا قىلالمىدى. كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىسى سانائەت - ئىشلەپچىقىرىش چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا قالدى. ساغلام بازار ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە شەكىللىنىدىغان، ئىلىم - پەن روھى، باراۋەرلىك قارىشى، دېموكراتىك ئاڭ، تەۋەككۈلچىلىك روھى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى قاتارلىقلار بۇ رايوندىكى كەڭ ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئېتىقادىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنالمىدى، شۇڭلاشقا بىزدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ بىردىنبىر غايىسى تۆمۈر تاۋاققا ئىگە بولۇپ، قايىنام تاشقىنلىقى بولمىغان كېلەڭسىز مەمۇرى ئورگانلارغا ئورۇنلىشىش بولۇۋاتىدۇ ھەم شۇ جايلاردا زېھنى كۈچىنى خورىتىپ قويىۋاتىدۇ. خۇددى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدا داۋاملىشىپ كەلگەن ئىلىم - ئېرپان پەقەت پىل چىشى سارىيى بولغان مەدرىسلەردىكى ئىلمىي مۇھاكىمە، بەس - مۇنازىرە بىلەنلا چەكلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىكىدەك، سانائەتلىشىشتىن ئىبارەت ھازىرقى زامان قۇدرەتلىك دۆلەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەتنىكى تۈپ نىگىزىدىن ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلەيدىغان پاراۋۇزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ھازىرقى زامان قىممەت قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان كۈچتىن مەھرۇم ھالەتتە ياشاۋاتىدۇ.

شۇ سەۋەبلەردىن پۈتكۈل مىللەتنىڭ روھتى ئوردا ئاغۋاتلىرىنىڭ قۇلچىلىق ئېڭىنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچراپ، خۇراپاتلىق ساختا قائىدە - يوسۇنلار ئىسكەنجىسىگە باغلىنىپ، ئۆزىدە بىسىلىپ ياتقان غايەت زور ئېنېرگىيىنىڭ پارتلاپ چىقىش ئېغىزىنى تاپالمايىۋاتىدۇ. 21 - ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدىمۇ رېئاللىق يەنىلا ئەنئەنە ۋە ئۆتمۈشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرىۋاتىدۇ.

2. ئۇيغۇر مەدەنىيتى، ئەدەبىياتىنى رېئاللىقا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈشتىكى يەنە بىر توسالغۇ بىزنىڭ ئەنئەنىمىزگە، تارىخىمىزغا سىغىپ كەتكەن ئىدىلوگىيە بىر مەنبەچىلىكى، ئىدىلۇگىيە مۇستەبىتلىكىدۇر.

ئاۋام خەلقنىڭ جامائەت پىكرىدە يەنىلا ھۆكۈمران ئورنىدا تۇرىۋاتقان روھانىيلار پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ ئەقىل ئىدراك تېخى چۈشەندۈرۈشكە قادىر بولالمىغان، رېئاللىقنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، شەيئى ھادىسىلەرنى رەت قىلىش، تەقىپ ئاستىغا ئېلىش پوزۇتسىيىسى، فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيتىدە بىر ئىزىدا توختاپ قېلىشىنى بەلگىلىگەن ئىدى. ناتونۇش دۇنياغا سەپەرۋەر قىلىش تەسەۋۋۇرلىرى، تاشقى پىلانىتتىن ھاياتلىق ئىزدەش، ھاياتلىقنى سۈنئىي ئۇسۇلدا تۇرلەپ چىقىش قاتارلىق 20 - ئەسىرنىڭ، رىۋايەتلەردىكىدەك ئىلىم - پەن مۆۋاپپەقىيەتلىرىنى بىزنىڭ بەزى ئىلىم - پەن روھىنى قوبۇل قىلالمىغان كىشىلىرىمىز ھېسسىيات جەھەتتىن قوبۇل قىلىشنى خالىمايتتى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر جەمئىيتىدە جامائەت ئېتىراپ قىلغان ئىلىم - پەن روھى

شەكىللەنمىگەنلىكىنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتى ئىدى. بۇ بىر خىل تاسادىپى ئىجتىمائىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنە ئاساسىدا راۋاجلانغان مۇقەررەرلىكتۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزى ياراتقان شانلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەت دۇردانىلىرى بىلەن شەرق مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر پەقەت تارىخ، پەلسەپە، دىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردىلا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ قالماستىن بەلكى يەنە تەبىئىي پەن ساھەسىدىمۇ مەدىبەئەچىلىك، قەغەز ياساش تېخنىكىسى، راك كىسىلىنى داۋالاش تېخنىكىسى قاتارلىق ئىنسانىيەت تارىخ تەرەققىياتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئالەمشۇمۇل تەبىئىي پەن كەشپىياتلىرىنى ياراتقان ئىدى. بىراق ئۇزاق ئەسىرلىك ئۇيغۇر تارىخىغا نىسبەتەن بۇلار بىر كۆتۈرلۈپ بىر يوقۇلۇپ تۇرىدىغان ساددا ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىنىڭ غەلىبىسى بولۇپ، پەقەت مەلۇم دەۋردىكى مەلىكىلىك ئۈستىكار، تىۋىپ ياكى ئالىمنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرىدىنلا ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى خالاس. ھەرگىزمۇ بىر مىللەتنىڭ مىللىي روھىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئىلىم ـ پەن روھىنىڭ ئاساسىدىكى ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىنىڭ نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىكىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى ئەمەس ئىدى. بۇمۇ قەدىمىي دۇنيانىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن ئالەمشۇمۇل تەبىئىي پەن كەسپىياتلىرىنىڭ مىڭ يىللار جەريانىدا ئۆزگەرمەي بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئىدى. باشقا شەرق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت، پەلسەپە ئەنئەنىسىمۇ ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە بولۇپ، ياۋروپانىڭ 2000 ـ يىللىق ماتېرىيالىزملىق پەلسەپە تارىخى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى.

ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ گىگانت شاھانە ئەسەر (قۇتاتقۇبىلىگ) دىكى «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» شوئارى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىلىم. ھازىرقى زامان تەجرىبە ئىلمى ئاساسىدىكى «بىلىم كۈچ» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان فرانسىس بېكوندىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ بىراق (قۇتاتقۇبىلىگ) مۇئەللىپىنىڭ گۈزەل ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە قارخانىلار دەۋرىدىن كېيىنلا يىللار مابەينىدە ھۆكۈمران سىنىپ (قۇتاتقۇبىلىكنى) دۆلەت باشقۇرۇش قامۇسى قىلىپ، ئادىل قۇدرەتلىك دۆلەت تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىپ، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغا يول ئېچىپ، بىلىمنى دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئاساسى قىلىشقا قادىر بولالمىدى.

ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىنى كەڭ راۋاجلاندۇرۇپ ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، ئىلىم ـ پەننى راۋاجلاندۇرۇشنى دۆلەت سىياستى قىلىپ بەلگىلەپ، پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى بىلەن ئۆتكۈزگەن ھۆكۈمران ئۇلۇغ بەگنىڭ روھانىيەتچى كۈچلەر سۇيقەستىدە پاجىئەلىك ھالدا قەتلى قىلىدىغانلىقى(ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى. 245 ـ بەت.)

ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسى ئاتمۇسفىراسىدا روھانىي كۈچلەرنىڭ ئۇزۇن تارىخ مابەينىدە ھامان ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ (قۇتاتقۇبىلىگ) غايىسىنىڭ ساددا ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراشتىن شەكىللەنگەن ئىلىم ـ پەن روھىنىڭ ئەجەللىك زەربىسگە ئۇچراپ، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي زىلزىلىسىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىنىڭ بولماسلىقىنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىسلام مەدەنىيتى تىكلىنىپ، يېقىنقى دەۋرلەرگىچە بولغان مىڭ يىللار مابەينىدە جەمئىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىدىلوگىيە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەخلاق جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش دەرىجىسىنى، ئاساسلىقى دىنىي بىلىم ئىگىلەش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۇلارنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلاتتى. تېخنىكىلىق بىلىم، تېبىبىي دورىگەرلىك ساھەسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەزەلدىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا تېخنىكىلىق بىلىم جۇغلانمىسى بىر ئىزىدا توختاپ قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك شەكلىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان كۈچكە ئايلىنالمىدى. جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئىدىلوگىيىنىڭ ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى تەرىپىدىن ئالىقاچان بەلگىلىنىپ بولغان قىسمەت ئۇيغۇرلاردا ئىلىم ـ پەن روھىيىتىنىڭ شەكىللەنمەسلىكىنى، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىغا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ، ئىجادچانلىق روھىنىڭ، مىللەتنىڭ ئىچكى ئېنېرگىيىسىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاپ بوغۇلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

شۇنداقلا بىزدە ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىدىلوگىيە بىر مەنبەچىلىكى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقى، ئۇيغۇر تارىخى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىن كۆپ خىل قىممەت قاراشلىرى ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، راۋاجلىنىشى ئەنئەنىۋى ئاتمۇسفىراسى بولمىغانلىقى ۋە ئاساسلىقى ئىسلامىيەتتە ئاخىرقى

پەيغەمبەردىن كېيىن كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرىش چەكلەنگەن رايون بولغانلىقى، شۇنداقلا يەنە مۇھىمى ئۇيغۇر جەمئىيىتى، قامائەت پىكرى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئىلىم - پەن روھىي شەكىللەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە فوتورىزىم ئەدەبىياتى، كەلگۈسىشۇناسلىقتا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ سۇس، تەسەددىبى پەيدا بولۇپ قالدىغان، ئۆتكۈنچى ھېسسىيات بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن ئىدى.

فانتازىيە ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىككە، ئىدىلوگىيە، پىكىر ئەركىنلىكى نىسبەتەن كەڭ قوللۇق پوزىتسىيە تۇتىدىغان، ھەر خىل يېڭى ئەدەبىي ئۇسلۇپلارنىڭ سىناق مەيدانى بولغان فرانسىيىنىڭ فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ بۆشۈكى بولغان بولسا، تارىخى يۈكى تېخىمۇ يوق دېيەرلىك خەلقىگە كىچىككىدىن ئىجادچانلىقتا، ئىندىۋىدال خاسلىقنى ئىپادىلەشكە ئىلھام بېرىدىغان ئامېرىكا ئەدەبىياتىنىڭ، فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى يارىتىپ، كەلگۈسىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەتقىقات مەركىزى بولۇپ قالغانلىقىمۇ مۇھىم بىر دەلىل بولالايدۇ.

3. فوتورىزىم ئەدەبىياتى ۋە كەلگۈسىشۇناسلىقنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا راۋاجلىنىپ ۋايىغا يېتەلمەسلىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى، فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان، فانتازىيە ئەدەبىياتى ۋە كەلگۈسىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ، ئىنسانلارنىڭ شەخسى تۇرمۇش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن مەلۇم قەۋم، مىللەت ۋە ئىنسانىيەت ئورتاق يۈزلەنگەن، ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە باغلانغان زور تېمىلارنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تېمىسى ۋە تەتقىقات مەركىزى قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. چۈنكى فانتازىيە ئەدەبىياتى قاراڭغۇلۇق دۇنياسىغا ئېچىلغان بىر يورۇق روجەك. ئەدەبىيات تارىخىدىن قارىغاندا ئەدەبىيات تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ دەۋرگىچە پەقەت فانتازىيە ئەدەبىياتىدىنلا تۇنجى قېتىم ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى، تەبىئىتىنى، كائىنات مەسىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تېمىسى قىلدى، تەبىئەتكە كۆڭۈل بۆلۈش روھىنى ئىپادىلىدى، باشقا ئەدەبىيات ژانىرىدىكى ماكان، زامان چەكلىمىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىسىنى بېيىتىپ، يېڭى تەسەۋۋۇر بوشلۇقى بىلەن تەمىن ئەتتى.

فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى ئىجادىيەت جەريانىنىڭ مەركىزى قىلىپ، ئىلىم - پەننى، تەبىئەتنى، ئىنسانلار تۇرمۇشنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ۋە پارلاق كەلگۈسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان يۈكسەك بىر پەللىگە قويۇپ تەسۋىرلىشى، فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ غايىۋىلىك تەرىپىنى بەلگىلىگەن ئىدى. بىر مىللەت پەقەت دۇنياۋى روھى ئىرادىسىنى چوڭقۇر تونۇپ، رېئاللىقتا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ يېقىنلاشقاندىلا، رېئاللىقتىكى تراگېدىيلىك ئامىللار ئالدىدىن شۇ مىللەت قەلبىدە مۇجەسسەملىنىپ، رېئاللىقتا، ھايات - ماماتلىق پاسىلدا تۇرۇپ يۈزلىنىپ، مىللەتنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئىڭىدىكى ھاياتىي كۈچ ۋولقانلىرى شىددەتلىك پارتلاپ چىقىپ، رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىشقا ئىنتىلىدىغان غايىۋى كۈچ ئالدىن بالقىپ چىقالايدۇ. بۇ خىل روھ قەدىمكى يۇنان سەنئىتىدە ئولىمپىك تېغىدىكى ئىلاھلار ئوبرازى ئارقىلىق مۇپەسسەل ئىپادىلىنىپ، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ غايىۋىلىك تەركىبى قىسمىنى شەكىللەندۈرگەن بىر مەنبە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ قەدىمى يايلاق مەدەنىيىتى دەۋرىدە، مۇشۇ خىل چوڭقۇر ھايات - ماماتلىق ھاياتلىق ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئۇلار شىمالىي ئاسىيانىڭ يايلاقلىرىنىڭ شەپقەتسىز تەبىئىي مۇھىتىدا، پەقەت نورمال كىشىلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ پاراغىتى ۋە خاتىرجەملىكىدىن كۆڭلى تەسكىن تاپالمايتتى. بۇ ئۇلار تۆلىگەن بەدىلىگە توغرا كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ھايات - ماماتلىق قوينىدىكى جەڭگاھلاردىلا ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى تولۇق ھېس قىلالايتتى. ھاياتلىقنىڭ غايىۋى نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق جەۋرى - جاپاغا، قان تۆكۈشكە باش ئەگمەيتتى. ھوقۇق دائىرىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئۇيۇل تاشتەك كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئات ئۈستىدە قۇدرەتلىك دۆلەتلەر قۇرۇپ پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ ئۆزلىرىنىڭ شەخس تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ، غايىۋى نىشانلىرى ئۈچۈن كۆرەشكەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى داغدۇغىلىق كۆرەشلىرىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى «ئوغۇزنامە» ئەپوسىدىن كۆرۈۋالىمىز. بۇ ئەپوس كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭدىكى بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ھاياتى كۈچىنىڭ شىددەتلىك يامراپ بىرىۋاتقان كۈچ - قۇدرىتىنى، ئۇلۇغۋار غايىۋى نىشانى ئۈچۈن قان كېچىپ كۆرەشكە ئاتلانغان سىماسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇرلار 840 - يىلى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر قېتىملىق پارچىلىنىشنى باشتىن

كەچۈردى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتتۇۋاتقانلىقىنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتى ئىدى. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكى قۇرغان قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن گەرچە بۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى تەرتىپلىك، مەدەنىيەتلىك قىلىپقا چۈشكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئىگىلىگەن تېررىتورىيىنىڭ كەڭلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى سەھنىسىدىكى ھاكىم مۇتلەقلىق ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا ئىسلام پىرىنسىپى ئاستىدا، مىللەتنىڭ كۆرەشچانلىق، قەيسەرلىك روھىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقى، كوللېكتىۋىزىملىق روھىنىڭ ئىسلام بايرىقى ئاستىدا يەنە ئەسلىگە كېلىپ كۈچىيىپ بارغانلىقىنى، كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭدا، شەخسى تۇرمۇش، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىدىن كۆپرەك، ئاشۇ دەۋر ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى بوشلۇقىدا رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىغان يۈكسەك غايە، تەسەۋۋۇر نۇرلىرىنىڭ پارلاپ تۇرغانلىقىنى، شۇ دەۋرنىڭ ئىدىئولوگىيە ئەينىكى بولغان ئىنسىكلوبېك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىگ»دىن ئېنىق كۆرىۋالالايمىز.

«قۇتادغۇبىلىگ» شېئىرى شەكىلدە يېزىلغان ئىسلامىيەتنىڭ ئەخلاق - ئەككاملىرى زىر - زىۋەرلىرىگىچە چوڭقۇرلاپ تەشۋىق قىلىنغان رىيالىستىك ئەسەر. ئىسلامىيەتنىڭ تۆرۈكلەر رايونىغا ئۆزلەشكەندىن كېيىن، تۈرك تامغىسى بېسىلغان قۇرئان، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ رېئال ئەھمىيىتىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن غايىۋى تەسەۋۋۇرلارغا باي ئېچىۋېتىلگەن كەڭ قورساق روھقا ئىگە، ئىسلام ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئۆرنەك قىلىنغان ھەم تەشۋىق قىلىنغان گۈزەل غايىۋى مۇكەممەل دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن غايىۋى رومانتىزملىق ئەسەر. تۆت ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئاخىرى قارا قىتانلار تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىندى. ئارقىدىن يەنە موڭغۇللارنىڭ جاھاننى لەرزىگە سالغان دەھشەتلىك يۈرۈشلىرى ئاستىدا بىتچىت بولۇپ، نەچچە ئەسىرلىك موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى ھۆكۈم سۈردى. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، موڭغۇللار يەنىلا مەدەنىيەتلىك مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيىلىنىپ يەرلىكلەشكەن، ئۇيغۇرلاشقان مۇسۇلمان ھاكىمىيەتكە ئايلانغان ئىدى.«ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» شەرىپىدىن ئۆمەر، 1 ـ قىسىم 1 ـ 2 ـ بەت.

بۇ دەۋردە چاغاتاي ئەدەبى تىلىدا ئۇلۇغ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىپ ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە بۈيۈك ئوتتۇقلارنى ياراتقان ئىنسىكلوپېك گىگانت شەخسلەر بارلىققا كەلدى.

ئەلشىر ناۋائى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى دەۋر روھىنى زىممىسىگە يۈكلىگەن، شۇنداقلا مەلۇم جەھەتتىن دۇنياۋى روھنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ياندىشالىغان مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەڭ كارتىنىسى، رېئالنى سىياسى كۆرەشلەر، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، خەلققە ئاسايىشلىق يارىتىش ئارزۇلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپلا قالماي، بۈيۈك ئەسەر «سەئىدى ئىسكەندەر»دە قەدىمى دۇنيادىكى بۈيۈك ئىستىلاچى، قوش مۈڭگۈزلۈك پاغىشانامىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا رىۋايەت شەكلىدە تارىلىپ يۈرگەن ئىسكەندەر زۇلپىقەرىين ئوبرازىنى مۇسۇلمانلاشتۇرۇپ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان ھەربى يۈرۈشلىرى ئارقىلىق ئىسلام غايىسى بىلەن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش ئىستىگىنى ئىپادىلەپ، دۇنياۋى روھنى، كوللېكتىۋىزملىق روھنى ئىجتىمائىيلىققا ياتىدىغان ئەخلاق قاراشلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 500 يىل مابەينىدە، قەدىمي يىپەك يولى دۇنيا سودا يولىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزى بولۇشتەك ئورنىدىن، دېڭىز سودا يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تاشلىنىپ قالدى.

سەئىدىيەلەر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بۇ زېمىندا ئىچكى نىزا يامراپ، بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان دىنى مەزھەپلەرنىڭ دەھشەتلىك قىرغىنىدا مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى، بىرلىكتە ئورتاق مەنپەئەت، ئورتاق مەقسەتلەر ئۈچۈن كۆرۈشۈش ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن دەۋر داۋاملاشقان نامراتلىق، قالاقلىق، ئەركسىزلىك، خۇراپاتلىقنىڭ ئېغىر زەنجىر - كىشەنلىرى بۇ جايدىكى ئىنسانلارنى رېئاللىقنىڭ جەۋرى - زۇلۇملىرى بىلەن چەمبەر چەس باغلاپ قويدى. كېيىنكى ئۇزاق تارىخى جەريانلاردا يەنە ئۇزۇلمەي ئەرك سۆيەر ئوغلانلارنىڭ باتۇرانە كۆرەشلىرى، قارشىلىقلىرى پەيدا بولۇپ تۇرسىمۇ، بىراق يەنىلا ئۇزۇنغا بارماي باستۇرۇلۇپ، رېئاللىقنىڭ ئىسكەنجىلىرىگە مەھكۇم بولدى. سىنىپى، مىللىي ئېزىلىش نەچچە ئەسىرلەپ چوڭقۇرلاپ بېرىشى بىلەن كەڭ ئاۋام خەلق ھاكىمىيەت باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ سىرتىدا قالدى. ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا قاتنىشالماسلىقنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتىدە كەڭ خەلقتە ئۇزۇن يىل مابەينىدە كوللېكتىۋىزملىق روھ يوقاپ كەتتى.

ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جەنۇبى شىنجاڭ پەقەتلا جۇغراپىيىلىك ناملا بولۇپ قېلىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۆزلۈكىدىن بەكرەك، مەۋھۇم مۇسۇلمان چۈشەنچىسىدە تونۇيدىغان، پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ قەشقەرلىك، ئاقسۇلۇق، خوتەنلىك قاتارلىق كوللېكتىپ پىسخىكا جەھەتتىكى رايون پەرقى نۇقتىسىدىنلا چۈشىنىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. قۇدرەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا پارچىلىنىپ شەھەر بەگلىكلىرىگە ئايلىنىپ قېلىپ، يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق يامراپ، ئورتاق مىللىي ئۆزلۈك، مىللىي تەۋەلىك ئېڭى يوقاپ، بىر - بىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، شەخسىيەتچى، قورقۇنچاق، شەپقەتسىز، ھىيلىگەر، بىر - بىرىگە ھەققىي مېھرى - مۇھەببەت بولمىغان، ساختا ئۆرپ - ئادەتلا باغلاپ تۇرغان، يەككە - يىگانە ئىنسانلار توپىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇيغۇر تارىخىنىمۇ ئەمەلىيەتتە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا يايلاق مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى كوللېكتىۋىزملىق روھ، قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ پارچىلىنىپ بېرىش تارىخى دېيىشكە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەلشىر ناۋايىدىن كېيىنكى بەش يۈز يىللىق ئەدەبىيات، كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىق تۈسىنى ئالغان غايىۋىلىككە، كوللېكتىۋىزملىق روھقا ئىگە ئەدەبىيات ئەمەس بەلكىپەقەتلا شەخسى قەھرىمانلىق يۈكسەك پەللىگە يەتكۈزۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن.، شەخسىي تۇرمۇش ئائىلە - نىكاھ، مۇھەببەت قىزغىنلىقى ئاساسى سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئەدەبىياتقا ئايلاندى. چۈنكى رېئال ھاياتتا ئىنساندىكى بۇ خىل ئەڭ ئەقەللىي مۇھەببەت ئەركىنلىكىمۇ تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان ئىدى. ئىلگىرىكى رېئاللىقتىكى ئېھتىياجدىن زور دەرىجىدە ھالقىغان غايىۋى روھ ئۆچۈپ، كۆرەشكەن ئۇيۇشقاق قەۋم پارچىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ شەخسى تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ھاياتلىق قىممىتى ئىزدەيدىغان شەخسلەر توپىغا ئايلاندى.

«غېرىپ - سەنەم»، «لەيلى - مەجنۇن»، «رابىيە - سەيدىن»گە ئوخشاش داستانلار ۋە باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى چۆچەكلەر دەل مۇشۇ خىل كۈچلۈك تراگېدىيىلىك روھتىن ئىجتىمائىيلىقتىن، كوللېكتىۋىزملىق روھتىن ئەسەر بولمىغان، شەخسى تۇرمۇشتىن قانائەت ھاسىل قىلىش پىسخىكىسىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بولۇپ بۇ ئەسەرلەر چوڭقۇر ئىجتىمائىي روھقا ئىگە ئەمەس ئىدى. رېئالنى سىياسى كۆرەشلەردىن، چوڭقۇر زىددىيەت توقۇنۇشلاردىن، كوللېكتىپ ئاڭدىكى كىرزىسلاردىن چەتنەپ ئۆزىنى قاچۇرغان ئىدى. دەل مۇشۇنداق ئاساسلار ئۈستىدە راۋاجلانغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىيلىقنى، كوللېكتىۋىزملىق روھنى، ئۇلۇغۋار غايىۋى روھنى، شەخسى تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ھالقىغان پۈتكۈل مىللەتكە، ئىنسانىيەتكە يۈزلەنگەن ئىزدىنىشلىرىنى تېپىۋېلىشقا قادىر بولالمايۋاتىدۇ. شۇڭا فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان، شەخسى تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ھالقىغان زور تېمىلار، غايىۋى تەرەپلەر ھامان ئۇيغۇر كىتابخانلار ئارىسىدا قىزىقىش قوزغىيالمايۋاتىدۇ. فانتازىيە ئەدەبىياتى، فوتورىزم تەتقىقاتىنىڭ بىزدە ئىتىۋارغا ئېرىشەلمەسلىكىگە، بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا، ئەدەبىياتىمىزدا مۇشۇنداق غايىۋى روھ ۋە كوللېكتىۋىزملىق روھنىڭ كەم بولغانلىقى سەۋەب بولۇپلا قالماي مۇھىمى بىزنىڭ يىراق تارىخى زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن «گىگانت ئادەملەر مەدەنىيىتى»نىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن تەدرىجى «ھاشارەتلەر مەدەنىيىتىگە» ئورۇن بېرىپ قويغانلىقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپى يېتىشتۈرگەن زىيالىيلارنىڭمۇ جەمئىيەتنىڭ ۋىجدانى بۇرچ تۇيغۇسىنى ۋە ئىجتىمائىي بۇرۇچ تۇيغۇسىنى، كوللېكتىپ روھنى ئويغۇتۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئۇنتۇپ، تۇرمۇش ماتېرىيالىغا، ماددىنىڭ، ھوقۇق - مەنپەتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قىلىۋاتقانلىقى سەۋەب بولغان ئىدى. بىلىشىمىز كېرەككى نوبىل مۇكاپاتىنى تەسىس قىلغۇچى نوبىل، ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىش سالاھىيىتى بولغان يازغۇچىلارنىڭ شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدەبىياتتا ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى غايىۋىلىك تەرەپنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەن يازغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغىنىغا ئوخشاش، ئەدەبىياتتا ئىنسانلار تۇرمۇشى يۈزلەنگەن كەلگۈسنى، غايىۋىلىكنى، ئىپادىلەش فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ ماھىيىتى، جىنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق ئېسىل ئەدەبىيات دۇردانىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

# بايرام ئالدىدىكى ـ ئۇيغۇرلار

**مۇھەررىر ئىلاۋىسى:**

مەزكۇر ماقالە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركىي تىل ئەدەبىيات دوكتورى مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللانىڭ 2003 ـ يىل ئۆكتەبىردە بېيجىڭدا چاقىرىلغان «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى 3 ـ نۆۋەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىسى ھەم شۇ نۆۋەتلىك يىغىندا مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالىنىپ، مۇكاپاتلانغان ئون پارچە ماقالىنىڭ بىرى. ئاپتور تۈركىي تىل ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن» بايرام ـ ئالدىدىكى ئۇيغۇرلار» ناملىق بۇ ماقالىسىنى 1991 ـ ، 1997 ـ ، 1998 ـ ۋە ـ 2001 يىللاردا كۆپ قېتىم تۈركمەنىستانغا بېرىپ تىل تەتقىقاتى، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى قاتارلىق ئىلمىي پائالىيەتلەردە بولۇش جەريانىدا، تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايرام ـ ئالى شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يازغان. بۇ ماقالىدە تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مورغاپ دەريا ۋادىسىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ يەتتەسۇ ۋادىسىدىن كۆچۈپ بېرىشىنىڭ سەۋەبلىرى، ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنى شۇ يەردە ياشايدىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىش ئۈمىدى بىلەن، بۇ ماقالىنى ئېلان قىلدۇق. ئاپتورلىرىمىزنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان نادىر ئەسەرلىرىنى داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

يەتتەسۇ ۋادىسىدا ياشايدىغان 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر بۇنىڭدىن يۈزنەچچە يىل ئىلگىرى مورغاپ دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ بارغان .مورغاپ دەرياسى تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ دەريانىڭ بىرى ئىدى. تارىختا يىپەك يولى ئارقىلىق قەدىمكى مىسىر، بابىل، پېرسىيە، كاۋكاز ۋە ىراق شەرقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قەدىمكى مەشھۇر شەھەر« مەرۋى« ئەنە شۇ مورغاپ دەرياسى ۋادىسىدا گۈللەپ، تەرەققىي قىلغان. 2500 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بۇ قەدىمىي شەھەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردىن باشلاپلا ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنىدى. كېيىنچە، مورغاپ دەرياسىدا سۇنىڭ ئازلاپ كېتىشى بىلەن، جىلغىلار قاغجىراپ، ئېكىنزارلىق ۋە باغۋارانلىقلار قۇملىشىپ كەتكەن. تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر چارپادىشاھ بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي زېمىنى سۈپىتىدە باشقۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، مورغاپ دەرياسىدىن سۇ چىقىرىپ دېھقانچىلىق قىلىش مەقسىتىدە، 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھقاننى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن مورغاپ جىلغىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھاياتى باشلانغان.

* * *

تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى مورغاپ دەريا جىلغىسىدىكى بايرام ـ ئالى، مېرۋ، يۇرتان ۋە باشقا رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان. 1990 ـ يىلدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى جايلاردا 250 ئۆيلۈك ئۇيغۇر، 1392 نوپۇس بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 90 پىرسەنتى بايرام ـ ئالى شەھىرىگە توپلانغان. ئۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئاز بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ، ئۆز تارىخىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.
بايرام ـ ئالدىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەر دەسلەپتە، ـ 1960 يىللارنىڭ باشلىرىدا «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە بېرىلگەن. 1962 ـ يىلى تاشكەنت ئۇنىۋېرستېتىنىڭ دوتسېنتى نىكراسكايا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. 1936 ـ يىلى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى سەئىدۋاققاسوف بايرام ـ ئالدىدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1961 ـ ، 1964 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئېسىيوپ بايرام ـ ئالدىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

**ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈشى**

BABUR

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرى چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلۇمىغا چىداپ تۇرالماي قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ، ۋەھشىيانە باستۇرۇلغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن، 1830 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقىغا قېچىپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 10 مىڭدىن 12 مىڭغىچە بولغان؛ شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە يەنە 70 مىڭ ئادەم كۆچۈپ كەلگەن. 1857 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدىن 15 مىڭدىن 20 مىڭغىچە ئۇيغۇر ئاھالىسى قوقەند خانلىقى تەۋەسىگە قېچىپ كېلىشۋالغان. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردىن ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسلىقى پەرغانە جىلغىسىغا كەلگەن)غا قېچىپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 85 مىڭدىن 120 مىڭغىچە بولغان. 1884 ـ يىلى ئىلى تەۋەسىدىن ۋېرنا) بۈگۈنكى ئالما ـ ئاتا) ئوبلاستىغا 45 مىڭ 373 ئۇيغۇر قېچىپ بارغان. 1881 ـ يىلدىن ـ 1883 يىلىغىچە يەتتەسۇ ۋادىسىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ۋە تۇڭگانلار ئاساسلىقى ياركەنت، ئاقسۇ، كەتمەن، مەرۋى، كورام، قاراسۇ پىشپەك (بېشكەك) قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان بولسا، يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار سىر دەريا ئوبلاستىغا تەۋە جامبۇل، پەرغانە ئوبلاستىغا تەۋە ئوش قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھاممال، ھارۋىكەش(مەپىچى)، كاھىشچىلىق (خۇمدانچىلىق) قاتارلىق ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە تايىنىپ كۈن كەچۈرگەن.

شىنجاڭ تەۋەسىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 194 مىڭدىن 215 مىڭغىچە بولۇپ ستاتىستىكىلانغان. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىش جەريانىدا ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى كۆپ تارتقان، نۇرغۇن كىشىلەر ئاچلىق ۋە سوغۇق دەستىدىن يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئاشۇ كۆچمەنلەر ئۆچۈن بوز يەر ئېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ھويلا ـ ئاراملىرىنى قۇرۇپ چىقىش تېخىمۇ مۈشكۈل بولغان. بولۇپمۇ يوقسۇل، ئاجىز، ئۆي سالغۇدەك قۇربىتى يوق كەمبەغەللەر نەچچە يىلاپ گەمىلەردە ۋە كەپىلەردە يېتىپ كۈن ئۆتكۈزگەن. شۇ چاغلاردا چارپادىشاھنىڭ ئۇلارغا تەقسىملەپ بەرگەن يەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۈنۈمسىز، سۇ كەمچىل بولغان چۆل بولۇپ، ئۇلار ئەنە ئاشۇنداق جاپالىق شارائىتتىمۇ قان ـ تەر ئاققۇزۇپ، جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق، ئاشۇ پايانسىز چۆل ـ جەزىرىلەرنى گۈزەل ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرغان. چارپادىشاھنىڭ ئۇيغۇرلارنى كۆپلەپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈرۈپ كېلىشىمۇ ئالدى بىلەن ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلاشتىن بولغان. بىرىنچىدىن، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ـ تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمانلارغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار قىياپىتىگە كىرىۋالغان. ئىككىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ـ تۈركىستاندىكى بوز يەر ئاچقۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى مەقسەت قىلغان . ئۈچىنچىدىن، تەرەققىي قىلىۋاتقان روسىيە سانائەت كارخانىلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەرزان باھالىق ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن تەمىن ئېتىشنى مەقسەت قىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ بارغان ئۇيغۇرلاردىن باشقا، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قەشقەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىشلەمچىلىككە ۋە تىجارەت قىلىشقا كەلگەنلەر بولۇپ. كېيىنچە ئۇلارمۇ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچىدىغانلارنىڭ سانى ئازىيىشقا باشلىغان.

### بايرام ـ ئالغا مۇساپىر بولۇش

تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادى ـ 1883 يىلى تۈركمەنىستانلىق يۈسۈپخان بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى گۈلجامالخان سايىنت پېتېربۇرگقا بېرىپ چارپادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلغان. بۇ ئىككىيلەن شۇ قېتىم بايرام ـ ئالى شەھىرىنىمۇ سوۋغات سۈپىتىدە چارپادىشاھنىڭ قىزىغا ھەدىيە قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر چارپادىشاھنىڭ خۇسۇسىي زېمىنى بولۇپ قالغان. 1884 ـ يىلى مورغاپ دەريا ۋادىسى روسىيە ئىمپېرىيىسىگە تەۋە قىلىنغان. ئىمپېراتور ئالېكساندېر III ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ يەردىن پايدىلىنىپ روسىيە ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى، ئاساسلىقى پاختا ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تۈزۈشكەن.

چارروسىيە دائىرىلىرى يەتتەسۇ ۋادىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ «دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىشلىرىغا ماھىرلىقىغا بۇ يەردىكى ھېچقانداق مىللەتنىڭ يېتەلمەيدىغانلىقى»نى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن 1890 ـ يىلى چارپادىشاھنىڭ مورغاپ ۋادىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچىسى پولكوۋنىك لودسوف يەتتەسۇ ۋادىسىدىن بۇ يەرگە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پادىشاھنىڭ ماقۇللۇقىنى

ئالغان.

1889 ـ يىلى باھاردا، پولكوۋنىك لودسوف ۋېرنا (بۈگۈنكى ئالما ـ ئاتا)غا كېلىپ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بايلىرىدىن زەيىندىن ئاخۇن، ئىمىر ھەمزە ۋە نۇردۇنلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى سېتىۋالغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن زەيىندىن ئاخۇن مورغاپ ۋادىسىغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز قېرىنداشلىرىنى تۈركمەنىستانغا كۆچۈپ بېرىشقا بارلىق چارە ـ ئاماللار بىلەن رىغبەتلەندۈرگەن. ھەتتا ئۇ كىشىلەرنى ئالداپ «مورغاپ دەرياسىنىڭ بويلىرى بەئەينى جەننەت ئىكەن، ئۇ يەردە خورمىلار يىل بويى مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدىكەن، ئېگىزرەك دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسىلا، مەككىنى كۆرگىلى بولىدىكەن؛ ئەگەر بېرىشنى خالىساڭلار، ھەممىڭلار ھاجى بولالايسىلەر» دېگەن. مانا شۇنىڭ بىلەن چارپادىشاھنىڭ ئاھالە كۆچۈرۈش پىلانى ئاسانلا ئەمەلىيلەشكەن. ئۇلار پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىشتا تۆرلۈك شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەمدىلەتىن كۆچۈپ بارغان، تېخى تۇزۇكرەك يەرلىشىپ كېتەلمەيۋاتقانلارنى مورغاپ ۋادىسىغا كۆپرەك كۆچۈپ بېرىشقا قىزىقتۇرغان.

بىرىنچى تۈركۈم ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى 1890 ـ يىلى باھاردا كاسپىي دېڭىزى قىرغىقىغا قاراپ كۆچۈش سەپىرىگە ئاتلانغان. ئۇلار جەمئىي 272 ئائىلىلىك، 1303 ئادەم) كۆپ قىسمى بويتاق نەۋقىران ياشلار) بولۇپ، ئالتە ئاي يول يۈرۈپ سەمەرقەنتكە يېتىپ كەلگەن. ئۇلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، تاشكەنتكە يېتىپ كەلگەندە، يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقنى بىلدۈرۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاچ ـ يالىڭاچ، جۇلدۇر كىيىمەن ھالەتتىكى بۇ كىشىلەر بايرام ـ ئالگە بېرىش ئىرادىسىدىن يانماي، مەككىنى تاۋاپ قىلىۋېلىشنى بۇ يەردە قېلىشتىن ئەۋزەل كۆرۈشكەن. ئۇلار بارار جايىغا يېتىپ بېرىشقاندىلا، ئەھۋالنى كۆرۈپ، لودسوفنىڭ ئەرزان باھالىق ئەمگەكچىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن قۇرغان قاپقىنىغا دەسسىگەنلىكىنى ئاندىن بىلىپ يېتىشكەن. ئۇلارغا بارغان جاي پايانسىز قۇملۇق بولۇپ، ئاچارچىلىق ۋە تومۇز ئىسسىقىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىشقان. ئۇلار شۇ يەردە سۇ ئامبىرى ياساشقان، ئۆستەڭ قېزىپ سۇ باشلىغان، بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان .خۇمداندا خىش پىشۇرۇپ ئۆي سېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى بىر يۇرت ـ ماكانىنى بەرپا قىلىشقا كىرىشكەن. مەسىلەن، بايرام ـ ئالىدىكى مەمەيۇزى، دادامتۇ، توققۇزتارا، چاپچال دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئەنە شۇلارنىڭ مىسالىدۇر.

يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى، بايرام ـ ئالىدىكى ئۇيغۇرلار يەرلىكتىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە يۇرت ـ ماكانلىرىنى قۇرۇش ۋە قوغداش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. مەسىلەن، تۈركمەنىستاندىكى ئەڭ چوڭ قانال بولغان قاراقۇم قانىلىنى قېزىش ۋەزىپىسىنى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار زىممىسىگە ئېلىپ پۈتتۈرگەن. قۇرۇلۇشنىڭ باش ئىنژېنېرلىقىنىمۇ بايرام ـ ئالىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان سۇ ئىنشائاتلىرى مۇتەخەسسىسى مەمەتخان غازىتوپ ئۈستىگە ئالغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىغا بايرام ـ ئالىدىكى ئۇيغۇرلاردىن 150 نەۋقىران يىگىت قاتنىشىپ، ئۇلاردىن 53 نەپىرى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان.

بايرام ـ ئالىدىكى ئۇيغۇرلار جاپالىق شارائىت ئاستىدا، ئۆزلىرىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ـ 1990 .يىللاردىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ئۇلاردىن 49 كىشى ئالىي مەكتەپ، 73 كىشى ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككى نەپىرى كاندىدات دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان، 26 كىشى ئىنژېنېر ـ مۇتەخەسسىس بولغان، 42 ئادەم مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۈچ ئادەم ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا مەمۇرىي رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن.ئۇلاردىن باشقا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تېبابەتچىلىك ۋە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1919 ـ يىلى بايرام ـ ئالىدىكى پېشقەدەم مائارىپچى مەرۇپ مەمەتوف يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، تۇنجى قېتىم يەتتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى ئۇيغۇر مەكتىپىنى قۇرۇپ چىققان. تاكى 1937 ـ يىلى ستالىننىڭ چەكلىشى بىلەن مەكتەپ تاقالغانغا قەدەر، بايرام ـ ئالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى مەرۇپ مەمەتوف ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەن. مەكتەپ تاقالغاندىن كېيىن، مەرۇپ مەمەتوف تاشكەنتكە بېرىپ داۋاملىق بىلىم ئاشۇرغان. كېيىن ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۆزبېكىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ ئۈچ قىزى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تېببىي پەنلەر دوكتورى، فىزىكا ئىلمى كاندىدات دوكتورى، تارىخ پەنلىرى دوكتورى بولۇپ، مەرۇپ مەمەتوفنىڭ ئائىلىسى بايرام ـ ئالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى بولۇپ قالغان.

1990 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بايرام ـ ئالى شەھرىدە داغدۇغىلىق مەرىكە ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بايرام ـ ئالىغا

كۆچۈپ كەلگەنلىكىنىڭ 100 يىللىقى خاتىرىلەنگەن. شۇ قېتىم قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستانلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ۋەكىللىرى بايرام ـ ئالىغا كېلىپ مۇراسىمغا قاتنىشىپ، بايرام ـ ئالدىكى قېرىنداشلىرى بىسىپ ئۆتكەن بىر ئەسىردىن كۆپرەك جاپالىق تارىخي كەچۈرمىشلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە داخىل بولغان.

(يولۋاس مۇھەممەتئىمىن تەرجىمە قىلدى)
جۇڭگو مىللەتلىرى ژۇرنىلى 2004 – يىللىق 2 ـ سانىدىن

# ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى ئىجتىمائى مەسىلەر

دوكتور مەمەت ئېمىن

"مىنى چاقمىغان يىلان مىڭ يىل ياشىسۇن" دىگەن ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، مەن گەرچە بەزى قارا نىيەت كىشىلەرنىڭ ۋە قارا جەمئىيەتنىڭ يىشىغا يەتمىگەن نارسىدە ئۇيغۇر باللىرىنى ئىچكىرىگە ئالداپ كىرىپ، ئوغرى يانچۇقچۇلۇق ۋە پاھىشە ئىشلىرىغا سېلىۋاتقان ئىشلارنى ئەينى ۋاقىتتا ئۆز كۆزۈم بىلەن ئاز تولا كۆرگەن ۋە چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ ھەر خىل ئۇچۇر ۋاستىلىرى ئارقىلىق، بۇ خىلدىكى ئۇچۇرلارنى كۆپ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بولسامۇ، بىراق مەن بۇ جەھەتتە بىرەر نەرسە يىزىپ باقمىغان ئىدىم .يىقىندا ئۇز ئائىلەمدە يۈز بىرگەن بىر كىلىشمەسلىك، مىنى" مىنى چاقمىغا يىلان، بەزىدە قېرىندىشىمنى چىقىپ قويىدىكەن" دىگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويدى. شۇ سەۋەپتىن، مەن گەرچە بۇ جەھەتتە ئالاھىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىپ كەتمىسەممۇ، بىراق بىلگىنىم بويىنچە تۆۋەندىكى بۇ يازمىنى يىزىش قارارىغا كەلدىم .مەن بۇ يەردە بۇ ئىشنىڭ سەۋەپ نەتىجىسى توغرىسىدا يەكۈن چىقىرىش نىيىتىم يوق. مەن پەقەت بۇ يازمام ئارقىلىق، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاش ۋە شۇ ئارقىلىق بۇ مەسىلىنىڭ تېخىمۇ ياماراپ كېتىشىنىڭ، بۇ زەھەرلىك يىلاننىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھەممىمىزنى چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىشكە تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت.




رەسىمدە: ئىچكىرىدە يانچۇقچىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئۇيغۇر باللىرى

2010 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىنىمنىڭ 12 ـ ياشلىق ئوغلى، ئۆز يۇرتىمىزدىن چىققان بىر نەچچە ئالدامچىلار تەرىپىدىن ئىچكىرىگە ئالداپ ئېلىنىپ كىتىپ، ئوغۇرلۇققا سالماقچى بولغان ئىكەن. بەختكە يارىشا، بالا ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا چۈشۈپ، بىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە تىرىشىشىمىز ئارقىلىق، بالىنى ساقچىنىڭ قولىدىن ئۇ ئالدامچىلارنىڭ قولىغا قايتا چۈشۈرۈپ قويماي، ئىنىم يەنى بالىنىڭ دادىسى نۇرغۇن مۇشاققەتلەر بىلەن، ئۆمۈرىدە بىرىپ باقمىغان ئىچكىرىنىڭ بىر كىچىك شەھەرىدىن بالىسىنى ساق – سالامەت ئېلىپ، يۇرتقا قايتىپ بىرىۋالدى. بۇ جەريان ئالدى كەينى بولۇپ جەمئى 24 كۈن داۋاملاشقان بولسىمۇ، بۇ 24 كۈن بالىغا، بالىنىڭ ئاتا ئانىسىغا، ھەتتا ماڭا، 24 ئايدەك بولۇپ ئۆتتى. مەن بۇنى ئىنىمغا ياكى بىزنىڭ ئائىلىگە كەلگەن ۋە كەلمەكچى

بولغان كىلىشمەسلىكنىڭ ئاخىرلىششى دەپ قارىمايمەن، ئەكسىچە بۇ بىر باشلىنىش بولىشى مۇمكىن. بۇ زەھەرلىك يىلان مىنىڭچە، يالغۇز ئىنىمنىڭ بالىسىنى چېقىپ توختاپ قالماسلىقى، ياكى يالغۇز بىرلا قېتىم چىقىپ توختاپ قالماسلىقى مۇمكىن. ئۇ يىلان بۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئىنىمنى، بىزنىڭ ئائىلىنى ۋە يەنە تىخمۇ كۆپ خەلقنى چېقىپ ئۆچ ئىلىشى مۇمكىن.

مەن **1983** ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئىچكىرىگە كىرگىنىمدە، ئۇيغۇرلار ئىچكىرىدە ئانچە كەمستىلمەيدىكەندۇق. ئۇ چاغدا ئىچكىرىگە كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇغۇچى، خىزمەتچى ۋە تىجارەتچىلەر ئىكەندۇق. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ئىچكىردىكىلەردىن ئانچە قىلىشمايدىكەندۇق، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئىچكىردىكىلەردىن ياخشىراق ئىكەندۇق. ئۇ چاغلاردا ئىچكىرىدە ئوغرى – يانچۇقچىلىق قىلىدىغان ئۇيغۇرلار يوق ئىكەندۇق. ئارىدىن **5**، **6** يىل ئوتمەيلا ئۇيغۇرلار "كاۋاپچى"، "مەينەت" دەپ ھەر تەرەپتىن كەمستىلىشكە ئۇچرىغىلى باشلىدى ـ **80** .يىللارنىڭ ئاخىرى **90** ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، خىروئىن تىجارىتى بىلەن يانچۇقچىلىق قىلىش باشلاندى. دەسلەپتە يانچۇقچىلىق قىلىدىغانلار، جىڭجو، گۇاڭجو، شاڭخەي، شىئەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن ۋە ئادەم كۆپ جايلاردا ھەركەت قىلغان بولسا، ھازىر پۈتۈن جۇڭگونىڭ چوڭ – كىچىك شەھەرلىرىگە، ھەتتا ناھىيە بازارلىرىغىچە تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار، "ئوغرى، يانچۇقچى، خىروئىنچى "دىگەندەك ناملار بىلەن كەمستىلىشكە ئۇچراپ، مېھمانخانىغا بارسا، ياتاق بەرمەيدىغان، تاكسى توسسا تاكسىغا ئالمايدىغان بولدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلار ئەسلى ئىقتىسادى جەھەتتە ئالاھىدە تەرەققى قىلىپ كەتمىگەن، بەك باي بىر مىللەت بولمىسىمۇ، بىراق كۆڭلى قارنى توق، ئەخلاق پەزىلەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت ئىدى .يېقىنقى **10**، **20** يىل ئىچىدە، بىر قىسىم كىشىلىرىمىز پۇل ئۈچۈن پۈتۈن ۋىجدانىنى ۋە دىنى ئېتىقادىنى ساتىدىغان تەرەپكە قاراپ كىتىۋاتىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ سانى گەرچە بەك كۆپ ساننى ئىگەللەپ كەتمىسىمۇ، بىراق زىيىنى بەكلا چوڭ بولىۋاتىدۇ. ئۇلار پۇلدىن باشقىنى تونۇمايدۇ. پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئوغرىلىق ۋە يانچۇقچىلىق قىلىشتىن باشقا، زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىززەت –نومۇسنى سېتىپ پاھىشىلىق قىلىش دىگەنلەر بۇنىڭ تىپىك مىساللىدۇر. زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى قىلىدىغان كىشىلەر ئىچىدە، **5** ۋاقت ناماز ئوقىدىغان، ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلگەنلەر ئاز ئەمەس. ئاشۇ كىچىك بالىلارنى ئالداپ ئىچكىرىگە ئاپىرىپ، ئوغرىلىق قىلدۇرۇپ پۇل تېپىۋاتقان قارا نىيەت كىشىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ كۈنىگە **5** ۋاقت ناماز ئوقۇيدىغانلار، ئۆزىنى تەقۋادار مۇسۇلمان دەپ قارايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس .ئۇلار ئېتىقادنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بىلمەيدۇ ياكى ئۆز ئېتىقادىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىدۇ. ئۇلار چوچقا گۆشىنى ھارام دەپ بىلگەن بىلەن، ئۇنداق ئوغۇرلاپ تاپقان پۇلنى ھارام دەپ ھىساپلىمايدۇ. مەيلى ئۈرۈمچىدە بولسۇن ياكى ئىچكىرىنىڭ چوڭ – كىچىك شەھەرلىرىدە بولسۇن، پاھىشلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىۋاتقان ئۇيغۇر قىزلىرى ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئانچە ئوقۇپ كەتمىگەن قىزلار بولسىمۇ، بەزىلىرى ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن قىزلار. بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئالدانغان قىزلار بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۆزلىرى خالاپ قىلىۋاتقان قىزلار.



BABUR

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رەسىمدە: ئىچكىرىنىڭ يانچۇقچىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان باللار. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىكى زەخمە يانچۇقچىلىق قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقتىن بولغانمۇ ياكى يانچۇقچىلىق قىلغانلىقتىن بولغانمۇ؟ بىرنىمە دېيىش قىيىن، چۈنكى ئۇلار قوشلاپ زىيان تارتقۇچىلار.

مەن بۇ يازمامغا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى تېپىش ئۈچۈن **www.Google.com** دىن بەزى ماتېرىياللارنى ئىزدىگىنىمدە، بۇ جەھەتتىكى ئۇچۇرلارنىڭ كۆپلىكى مېنى چۆچۈتىۋەتتى. مەن خەنزۇچە **"Xin Jiang Xiao Tou"** يەنى" شىنجاڭلىق يانچۇقچى" دەپ ئىزدىسەم، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇردىن **178000** تېپىلدى . ئارقىدىنلا مەن خەنزۇچە **"Wei Zu Xiao Tou"** يەنى "ئۇيغۇر يانچۇقچى"دەپ ئىزدىسەم، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇردىن **24600** تېپىلدى. ئۇنىدىن كېيىن مەن ئىنگلىزچە **"Uyghur Pickpocket "** دەپ ئىزدىسەم، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىنگلىزچە ئۇچۇردىن **29000** تېپىلدى .ئۇيغۇر باللارنىڭ يانچۇقچىلىق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك سىن ئالغۇ فىلىملىرىدىن **113** تېپىلدى. دېمەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ يانچۇقچىلىق مەسىلىسى ئاللا بۇرۇن تور بەتلەر ئارقىلىق خەلقارالىشىپ بولغان ئىكەن.

ئۇنداقتا جەمئىيتىمىزدىكى بۇ خىل خائىشلەر نىمە ئۈچۈن شۇنچە تىز تەرەققى قىلىپ كەتتى؟ بۇنىڭغا جەمئىيەت نىمە ئۈچۈن يول قويىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەپلىرى ھەر خىل ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، مەن بۇ يەردە ھەممىسىنى بىر بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن، ھەم شۇنداقلا سەۋەپنى باشقىلارغا ئارتىپ، ھازىرچە ھەل بولمايدىغان ياكى ھازىر بىز ھەل قىلالمايدىغان چوڭ مەسىلىلەرگە ئىسلىشۋالماقچى ئەمەسمەن. مەن بۇ يەردە پەقەت ئۆزىمىزدىن ئۆتۈۋاتقان سەۋەپلەرنى ۋە ئۆزىمىز ھەل قىلالايدىغان سەۋەپلەر ئۈستىدە توختالماقچىمەن. مەن بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى چوڭ يەردىن ئىزدەپ، جەمئىيەتنىڭ ناھەقسىزلىقى ۋە قانۇن تۈزۈمنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنماسلىقى ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، جىددى ئۆزىمىزدىن قانداق سەۋەنلىكلەر ئۆتتىۋاتىدۇ، ئۆزىمىزدە قانداق مەسئۇلىيەتلەر بار، زادى قانداق قىلغاندا خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كىلىۋاتقان بۇ بالايى – ئاپەتنى ئازراق بولسىمۇ ئازايتقىلى بولىدۇ دىگەن تەرەپتە ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.



رەسىمدە: ئىچكىردە يانچۇقچىلىق قىلىۋاتقان تىپىك يانچۇقچىلىق گۇرۇپپىسى: ئوتتۇردىكىسى باشقىلارنىڭ مال مۈلكىنى بىۋاستە ئوغۇرلاپ ئالغۇچى، ئۇنىڭ كەينىدىكىسى ئوغۇرلانغان مال مۈلۈكنى دەرھال تاپشۇرۇپ ئىلىپ، ئوغۇرلىغۇچى تاسادىبى تۇتۇلۇپ قالسا، ئىسپاتنى يوق قىلىشقا ياردەم بەرگۈچى، ئەڭ كەينىدە ماڭغۇچى بولسا، بۇ ئىككىسىنى كۆزىتىپ، پۈتۈن يانچۇقچىلىق جەريانىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا، يانچۇقچىلارنىڭ ئۆز بىخەتەرلىكىگە كاپالەت قىلغۇچى .مۇنداقچە ئېيتقاندا ئالدىنقى ئىككىسىنى كۆزەتكۈچى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنى پەردە يېنىدە چوڭ خوجايىن بولۇپ، ئۇ خوجايىننىڭ قولىدا، بۇنداق گۇرۇپپىدىن 3 دىن **10** ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيتىدىكى بۇ خىل يامان خائىشلەرنىڭ شۇنچە تىز يامىرات كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى، يەنى ئۆزىمىزدىكى سەۋەپنى قىسقارتىپ ئېيتسام، بۇ ھەرگىزمۇ يالغۇز بىر ئىقتىسادى جەھەتتىكى كەمبەغەللىك سەۋەبىدىن بولغان

بولماستىن، بەلكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ روھى دۇنياسىدىكى كۆپۈكلۈك ياكى بوشلۇق ۋە ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا بىر خىل مەنىسىزلىك ۋە ئەھمىيەتسىزلىكتىن بولغان. يەنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى يوقۇتۇشى، جەمئىيەتكە بولغان ئۈمىتسىزلىكى، روھى دۇنياسىدا بىر خىل مەنىسىزلىكنىڭ پەيدا بولۇشى، روھى دۇنياسىدىكى بۇ مەنىسىزلىك ۋە بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ماددى جەھەتتىكى بايلىق ۋە پۇلغا قارغۇلارچە چوقۇنۇشىدىن بولغان.




رەسىمدە: ياتقىنى، 2010 ـ يىلى ئىچكىرىنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدە يانچۇقچىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، قانۇننىڭ سىرتىدا بىر تەرەپ قىلىنغان ئۇيغۇر بالا؛ ئەسلى جازالىنىشقا تېگىشلىق ئۇلارنى بۇ ئىشقا سېلىۋاتقان پەردە ئارقىسىدىكى كىشىلەر بولىشى كېرەك ئىدى، ئەپسۇسكى ئۇلار بەلكىم بۇ بالىلارنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ياش ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن پۇللارنى خەجلەپ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن بىمالال ھوزۇر ئېلىۋاتقاندۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغۇنىدەك، جوڭگو ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە باي كەمبەغەللىق پەرقى، بولۇپمۇ يېزا بىلەن شەھەر ئارىسىدىكى، ئۇيغۇر بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى باي كەمبەغەللىك پەرقى چوڭىيىشقا باشلىدى. بەزى كىشىلەر، ئالدىن بېيىغان يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ھوزۇرلىنىشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا قارغۇلارچە ھەۋەس قىلىدىغان ۋە ھەر خىل ۋاستىلارنى قوللۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇدىغان بولدى. ئەلۋەتتە كىشىلەر ماددىي جەھەتتىكى بايلىققا مۇھتاج، پۇل بولمىسا، ھازىرقىي جەمئىيەتتە ھېچنىمە قىلغىلى بولمايدۇ، بىراق پۇللا بولسا ئادەم ھەممە بەختكە ئېرىشەلەيدۇ دېگەنلىك بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر شۇ ماددىي بايلىقنى ۋە پۇلنى نوقۇل ھالدا بىرىنجى ئورۇنغا قويىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ تېز تەرەققى قىلىشى بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقادى، ئەخلاق پەزىلەت ئۆلچىمىنىڭ سۇسلىشىشى، ھەممە ئىشنى نوقۇل ھالدا تەقدىردىن كۆرىشى، يەنى بىر ئادەمنىڭ پىشكەنلىككە ئۇچۇرىشىنى تەقدىردىن كۆرىشى، بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى پىشانىسىغا پۈتۈلگەن ئىش دەپ قاراپ، تەقدىرگە تەن بەرمەي بولمايدۇ دەپ ئولتۇرۇشى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ تەقدىر نەزەرىيەسىنى خاتا ئىستىمال قىلىشىمۇ ناھايىتى چوڭ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. مەسىلەن، بىر ئالدىنىپ ئوغۇرلۇق قىلىشقا ياكى پاھىشلىق يولىغا مەجبۇرلانغان بالا، بىر مەزگىل قارشىلىق قىلىپ، ئامال قىلالمىغاندىن كېيىن، ۋە ياكى جەمئىيەت ئۇلارنىڭ بۇ پاجىئەسىگە كۆز يۇمۇپ، ياردەم قولىنى سۇنمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىكنى، ئۆزىنى ئالدىغانلاردىن كۆرمەي، بەلكىم تەقدىردىن كۆرىدۇ، تەقدىرگە تەن بېرىش كېرەك دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ، ئاخىرىدا ئۆزىنى ئالداپ، ئۆزىگە مۇشۇ پاجىئەنى ئېلىپ كەلگەنلەر بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەق – ھوقۇقىنى، ۋە ئىززەت – نومۇسىنى قوغداشنىڭ ئورنىغا، كەلگۈسىدە شۇ قارا نىيەتلەرنىڭ يولىنى بىسىپ، كېيىنكى

ئاجىز نارىسىدە باللارنى ئۆزى ئەينى ۋاقتتا ئالدانغان يول ئارقىلىق ئالداپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئۆچمەنلىكنى شۇ باللاردىن ئېلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ روھى دۇنياسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى تولۇقلاشقا تىرىشىدۇ. بۇ ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە مەۋجۇت بولىۋاتقان بىر غەلىتە روھىي كېسەللىك.




رەسىمدە: ئېچكىرىدە يانجۇقچىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان بىر ئۇيغۇرنىڭ ئاقىۋىتى؛ بۇ رەسىمنىڭ ئەسلى چۈشەندۈرىلىشىدە، ئۇنىڭ جىنايى جاۋاپكارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆزى زەخمە قىلىۋالغان دىيىلگەن. ئىنسان ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلىمىسە، باشقىلار قانداقمۇ قەدىرلىسۇن؟

ئەمىلىيەتتە بىرەر كىشىنىڭ ئوغرى، يانجۇقچى بولىشى، جالاپ ۋە پاھىشە بولىشى، ئادەم ئالدىشى ۋە باشقىلارغا ئالدىنىشى، كاززاپ ئالدامچى بولىشى، ۋە ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قاتىل بولىشى، كېسەل، ئاجىز مېيىپ بولىشى، ھەرگىزمۇ ئاللاھ پىشانىسىگە پۈتكەن ئىش ئەمەس. ئۇنى تەقدىردىن كۆرۈش پۈتۈنلەي خاتا. ئەگەر بۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھ تەقدىرىگە پۈتكەن ئىش بولسا، ئاللا بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ھىساپ ئالماسلىقى كېرەك. ئاللا ئۆزى باشقىلارنىڭ پىشانىسىغا شۇنداق بولۇشنى پۈتۈپ قويۇپ، ئاخىرىدا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇ قىلمىشى ئۈچۈن ھىساپ ئالىدىغان ئادىل بولمىغان زات ئەمەس. ئاللاھ بەكمۇ ئادىلدۇر. ھەر قانداق ئادەم ئۆز قىلمىشىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئاللا ھەممە ئادەمنى باراۋەر ياراتقان. بىزنىڭ نىمە ئىش قىلىشىمىز، ئۆزىمىزگە باغلىق، شۇ سەۋەپتىن بىز ئۆز قىلمىشىمىز ئۈچۈن جاۋاپ بىرىمىز. ئوغرىلىق قىلغان ئادەم، شۇ قىلمىشى ئۈچۈن ئىككىلا دۇنيادا جازاغا تارتىلىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلمۇ شۇنداق. ياخشى ئىش قىلغان ئادەم ئىككىلا دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ. ئوغۇرلۇق قىلغانلار، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر، ۋە ياكى ئالدىنىپ يامان يولغا ماڭغانلار، ئۆز قىلمىشىنى تەقدىردىن كۆرۈپ، ئاللاھ پىشانىسىگە شۇنداق پۈتۈپ قويۇپتىكەن دىسە، بۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن قاچقانلىق. ئاللاھ ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىسىنى ئىككىلا دۇنيادا ئەزىز قىلىدۇ. شۇڭا بىز ھەممە ئىشنى تەقدىردىن كۆرۈپ ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزدىن قاچساق، بۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ، ھەم ئاللاھقا قىلىنغان تۆھمەت. بىزگە ئۇ يامان ئىشلارنى ئاللاھ قىلدۇرۇپ قويغان ئەمەس



BABUR

رەسمەدە: ئىچكىردە يانجۇقچىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا كويزا سىلىنىۋاتقان بۇ ئۇيغۇر بالىنىڭ چىرايىدىن نە قورقۇنۇش ۋە جىددىلىش. خۇددى بىرسى بىلىكگە سائەت تاقاپ قويۋاتقاندەك، شۇنچە تەبئىي ۋە ئەندىششىسىز. گويا ئۇ كوڭلىدە "ئەمدى مېنى يانجۇقچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىغان ئۇ ئالۋاستىلاردىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم " دەۋاتقاندەك.

ئارىمىزدا شۇ كىچىك بالىلارنى ئالدىغان قارا جەمئىيەتنىڭ ئادەملىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ شۇ يولغا مىڭىپ قىلىشىغا، سەۋەپىنى باشقىلاردىن ئىزدەيدىغان، مەن ئۇغۇرلىمىغاندىكىن دەپ ئۇلارنىڭ ئوغۇرلاپ تاپقان پۇلىغا شىرىك بولىدىغان ۋە ياكى ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا جەمئىيەت سەۋەپ بولغان، دەپ ئۇلارغا چاپان ياپىدىغان ۋە ياكى ئۇلارنى بىر جىنايەتچى كۆرۈپ ئۇلار بىلەن كۆرەش قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلار بىلەن مۇرەسسەلىشىدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. ئاڭلىشىمچە، بىزنىڭ يۇرتتا بىرسىنىڭ بالىسىنى بىزنىڭ يۇرتتىن چىققان ئالدامچىلار ئالداپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىتىپ، ئوغۇرلۇققا سالماقچى بولغاندا، بالىنىڭ ئاتا – ئانىسى، مەھەللە چوڭلىرىنى ئارىلىققا سىلىپ، بالىنى ئالداپ كەتكەن ئالدامچىنىڭ ئالدىغا **7000** يۈەن پۇل قويۇپ، بالىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئالغانمىش. ئەلۋەتتە بۇ ئاتا – ئانا، ئۇ ئالدامچى ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىپ، بالىسىنىڭ زىيان زەخمەتكە ئۇچراپ قىلىشتىن ئەنسىرەپ، ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلغان بولىشى مۇمكىن. بىراق بۇ خىل ۋاستە، بۇ جىنايى قىلمىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىغا بىرىلگەن بىر مۇكاپات. ئۇ ئالدامچى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، پۇل تېپىش ئاسان ئىكەن دەپ، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەن دەسلەپتە دەپ ئۆتكەندەك، ھازىر بەزىلىرىمىزدە "مېنى چاقمىغان يىلان مىڭ يىل ياشىسۇن"دەيدىغان خائىش بەك ئىغىر. بىز" ماۋۇ يىلان ھازىر مېنى چاقمىغان بىلەن قېرىنداشلىرىمنى چېقىۋاتىدۇ، ئەگەر قېرىنداشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، نۆۋەت ماڭا كېلىپ قالار" دەپ ئويلىمايمىز. ئەمىلىيەتتە بۇ يىلان، ھازىرچە بىزنى چاقمىغان بىلەن، كەلگۈسىدە يەنە بىزنى چاقمايدۇ دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە باشقىلارنىڭ ھەممىسى چېقىلىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئەلۋەتتە نۆۋەت بىزگە ۋە ياكى بىزنىڭ باللىرىمىزغا كېلىشى مۇمكىن. بىز چوقۇم بۇ يىلان ھازىر مېنى چاقمىغان بىلەن، كېيىن مېنى ھەتتا مىنىڭ كيىنكى ئەۋلادىمنى چىقىشى مۇمكىن، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ، بۇ زەھەرلىك يىلاننى يىلتىزىدىن قۇرىتىۋىتىش كىرەك، دىگەن قاراشقا كېلىشىمىز كىرەك.

**2009**-يىلى **6**-ئاينىڭ **18**-كۈنى شىنخۇا تور بېتىدە ئېلان قىلغان بىر خەۋەردە، "جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلى **4**-ئاينىڭ **9**-كۈنىدىن **5**-ئاينىڭ **4**-كۈنىگىچە بولغان بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، قانۇنسىز ئادەم يۆتكەش ئەنزىسىدىن **72** سىنى ئىنىقلاپ، **192** بالا بىلەن **214** ئايال قۇتقۇزۇلغان"دىيىلگەن. يەنە شۇ خەۋەردە گۇاڭجۇدا ئۇيغۇرلاردىن تەركىپ تاپقان **22** قارا جەمئىيەتنى بىتچىت قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر باللارنى گۇاڭجۇغا ئېلىپ كىلىپ، ئۇلارغا يانجۇقچىلىق قىلىشنى ئۆگەتكەنلىكى ۋە ئۇلارنى ھەر كۈنى **2000** يۈەندىن **5000** يۈەنگىچە پۇل تېپىشقا مەجبۇرلىغانلىقى، ئەگەر شۇنچىلىك پۇل ئوغۇرلىيالمىسا، بەدىنىگە تاماكا يېقىش ۋە ئۇرۇشتەك جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللانغانلىقى خەۋەر قىلىنغان.

ئۇنداقتا ئۇ قارا جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە ياكى ئۇ قارا نىيەت كىشلەر قانداق قىلىپ شۇنچە كۆپ بالىلارنى ئالداپ ئوغۇرلۇققا سالىدۇ؟ ئۇلارنىڭ مۇۋاپپىقىيەت قازىنىشتىكى سىرى نىمە؟ مەن ئىزدەنگەن ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئۇسۇلنى قوللىنىدىكەن.

**1**-ئۆزلىرىنىڭ بايلىقى ئارقىلىق باشقىلارنى قىزىقتۇرۇش ۋە چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئاتا-ئانىلارنى ئالداش ئارقىلىق، باللارغا ئىگە بولۇش.

ئىچكىردە بىر مەزگىل ئوغۇرلۇق قىلىپ پۇل تاپقاندىن كيىن، قوشۇننى تولۇقلاش ۋە ياكى قوشۇننى تېخىمۇ چوڭايتىش ئۈچۈن، يۇرتىغا قايتىپ، پۇل خەجلەشتە چوڭ مەرتلىكىنى كۆرستىش ئارقىلىق، ئۆزىنى باي كۆرستىش، بۇرۇن تونۇيدىغان كەمبەغەل ئاتا – ئانىلارغا بالىسىنى ئىچكىرىگە كىرگۈزسە، ئۆزلىرىگە ئوخشاش باي بولىدىغانلىقىنى كۆز كۆز قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئالداپ، باللىرىنى ئىچكىرىگە ئالداپ ئېلىپ بىرىش. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



خىل ئۇسۇل بىلەن ئالدانغان بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇشتىن قېچىپ چىققان ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ باكار يۈرىۋاتقان بالىلار بولۇپ، ئىچكىرىگە نورمال يوللار بىلەن ئېلىپ كىرىلگەن. بۇنداق بالىلارنىڭ ئالدىنىشىدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر.

2 ـ ئۆزلىرىنىڭ بايلىقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەك يېشىدىكىلەرنى ئالداپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىش.
بۇرۇن ئىچكىرىگە ئالدىنىپ كىرىپ، يانچۇقچىلىققا سىلىنغان، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى خوجايىنىدىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرى ئايرىم قوشۇن تۈزۈش ئۈچۈن، يۇرتىغا قايتىپ، ئىسىل كىيىنىش، مەرتلەرچە پۇل خەجلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تەك تۇشلىرىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاش ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرى بىلەن ئىچكىرىگە كىرسە، شۇنداق باي بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى قىزىقتۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئالداپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىلىش. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئالدانغان بالىلارنىڭ كۆپىنچىسمۇ يەنە باشتا دىگەندەك ئوقۇشتىن قېچىپ چىققان ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ باكار يۈرىۋاتقان بالىلار بولۇپ، ئىچكىرىگە نورمال يوللار بىلەن ئېلىپ كىرىلگەن.

3 ـ زورۋانلىق كۈچ بىلەن يېشىغا توشمىغان بالىلارنى ئوغۇرلاپ كېتىش.
بۇ ھازىر بىر خىل زەنجىرسىمان مەشغۇلات تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بىر گۇرۇپ قارا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق مەشغۇلات ئېلىپ بىرىش نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ قارا جەمئىيەتنىڭ ئىچىدە بەزىلەر مەخسۇس ئوغۇرلاش ئوبىكتىسىغا يەنى بالا تېپىشقا مەسئۇل بولسا، بەزىلىرى مەخسۇس بالا ئوغۇرلاشقا مەسئۇل. بەزىلەر ئوغۇرلانغان بالىنى يوتكەشكە مەسئۇل بولسا، يەنە بەزىلەر ئوغۇرلاپ كېلىنگەن بالىلارنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل. بۇنداق ئالداپ كېتىلگەن بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى 12، 13 ياشتىن تۆۋەن كىچىك بالىلار بولۇپ، كۆندە يالغۇز مەكتەپتىن قايتىدىغان، ئائىلىسىنىڭ ئالاھىدە ئارقا تىرىكى يوق، يەنە بالىسى يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، بالىسنى قانۇنى يوللار بىلەن تېپىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغان، ياۋاش، بەك كۆپ جاھان كۆرمىگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بۇنداق بالىلارنى ئوغۇرلىغاندىن كېيىن مۇۋاپىقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى يۇقىرى.

ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئىچىرىگە ئالداق ئاپىرىپ، يانچۇقچىلىق قىلىشقا سلىش باشلانغىلى 20 يىلدەك بولغان بولۇپ، مانا ھازىر ھەممىمىز كۆرىۋاتقاندەك خەلقئارا مەتبۇئاتلاردىن ئورۇن ئېلىۋاتىدۇ. بىراق بىز تېخى بۇ ئىشنىڭ پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە ئېلىپ كىلىدىغان زىيىنىنى تولۇق تونۇپ يەتكىنىمىز يوق. بۇ ئىشلار 10 ~ 20 يىلدىن بۇيان تىلۋۇزۇرلاردا ۋە گىزىت ژورناللاردا ئاز – تولا تەشۋىق قىلىنىپ، بەزى خىزمەتلەر ئىشلەنگىنى بىلەن، 10، 20 يىلدىن بۇرۇنقىغا سىلىشتۇرغاندا، بۇ كونتۇرۇل قىلىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بۇرۇنقىدىن تىخمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ھازىر قىلىنىۋاتقان خىزمەتنىڭ كۆپ نەتىجىسى بولمايۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئىشنى ھەل قىلىمەن دەپ بىر ئىككى ئادەم قوپۇپلا ھەل قىلىۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ بۇزۇلمىقى ئاسان، تۈزۈلمىكى تەس. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر خىل قەتئىلىك، ۋە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىدىغان بىر جەريان كىرەك. بۇ مەسىلە ئۈچۈن ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى بولغان ئۇيغۇر ئۆز قولىدىن كىلىدىغان دائىرىدە ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ۋە مىللەتكە ئېلىپ كىلىدىغان زىيىنى تەشۋىق قىلىشى، بۇ ئىشنى توساش، كەم دىگەندە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، ئاندىن تەدرىجى ھالدا، بۇ مەسىلىنى تۈزەش تەرەپكە قاراپ ماڭغۇزۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كىرەك.

ئەسلى بۇ بىر جەمئىيەتنىڭ قانۇن تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ. قانۇن تۈزۈم مۇكەممەل بولغان بىر جەمئىيەتتە، بۇ ئىشلار قانۇن بويىچە ھەل بولۇشى كىرەك ئىدى، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدە بۇ مەسىلىنى قانۇن تۈزۈم ئورگانلىرىنىڭ ھەل قىلىشىغا قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن ياكى مەتبۇئاتلاردا ئاز تولا تەشۋىق قىلىپ قويۇش بىلەنلا بۇ ئىش تۈگەپ قالمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بۇ ئىشقا بولغان دىققىتىنى قوزغاش، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخس بۇ مەسىلىنى ئۆز مەنپەئىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە كەلگۈسىگە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشىشى، قىسقارتىپ ئېيتقانداق پۈتۈن مىللەتنىڭ ئاك ۋە ساپاسىنى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشىشى كىرەك.

بەزىلەر بەلكىم "ھەر قانداق جەمئىيەتتە ۋە ھەر قانداق مىللەت ئىچىدە ئۇنداق مۇنداق جىنايى قىلمىشلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغۇ .قانۇنى تۈزۈم ئەڭ مۇكەممەل بولغان دۆلەتلەردىمۇ ھەر خىل جىنايى قىلمىشلارنىڭ

ھەممىسى تۆگەپ كەتكىنى يوق"دېيىشى مۇمكىن. ئۇ توغرا ، قانۇن تۈزۈم ھەرقانداق مۇكەممەل جەمئىيەتتىمۇ ھەر خىل جىنايى قىلمىشلار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بىراق ئېسىگىزدە بولسۇن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يانجۇقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشۋاتقانلارنىڭ سانى، تارقىلىش ئەھۋالى، ئوغۇرلۇق قىلىش ئۇسۇلى، تاكتىكىسى ئادەتتىكى نورمال ئەھۋالدىن ئاللا بۇرۇن ھالقىپ چىقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئابرويىغا ۋە ئوبرازىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

ئاپتۇرنىڭ تەلىپى بىلەن ماقالىنى لاتىن يېزىقىدىن ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىغا ئايلاندۇرۇپ تورغا قويغۇچى: ئابدۇلھەمىد قاراخان

## ئەسسالام ئانا دىيار، ئەسسالام ئانا تۇپراق!

ئانا دىيارىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىر مىليون ئالتە يۈز ئاتمىش مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ ئۇزۇن سوزۇلغان تاغ تىزمىلىرى، تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىلىكلىرىگە ئۇزانغان دەريالىرى، چەكسىزلىككە سوزۇلغان چۆل — قۇملۇقلىرى ئۇنىڭ ئاسىيانىڭ مەركىزى دېگەن نامىغا ماس ھالدىكى خاسلىقلىرىنى ياراتقان. دەريا — كۆللەرنى بويلاپ جايلاشقان بوستانلىقلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلىرىمىز ئانا دىيارىمىزدىكى تۇپراقنىڭ ئەزىزلىكىنى ھېس قىلدۇرغۇچى ۋە ئۇنى ئەزىزلىگۈچى بولۇش سۈپىتىدە بۇ تۇپراقلارنى يىللاردىن بېرى ياشنىتىپ كەلگەن، ئەجدادلاردىن بىزگە ئۇلاشقان بۇ ئەزىز تۇپراقلارمۇ شۇنىڭدەك بىزنى ئۆزىنىڭ ھالال ئاش — تۈزى بىلەن بېقىپ كەلدى. ئارا يۈلتۈز جىلغىلىرىدىن قونجىراپ ئېغىزلىرىغىچە كەڭ زونىغا جايلاشقان دىيارىمىزنىڭ ھەر قايسى بوستانلىقلىرىنى كېزىش، بوستانلىقلارنى گۈللەندۈرۈپ كېلىۋاتقان خەلقىمىزنى، ئۇلار يىللار مابەينىدە ياراتقان مۇقەددەس مەدەنىيەت ئىزلىرىنى زىيارەت قىلىش كۆڭلۈمگە پۈكۈلگىنىگە ئۇزۇن بولغان پىلان ئىدى .ئۆمۈر باھارىمنىڭ يىگىرمە ئىككىنچىسىنى سۈردۈرۈۋاتقان شۇ دەملەردە ئۇچقىغان تاسادىپىي پۇرسەتلەر مېنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى، ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى كېزىشتەك غايەمنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. ئانا يۇرتۇم قومۇلدىن تۇرپاندىن چىققان پېتى لوپنور ۋادىلىرىنى، يەركەن بوستانلىقلىرىنى، خوتەن قۇملۇقلىرىنى، كاشغەر تاغلىرىنى، ئۇچتۇرپان باغلىرىنى ئايلاندىم. ھەر جايدا ساۋاقداشلىرىم ماڭا ھەمدەم ۋە ياردەمدە بولدى، ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن. ئانا دىيارىمىزنىڭ ھەر بىر قىسمىغا بارغىنىمدا ئاۋۋال شۇ يۇرتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈشتەك ئالدىنقى نىشانىم ئۈچۈن كۆرەشتىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ۋەتىنىگە جايلاشقان ئۇيغۇرنىڭ سىمۋوللۇق قورۇلۇشلىرىنى ئاساسەن زىيارەت قىلىپ بولدۇم. ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن خېلى ئەتراپلىق تونۇشۇپ مەلۇم چۈشەنچىلەر ھاسىل قىلدىم. ئۇيغۇرنىڭ روھىنى ئۇيغۇرغا باغلانغان ھەر بىر تۇۋرۇك، ھەر بىر تام — خىشتىن ئىزلىدىم. ئۇيغۇرۇم دەپ ياشىغان، ئۇيغۇرۇم دەپ قۇربان بولغان ئوت يۈرەكلەرنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ ئۇلارغا شېرىن دۇئالىرىمىزنى يەتكۈزدۈم. ئۇيغۇر باسقان كوچىلارنى، ئۇيغۇر ياشىغان ئۆيلەرنى سۆيۈنۈش ئىلكىدە كۆرۈپ چىقتىم. ئۇيغۇر دىيارىغا قىلغان ساياھىتىم كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە شەكلەن ئەمەس، كۆڭۈلنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدىن، روھنىڭ سۈزۈك بۇلاقلىرىدىن بالقىپ چىققان ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ۋە ئەھمىيەتلىك بىر سەپەر جەريانى بولدى. نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق سەپەرلىرىمنىڭ ھاسىلاتى سۈپىتىدە بۇ خاتىرىلەر روياپقا چىقتى. قېنى سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن، سىزمۇ مەن بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ھەر قايسى ئىچكىرىلىكلىرىگىچە كۆرۈپ چىققايسىز!

كونچىقىش ئۇيغۇر يۇرتلىرى

سەپەردىكى دەسلەپكى كۈنلىرىم مەن « كونچىقىش ئۇيغۇر دىيالېكتى » دېگەن نامدا ئاتىۋالغان قومۇل، تۇرپان،

لوپنور شېۋىلىرىنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە بېغىشلاندى. بۇ مەزگىلدە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىمىزدىكى نۇرئەخمەت، ئادىل، مەن ئۈچەيلەن پىچان، تۇرپان ۋە لوپنورنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرىدا تىل تەكشۈرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خىزمەتتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ رايونلاردىكى مول مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى بىزنىڭ مۇھىم زىيارەت ئوبيېكتلىرىمىز بولدى .

3–ئىيۇل بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن پىچان بېكەتكە يېتىپ كەلدۇق. بېكەتتىن چىقىشىمىزغا پىچاننىڭ قۇرۇق ئىسسىق ھاۋاسى يۈزىمىزگە ئۇرۇلدى .بېيجىڭنىڭ نەم ئىسسىق، دىمىق ھاۋاسىغا كۆنۈپ كەتكەن بەدىنىمىزگە ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ئوت ئىسسىقى ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرگەندى. پىچان ناھىيەسىنىڭ پىچان يېزىسىغا قاراشلىق كېچىك ئىسمىدىكى مەھەللىگە جايلاشقان ساۋاقدىشىمىز ئەيساجاننىڭ ئۆيى بىزنىڭ پىچان سەپىرىمىزدىكى تۇرالغۇ بولدى. پىچاندا مەن بىر قانچە جايدا بىر جەمەتنىڭ بىر رايوندا بىر مەھەللە تەشكىل قىلىپ ئولتۇرغىنىنى، ئېنىق بولمىغان پاسىل تاملار ئارقىلىق يېقىن تۇغقاندارچىلىق قوشۇلغان قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى بايقىدىم. مانا بۇ كېچىكتىمۇ ئەيساجاننىڭ ئۆيى ئاخۇن كورەسى دەپ ئاتالغان بىر مەھەللىگە جايلاشقان بولۇپ، يۇرتنىڭ ئاخۇنى چىققان بۇ مەھەللە شۇ نامدا ئاخۇن كورەسى ياكى كورە مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ يەردە بۇندىن باشقا تاشچىلار مەھەللىسى، تەلۋىلەر مەھەللىسى، مۇجاڭ مەھەللىسى دېگەندەك جەمەتلەر بويىچە ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەر بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پىچاندا ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا ئالاھىدە چوڭ ئىكەن.

– 4ئىيۇل ئەيساجاننىڭ يول باشلىشىدا مەھەللە چېتىدىكى ئاق تېرەك خوجامنى بويلاپ جايلاشقان قەبرىستانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، قۇمتاغقا كىردۇق. رەھىمسىز قۇمنىڭ بىر مۇنچە قەدىمكى قەبرىلەرنى بېسىۋالغانلىقى قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان بەزى قەبرىلەرگە قاراپ بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئاياغلىرىمىزنى سېلىۋېتىپ قۇمتاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرىغا قاراپ يۈگۈردۇق. كەچقۇرۇن ۋاقىتلار بولغاچقا قۇمنىڭ ئاياغنى كۆيدۈرگۈدەك كۈچى قالمىغانىدى. قۇمتاغنىڭ يانباغىردىن پەسكە قاراپ سىيرىلدۇق، يانباغىردا يۈگۈرۈپ ئوينىدۇق. قۇمتاغدىن شۇنداق ئېشىپ بېرىپ، « تىنماس كولدۇرما » دەپ ئاتالغان قۇمتاغ سەيلىگاھىغىمۇ كېلىپ قالدۇق. بۇ دۆلەت دەرىجىلىك A4 دەرىجىلىك ئارامگاھ ھېسابلىنىدىكەن. ئادەتتە بۇ يەر قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالانغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى ئورۇن ھېسابلىنىدىكەن. قۇمدىن ياسالغان تۈرلۈك ھايۋان ۋە ئىنسان ھەيكەللىرى بىزنى ئۆزىگە تارتىپ يېنىغا ئېلىپ باردى. يېنىغا بارغىنىمىزدا ئاسانلا ئۆرۈپ كەتكەن بۇ قۇم ھەيكەللەر ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقاتقانىدى. سەيلىگاھنىڭ باشقا جايلىرىنى ئايلاندۇق. سىرتقا چىققىنىمىزدا بەش – ئالتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇم رەڭگىدە چوڭ قىلىپ ياسالغان، ئۈستىگە تۈرلۈك رەسىملەر ئويۇلغان تۆگە شەكلىدىكى دەرۋازىنى كۆردۇق. بۇ باغنىڭ ئۇدۇلىدىكى يولنىڭ ئىككى چېتىدە تىپىك شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتكەن تۇرالغۇ ئۆيلەر ئورۇن ئالغانىدى. بۇ ئۆيلەرگە قاراپ تولىمۇ سۆيۈندۈم. پىچان ساياھەت مەدەنىيەت مەيدانىغا بېرىپ، چىراق يورۇقىدا ئۇسسۇل، تانسا ئويناۋاتقان خەنزۇلارنى كۆردۇق. ئۇ يەردىن قايتقۇچە كەچتىكى سوغۇق ھاۋا تېنىمىزنى جۇغۇلدىتىۋەتتى. پىچاندا ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى قومۇل ئۆيلىرىدىن ئانچە بەك پەرق قىلىپ كەتمەيدىكەن. دەرۋازىلىرى چوڭ بولغاندىن باشقا دەرۋازىلارغا تۈرلۈك شەكىللەردىكى رەڭدار گۈللەر سىزىلىپ نەقىشلىنىدىكەن. يۈرۈش – تۇرۇش، يېمەك – ئىچمەكتىكى ئادەتلىرىدە، گەپ – سۆز، شېۋە ئالاھىدىلىكلىرىدە قەشقەر شېۋىسىنى ئاساس قىلغان ئەدەبىي تىلنىڭ ۋە قەشقەر رايونىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ قومۇلغا قارىغاندا كۆپرەك ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ تەسىرنىڭ غەربكە سىلجىغانچە ئېشىپ بارغانلىقىنى ھېس قىلدىم. لوپنور رايونىدا لوپلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنىڭ ئورنىغا ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا ئورتاق بولغان ئادەتلەر سىڭىپ ئۆزىنىڭ خاس مەدەنىيىتىنى يوقىتىپتۇ. مەدەنىيەتتە بىرلىككە كېلىش بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئەلۋەتتە پايدىلىق. بىراق مەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا نوپۇستىكى ئەۋزەللىككە تايىنىپ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىۋاتقان، قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كېڭىيىشىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىغا نىسبەتەن مۇتلەق پايدىلىق دەپ تونۇمايمەن. چۈنكى گەرچە جەنۇبىي شىنجاڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمى جايلاشقان تۇپراقلار بولسىمۇ، بۇ تۇپراقلاردىكى ئېتنىك گەۋدىنىڭ مۇرەككەپلىكى، پارس – تاجىك مەدەنىيىتى تەسىرىنىڭ بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇشى ۋە باشقا تىللارنىڭ تەسىرىدە تىل جەھەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ماسلىشىش قائىدىلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئېغىرلىقى، شۇنداقلا سوپىزمچىلارنىڭ نوپۇزى ۋە تەسىرىنىڭ يۇقىرىلىقى. . .قاتارلىق تۈرلۈك ئەنئەنىۋى ئامىللار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىغا سەلبىي تەسىرلەرنىڭ ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا قومۇل، تۇرپان، لوپنور رايونلىرىدا، جۈملىدىن كۈنچىقىش ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا ئۇيغۇر

تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ خېلى قەدىمىي ۋە ساپ ھالىتى ساقلانغان. بۇ خىل ئەۋزەللىكنى ئومۇمىي ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئېلىپ كىرىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش لازىم.

– 5ئىيۇل .تەكشۈرۈشىمىزنى رەسمىي باشلىدۇق. ئەيساجاننىڭ ئاكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن كەلگەن يەنە بىر تۇغقىنى بولغان ئاكىمىز ئۆزىنىڭ بولكۋاي ماشىنىسى بىلەن بىز ئۈچۈن خىزمەتتە بولدى. ئالدى بىلەن دىغار يېزىسىغا باردۇق. دىغار ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ بىر قەدەر چەت رايونغا جايلاشقانلىقى، بۇ سەۋەبتىن يەرلىك شىۋە ۋە ئادەتلەرنىڭ ساقلىنىپ قېلىنىشىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن بۇرۇندىنلا تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن يۇرت. لۈكچۈن بازىرىدىن ئۆتۈپ يەنە چۆللەرنى كېسىپ ئۆتۈپ كۆرۈنگەن يېشىل بوستانلىق بىز ئىنتىلگەن يۇرت دىغار ئىدى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا » شىنجاڭ يازغۇچىلار تورى » دا « دىغارىستان » دېگەن تېمىدا بىر داستان كۆرگەن ئىدىم .شۇڭىمۇ بۇ يۇرت ماڭا ئالاھىدە چوڭدەك بىلىنىشى كېرەكتەك ئىدى. ئەپسۇسكى، مەن بۇ چوڭلۇقنى ھېس قىلالمىدىم. چۈنكى بىز يۇرتنىڭ بېشىغىلا جايلاشقان ئەيساجانلارنىڭ تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگىلا چۈشتۇق. بۇ ئۆيدە يېشى يەتمىشتىن ھالقىغان بىر بوۋىمىز بىزنىڭ تەكشۈرۈش ئىشلىرىمىزغا ياردەملەشتى. ئۇنىڭ ياردىمىدە دىغار يېزىسى شېۋىسى ھەققىدە خېلى چوڭقۇر چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇپلا قالماي بۇ يۇرتنىڭ توي ئۆرپ – ئادەتلىرى ھەققىدىمۇ مەلۇم تونۇش ھاسىل قىلدۇق. ئۆزىمىز تەييارلىۋالغان بەزى سۆزلەرنىڭ مەزكۇر رايوندا تەلەپپۇز قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە ئىلگىرى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان مۇتەللىپ ئاكا بىزگە ياردەمدە بولدى. ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق ئوماق ئوغلى لۇتپۇللا بىزگە ئانىسى يازغان « ئوغلۇم لۇتپۇللا » دېگەن شېئىرنى ناھايىتى راۋان يادقا دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگىنىدە بۇ بالا لۇتپۇللا مۇتەللىپكە قايىللىق ئىلكىدە ئىختىيارسىز سوقۇلغان چاۋاكلىرىمىز بىلەن ئۇنى تەبرىكلىدۇق. ئاتىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ئۇ بۇ شېئىرنى قايسىدۇ بىر مۇسابىقىدە ئوقۇپ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىكەن. تۇرپان شىنجاڭ بويى ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان رايون. تۇرپاننىڭ ئىچىدە يەنە دىغارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لۈكچۈن رايونى ئەڭ ئىسسىق ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا بۇ جايدا ئىيۇل ئېيىنىڭ ئەمدىلا كىرگەن بولۇشىغا قارىماي ئۈزۈملەر پىشىپ كەتكەنىدى .دىغاردا تۇنجى قېتىم ئىيۇلنىڭ بېشىدا ئۈزۈمگە ئېغىز تەگدۇق. ئىگىلىشىمىزچە لۈكچۈندە مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئۈزۈملەرنى ھۆل پېتى ساندۇققا قاچىلاپ سېتىش ئىشلىرى باشلىنىپ كېتىپتۇ. ھەممە ئادەم ئەنە شۇ مەشغۇلات بىلەن ئالدىراش ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن قەدىمىي يۇرت لۈكچۈننى تەپسىلىي كېزىش ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشماي قالدى. دىغاردىكى مەشغۇلاتلىرىمىز تۈگىگەندىن كېيىن پىچان ناھىيەسىنىڭ يەنە بىر چوڭ بازىرى لەمجىنگە قاراپ يول ئالدۇق. لەمجىننىڭ چۈۋانقىر دېگەن يېرىدىكى بۇ يەردە تۆت نەپەر مويسىپىت بىزنىڭ تەكشۈرۈش ئىشلىرىمىزغا ھەمكارلاشتى. بىزگە لەمجىندە مەشھۇر بولغان يەتتە قىز مازىرى توغرىلىق ئاجايىپ پاراڭلارنى قىلىپ بەردى. بۇ مازارلىققا پەرەنت كۆرەلمىگەن ئاياللار ھەر پەيشەنبە كۈنى ئاخشىمى بېرىپ چىراق يېقىپ قويىدىكەن، شۇنداق قىلسا پەرزەنتلىك بولۇش ئۈچۈن سەۋەب قىلغان بولۇپ. بەزى ئايالالار شۇ قىلغان سەۋەبى تۈپەيلى پەرزەنتلىكمۇ بولۇپ قالغانىكەن. بۇ يەتتە قىز رىۋايىتى ھەققىدە گەپ بولۇنغاندا بۇ قىزلار كۇپپارلارغا قارشى ئۇرۇشتا يالقۇنتاغدىن قېچىپ سىڭگىم تېغىغا كەلگەندە بىرى ھېرىپ قېلىپ شۇ يەردە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ، مېنى كۇپپارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشەرگەندىن تاشقا ئايلاندۇرۋاتساڭ، دەپ تەڭرىگە يالۋۇرغاندىن كېيىن شۇ يەردە تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. قالغان ئالتىسى قېچىپ مۇشۇ لەمجىنگە كەلگەندە سۇسىز تاقىر تاغ بولغانلىقتىن ئۇلارمۇ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ يەردە تاشقا ئايلانغان تۈگمەن، قاچا – قۇچا، سۇپرا دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىكەن. ئۇلار كېچىسى تىرىلىپ ئۈستەڭبويىغا چۈشۈپ شۇ يەردە تۇرۇپ قاچا – قۇچا بىر نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، كۈندۈزى يەنە تاشقا ئايلىنىپ كەتكۈدەك دېگەن رىۋايەتلەر بار ئىكەن .ئىلگىرى زامانلاردا بۇ يەتتە قىزنىڭ مازىرى ئالدىدىن ئېشەكلىك ئۆتكەن كىشىلەر ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئېشەكتىن چۈشۈپ پىياق ماڭار ئىكەن. ھازىرمۇ بۇ مازارغا قارايدىغان شەيخلەر بار ئىكەن ۋە بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر – چىراقلار بولۇپ تۇرىدىكەن. بۇ خىل يەتتە قىز نامىدا ئاتالغان مازارلاردىن قومۇلدىمۇ بىرى بار ئىكەن. ئۇچتۇرپاندا جىگدە يېغىلىقىدا قۇربان بولغان يەتتە قىزنىڭ مازىرىمۇ ئۇلارنىڭ نامىغا مەڭگۈلۈك قەھرىمانلىق قىسسىلىرىنى بىزگە ئاڭلىتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. قومۇلدىكى ۋە بۇ يەردىكى يەتتە قىزلارنىڭ ھېكايىسى ئاساسەن ئوخشاپ قالسىمۇ بىراق بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئېنىق تارىخىي يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرۈش ئىمكانىيىتى يوقالغان .

لەمجىندىكى ئىشلىرىمىزنى ئۇتۇقلۇق ئاياغلاشتۇرۇپ قايتقانىمىزدا كۈن مەغرىبكە پېتىپ شەپەق نۇرى ئىچىدە دۇنيا بىلەن خوشلاشماقتا ئىدى.

كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئەيساجاننىڭ ئاتىسى بىلەن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ دەپنە، توي – تۆكۈن ۋە

باشقا ئۆرپ – ئادەتلىرى ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. بۇ جەرياندا پىچاننىڭ ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچە يۇرتلارنىڭمۇ بەزى ئادەتلىرىدە يەرلىك مەھەللىۋى پەرقلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى، ئەمما زامانىنىڭ تەرەققىياتى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى سەۋەبلىك بۇ خىل پەرقلەرنىڭ يوقاپ كېتىپ بارغانلىقىدەك ئومۇمىي يۈزلىنىش ئايان بولدى.

– 6ئىيۇل. پىچان ناھىيەسىگە قاراشلىق تۈيۇق يېزىسىغا باردۇق. بۇ يېزا پىچان ناھىيەسىنىڭ 40 كىلومېتىر غەربىي جەنۇب قىسمىغا، ئىدىقۇت تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئىدىقۇت تېغىنى شىمالدىن جەنۇبقا توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان تۈيۇق جىلغىسى جايلاشقانىكەن. بۇ جىلغا ئىچىدە غول سۈيىنى بويلاپ يېشىللىق شەكىللەنگەنىكەن. ئىلگىرى تاغ باغرىدىن ئۆرۈن ئالغان تاشيول يوق چاغلاردا كىشىلەر ئېشەك بىلەن مانا شۇ جىلغىدىكى غولنى ياقىلاپ ماڭاتتىكەن. گىياھ چاغلىق نەرسە كۆرۈش مۇمكىن بولمىغان تاقىر تاغلار ئارىسىدىكى يېشىللىق كىشىگە تەبىئەتنىڭ سۇ بار يەردە ھاياتلىق بار، دېگەن ساداسىنى يەتكۈزىۋاتقاندەك بىلىنىدىكەن. تاغلار مىڭ يىللار مابەينىدىكى تۈرلۈك گېئولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە ئاجايىپ شەكىللەرگە كىرگەن بولۇپ خۇددى قۇياش ئېرىتىپ شۇ خىل ھالەتكە ئەكېلىپ قويغاندەك تەسىر بېرىدىكەن. تاغ يولى بىلەن تۈيۇق يېزىسىغا يېقىنلاشقاندا ئاۋال بولۇپ « ئەسھابۇلكەھف » دەپ ئاتالغان مازارنىڭ تام بىلەن قورشالغان قەدىمىي ئۇسلۇبتىكى بىنالىرى كۆزگە چېلىقىدىكەن. ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار كەنتى بولغان مازار ئالدى كەنتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى كۆزىتىپ چىقتۇق. دېگەندەك بۇ يۇرتتا سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىر قاراشتىلا كەم دېگەندىمۇ يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخقا شاھىت ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. يولنىڭ شىمالىي قاسىنقىغا قەدىمكى قەبرىلەر جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردىن كۆنچىقىشقا قارىغىنىمىزدا تۈيۈقتىكى « كىچىك مەككە » دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئەسھابۇلكەھف ۋە تۈيۇق مىڭئۆيلىرىنىڭ يولى بار ئىدى. جەنۇب تەرەپتە بولسا تۆت مۇنارلىق يېشىل مەسچىتنى مەركەز قىلغان ئاھالىلەرنىڭ ئۈزۈن تارىخقا ئىگە تۇرالغۇلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قەدەملىرىمىزنى ئەسھابۇلكەھف تەرەپكە ئالغىنىمىزدا بىزدىن ئازراق بۇرۇنلا بۇ جايغا چۈشكەن يىگىرمىدىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان زىيارەت ئۆمىكىنى كۆردۇق .ئۇلار خوتەندىن بۇ يەرگە ئەسھابۇلكەھفنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر ئىكەن. يول بويىغا ياسالغان سايىۋەنلەر ئاستىدا تۈرلۈك يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىپ ئولتۇرغان، چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان مومىلىرىمىز ئولتۇراتتى.

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن يىلدا سوغۇقنى سوغۇق دېمەي، ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەي نۇرغۇنلىغان تاۋاپچىلار كېلىپ بۇ يەر ــ « ئەسھابۇلكەھف مازىرى » نى زىيارەت قىلىپ كېتىدىكەن .چۈنكى ئەسھابۇلكەھف ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى « قۇرئان » دا نامى زىكرى قىلىنغان نام بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى « غار كىشىلىرى » دېگەنلىك بولىدۇ. 19 – ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق تاتار ئالىمى قۇربان غالى خالىدى ئۆزىنىڭ 1889 – يىلى قازاندا نەشر قىلدۇرغان « تارىختىن يېڭى خاتىرىلەر » (‹كىتاب تارىخ جەرىدەئى جەدىدىيە ›) ناملىق سەپەر خاتىرىسىدە ئۆزى يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن تۆۋەندىكى رىۋايەتنى يەرلىك خەلقتىن خاتىرىلەپ ئالغان.

« بۇ غارنىڭ ئەڭ ئاۋال مەلۇم بولۇشى جاھىلىيەت زامانىدا بولۇپ، شۇ زامان كىشىلىرى ئۆز ئادەتلىرى بويىچە ھۆرمەتلەپ تاۋاپ – ئىبادەت قىلىپ كەلگەن. سۇلتان سىدىق (ساتۇق) بۇغراخان ئەسرىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن چاغداد ئىسلام ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن غارنىڭ تارىخى ياكى يېڭى ئىمارەتلىگىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، كاپىرلارنىڭ بۇتخانىسى دەپ يېنىدىكى ئۆي – ئىمارەتلىرى بىلەن بىرگە بۇزۇپ تاشلىغان. شۇ چاغدا غارنىڭ ئىچىگە كىرگەن كىشىلەرگە بەزى ئاجايىپ ئىشلار كۆرۈنگەنمىش. بۇ سۆزلەر خەلق ئارىسىدا تارىلىپ مەجلىسلەردە سۆزلىنە – سۆزلىنە يۇقىرى تەبىقە باشلىقلارنىڭ قۇلاقلىرىغا يېتىپ ئۇلار بۇ غارنىڭ نېمە سەۋەپلىك زىيارەت ئورنى بولغان دەپ بۇرۇنقى ئىشلاردىن خەۋىرى بار كىشىلەردىن ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ سورىغاندا يەرلىك كىشىلەر: بىز شەيخلەردىن سورىغاندا ئۇلار › :ئاڭلىشىمىزچە بۇرۇنقى زاماندا بۇ دىياردىكى كىشىلەر تاغلارنى ئويۇپ ئۆي ياساپ تاغلىرى شەھەر، سەھرالىرى باغچا ھالىتىدە ياشاپ كەلگەن. بىر قانچە زاماندىن كېيىن بۇلارغا يېقىن ئەتراپىقا بەدەۋى – كۆچمەن خەلقلەر كېلىپ بۇلارنىڭ يەرلىرىنى ياياۋ، قىشلاۋ قىلىشىپ ئۆزلىرىنى بۇلاپ – تالاپ تۇرمۇشىنى قالايمىقان قىلغان. ئاخىرى بۇ بەدەۋىلەرنىڭ زۇلمىغا چىدارغا ھالى قالمىغاچ مىڭ يىلدىن ئارتۇق ياشىغان ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. كېيىن كۆچمەنلەر مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بۇ يەردىن كېتىپتۇ. ئۇلار كېتىپ، يەرلىرى بوش قالغاندىن كېيىن خەلق يەنە قايتىدىن كېلىپ ئانا ۋەتەنلىرىگە ئورۇنلىشىپتۇ.

ئاۋالقىدەك تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە ياشاپتۇ. كېيىنچە بۇلارنىڭ ئارىسىدىن دورغۇن ئىسىملىك بىر دانىشمەن كىشى چىقىپ، كۆپچىلىككە قاراپ: ‹ئۆيلىرىمىز تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە، ئېتىز – باغلىرىمىز تۆۋەنكى سەھرالاردا بولۇپ ياشىشىمىز توغرا ئەمەس. ئەگەر يەنە بىر دۈشمەن كېلىپ باغ = يەرلەرنىڭ يولىنى توراپ، ئۆيلىرىمىز بىلەن ئىككى ئارىغا كىرىۋالسا ئۇ چاغدا ھالىمىز يەنە ئاۋالقىدەك قىيىنلىقتا قالىدۇ .يەنە كۆچۈشكە مەجبۇر بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تېرىلغۇ، باغ يەرلىرىمىزگە كۆچۈپ بېرىپ ئۆيلىرىمىزنىڭ ئەتراپىنى قورغانلار بىلەن قورشاپ ئۆزىمىزنى ساقلاشنى بىلىسەك بىزنى دۈشمەن يېڭەلمەيدۇ› دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ.

ئۇنىڭ پىكرىنى ھەممە ماقۇل كۆرۈپ ئالدى بىلەن ئاستانا شەھرىنى قۇرۇپتۇ. شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ سېپىل – قورغانلارنى سوقۇپ، تاغ ئۆڭكۈرىدىكى كىشلەرنى ھەممىسى كۆچۈپ كېلىپ جامائە بولۇپ بىر ياخشى شەھەر بىنا بولغان. ئاندىن كېيىن مەزكۇر دورغۇن بۇلارغا خان ئورنىدا ھاكىملىق قىلغان. ئۇنىڭ بالىلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا خان بولغان. ئېقىن سۇلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن كارىزنى قېزىپ تۇرمۇشنى ياخشىلىغان. شۇ ھالدا ئۆز ئامانلىقلىرىنى ساقلاپ تۇرغاندا ھىندىستان ياكى ئەجەم پادىشاھلىرىدىن بىرى ئەسكەر ئەۋەتىپ قورشىغاندا ئۆكۈزخان(ئوغۇزخان)غا خەۋەر بەرگەن. ئۆكۈزخاننىڭ ئۆزىنىمۇ ياكى ئوغلىمۇ دورغۇننىڭ قىزىنى ئالغان كۆيئوغۇل ئىكەن. ئۇ ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىپ دۈشمەننى يېڭىپ كۆپ ئولجىلار ئېلىپ غالىپ بولىدىكەن. شۇ بويىچە بۇلارنىڭ قورقۇنچاقلىقى باتۇرلۇقتا ئايلىنىپ ئاياقلىرى يەتكەن يەردىكى مەيلى كۆچمەن، مەيلى شەھەرلىك بولسۇن ماللىرىنى بۇلاپ، ئادەملىرىنى ئەسىر ئېلىپ قۇل قىلىپ، بۇ ئىشتىن كۆپ پايدا كۆرىدىكەن. ئاۋالقى تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك ھۈنەرلىرىنى تاشلاپ ئۇرۇش – تالاشقا مەشغۇل بولىدىكەن. ئاز ۋاقىت ئىچىدە خەلقى كۆپىيىپ دۆلەت تەرەققىي تاپىدىكەن .ئاندىن تۇرپان شەھرىنى قۇرۇپ ئۇنى پايتەخت قىلىپ كۆپ زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن سىرتقى ياقدىن بىر زالىم پادىشاھ بۇلارنى باشقۇرۇپ تەختكە چىقىپ، دۆلەتكە مەغرۇرلىنىپ خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىكەن. كىشلەرنى ئۆزىگە تېۋىنىشقا مەجبۇرلايدىكەن .ئەمرىگە بويسۇنمىغانلارنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرىدىكەن. زۇلۇمى ئارقىلىق خەلقنى سۆزىگە كۆندۈرىدىكەن. بەزىلەر بويسۇنىدىكەن، بەزىلەر شۈبھە بىلەن بولسىمۇ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ خۇدا دەپ سەجدە قىلىدىكەن. بۇ ئارىدا شۇ شەھەرنىڭ ئابرويلۇق كىشلىرىدىن ياكى پادىشاھنىڭ يېقىن كىشلىرىدىن ئالتە يىگىت بويسۇنماي تاغقا چىقىپ كېتىدىكەن. يولدا بىر قويچى ئىتى بىلەن بۇلارغا قوشۇلۇپ بۇ غارغا كىرىپ ئۈچ يۈز يىل ئۇخلاپ ئاندىن ئويغىنىدىكەن. كىشلەرگە بىلىنگەندىن كېيىن يەنە بۇ غارغا كىرىپ ئۇخلاپ قالىدىكەن. بۇلارنىڭ مۇنداق ھاللىرى ئايان بولغاندىن كېيىن ھۆرمەتكە، ئىززەتكە لايىق كۆرىستىپ ئىشىكىگە بىنالار ياساپ بارا – بارا تاۋاپ قىلىپ ئىبادەتخانىغا ئايلاندۇرغانىكەن. بۇ غارنىڭ ئۆتمۈشى شۇنداق› دەپ سۆزىنى تۈگەتكەن.

بۇنى ئاڭلىغان كىشلەر ئەجەپلىنىپ تۈرلۈك پىكرلەرنى ئويلاپ بەلكى » قۇرئان » دا ئېيتىلغان ئەسھابۇل كەھفنىڭ غارى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ھېكايىنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇلارغا ئىشەنگەن كىشى دىنسىز، بۇتپەرەس قولىدا بولسىمۇ خورلۇقتا، تۆۋەنلىكتە بولمايدىكەن، بارلىق كىشلەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدىكەن.»«

قۇربان غالى خالىدى بۇ رىۋايەت بىلەن بىرگە بۇ غارنىڭ ئەسھابۇلكەھف ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ يەتتە تۈرلۈك دەلىلنى ئوتتۇرىغا قويغان. قۇربان غالى خالىدى بىلەن دەۋرداش بولغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ » تارىخي ھەمدىي » ئاتلىق كىتابىنىڭ « كونا تۇرپان » دېگەن قىسمىدا مانا شۇ » ئەسھابۇلكەھف » مازىرى ھەققىدە كۈچلۈك دەلىللىك پاكىتلار بىلەن ئەسھابۇلكەھف غارى ۋە مازىرىنىڭ بۇ جايدا ئەمەسلىكىنى، بۇ جايدا بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ جاينى تاۋاپ قىلىشنىڭمۇ ئىسلام دىنىنىڭ توپ پىرىنسىپ ۋە ئەقىدىلىرىگە خىلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلىرىمىزدىن يەنە بىر بۆلۈك كىشلەر » ئەسھابۇلكەھف » نىڭ مۇشۇ جايدا ئىكەنلىكىگە مۇتلەق ئىشىنىدۇ ۋە بەزىلەرنىڭ تەبىرىدە ئۈچ قېتىم، بەزىلەرنىڭ تەبىرىدە يەتتە قېتىم زىيارەت قىلىش مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغانغا تەڭ بولىدۇ دەپ قارايدۇ، شۇڭا بۇ جاينىڭ « كىچىك مەككە » دېگەن نامى بار. بىز ئۇچراتقان خوتەندىن كەلگەن زىيارەتچىلەرمۇ ئەنە شۇنداق ئەقىدە ۋە ئىخلاس بىلەن كەلگەنىكەن.

ھازىر مازارنىڭ بىر نەچچە شەيخى بار ئىكەن. ئۇلاردىن بىرىنىڭ باللىرى دۇكان ئېچىۋاپتۇ ۋە كەلگەن زىيارەتچىلەر تاماق بۇيرۇتسا تاماقمۇ ئېتىپ بېرىدىكەن. بىزمۇ تاماق بۇيرۇتۇپ قويۇپ، بۇ قەدىمكى كەنتنى ئايلىنىش ئۈچۈن مازارنىڭ ئالدىدىن جەنۇبقا قاراپ ئېچىلغان پەلەمپەيلىك يول بىلەن جىلغا ئىچىگە چۈشۈپ كەتتۇق .يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بۇ كەنتتە كىشلەر غول سۈيىنى بويلاپ ئۇنىڭ ئىككى ياقىسىغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كۆۋرۈك

www.uyghurkitap.com



غولنىڭ ئىككى ياقىسنى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى .كىشلەرنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى يولنىڭ غول تەرەپتىكى ياقىسى ئۈچ تال چەكزە بىلەن قاشالانغان ئىدى. تاغ باغرىغا يانداپ سېلىنغان بىر نەچچە قەۋەتلىك كېسەك قۇرۇلمىلىق، ياغاچ پەنجىرىلىك ئۆيلەر جىلغىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى .كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ تاملىرى ئويۇقلار بىلەن تولغان ئۆيلەرگە چېقىلغان ئۆيلەرگە كىردۇق .تاملىرى ئىسلانغان بەزى ئۆيلەرنىڭ تورۇسى كېمىر ئۆي شەكلىدە ئېگىپ ياسالغانىدى. بۇ ئۆيلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، غولنى بويلاپ كۆنچىقىشقا ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىر كۆل كۆرۈندى. بۇ جاي كەنتتىكى تۇرالغۇلارنىڭ بىر ئۇچى ئىكەن. « تويۇق مىڭئۆيلىرى « دېگەن تاختىنى كۆرۈپ، تاغ يوتلىرىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا مىڭئۆيلەرنىڭ ئېغىزلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولدى. كۆلنىڭ ياقىسغا ياغاچ تاختاي بىلەن يول چىقىرىپ قويۇلغان ئىكەن، ئۇنى بويلاپ مېڭىۋىدۇق، ئالدىمىزنى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئاكىمىز توراپ، ئىچىگە كىرىسىڭىزلەر بولمايدۇ، ھازىر مىڭئۆيلەر خەتەرلىك بولۇپ قېلىپ تاقىۋەتتۇق، دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تونجى قېتىم ئۇچراشقان مىڭئۆيلەرگە سىرتتىن ھەۋەس ئىلكىدە قاراپ بۇ يەردىن قىيالماسلىق ئىلكىدە كەينىمىزگە ياندۇق. مېنىڭ بىلىشىمدە تۇيۇق مىڭئۆيلىرى بۇندىن **1700** يىللار ئىلگىرى قېزىلىشقا باشلاپ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىگە كەلگەندە قايتىدىن ياسالغان.

كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كۆنپېتىش تەرەپكە قاراپ يولنى بويلاپ ماڭدۇق. يولبويى ئېگىزلىكى تۆت مېتىردىن ئاشىدىغان ئىككى قەۋەتلىك لاي – كېسەكلىك ئۆيلەر ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇردى. شۇنداق مېڭىپ كېتىپ بارغىنىمىزدا ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ياغاچ پەنجىرىلىك دەرىزىلەرنىڭ ئاستىغىلا كىچىكلا ياغاچ خەنزۇ تىلىدا « گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيەچىسى فون لېكوك تۇرغان ئۆي » دەپ خەت ئويۇلغان قەدىمكى ئۆيدىن بىرى ئۇچقىدى. بۇندىن يۈز يىللار مۇقەددەم بۇ گېرمانىيەلىك مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر مىللىي يېزىقى بولغان ئورخۇن – يېنسەي يېزىقى ياكى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا قەغەزگە يېزىلغان يېگانە ئەسەر « ئىرق بىتىگ » ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان ۋە ئۇلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ئىلىم دۇنياسىغا بۇلارنى ئاشكارا قىلغان ئىدى .

تويۇق دېگەن بۇ يۇرتتا ساقلانغان قەدىمكى قۇرۇلۇشلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ قوچو خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ داۋام قىلىپ كەلگەن، ئەرەب – پارس ۋە باشقا ئەللەر مېمارچىلىق مەدەنىيتىنىڭ تەسىرىگە ئىنتايىن ئاز ئۇچرىغان، تېپىك ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى گەۋدىلەنگەن قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن سانىلىدىكەن .بۈگۈنمۇ ئولتۇراق ئۆي سۈپىتىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئەنئەنىۋىي ئۇسلۇبتىكى ئۆيلەرنى كۆرگىنىمدە بۇ خىل مەدەنىيەتنى بۈگۈنگە ئۇلاپ كەلگەن بۇ مېھنەتكەش خەلقىمدىن ئالەمچە سۆيۈندۇم. ئەسھابۇلكەھف مازىرى بىلەن بىرگە بۇ يەردىكى قەدىمىي ئۆيلەر ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بىر زىيارەت قىلىشىغا ئەرزىيدىغان مۇقەددەس جايلاردىن سانالسا ھەرگىز ئارتۇق كەتمىگۈدەك. بۇنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىشقان چەتئەل ساياھەتچىلىرى پېۋغىرىم ئىسسىققا قارىماي تويۇقنىڭ كوچىلىرىدا بۇ ئۆيلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشىدىكەن. بىزمۇ كورىيەلىك ۋە باشقا چەتئەل سەيياھلىرى بىلەن نەچچە قېتىم دوقۇرۇشۇپ قالدۇق.

كۈن ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن زېمىنغا بېرىۋاتقان شۇ دەملەردە بۇ جاينىڭ ھاۋاسىمۇ قاتتىق قىزىپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ بىز سەپىرىمىزنى داۋام قىلدۇق. چېقىلىۋاتقان، چېقىلىشقا باشلىغان ئەنە شۇنداق قەدىمىي ئۆيلەرگە چوڭقۇر ئەپسۇسلۇق ھېسلىرى ئىچىدە ئاپپاراتنىڭ كامېراسىنى توغرىلىدۇق. گەرچە ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆيلەر بىر قەدەر ياخشى قوغدالغان ۋە باشقىدىن تەقلىد قىلىپ ياسالغان بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئۇزاقلاشقانچە قەدىمىي ئۆيلەر ئازلىمىسىمۇ، بىراق بۇزۇلۇۋاتقان ئۆيلەر ئۇچراپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىگە ياسالغان ئويۇقلار، كېمىر شەكلىدىكى شىپ(تورۇس)لار، ئىككىنچى قەۋەتكە قاتىرىغا قويۇلغان پەنجىرىلىك دەرىزىلەرگە قاراپ بۇ ئۆيلەر نېمىشقىمۇ ساقلاپ قېلىنمىغاندۇ دەپ ئىختىيارسىز ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم. چەتئەللەردە، ئاددىيسى بىز تۇرۇۋاتقان بېيجىڭ شەھىرىدىمۇ يەرلىك مىلللەتلەرنىڭ مىللىي ئۇسلۇبى نامايەن بولغان بىنالار بولسا ھەر قانچە مۇھىم شەھەر قۇرۇلۇشىغا تاقاشسىمۇ بۇزمايدىكەن. ئۆي باھاسى ناھايىتى يۇقىرى، جۇغراپىيەلىك ئورنى مۇھىم بولغان بېيجىڭ شەھىرىنىڭ بىرىنچى ئايلانمىسىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان بىر قەۋەتلىك « چاسا ئۆيلەر « نىڭ مانا بۈگۈنگىچە ئۆز رولىنى يوقاتماي مەۋجۇد بولۇشى سۆزىمىزگە دەلىل بولۇپ تۇرماقتا. تويۇقتىكى بەزى ئۆيلەر ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۇپىرىتىشىغا ئۇچراپ ئادەم ئولتۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغان بولۇشى كېرەك، بۇنداق ھالدا ئۇنىڭ ئەسلى قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا رېمونت قىلغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتىكەن .

تويۇقتىن چىققان مەشھۇر ياش يازغۇچى ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت ئاكىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ كەسپداش، دوستلىرىنىڭ

ياردىمىدە تۈيۈقنىڭ شار كەنتىدە تىل تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىزنى ئۇتۇقلۇق ئاياغلاشتۇرۇپ، پىچانغا قايتىپ بېرىپ، ساۋاقداشلىرىمىز ئەيساجاننىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ تۇرپان شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق . تۇرپان شەھىرىدە يەنە بىر ساۋاقدىشىمىز ئۆمەر بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بىرگە تاماق يېدۇق ۋە تۇرپاننىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق. بۇرۇنلا نامىنى ئاڭلىغان « ياشلار يولى » غا كىرگىنىمىزدە دۇنيا بويىچە بىردىنبىر شەھەر ئۈزۈم كوچىسى بولغان، ئۇزۇنلۇقى 2 كىلومېتىرغا يېقىن بولغان بۇ كوچىنىڭ كېچىدىمۇ ئۆز جەزبىنى يوقاتماي يەنىلا تۇرپاننىڭ ئىسمى – جىسمىغا لايىق ئۈزۈم ماكانى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

– 7ئىيۇل. كىتابلاردا نامىنى تولا ئاڭلاپ، ئۆزىنى كۆرۈشكە شۇنچە ئىنتىزار بولغان نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپىنىڭ بۇ قەدىمىي دىيار تۇرپانغا جايلاشقانلىقىنى بىلەتتىم. بۇ قېتىمقى تۇرپان سەپىرىمىزدە ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە نەمۇنە قالغان بۇ يادىكارلىقلارنى زىيارەت قىلىش مۇھىم مەزمۇنلاردىن سانىلاتتى. شۇڭا، ئەتىگەندىلا يازغۇچى ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ تەرىپىدىن « پاكلىق مۇنارى » (يازغۇچىنىڭ شۇ ناملىق رومانىنىڭ ماۋزۇسى) دېگەن نامدا ئاتالغان ئىمىن ۋاڭ مۇنارىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن تۇرپان شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۈزۈمچىلىك يېزىسىغا يۈرۈپ كەتتۇق. ئىمىن ۋاڭ ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ مۇرىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى نىياز خوجا ئاستانىدىكى ئەلپەتتاھ خوجام مازىرىنىڭ شەيخى بولۇپ، 18 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇ لۈكچۈننىڭ يەرلىك ۋاڭى ئاق سۇلتان (كېپىش ۋاڭ)نى ئۆلتۈرۈپ لۈكچۈننىڭ ۋاڭلىق ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋالىدۇ ۋە چىڭ سۇلالىسى بىلەن ھەمكارلىشىش يولىنى تاللاپ جۇڭغارلارغا قارشى تۇرىدۇ. كېيىنچە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقاچقا، ئىمىن خوجا جەمەتىگە ئەۋلادمۇ – ئەۋلاد داۋام قىلىدىغان جاساق تارخانلىق مەنسىپىنى بەرگەن. ئۇنىڭ ئوغلى 1770 – يىلى سۇلايمان ۋاڭ ھەر قايسى جايلاردىن قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ شۇنداق بىر مۇنار ياسىتىشقا باشلايدۇ. 1777 – يىلى قۇرۇلۇش پۈتكەندە ئىمىن ۋاڭ ئۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ۋاڭ بۇ قۇرۇلۇشنى ئاتىسىغا بېغىشلاپ ياساتقانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ ۋە مۇنارنىڭ خانىقا ئىچىدىكى ئىشىكى ئالدىغا چاغاتاي تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا خاتىرە ئۈچۈن تاش ئابىدە ياساتقان. بۇ ئابىدىدىكى چاغاتايچە يېزىلغان خەتلەرنى كوچىلاپ يۈرۈپ ئوقۇپ باقتىم. بىراق خەتلەر تۇتۇق بولغانلىقتىنمۇ ياكى ئەرەبچە، پارسچە تەركىبلەرنىڭ بەك كۆپ بولغانلىقىدىنمۇ ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىدىم.

ئىمىن ۋاڭ مۇنارى دەپ ئاتالغان بۇ ئۇيغۇر مېمارچىلىق مەدەنىيىتىدىكى كاتتا قۇرۇلۇش بۈگۈنكى كۈندە قەشقەر ھېيتگاھ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كۆرۈلمەكتە. بۇ ئابىدە خاراكتېرلىك ئىمارەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتقىنىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا بولماقتا ئىدىم. مۇنارنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يېتىپ ئۇيغۇرچە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا دەرۋازا ياسىلىپ، ئۈستىگە خەنزۇچە « سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى » دېگەن خەت ئويۇلغانىكەن. مەيدانغا كىرگىنىمىزدە 74 مېتىر ئېگىزلىكتىكى خىشتىن ياسالغان بۇ ھەيۋەت مۇنار كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ ئېنىق نامايەن بولۇشقا باشلىدى. مۇنار ئالدىغا ئىمىن خوجىنىڭ ياساق تۇتۇپ تۇرغان ھەيكىلى يېتىپ قاتۇرۇلغان بولۇپ كىشىگە ئاجايىپ مۇرەككەپ تۇيغۇلار بەخش ئېتەتتى. ئىمىن خوجا ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇرەككەپ سىياسىي كۆرەشلەر ئەۋجىگە چىققان زاماندا ياشىغان مۇرەككەپ شەخس. ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا خوجىلارنىڭ دىنىي جەھەتتىن قايمۇقتۇرۇشى، جۇڭغارلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە چىڭ سۇلالىسىدىن ئىبارەت قاتمۇ – قات سىياسىي بوھرانلار ئارىسىدا قالغان بولۇپ، ئىمىن خوجا ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ دىنىي نوپۇزى ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىغا تايىنىش يولىنى تاللىغان ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇشى ئۈچۈن كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە تۆھپىلەر قوشقان. مەسىلەن قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇرىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ شائىرلىرىدىن سانالغان ۋە ئەدەبىيات – سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ياراتقان. شۇ جۈملىدىن ئىمىن خوجىنىڭ شەنىگە ئوغلى سۇلايمان خوجا سالدۇرغان بۇ مۇنارمۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇنارنىڭ ئۈستىدىكى پەنجىرىسىدىن باشقا جايىغا ياغاچ ئىشلىتىلمىگەن بولۇپ، پۈتۈنلەي گۈللۈك نەقىشلەنگەن خىشلار بىلەن قوپۇرۇلغان بۇ مۇنار ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مېمارچىلىقتا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىگە شاھىت بولۇپ تۇرماقتا.

مۇنارنىڭ يېنىدا ھەيۋەت دەرۋازىلىق مەسچىت ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ جۈمە مەسچىتلىرى مانا

BABUR

www.uyghurkitap.com



مۇشۇ جايدا ئوقۇلىدىكەن .مەسچىتنىڭ ئىچىدىكى سەككىز قىرلىق يىگىرمە سەككىز تۈۋرۈك، مەسچىتنىڭ ئىچىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ياسالغان ئوتتۇرىدىكى ئىككى چوڭ پەنجىرىلىك تۆگلۈك، ئىككى يانغا ياسالغان 48 ھوجرا مەسچىتنىڭ ئىچىگە ئازادىلىك بەخش ئېتىپ تۇراتتى. تاملارغا چىقىرىلغان ئويۇقلار، ھوجرىلارنىڭ ئىشىكلىرىدىن يېغىدىن سۇۋاالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەسچىتتىن چىقىپ مۇنارنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇق. جەنۇب تەرىپىگە يېغىدىن ياسالغان قەبرىلەر ئورۇن ئالغان بولۇپ، قەبرىدە ياتقان كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەزى قەبرىلەرنىڭ ئۈستى ئېھرام شەكلىدە، بەزىلىرىنىڭ ئۈستى تۇلۇق شەكلىدە ياسىلىپ ئالدىغا كىچىك گۈنبەز ياسالغان ئىدى. گۈنبەزنىڭ تەكچىسىدە چىراق ياغقانلىقنىڭ ئىزناسى بار ئىدى. ئۇ يەردىن خانىقانىڭ كەينىگە ئۆتكىمىزدە ئىككى چوڭ گۈنبەزنى كۆردۇق. گۈنبەزنىڭ ئىچىگە كىرگىنىمىزدە تۇلۇق شەكلىدە ياسالغان چوڭ قەبرىنىڭ باش تەرىپىگە رەختلەر قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەنچە دوپپا كەيدۈرۈپ قويۇلغانىدى. گۈنبەزنىڭ ئىچىدىكى ئىككى بۇلۇڭغا يېقىپ قويۇلغان بىر قانچە كىچىك چىراق پىلىلداپ يېنىۋاتاتتى. چىراقنىڭ ئىسسىدىن تاملار قارىداپ كەتكەنىدى .ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسىگە چىراق يېقىش تۇرپان رايونىدا مەۋجۇت بولغان بىر تۇرلۇك ئادەت ئىكەن. بۇنىڭ نېمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم.

ياناربىزدا يان تەرەپكە ياسالغان خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا « ئىنانچى خان مەھكىمىسى » دېگەن خەتلەر ئويۇلغان ئۇيغۇر مېمارچىلىق ئۇسلۇبىدا ياسالغان دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق .دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن قارىغىنىمىزدا قارىماققا تارىخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەت كۆرۈندى. بۇ تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ ئوردىسىنى قىياس قىلىپ باشقىدىن ياسالغان ئىمارەت بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

ئىمىن ۋاڭ مۇنارى ــ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ بۇ بۈيۈك ئابىدىسىدىن قىيالماسلىق ئىلكىدە ئايرىلىپ، قەدىمىمىزنى يارغول قەدىمي شەھرى تەرەپكە قاراتتۇق. يارغول قەدىمي شەھرى « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى « تەرىپىدىن دۇنيادا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمي، ئەڭ مۇكەممەل توپا قۇرۇلمىلىق شەھەر خارابىسى دەپ بېكىتىلگەن .

يارغول ــ كەلكۈن سۈيىنىڭ ئىككى تەرەپتىن ئېقىتىپ كېلىپ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان غول بولۇپ، ئىككى تەرەپتىكى غولنىڭ ئارىسىدا سۆگەت يوپۇرمىقى شەكلىدە شەكىللەنگەن ئۇزۇنلۇقى 1650 مېتىر، كەڭلىكى 300 مېتىر چوڭلۇقتا بىر قورۇقلۇق بار ئىكەن، يارغول قەدىمي شەھرى مانا شۇ قورۇقلۇق ئۈستىگە جايلاشقان، يار خۇددى بىرى تىلىۋەتكەن تىك بولۇپ، ئېگىزلىكى 30 مېترغا يېتىدۇ، بۇ جاينىڭ بۈگۈنكى يارغول دېگەن نامى شۇنىڭدىن كەلگەن.

يارغول قەدىمي شەھرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 – ئەسىردە ھون ئىتتىپاقىغا تەۋە قوشلار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ۋە قوش بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولغان. « خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى » دە، ئالدى قوش دۆلىتىدە

پادىشاھ يارغولدا تۇرىدۇ. دەريا سۈيى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، شەھەرنى ئايلىنىپ ئاقىدۇ. شۇڭا بۇ جاي جياۋخې(交

河 )، يەنى ئىككى دەريا قوشۇلغان جاي دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ خاتىرلەنگەن. مىلادى 5 – ئەسىردە

جوجانلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلى تۇرپان رايونىنىڭ مەركىزى گەرچە يارغولدىن يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئىزچىل ئۆزىنىڭ مۇھىم قورغانلىق رولىنى يوقاتمىغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بۇ ئورۇنغا جايلاشقان. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە قايدۇ توپىلىڭى يۈز بەرگەندە چاغاتاينىڭ ئەۋرىسى دوۋا يارغولنى 12 مىڭ ئەسكەر بىلەن ئالتە ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەھەر بارا – بارا خارابىلىششقا يۈز تۇتقان. بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى يوق بولۇپ، ھازىر 1000 ئېغىز ئۆينى ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى، ئېگىز يارلىقلارنى قېزىش، سوقما تام سوقۇش ئارقىلىق ياسالغان. شەھەر ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەرنى ئويۇپ ياسالغان. ئۆڭكۈر قېزىلىپ ھۇجرا ياسالغان. ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇلىرى بىلەن شەھەر كوچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۈز يەرنى ئويۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن. كوچا بىلەن دەرۋازىلىرى ئازادە ياسالغان. بۇ خىل جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا خاس ئۇسلۇپتىكى قۇرۇلۇش دۇنيا شەھەر قۇرۇلۇش تارىخىدىكى مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ. شەھەر جەنۇبتىن شىمالغا توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىنى بويلىغان ئولتۇراق ئۆيلەر ۋە مەركىزىي كوچىنىڭ ئۇچىغا جايلاشقان ئىبادەتخانا رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا بۆلۈنگەن. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ۋە ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى قۇدۇقنىڭ ئون مېتىر چوڭقۇرلۇقىدىن بايقالغان لەخمىنىڭ تارىخى يەنىلا سىر پېتى تۇرماقتا .

غولدىن كېسىپ ئۆتۈشمىزگە ئالدىمىزغا تىك يار ئۇچقىدى. يارنىڭ بىزگە قاراپ تۇرغان تەرىپىگە يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ خەرىتىسى ۋە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئۈچ خىل تىلدىكى چۈشەندۇرۇلۇشى يېزىلغان كىچىك تام ئورنىتىلغانىدى. ئەجدادلىرىمىز ئىككى مىڭ يىللار مۇقەددەم يار ئۈستىگە بىنا قىلغان بۇ شەھەرگە ئېتىخارلىنىش ئىلكىدە قەدەملىرىمىنى قويغىنىمدا ئۇلارنىڭ ئەقىل – پاراسىتىگە تەھسىن ئېيتتىم. بۇ يەرگە مەملىكىتىمىز ئىچى – سىرتىدىن مىڭلىغان ساياھەتچىلەر كېلىپ بۇ ئانا زېمىندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۈگۈنگە ئۇلاشقان بۇ بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسىنى زىيارەت قىلىپ كېتىدىكەن. ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئەسلىدىكى شەھەر يولى ئاساسىدا خىش بىلەن تىزىپ مەخسۇس لىنىيەلىك يوللار ياسالغانىكەن. ئەنە شۇ يوللارنى بويلاپ شەھەر رايونىغا كىرىپ كەتتۇق. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىز سوقما تاملار، كېمىر ئۆي خارابىلىرى، ئىشىك دەرىزىلەرنىڭ ئىزنالىرى، قەدىمي سىرلىق قەلئەدەك كۆرۈنىدىغان يارلاردىن ئويۇلغان ئۆيلەر ئورۇن ئالغانىدى. يارغول قەدىمي شەھرىگە قەدىمىمىزنى ئالغان دەملەردىلا قۇياش ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورنىغا بېرىپ پۈتۈن نۇرى ۋە ئىسسىقنى قىلچىلىكمۇ ئايىماي ھەممىنى زېمىنغا بېرىۋەتكەندەك ئىدى .مېڭە قاينىغۇدەك ئىسسىق دېگەن گەپلەر يارغول قەدىمي شەھرىگە كىرگەن مۇشۇ دەملەردە رېئاللىققا ئايلانماقتا ئىدى. قەدىمي شەھەرنىڭ ئىچىدە دەرەخ چاغلىق نەرسە يوق بولۇپ ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە ئۇلاشقان بۇ بۈيۈك قۇرۇلۇشنى كۆرۈشكە بولغان ئىنتىلىش بىزنى باشقا بىر مۇنچە ساياھەتچىلەر بىلەن بىرگە شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كىرمەكتە ئىدى .بىراق شەھەر رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنچە ساياھەتچىلەر شالاڭلاشقا باشلىدى، شەھەرگە يەنە بىر ئاز كىرگەندىن كېيىن بولسا بىزدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەي قويدى .يەر ئاستى خان ئوردىسى دەپ ئاتالغان يەردىن تۆت – بەش مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئويۇپ ياسالغان ئۆيلەر توپىغا كىردۇق. خېلى مۇكەممەل ساقلانغان كېمىر ئۆيلەر ۋە يەر ئاستى ئۆتۈشمە كارىدورلىرى بۇ قەدىمي ئوردىنىڭ ھەيۋىتى ۋە سىرىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى .ئېگىز سوقما تاملارنىڭ تۈۋىگە ۋە كېمىر ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە دۆۋىلىنىپ قالغان قۇملار بۇ شەھەرنىڭ قۇمنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىغا شاھىت بولۇپ تۇراتتى.

ئىككى ئېرا بۇرۇنلا مۇشۇنداق مۇكەممەل، گۈللەنگەن شەھەرلەردە شەھەر ھاياتىنى سۈردۈرۈپ ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزدىن چەكسىز ئىپتىخارلانماقتا ئىدىم. شەھەرنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا قەدەر كۆرۈپ چىققۇم، ئەجدادلىرىمىز شەھەر ھاياتىنى سۈردۈرگەن بۇ مۇقەددەس تۇپراقلارنى قېنىپ ـ قېنىپ باغاشلىغۇم كەلدى. ئاپپاراتىنىڭ كۆزى بىلەن پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەممە كۆرۈنۈشىنى خاتىرە ئېلىۋالغۇم كېلەتتى. ئېگىز سوقما تاملارنىڭ ئارىسىدىكى شۇ قەدىمي كوچىلاردا يۈرگىنىمدە ئۆزۈمنى خۇددى ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتتە مىسلىسىز گۈللەنگەن شۇ دەۋرلەرگە قايتقاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم. ئۆزۈمنى پەن – تېخنىكا گۈللەنگەن بۈگۈننىڭ قوينىدا ئەمەس، قوش خانلىقنىڭ پايتەختى بولغان يارغول شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا يۈرگەندەك بولدۇم. تەسەۋۋۇرۇمدا پارچە تاملىرى قالغان ئېگىز – ئېگىز بىنالار ئەسلى سىياقىغا قايتماقتا ئىدى. بەش – ئالتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى قورشاۋ تام بىلەن قورشالغان ھەيۋەت ئىبادەتخانا رايونى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇۋاتقان راھىپلار، كوچىلاردا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ھون ئەسكەرلىرى كۆز ئالدىمدا ئايان بولماقتا ئىدى. دوستلىرىمنىڭ تۈۋلىشى بىلەن كاللامنى سىلكىۋېتىپ ئۆتمۈشنىڭ شانلىق سەھىپىلىرىدىن بۈگۈنكى شەھەر خارابىسىگە دىققىتىمنى ئاغدۇرغىنىمدا يەنىلا شۇنچە ئېگىز ۋە بەھەيۋەت ئىبادەتخانا تاملىرى ۋە بۇددا تەكچىسى ئويۇلغان بۇددا مۇنارلىرى شەھەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى .ئىبادەتخانىنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان يوللار، ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا ئېگىز تۆپىلىكتىن ئورۇن ئالغان قورغان، 4 مېتىر ئېگىزلىكتىكى، چوڭ ھوجرىلاردىن تەركىب تاپقان كۆزىتىش پەشتىقى يارغول قەدىمي شەھىرىنىڭ سۆلىتىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى .
يارغول قەدىمي شەھىرىنى كۆڭۈل ئېكرانىمىزغا ناھايىتى تەپسىلىي سىزىۋېلىپ، ئەجدادلارنىڭ شۆھرىتىنى نامايىش قىلغۇچى بۇ بىباھا مەدەنىيەت مىراسىمىزدىن قەدەملىرىمىزنى تەستە يۆتكەپ تۇرپان شەھرىگە قايتتۇق. پىلان بويىچە تۇرپان شەھرىگە كىرىپ « تۇرپان مۇزېيى » غا كىردۇق. تېخى يېڭىلا ئىمىن ۋاڭ مۇنارى، يارغول قەدىمي شەھرىگە ئوخشاش ئۇستى ئوچۇق مۇزېيلاردىن كەلگەچكىمۇ تۇرپان مۇزېيىنىڭ ئىچىگە تىزىپ قويۇلغان بويۇملار ماڭا تۇرپاندىن چىققان يادىكارلىقلارنىڭ ئالدىدا تولىمۇ پىخسىقلىق بىلەن قويۇلغاندەك بىلىندى. ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى نەپىس توقۇلغان كۆينەك، 3000 يىل بۇرۇنقى ئوق ۋە يا، 3000 يىل بۇرۇنقى چالغۇ ئەسۋابى غوڭقا، ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇنقى رەڭلىك ساپال ھەيكەللەردىن باشقا تۈزۈك دىققەتنى چەككۈدەك بىر نەرسە كۆرۈنمىدى. يەنە بىر زالدا كەركىدان تاشقاتمىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ زال مېنى تېخىمۇ قىزىقتۇرالمىدى. دۆلەت 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېڭىدىن قۇرغان بۇ ھەشەمەتلىك مۇزېيدىن ئىستىگەن تەشنالىقىم قانمىغان ھالدا

BABUR

www.uyghurkitap.com



قايتىپ چىقتىم.
قۇياش بارا – بارا غەربكە قىيسىيۋاتقاچقا، سىڭگىمگە ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. سىڭگىم يېزىسىغا بارغۇچىلىك يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە نەزىرىمنى ئاغدۇرغىنىمدا بىر تەرەپ ئازراقمۇ گىياھ ئۈنمىگەن قاقاسلىق، يەنە بىر تەرەپ ئۆزۈملۈكتىن بىنا بولغان يېشىللىق كۆرۈندى. يول خۇددى قاقاس چۆللۈك بىلەن يېشىل بوستانلىقنىڭ تەبىئىي پاسىلى بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. كىشىگە خۇددى كۆيۈپ كەتكەندەك تۇيغۇ بەخش ئېتىدىغان قىزىل ئېدىرلىق تاغلارنىڭ بىرىگە كەلگىنىمىزدە ئۆمەر بۇ يەرنىڭ سىڭگىم ئېغىزى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتى. بۇ يەرنىڭ بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى جايلاشقان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. 7– 6 ـ ، 7 ـ ئەسىرلەردىكى كۇي جەمەتى خانلىقىنىڭ بۇ ئەتراپتا شىنشىڭ ناھىيەسى تەسىس قىلغان ۋە زور كۆلەملىك ئىبادەتخانىلەرنى ياساتقانىدى. ئىبادەتخانا خارابىسى ۋە مىڭئۆيلەردىن تەركىب تاپقان بۇ يادىكارلىقىمىز ساياھەتچىلەرگە ئېچىلمىغانىكەن .سىڭگىم ئېغىزى ئىبادەتخانىسىنى كۆرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىپ ئۆتۈپ كەتتۇق .سىڭگىم يېزىسىنىڭ مەھەللە رايونىغا كىرگەندىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا ئۆمەرلەرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۆمەرنىڭ قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسىغا چاپلانغان ئىككىلىكچە بىر ۋاراقچىغا يېزىلغان خەت دىققىتىمىزنى ئالاھىدە چەكتى »:كاپالەتنامە
مەنكى –xx دۆي ئەزاسى xx بولۇپ يودلۇق تۇز ئىستېمال قىلىش تەكشۈرۈشىدە ئائىلەمدىن تاش تۇز ۋە تۇزلۇق كوزا بايقالسا، يود كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى بىلىشىم، يودلۇق تۇزنى ئىستېمال قىلىشىم، ھەم ئائىلە

تازىلىقىم ياخشى بولمىسا 100 يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە كاپالەت بېرىمەن دەپ :

**2010**–يىلى **7** – ئاينىڭ **12** ـ كۈنى« بۇ غەلىتە كاپالەتنامىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قالدىم .قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ھارپىسىدا قومۇلغا جىن شۇرېن تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئەمەلدار لىۇ سىجاڭنىڭ « قومۇل دىيارىدىكى ھەممە تۇز كانلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بازاردا ئۈچ تۇز دۇكىنى ئاچقانلىقى، ھەممە كىشىنىڭ كېرەكلىك تۇزنى شۇ دۇكانلاردىن ئېلىشقا بۇيرۇغانلىقى، ئەمما شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىنىڭ ھازىرغىچە تۇزنى بۇ دۇكانلاردىن ئالماي، لىۇ سىجاڭنىڭ تۇز سودىسىغا زىيان يەتكەنلىكتىن، شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەر ئىچىدىكى ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ، بىر چىمدىممۇ تۇز قويماسلىق، ھەممە تۇزلۇق قاپاقلارنى چېقىپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەنلىكى » ۋە بۇ بۇيرۇقنىڭ ئىجراسى نەتىجىسىدە بۇ قوۋۇق مەھەللىسىدە خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن چوڭ جېدەل چىققانلىقى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مەشھۇر تارىخىي رومانى « ئويغانغان زېمىن » نى ئوقۇغانلارغا مەلۇم. شۇ جېدەلنىڭ ئاخىرىدا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەيجىسى بولغان يۈسۈپ تەيجىمۇ لىۇ سىجاڭغا قارشى ھالدا :« بىز مۇسۇلمانلار تۇزنى ئىمان قاتارىدا مۇقەددەس بىلىمىز، سىلەر تۇزىمىزنى يەپ تۇزلۇقىمىزنى چاقساڭلار بۇنىڭغا قانداق تاقەت قىلغىلى بولسۇن، سىز بۇ ئىشتا سېنىڭ جاۋابكارلىقىڭ بار دەيسىز، بەرھەق، شۇنداق. ئەپسۇسكى، ۋەقەنىڭ ئۇستىدە ئۆزۈم بولماي قاپتىمەن. بولمىسا پۇقرانىڭ تۇزلۇقىنى چاققان قولۇڭ شۇمۇ دەپ چېرىكلىرىڭىزنىڭ قولىنى سۇندۇرۇپ ئاندىن ئالدىڭىزغا ئاپىرىپ بەرگەن بولاتتىم » دەپ ناھايىتى ئۆتكۈر سۆزلىرى بىلەن لىۇ سىجاڭنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇزنى ئۇلۇغلاشتەك ئەقىدىسىگە قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىگە زەربە بەرگەنىدى. توغرا، يودلۇق تۇز ئەجدادلىرىمىز بۇرۇندىن ئىشلىتىپ كەلگەن شورلۇق تۇزغا قارىغاندا نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. بۇنى باشقىچە يول بىلەن تەشۋىق قىلىپ ئاھالىلەرنى يودلۇق تۇز ئىشلىتىشكە كۆندۈرۈش ھەم مۇمكىن ئىدى. بۇنداق جەرىمانىلىق كاپالەتنامە يازغۇزۇش لىۇ سىجاڭنىڭ تۇزلۇقنى چاقمەن دېگىنىدىن پەرقسىز بىر ھەرىكەت بولۇپ قالغان بولۇپ، بىرلا كۆرگەن كىشىگە ناھايىتى سەلبىي تەسىر بېرەتتى.
بۇ يەردە ھەممە ئادەم سىرتتا ئۇخلايدىكەن. گاھىلىرى هارۋىدا، گاھىلىرى ئۈچ چاقلىق موتوتسىكلىتنىڭ ھارۋىسىدا يەنە گاھىلىرى ئۆگزىدە ياكى ھويلىدىكى كارىۋاتلاردا ئۇخلايدىكەن. بىزمۇ ئۆينىڭ كەينىدىكى ئېتىزلىقتا كارىۋات ئېچىقىپ شۇ يەردە ئاسمانغا قاراپ بۇخاراغا قاراپ يۇرۇپ كەتتۇق.
– **8**ئىيۇل. ئەتىگەندە مۇرتۇقنىڭ ئېگىز – پەس، ئوڭغۇل – دوڭغۇل يوللىرى بىلەن بېزەكلىك مىڭئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. تىك، قىزىل تاش چىرىندىلىرىدىن شەكىللەنگەن ئىدىقۇت تېغى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچ داستانىدا تىلغا ئېلىنىدىغان مۇقەددەس تاغ. داستاندا ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى تابغاچلار بىلەن ئۇرۇش توختىتىپ، تابغاچ ئوردىسىدىكى بىر قىزغا ئۆيلىنىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىسى بۇگۈنكى موڭغۇلىيەنىڭ قارا قۇرۇم تېغى ئېتىكىدە بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىدا قىيالىق بىر تاغ بولۇپ، ئىسمى « قۇت تاغ » ئىكەن. تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بەخت – تەلىيى شۇ قۇت تاغقا باغلىقكەن، دەپ

قاراپ، ئۇيغۇر قاغانىغا ئىلتىماس قىلىپ قۇت تاغنى يۆتكەپ كېتىشكە ئىجازەت بېرىشنى سورايدۇ .قاغاننىڭ رۇخستى بىلەن بۇ تاغنى سىركە ئارقىلىق ئېرىتىپ پارچىلاپ ئېلىپ كېتىدۇ، تاشلار يۆتكىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممە يەردىن « كۆچ – كۆچ » دېگەن ئاۋاز كېلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىدە قالايمىقانچىلىق چىقىپ، قاغانى ئۆلىدۇ، ھەممىلا يەردە كېسەل تارقىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ زېمىندىن كۆچۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار نەگىلا بارسا كۆچ دېگەن ئاۋاز توختىمايدۇ. ئاخىرى بۈگۈنكى ئىدىقۇت تېغى باغرىغا كەلگەندە بۇ ئاۋاز توختايدۇ. ئۇيغۇرلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىدىقۇت تېغى باغرىنى مەركەز قىلىپ ئۆز ئېلىنى باشقىدىن قۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇلۇغ، مۇقەددەس مەنىسىدىكى « ئىدى » سۆزىگە، بەخت مەنىسىدىكى « قۇت » سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان « ئىدىقۇت » بۈيۈك بەخت دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئۇنۋان نامى بولغان بۇ سۆز كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان بۇ تاغنىڭمۇ ھەم ئىسمى بولۇپ، ئىدىقۇت تېغى دەپ كەلگىنىدە ھەقىقەتەنمۇ بۇ تاغنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن كاتتا بەخت ئېلىپ كەلگۈچى تاغ ئىكەنلىكىگە قول قويىمەن. تۇرپان تەۋەسىدىكى تۇيۇق، سىڭگىم ئېغىزى ۋە بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدەك ئۇلۇغ مەدەنىيەت ھادىسلىرى، قوچو قەدىمي شەھىرىدەك ئۇيغۇر خانلىقىدىن قالغان بۈيۈك ئابىدە مانا شۇ ئىدىقۇت تېغى ئېتىكىدىن ئورۇن ئالغان.

بەزەكلىكتە قىزلار قىرقىن،

ئاتام قايدا تەرمۇ ئەركى.

بىز ئۆگەنگەن تۇغقانلارنى سېغىنىش مەزمۇن قىلىنغان بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر قوشىقىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ خاسىيەتلىك نام بېزەكلىك بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى بىلەن بىزگە تونۇش ئىدى .

بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ مۇھىم، ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى بولغان، ئەڭ ۋەكىللىك بۇددا دىنى يادىكارلىقى سانىلىدۇ. بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدە 70 غار مەۋجۇت بولسىمۇ، بۈگۈن ساياھەتچىلەر ئېچىۋېتىلگىنى پەقەت ئالتە. بىزمۇ ئەنە شۇ ئالتە غاردىكى تام سۈرەتلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن تاماشا قىلىش پۇرستىگە مانا بۈگۈن ئېرىشمەكتە ئىدۇق. مىڭئۆيلەر بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان شۇ مۇقەددەس ئىدىقۇت تېغىنى قېزىش ياكى كېسەكتىن غار شەكلىنى چىقىرىپ ياساش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن .بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى 7 – ئەسىردىن باشلاپلا ياسىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەنگەن. تام رەسىملىرى بۇددا دىنى مەزمۇنىنى ئاساس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئاز بىر قىسىم مانى دىنىغا ئائىت رەسىملەرمۇ بار. ئېچىۋېتىلگەن غارلارنىڭ ئالدىغا خىشتىن يول چىقىرىپ قويۇلغانىكەن . مىڭئۆيلەرنىڭ تاملىرى ۋە تورۇسلىرىغا تۈرلۈك مەزمۇنلاردىكى رەسىملەر سىزىلغانىكەن .تاملارنىڭ ئۇدۇلىغا قوغداش ئۈچۈن ئىككى مېتىرغا يېقىن ئەينەك جاھازا قويۇلغانىكەن .بۇ يەردىكى تام رەسىملىرى بۇندىن يۈز يىللار بۇرۇن گېرمانىيەلىك گىروندونېۋىل ۋە ئەنگىلىيەلىك ستەيىننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ جايدىن زور تۈركۈمدىكى تام رەسىملىرىنى ئويۇپ ئېلىپ چىقىپ ياۋروپا مۇزېيلىرىنى بېزىگەن. بىزگە ئېچىلغان غارلارغا قارىغىنىمىزدا بىرمۇ بۈت ھەيكىلى قالمىغان. ئەسلى بىر نەچچە غارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بۈت ھەيكىلى بولسا كېرەك. بىراق بۈگۈنلۈكتە ئۇنىڭ ئىزىدا قومۇرۇپ ئېلىۋېتىلگەن چالپاقلارلا قالغان. كۆپىنچە كىشى رەسىملىرىنىڭ يۈز قىسمى جىجاپ بۇزۇۋېتىلگەن، بەزىلىرى سۇۋۇۋېتىلگەن. بىز دائىم ئۇچرىتىدىغان بىر قانچە ۋەكىل خاراكتېرلىك تام رەسىمنىڭ سۈرىتى جاھازىغا ئېلىپ ئېسىپ قويۇلغان. بەزى رەسىملەرنىڭ پۈت قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، پۈتقا كىيىۋالغان راھىپلارنىڭ شىپىلقى ناھايىتى نەپىسلىك بىلەن سىزىلغان. تورۇسقا كىچىك رامكىلاردا نۇرغۇن بۇتلارنىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كۆرۈنۈشى سىزىلغان. بەزى رەسىملەردە ئىخلاس بىلەن تەلىم ئېلىۋاتقان، بەزىلىرىدە مۇنازىرە قىلىۋاتقان ۋە بەزىلىرىدە بۇددا رىۋايەتلىرى مەزمۇن قىلىنغان تۈرلۈك ئاجايىپ – غارايىپ كۆرۈنۈشلەر مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىدىن ئورۇن ئالغاندى. مىڭئۆي رەسىملىرىدىن ھەر قايسى ئەل كىشىلىرىنىڭ تېۋىنىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتكەن بىر پارچە رەسىم ئەينى ھالەتنى خېلى مۇكەممەل ساقلىغان ھالدا بولۇپ، بۇنىڭدا تۈرلۈك قىياپەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەرخىل چىراي ئىپادىلىرى روشەن ئەكس ئەتكەندى. بۇ رەسىمدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرگە ئېتىبار بەرگەنلىكى، جۇملىدىن ئۆزلىرىنىڭ يىپەك يولىدىكى مۇھىم رولىنى تولۇق ئوينىغانلىقىنى كۆرۈپ ئېلىش مۇمكىن. ئۇيغۇر يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سىياقى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرنى مىڭئۆينىڭ ئىچىدە كۆرۈپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇرۇندىنلا كىيىم – كېچەك، يۈرۈش – تۇرۇشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ قوللىرىغا كۆتۈرىۋالغان گۈللەردىن تەبىئەتكە بولغان مۇھەببەت ۋە گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. مىڭئۆيلەردىكى ھەر بىر پارچە رەسىم ئۇيغۇر مىللىي تارىخىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى

بىلدۈرگۈچى مۇھىم ھۆججەتلىك ماتېرىياللاردىن سانىلىدۇ. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بۈگۈنگىچە بۇ تۇپراقتا ساقلىنىپ قالغان ئازغىنا قىسمى بىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز قىممەتلىك يادىكارلىق بولۇپ، ئۇنى كۆزىمىزگە تۇتىيا قىلىپ سۈرسەك ھەم ئەرزىيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا ئۇيغۇرنىڭ مىڭ يىللار بۇرۇنقى سىماسى، مىڭ يىللار بۇرۇنقى تۇرمۇشى، مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئېتىقادى، قىسقىسى ئۇيغۇرنىڭ مىڭ يىللار بۇرۇنقى روھى يۇغۇرۇلغان .

چۈشتىن كېيىن تىل تەكشۈرۈشتىكى مۇھىم بازىمىز بولغان مۇرتۇقتا باردۇق. مۇرتۇقتا نىياز ئىسىملىك بىر چوڭ ئاتىمىز تەكشۈرۈش ئىشلىرىمىزغا ياردەملىشىپ بىزنى مول تىل ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن تۇرپاندىكى مەشھۇر مۇرتۇق خوجامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن چىقتۇق .ئېگىز تىك يارلارنىڭ ئۈستىدىكى تار يوللار مۇرتۇقنىڭ يەر شەكلىنىڭ تولىمۇ ئېگىز پەس ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى. مۇرتۇق خوجا مازىرى ئەنە شۇ ئوڭغۇل – دوڭغۇل يوللارنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىن ياراڭلىقلارنىڭ كەينىدىن ئورۇن ئالغانىكەن.

بۇ يەردىن قارىغاندا مۇرتۇق كەنتى ئاپئاق جەزىرىنىڭ ئارىسىدىكى بوستانلىق مەھەللىدەك كۆرۈنەتتى. مۇرتۇق غولى تار جىلغىلارنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىكەن. بۇ جىلغىلار مۇرتۇقنىڭ يەر شەكلىنى شۇنداق مۇرەككەپلىككە ئىگە قىلغانىكەن. مۇرتۇق خوجامدا ياتقان كىشىنىڭ ئىسمى ئابدۇلھەمىد بولۇپ، (قۇربان غالى خالىدىنىڭ خاتىرىلىشىچە) بۇ كىشى ئەسلى ھىندىستانلىق بولۇپ، ئەرەبىستاندا ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئاندىن ساياھەت قىلىپ يۈرۈپ بۇ جايغا كېلىپ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى تەربىيەلەپ يۈرۈپ مۇشۇ جايدا يوق بولۇپ بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن. بىزنىڭ بىر قىسىم چوڭ ياشلىقلاردىن ئاڭلىشىمىزچە بۇ خوجام ئاستانىدىكى ئەلپەتتا خوجامنىڭ ئۇكىسى بولۇپ مۇشۇ جايدا يېتىشنى ئىختىيار قىلغانمىش. بۇ يەردە چوڭ بىر جۈمە مەسچىت بولۇپ، ئادەتتە جۈمە كۈنى كىشىلەر بۇ يەرگە چىقىپ ناماز ئۆتەيدىكەن. خوجامنىڭ ئەتراپىدا كونا قەبرىستانلىق بار ئىكەن. خوجامغا يېتىپ بارغىنىمىزدا كىشىلەر بىر قوينى سويۇۋاتقانىكەن. مازار ھويلىسىنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە ئاياللار نەزىر قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. شەيخنىڭ باشلىشىدا مازار ئىچىگە كىردۇق. بىر مۇنچە رەخت ئارتىلغان قەبرە ئانچە ئېگىز قوپۇرۇلمىغاندەك قىلاتتى. شەيخنىڭ گەپ – سۆزلىرىدىن ئۇ كىشىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە ئويۇن – تاماشىنى تاشلاپ زاھىدلىق يولىغا قەدەم بېسىپ بۇ جايغا چىقىپ شەيخ بولۇۋالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. تۇرقىدىن ئەللىكلەرگە يېقىنلاشقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ كىشىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتىم. بەلكى ئۇمۇ ئۆز ئىچىدە بىزگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندۇ .نەقەدەر ئاقكۆڭۈل بۈگۈننىڭ ئادەملىرى....

ـ 9ئىيۇل. ئەتىگەندە تۇرپاننىڭ قەدىمىي ئاستانىسى، ياق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئاستانىسى بولغان مۇقەددەس يۇرت ئاستانىغا قاراپ يول ئالدۇق. ئاستانا ـــ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى بولغان دىيار. قومۇلدىمۇ بىر ئاستانا بار، بۇمۇ بىر مەزگىللەر ئۇيغۇرلارغا پايتەخت بولغان جاي. بۈگۈنكى كۈندە قازاقىستاننىڭ پايتەختىمۇ ئاستانا. « ئاستانا » پارسچە سۆز بولۇپ، پايتەخت مەنىسىدە كېلىدىغان بۇ سۆز ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ .

بۇ يەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئاستانىلىق ساۋاقدىشىم ئەكرەم بىزنى كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغىلا جايلاشقان ئەلپەتتاھ خوجام مازىرىغا كىردۇق. ئەلپەتتاھ(ئالىپ ئاتا مۇ دېيىلىدۇ (خوجام مازىرىدا ياتقان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە خەلق ئاغزىدا تۈرلۈك رىۋايەتلەر تارقىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ئالىپ ئاتا خوجا(بىر رىۋايەتتە ئىمام مۇھەممەت ھەنىفەنىڭ 16 – نەۋرىسى، يەنە بىر رىۋايەتتە سۇتۇق بۇغراخاننى ئىسلامغا دەۋەت قىلغۇچى ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ئوغلى) تۇرپانغا كېلىپ كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا دەقيانۇسنىڭ شەھىرى دەپ ئاتالغان ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىدىكىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپتۇ. ئۇلار قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، ئالىپ ئاتا بۇغدا چوققىسىغا چىقىپ، سالغا بىلەن تاش ئېتىپ، شەھەر ئادەملىرىنى گۇم قىلىپ تاشلاپتۇدەك. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنە شۇ ئايدىڭكۆل پەيدا بولغانىكەن. كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى يوغان ـ يوغان تاشلار ئەلفەتتا سالغا بىلەن ئاتقان تاشلار ئىكەن. بۇ تاشلارنى ئورنىدىن قوزغاپ باشقا يەرگە يۆتكەپ قويسا، يەنە بۇرۇنقى ئورنىغا كېلىپ قالىدىكەن. ئەلپەتتا خوجامنىڭ يەنە توپ ئاتار خوجام دېگەن نامىمۇ شۇنىڭدىن كەلگەنىكەن. ئۇ بۇغدا تېغىدا ئۇرۇشتا ئۆلگەندىن كېيىن، تۇرپان خەلقى مۇسۇلمان بولۇپ ئۇنىڭ قەبرىسىنى بۈگۈنكى ئورنىغا يۆتكەپ كەلگەنىكەن. ئەلپەتتا خوجام مازىرى ئىلگىرى ناھايىتى چوڭ بولغان بولسا كېرەك، 60 – يىللاردىكى بوران – چاپقۇنلاردا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، 80 – يىللاردىن كېيىن مازار ۋە مازار يېنىدىكى مەسچىت باشقىدىن ياسالغانىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە سۆگەل خوجام دەپ يەنە بىر مازار بولۇپ، سۆگەل چىقىپ قالغان كىشىلەر لاي ئېتىپ سۆگەلگە لايىنى سۈۋاپ، ئاندىن لايىنى شۇ خوجام دەپ ئاتالغان

گۈمبەزنىڭ تېمىغا ئېتىپ چاپلاپ قويسا سۆگەل ساقىيىدۇ دېگەن ئەقىدە بويىچە گۈمبەزنىڭ ئالدىدىكى تېمىغا لايىنى ئېتىپ چاپلاپ قويىدىكەن. بۇ مازارلارنىڭ كەينى چوڭ قەبرىستانلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىچىگە قاراپ بەش يۈز مېتىرچە ماڭسا ئون مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى ناھايىتى ھەيۋەتلىك كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، لاي سىپاقتا سۇۋالغان بىر گۈمبەز كۆزگە چېلىقىدىكەن. گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرگىنىمىزدە ھەيرانلىقىمىزدىن ئاغزىمىزنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدۇق. بۇ گۈمبەزنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى ساق قالغان بولسىمۇ، بىراق ساق قالغان قىسمى ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق بېزەلگەنىكەن. گۈنبەزنىڭ كىچىك ئالتە تېمى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، يەنە شۇنداق ئالتە تېمى بولغان بولسا كېرەك. ساقلىنىپ قالغان ئالتە تامنىڭ ئارىسىدا يەنە ئىككى تام بولۇپ، گۈمبەزنىڭ ئىشىكى بولسا كېرەك، ئىشىكنىڭ ئۈستى قىسمىدا قېلىپ قالغان ئازراق قىسمىدا ئەرەبچە خەتلەرنىڭ قالدۇقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىزگە ئايان بولغان ئالتە تامنىڭ ئۈچىگە ئەرەبچە خەت ھۆسنخەت بىلەن چوڭ قىلىپ ناھايىتى كۆركەم يېزىلغان، ئۈچىگە بولسا كىتابلارنىڭ رەڭلىك رەسمى سىزىلغان .بۇ رەسىملەر ئوخشاش قۇرۇلمىدا سىزىلغان بولۇپ، چۆرىسىگە ئون كاتەك چىقىرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە ھەرخىل رەڭلەردە مۇقاۋىلانغان ئون نەچچە پارچە كىتابنىڭ رەسمى، ئوتتۇرىسىغا يۇملاق شەكىل ھاسىل قىلغان گۈلنىڭ رەسمى سىزىلغان. رەسىملەر پۈتۈنلەي رەڭلىك سىزىلغان بولۇپ رەڭلەرنىڭ تەڭشىلىشى كىشىگە تولىمۇ يېقىشلىق تەسىر بېرەتتى .گۈنبەزنىڭ ئەڭ جەلپ قىلارلىق يېرى ئۇنىڭ ئۈستى قىسمى بولۇپ، بادام شەكىللىك ئويۇق چىقىرىلىپ ئۇنىڭ بىلەن گۈنبەزنىڭ ئۈستىدىكى ئايلانمىسى ئارىسىغا نەپىس نەقىشلەر سىزىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بولسا تاۋۇز، قوغۇن، ئۈزۈم باشقا مېۋە – چېۋە ۋە گۈل – گىياھلارنىڭ رەسىملىرى ئون نەچچە رامكىغا ناھايىتى گۈزەل بىر ھالەتتە سىزىلغان .گۈنبەزنىڭ ئىچ ئايلانمىسىغا بولسا تۆت قات ئايلانما گۈلچەمبىرەك سىزىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىغا نەقىشلىك چەمبەر چىقىرىلىپ ئۇنىڭ ئىچىگە پەلەزلىرى بىلەن يىگىرمە – ئوتتۇز تاۋۇز سىزىلغان. بىرلا قارىغان كىشىگە بۇ گۈل – چىمەنلەر ئارىسىدىكى تاۋۇزلۇق ئاجايىپ ئىللىق سېزىملارنى ئاتا قىلاتتى. ئۇيغۇر بىناكارلىق مىراسلىرىنىڭ ئىچىدە بۇ قەدەر گۈزەل قۇرۇلۇش ھەقىقەتەنمۇ كەم ئۇچرايتتى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچىلىكى شۇكى، گۈنبەز خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ۋە لاي سىپاقتا سۇۋالغان، گۈنبەزنىڭ ئىچىمۇ ئاق ھاكلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىقىدەك رەڭدار سۈرەتلەر سىزىلغان. بۇ قۇرۇلۇش ھەققىدە بۇرۇن ھېچ ماتېرىيال كۆرمىگەن ئىكەنمەن. شۇ يەرلىك ئاقساقاللاردىن ئىگىلىشىمىزچە بۇ لوكچۇن ۋاڭلىرىنىڭ قەبرىلىرى بولۇپ، بۇ جاي ئالتۇنلۇق دەپ ئاتىلىدىكەن. شىنجاڭ تەۋەسىدە مەن بىلىدىغان ئالتۇنلۇق بۇنىڭ بىلەن ئۈچ بولدى. بۇلارنىڭ بىرى قومۇلدىكى ۋاڭلار قەبرىستانلىقى جايلاشقان ئالتۇنلۇق، يەنە بىرى يەركەندىكى سەئىدىيە خان جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى جايلاشقان ئالتۇنلۇق ئىدى. تارىخچى موللا مۇسا سايرامى « تارىخىي ھەمىدىي » ناملىق ئەسىرىدە « موغۇللار خانلارنىڭ جەسەدى بار يەرلەرنى، بەلكى خانلارنىڭ جەسىتىنىمۇ ھۆرمەتلەپ ۋە ئىززەتلەپ › ئالتۇن › دەپ ئاتايدىكەن » دەپ يازغانىدى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقان موغۇللار شىنجاڭ تەۋەسىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتەتتى. شۇ ئەنئەنە بويىچە ۋاڭ – پادىشاھلارنىڭ ياتقان قەبرىستانلىقلىرىنىڭ نامى ئومۇمەن ئالتۇن ياكى ئالتۇنلۇق دەپ ئاتالغان. بۇ يەردىكى ئالتۇنلۇق مازىرىنى ئەسلى 1809 – يىلى ئىمىن خوجىنىڭ يەركەنگە ھاكىمبەگ بولغان ئوغلى ئىسكەندەر ئاتىسى ۋە قېرىندىشى مۇسا ۋاڭنىڭ قەبرىلىرىنى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساتقانىكەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەسلى ئۈچ بولغان بۇ كاتتا ئىمارەتلەرنىڭ ئىككىسى ۋەيران قىلىنىپ، بۈگۈن بىز كۆرۈپ تۇرغان گۈنبەزنىڭ قالغان يېرىمىنى بۇزۇپ بولغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ توختىتىپ قويۇلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن تەلىيىمىزگە بۇ ئىمارەتنىڭ يېرىمى بولسىمۇ بۈگۈنگە يېتىپ كەپتۇ. تۇرپان ئاستانىدىكى بۇ ئالتۇنلۇق مازىرى قوغداشقا موھتاج ئىكەن. بىز بارغاندا گۈنبەزنىڭ ئىچىدىكى تاملىرىغا بۇ يەرگە كەلگەن زىيارەتچىلەر ئۆز بەلگىلىرىنى قويۇپ ئىمزالىرىنى يېزىپ قويۇشۇپتۇ. گۈنبەزنىڭ ئىچىدىكى قەبرىمۇ كېسەك دۆۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا قاپتۇ. ئەكرەمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە بۇ گۈنبەز قەبرىلەرنىڭ ئارىسىدا قالغاچقا قوغداشقا ئامالسىز قاپتىكەن. لېكىن بۇ كاتتا قۇرۇلۇشنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت كىتابلاردىن تېخىچە ئورۇن ئالمىغانلىقى ۋە شۇ ھەشەمگە لايىق قوغدالمىغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش.

چۈشتىن كېيىن بىز ئىدىقۇت قەدىمىي شەھرىگە باردۇق. ئىدىقۇت قەدىمىي شەھرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئىدىقۇت ئولتۇرغان شەھەر بولغانلىقتىن شۇ نامدا ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ قەدىمىي شەھەر ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇت دەپ ناملانغان پادىشاھلىرى كېلىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ، بۇ شەھەر جاي ئىسمى بىلەن قوچو قەدىمىي شەھرى دەپ ئاتالغىنى توغرا بولۇشى كېرەك .

بۇ شەھەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 – ئەسىرلەردىن باشلاپ ياسىلىشقا باشلاپ كۈي جەمەتى خانلىقى رايوننى 448 – يىلى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن قوچو قەدىمي شەھىرىنى مەركەز قىلغان. 9 – ئەسىردە ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى بىلەن بۇ يەر تېخىمۇ ئاۋات بولۇپ، قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قىشلىق پايتەختى بولۇپ قالغان. مانا بۇ يەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ جاھاننى ھەيرەتتە قالدۇرغۇچى ھەرخىل مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋۇجۇدقا كەلگەن، مانا مۇشۇ يەردە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دۇنياۋى مىللەت ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان، مانا مۇشۇ يەردىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سانسىزلىغان يېگانە ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن، مانا مۇشۇ جايدىن ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئاپىرىدە بولغان. بۇ قەدىمىي شەھەر ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئۆينىغان ئەنە شۇنداق دەۋر بۆلگۈچ رولى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن تاۋاپگاھ بولۇشقا ئەرزىيدىغان مۇقەددەس، قۇت قونغان شەھەردۇر .تارىخىي خاتىرىلەردە ناھايىتى ئاۋات ۋە ھەشەم ئىچىدە تەسۋىرلىنىدىغان بۇ كاتتا شەھەرنىڭ بۈگۈنگە ئۇلاشقان ئەڭ مۇكەممەل قىسمى ئۇنىڭ 5440 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، ئېگىزلىكى 11 مېتىرغا يېتىدىغان ھەيۋەت قىلىپ سېلىنغان سېپىلىدۇر. 14 – ئەسىردىن باشلاپ تاشلىنىپ قېلىپ، يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن « ئەششار »(ئەسكىشار، يەنى ئەسكى شەھەر) ۋە « دەقيانۇسنىڭ شەھرى » دەپ ئاتالغان بۇ شەھەرنىڭ سېپىلىنىڭ شۇ قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قېلىشى كىشىنى تەئەججەپلەندۈرىدۇ. 200 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۈگۈنكى شەھەر خارابىسى رايونىدىن ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت ئىزلىرى ئۇنچە مۇكەممەل ئەمەس، تا يېقىنقى يىللارغىچە سېپىلنىڭ ئىچىدىكى بىر بۆلۈك جايغا مۇرتۇق غولىنىڭ سۈيى كېلىدىكەن ۋە بۇ سۇدىن شەھەر ئىچى رايونىدا تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغانىكەن. ھازىرمۇ سېپىلنىڭ سىرتىدا يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۈزۈملۈكلىرى بار ئىكەن. شەھەر رايونى ئىچىدىكى بىر مۇنچە قۇرۇلۇشلارنى مەن 80 – يىللاردا باشقىدىن كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغاندەك ھېس قىلدىم. شەھەرنىڭ ئىچىدە ھېلىمۇ قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان مەنزىرىلەر كۆزگە تاشلىنىدىكەن. بۇ خىل قايتا ياسالغان قۇرۇلۇشلار مېنىڭ شەھەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە بولغان تونۇشلىرىمنى بۇزۇۋەتكەندەك بىلىنمەكتە ئىدى .

ئىدىقۇت قەدىمىي شەھرىنى تولۇقى بىلەن كېزىش بۇ قېتىمقى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ بىراق ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ قەدەم ئىزى قالغان، جاھاننى تاڭ قالدۇرغان قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ پايتەختى بولغان بۇ شەھەرنى كېيىنكى قېتىم ھەر بىر بۆلۈك – پۇشقاقلىرىغا قەدەر كۆرۈپ چىقىشنى نىشان قىلىپ، كېيىنكى بېكىتىمىز بولغان تەيزاڭ بۇددا مۇنارىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

تەيزاڭ بۇددا مۇنارى 6 – ئەسىرلەردە بىنا قىلىنغان بۈيۈك بۇددا يادىكارلىق قۇرۇلۇشى بولۇپ ئېگىزلىكى 20 مېتىر، ئىگىلىگەن كۆلىمى 939 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. مۇنار پۈتۈنلەي توپىنى چىڭداش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ ئىچى كاۋاك ھالەتتە. مۇنارنىڭ تاملىرىغا ئۆيۈق تەكچىلەر چىقىرىلغان بولۇپ، ئەينى يىللىرى شۇ تەكچىلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇتلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن .

بۇ بۇددا مۇنارىنىڭ ئەتراپىغا ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى جايلاشقان بولۇپ، تولىمۇ ئېگىز ۋە ھەيۋەت كۆرۈنىدىكەن. تەيزاڭ بۇددا مۇنارى رايونىمىز تەۋەسىدىكى ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى بولغان، ياسالغان دەۋرى بالدۇر بولغان ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك قۇرۇلۇشلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. توپىنى چىڭداش ئارقىلىق پۈتكەن بۇ 20 مېتىرلىق غايەت زور بۇددا مۇنارى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل – پاراسەتلىك ۋە ئەمگەكچان پەزىلىتىنى ئىپادە قىلىپ تۇرغۇچى كاتتا ئىمارەتلەردىن سانىلىدۇ.

ئاستانىدىكى زىيارەت ئورۇنلىرىنى كۆرۈپ، چوڭلار بىلەن پاراڭلىشىپ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن تۇرپان شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

– 10ئىيۇل .تۇرپاندىكى ئىشلىرىمىز ئاساسەن ئاخىرلىشىپ قالغاچقا، ئىككىنچى بېكىتىمىز لوپنورغا بېرىش ئۈچۈن تۇرپاندىن كورلىغىچە بولغان ماشىنا بېلىتىنى ئېلىۋېلىپ، مەشھۇر ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەبرىسىنى يوقلاش ئۈچۈن يار يېزىسىدىكى يول بويىغا جايلاشقان قەبرىستانلىققا باردۇق. شائىرنىڭ قەبرىسى خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، سېمونت بىلەن سۇۋالغانىكەن. قەبرىنىڭ ئەتراپىنى خىش بىلەن 50 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە قوپۇرۇپ قوروق تام ياساپ قويغانىكەن. ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىيات ۋە مائارىپ تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان بۇ ئۇلۇغ شائىرنى ياخشى تىلەك، دۇئالىرىمىز بىلەن ئەسلىدۇق. 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان ئويمانلىقىدا كۆتۈرۈلگەن مۇھتەلارنىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن بىرگە ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ ياش شائىر خەلقنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ مەيدىسىنى تىك تۇتۇپ كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە چىققاندى. جاللاد شېڭ شىسەينىڭ قىلىچىدا ئوتتۇز ئىككى يېشىدا شېھىتلىك شارابىنى ئىچتى. ئابدۇخالىق

ئۇيغۇرنىڭ ئىلىم ئىگىلەش روھى، ئۇنىڭ خەلقنى ئويغىنىشقا، ئىلىم ئىگىلەشكە، زالالەتتىن قول ئۈزۈپ، توغرا يولغا، ھۆرلۈك يولغا مېڭىشقا دەۋەت قىلىپ يازغان شېئىرلىرى، ۋە خۇددى شېئىرلىرىغا ئوخشاشلا جەڭگىۋار بىر مارش بولغان قىسقا، ئەمما مەنىلىك ھاياتى بۈگۈنكى بىز ئەۋلادلار ئۈچۈن ھامان بىر ئۈرنەك بولۇپ كەلمەكتە. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياش كەتتى، بىراق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۇيغۇر نامىنى ئۇيغۇر ئارىسىدا قايتا ئوتتۇرىغا تاشلىغان بۇ ئۇيغۇر ئوغلانىنىڭ نامىنى مەڭگۈگە ھايات، ئۇنىڭ روھى ھەر زامان بىزگە ماياك.

تۇرپان – قومۇل بوستانلىقلىرىدىكى خەلقلەر ياراتقان چۆللەردىكى ھاياتلىق مۆجىزىسى بولغان كارىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىش، نۇرئەخمەت ۋە ئادىللارغا كارىزنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە « كارىز سەيلىگاھى » غا باردۇق. كارىز مۇزېيىنىڭ ئىچىدە كارىز چېپىشتا كېرەك بولىدىغان تۈرلۈك سايمانلار، شۇنداقلا كارىزچىلارنىڭ كارىز كولاۋاتقان كۆرۈنۈشى ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن ھەيكەللەر ساياھەتچىلەرنىڭ كارىزنى ۋە ئۇنىڭ قېزىلىش جەريانىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ياسالغانىكەن، مۇزېيدىن پەلەمپەي ئارقىلىق ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشكىنىمىزدە كارىزنىڭ تەشمىلەرنى تۈتاشتۇرۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن يەر ئاستى يولى بىلەن كارىزنى ئەينەك جاھازىنىڭ ئاستىدا ئېقىۋاتقان كارىز سۈيىنى كۆردۇق. يولنى بويلاپ كارىزنى يەر ئۈستىگە چىققان تىلما قىسمىغا يېتىپ چىقتۇق. ئەتراپتا ئۈزۈملۈكلەر ۋە ئۇنىڭ بارىكى بولۇپ كارىز سەيلىگاھى تۇرپاننىڭ قاتتىق ئىسسىقىدا كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان كاتتا ئارامگاھ ۋە كارىز بىلىملىرىدىن دەرس بەرگۈچى ياخشى مۇزېي بوپتۇ .

كارىز سۆزى قەدىمكى ئورتاق ئالتاي تىلى تەركىبى بولغان « كار ـ » يەنى « قاز ـ » پېئىلىدىن ياسالغان بولۇپ، مانجۇ تىلىدا مۇشۇ شەكىلدە ساقلانغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا « ك » تاۋۇشى « ق » تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىپ كەتكەن. « ـ ز » بۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىلىدىغان ئۈنۈمسىز سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، كۆز، تىز، ئاغىز، مەڭىز دېگەندەك. « كارىز » سۆزىدىكى « ـ ز » قوشۇمچىسىمۇ دەل مۇشۇ كۆپلۈكنى بىلدۈرگۈچى مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، كارىزنىڭ نۇرغۇن قۇدۇقلاردىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك كارىز سۆزى قانداقتۇ پارسچىدىكى « ئىش » مەنىسىدە كەلگەن « كار » سۆزىدىن ياسالغان ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدىكى « قاز ـ » پېئىلىدىن ياسالغان ساپ ئۇيغۇرچە سۆز ھېسابلىنىدۇ. كارىز ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياۋىي كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قۇرغاق، جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشاپ كەلگەن خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشى ۋە ھەمكارلىششى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا چىقارغان كاتتا مەدەنىيەت ئابىدىسىدىن ئىبارەت.

سەيلىگاھتىن قايتىپ بېكەتكە بارغىنىمىزدا كورلىغا ماڭىدىغان ئاپتوبۇسنىڭ قوزغىلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىدى، تەپتىمۇ، مېھرىمۇ ئىسسىق، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى نامايەندە خاراكتېرلىك ئابىدىلەر ئورۇن ئالغان قەدىمىي ئۇيغۇر يۇرتى تۇرپاندىن، ساۋاقدىشىمىز ئۆمەردىن خوشلىشىپ، نەشپۈت ماكانى، كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى گۈزەل شەھەر كورلىغا قاراپ يولغا چىقتۇق .

## مىللى مائارىپ

1936 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجى مىللى مائارىپنى تەرەققى قىلدۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن .بۇ تەكلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 167 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا ماقۇللانغان ۋە مائارىپ نازارىتىدە تاپشۇرلۇپ يولغا قويۇلغان ،ئاساسى مەزمۇنى:

(1)ئۇيغۇرچە دەرسلىك ماتىرىياللار تەھرىر بولىمى قۇرۇش ،چەت ئەلدىن ئۇيغۇر ئىختىساسلىق خادىمدىن 4دىن5 كىچە تەكلىپ قىلىش، يەرلىك ئۇيغۇر زىياللىرى بىلەن بىرگە ھازىرقى ئېھتىياجىغا ئاساسەن دىنىي ئادەت ، مىللى ئۆرۈپ ـ ئادەت ، يەرلىك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئاساس قىلىپ ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرسلىك كىتاپلارنى تۈزۈش .مائارىپ نازارىتى تەستىقلىغاندىن كىيىن قوللىنىش.

(2)چەتئەلدىن ئۇيغۇرچە ماتىرىياللارنى سېتىۋلىش . ئىلى ،تارغاباتاي ، ئالتاي ،قەشقەر رايۇنلىرىدا ئالدى بىلەن مىللى ئوتتۇرا مەكتەپ ،پىداگوگىكا مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ ،مەبلەغ سىلىپ مائارىپنى كەڭەيتىش.

(3)خەنزۇ ـ ئۇيغۇرغا ئورتاق دەرسلىك تۈزۈشنى تېختىتىپ ،خاتالىقتىن،خەلقىنىڭ خاتا چۈشەنچىدە بولىشىنىڭ ئالدىنى ئىلىش ئۈچۈن ئايرىم تۈزۈش.

(4)تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچتا خەنزۇچە دەرس تەسىس قىلماسلىق ،يۇقۇرى دەرىجىلىك باشلانغۇچتا ئازراق خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتۈش .ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە پىداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ئارىلاش

ئۆتتۇش.
(5)ئوتتۇرا ، پىداگوگىكا مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىشتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزۈپ ئادەتلىرىنى ئاساس قىلىش .مۇتىخەسسىس ۋە داڭلىق سەخسلەرنى تەكلىپ قىلىپ دەرىس ئۆتۈشكە يېتەكچىلىك قىلدۇرۇش، ئۆگەنگۈچىلەردە ئەتراپلىق قىزىقىش بولۇش ،ھەققەتنى ئەملىيەتتىن ئىزدەيدىغان كىرەكلىك ئىختىساس ئىگىسىنى تەربىيلەش كىرەك.
(6)مەكتەپلەر رەھبەرلىرى مۇنەۋۋەرلەرنى تاللاپ ياشلارنىڭ ئەقلى ـ ئەخلاقىي جەھەتتىن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سىياسەتنى چوڭقۇر تونۇشنى مەقسەت قىلىپ يېڭى شىنجاڭنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش.
(7) ھۆكۈمەت تاشكەنتتىن بارلىق ئۇيغۇرچە باسما ماشىنلىرىنى كىرگۈزۈپ ئۈنى ئۈرۈمچىگە ئورنىتىش .ياكى خەلق پۇل توپلاپ ھۆكۈمەتكە مەلۇمات بەرگەندىن كيىن ستىۋلىشىغا روخسەت بىرىش ،كىتاپلارنى ھۆكۈمەت ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كيىن باسمىغا بىرىش.

## ھەققى قۇدرەت تېپىش دىگەن نىمە ؟

;مەيلى ئىنتېرنىت بولمىسۇن ياكى شىنخۇا كىتاپخانىسىدىكى كىتابلار بولمىسۇن ھەممىسىدە " ئەرلىرى زەئىپلەشكەن مىللەتنىڭ ئاياللىرى پاھىشە بولىدۇ "،" روھىيىتىمىزدىكى ئاجىزلىقلار " دىگەندەك گەپلەر دەۋىر سۈرگىلى خېلى ئۇزۇن بولدى . بۇ ناھايتى نۇرمال ئەھۋال . چۈنكى ئۆزىنى ئىتراپ قىلىش ، ئۆزىنى تۇنۇش ، تەرەققى قىلىش ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقان ئىنسانلار ئىچىدە بىز ئۇيغۇرلار بىرىنچىسى ئەمەس شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقىسى ئەمەس . مەيلى تەرەققى قىلغان ياۋروپالىقلار بولمىسۇن ، قەدىمى مەدەنيەتكە ئىگە ئافرىقا ۋە شەرقى ئاسىيالىقلار بولمىسۇن بۇ ھەقتە ئىزلىنىش توختىماي داۋام قىلىۋاتىدۇ .
تەرەققى قىلغانلار ئالەم بوشلۇقىغا قاراپ يول ئالدى ، تەرەققى قىلمىغانلار ھېلىمۇ ئات ـ تۆگە بىلەن سودا يۈلى ئېچىۋاتىدۇ ، ئىنساننىڭ شۇنداقلا مەلۇم خىل مىللەت ۋە ئادەملەر توپىنىڭ ئۆزىنى مۇكەممەلەشتۈرۈش ۋە شۇ ئارقىلىق ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا قوشۇلۇپ مېڭىش ئىستىكى بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالغىنى يوق .
دوكتۇر ئەسەت سۇلايماننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتساق " ھەر قانداق مىللەتنىڭ تەرەققىياتى تۈز سىزىق بويىچە ئىلگىرلىگەن ئەمەس ، بەلكى گاھ ئۆرلەپ گاھ پەسىيىپ تۇرىدىغان زەنجىرسىمان ھالقىدا بىر پۈتۈنلىككە ئىگە بولغان ". بىزنىڭمۇ تارىختا گۈللەنگەن چاغلىرىمىز بولغان ، ئۇيغۇر مەدەنىيتى سودىگەرلەر ۋە باشقا ساياھەتچىلەر تەرىپىدىن دۇنياغا تارقالغان . تەبئى ئاپەت ۋە ئىچكى ـ تاشقى بېسىمنىڭ نەتىجىسىدە يىگىلىق يارىتىلىشقا ئىمكان بولماي ، بىكىنمىچىلىك سەۋەبىدىن پىكىر قىلىش شەكلى دەۋرگە ماسلىشالماي ، تەپەككۇر ئۇسۇلى يېڭىلانماي تاكى ئازات بولغان 49 ـ يىلغىچە جاھالەت ھەر خىل نام ھەرخىل ئېقىم سۈپىتىدە بىزنى ئالداپ بېسىپ كەلدى .
دۇنيادا يېڭى دەپ ئاتالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت تارىخنىڭ تەكرارلىنىشى ، باشقىچە شەكىلدە ئىپادىلىنىشى خالاس . شۇڭا بىز چۇقۇم باشقىلارنىڭ تەرەققى قىلىش ، قۇدرەت تېپىش جەريانىدىكى ئالاھىدىلىكرىنى ئۆرنەك قىلىشىمىز ، ئۆگىنىشىمىز كىرەك .
ملادى يەتتىنچى ئەسىردە ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كيىن ئىسلام دىنى" قۇرئان " ئارقىلىق ئىنسان ، ئائىلە ، جەمئىيەتنىڭ فونكسىيىسى ۋە بۇرچىنى بەلگىلەپ جاھالىيەت دەۋرىدە قالغان ئەرەبلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ قۇدرەتلىك ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇردى . ئاباسىلار خانلىقى " يۈز كۈنلۈك تەرجىمە ھەرىكىتىنى " يولغا قويۇپ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ، فىزىكا ، خىمىيە ۋە باشقا پەنلىرىنى ئەرەب يېزىم ئارىلىغا كەڭ تارقىتىپ ، ئالى بىلىم يۇرۇتلىرىنى قۇرۇپ ، ئالىملارنى چىللاپ كىلىپ نەچچە ئون يىل تىرىشىشى نەتىجىسىدە ئەرەب يېرىم ئارىلى جوڭگو ۋە قەدىمى يۇنانغا ئوخشاش دۇنيانىڭ مەدەنيەت مەركىزىگە ئايلاندى . سېرىتتىنىڭ ئىلغار مەدەنيىتىنى قۇبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە ئەرەبلەر شۇ قەدەر گۈللەندىكى ئۆز سىڭلىسىنى ئاكىسى ئالىدىغان ياۋايى مىللەتتىن دۇنيانىڭ خوجىسىغا ئايلىنىپ خرىستىئانلار پەقەت يىراقتىن نەپرەت بىلەن قاراپ تۇرسىمۇ باش كۆتۈرۈپ ياق دىيەلمەيدىغان ھالەتكە كەلدى .
بىر مەزگىل مائارىپ ۋە ئىسلاھات ئارقىلىق دۇنيانىڭ خوجىسىغا ئايلانغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمپىراتۇرى ئوردىغا مىڭلىغان گۈزەللەرنى يىغىپ قويۇپ يېرىم يالىڭاچ قىزلارنىڭ ئۇسۇلىنى نىپىز پەردە ئارقىسىدىن كۆرۈپ يۈزلەپ خۇتۇنلارنى ئېلىپ ، ئوخشىمىغان ئاپىدىن بولغان پەرزەنتلەر شاھلىق ئورنىغا كۆز تىكىپ ھىلە ـ مىكىر

پىلانلاۋاتقان ، خەلقنىڭ ئاۋازى پادىشاھقا يەتمەيۋاتقان چاغدا ياۋروپالىقلار ئازاپ ۋە خورلۇق ئىچىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىش تارىخىنى تەتقىق قىلىپ ھەممە ئىش تەقدىر ۋە ئىلاھنىڭ ۋەھىيسى ئارقىلىق بولىدۇ دېگەن قاراشتىن قايتىپ ئىنساننى ۋە شەخسنى مەركەز قىلغان نەزىرىيۋى ئاساسلارنى ئىلان قىلدى . مۇنداقچە دېگەندە شەيئىلەرنى بىلىش ئۈچۈن كۆزۈتۈش ۋە تەجرىبە قىلىش كېرەك دەپ قارالدى . مۇسۇلمانلار " مەسچىتكە كىرگەندە ئىشتاننىڭ پۇشقىقى ئۆرۈن بولۇش كېرەكمۇ قىسقىمۇ " دېگەندەك ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن قىلىن دىنىي كىتاپلارنى ئىزدەپ تالىپلار ئون يىل ئوقۇپ موللا بولالمايۋاتقان چاغدا ياۋروپا ئەدەبىيات سەنئەت قايتا گۈللىنىش ھەركىتىنى قوزغاپ دىن بىلەن مائارىپنى ئايرىپ تاشلاپ مەكتەپلەرنى قۇرۇپ ھەققى قۇدرەت تېپىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ۋە ئاساسى بولغان مائارىپ ۋە مەدەنيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا باشلىدى .

ياۋرۇپانىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىپ خۇلاسىلەپ چىققان جامالىددىن ئافغانى " دەۋىر ئالغا باسىدۇ ، بىر ئىزداتوختاپ قالمايدۇ ، مۇسۇلمانلار مۇشۇ نوقتىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىدىكى ئە جانلىق پىرىنسىپ قىلىش كېرەك ، مۇسۇلمانلار بارلىق پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشى ، بارلىق زىيانلىق نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشى ، غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى قوغدىشى كېرەك ، ھەققى ئىمان كونىلارنىڭ ، يۈزلۈكلەرنىڭ شۈبھىلىك تەشەببۇسى ئۈستىدە ئەمەس ، بەلكى ھەققى قايىللىق ۋە مۇستەھكەم دەلىل ئۈستىدە بولىدۇ " دەپ ئوتتۇرغا قويىدى .

بۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغان ئابدۇقادىر داموللا ، مەمتىلى ئەپەندىلەر شىنجاڭدا يېڭى مائارىپ ھەركىتىنى باشلىدى .

يۇقارقى گەپ شۇ يەردە قالسۇن .

ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنيەت ۋە مەرىپەت ، سىياسى ۋە ئىقتىسادتا چېكىنىشى ، قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ھەدىسلىرىگە خاتا ۋە گۇرۇھ مەنپەئەت نوقتىسىدىن تەدبىر بىرلىشى ، خۇراپاتلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئاھالىسىنىڭ ئاساسى قىسمى مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇر رايۇنىغا پاسسىپ تەسىر ئېلىپ كەلدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايۇنىدا تۇمشىقىغا تېپىك يەپ لالما ئىت كەبى خورجۇن كۆتۈرۈپ كەلگەن ئاتالمىش " پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى " ئۇيغۇر رايۇنىدا ئەمدىلا بىخلىنىپ لىكىن ئىلغار پىكىرلىكلەر ۋە سەئىدىيە خانلىقىدىكى ئىلغار كۆچلەر تەرىپىدىن بېسىلىپ ياتقان تەركى دۇنيا خۇراپاتلىققا كاتالىزاتۇر بولۇپ ئەڭ ئاخىردا ئۇيغۇر دېگەن ئىسىممۇ ئىستىمالدىن قىلىپ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر گەۋدىسى يىمرىلىپ قەشقەرلىك ، خوتەنلىك ، ئاقسۇلۇقلا پارچىلاندى . ئۇيغۇر شۇ دەۋىردىكى مائارىپىنىڭ نىشانىنىڭ بۇرلۇشى ۋە دىنىي ئەقىدىنىڭ يۈكسەكلىككە كۆتۈرلۈپ خۇراپاتلىققا ئايلىنىشى شۇ دەۋىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ماددى ئىشلەپچىقىرىش ، ساپا ، نوپۇس جەھەتتىن غايەت زور زىيانغا ئۇچراتتى . تەلۋىلەرچە دىنىي ئىتىقادتىن باشقا ھېچنىمىسى يوق نادان خەلق ئۆز ئارا ئاق تاغ قارا تاغ بولۇپ قىرغىن قىلىشىپ ئىنسانىي ھوقۇق ، كىشلىك قەدىر قىممەت ، نىكاھ ۋە كىشلىك ئەركىنلىك ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىبرەت بولغىدەك دەپسەندە قىلىندى . ھەتتا ئادەم بېشىدا قىزىل دەريا بويىدا خاتىرە مۇنار تىكلەندى . شۇندىن كېيىن ئازاتلىققىچە بولغان بىر دەۋىردە ئۇيغۇر دىيارىدا توگىمەس ئىچكى جىدەل ، ئوخشىمىغان" ئىسلام " گۇروھلىرى ، ئوخشىمىغان ھەم پىشمىغان نەزىرىيە ھۆكۈم سۈرۈپ ياڭ زىڭشىن دەۋرىگە كەلگەندە كولىمناتسىيە نوقتىسىغا يەتتى .

بۇ ھەقتە نەزەر خوجا ئابدۇ سەمەتوف :" مۇسۇلمانلار ئىچىدە نىمىشقا ئىلىم لازىم دەرىجىدە تارقالمىدى ؟ ھەققى سەۋەبى بىرلا ، ئۇ بولسىمۇ پۇلنىڭ يوقلىقىدۇر ، كەمبەغەللىكنىڭ سەۋەبى بولسا بەك ئۇچۇق ،مىڭ نەچچە يىللاردىن بىرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئىچكى نىزا توپەيلىدىن بىز ئوقۇش ۋە باي بولۇشقا ئەمەس بەلكى بىر ـ بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ۋە قىرغىن قىلىشقا ۋاقىت تاپالماي يۈرىمىز ، بۇ يولدا سەرىپ قىلغان بايلىق ۋە كۈچىمىزنى ساۋاب ھىساپلايمىز ، قاراڭلار ئىسلام دۇنياسىغا ! كىم كىم بىلەن سوقۇشىدۇ مۇسۇلمان مۇسۇلمانلار بىلەن سوقۇشىدۇ ، مۇشۇ سوقۇشقا كەتكەن پۇل ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن بولسا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم يامان ئەمەس تارقالغان بولاتتى " دەپ ھەسرەت بىلەن يازدى .

ئۇيغۇر تارىخىدا ھەر بىر دەۋىردە يىراقنى كۆرۈپ ئۆز خەلقى ئۈچۈن قۇربان بىرەلەيدىغان ئالىم ، زىيالى ، شائىر ، يازغۇچى چىقىپ تۇرغان . بىراق ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىزدىنىشى ، ئۇرۇنۇشى مەغلۇپ بولۇپ تۇرغىنىمۇ يالغان ئەمەس . ساتقىن ـ مۇناپىقلارنىڭ ئىلغارلارغا تۆھمەت قىلىشى ، زىيانكەشلىك قىلىشى تارىخ سەھنىسىدە قايتا ـ قايتا ئوينىلىپ تۇرغان تىراگىدىيىگە ئوخشاش قايتا ـ قايتا تەكرارلانسىمۇ ئۇيغۇر ئانىللىرى ھەرخىل ئىسىمدىكى ئىلغارنى ئۇلاپ تۇغۇپ كىلىۋاتقان ئىدى . ئاۋام خەلق نەچچە يۈز مائارىپسىز قالغان بولغاچقا ئۇلاردا ئەڭ ئاساسى

بولغان قارشىلىق كۆرسۈتۈش ئېڭى ، گۇمان ئېڭى ، كىرزىس ئېڭى يوقىلىپ مەسچىت خانىقانى كۆرسە ، ياكى ئەرەبچە ناخشا ـ مۇناجاتنى ئاڭلىسىمۇ يىغا تۇتىدىغان ، كۆڭلى يۇمشاق ، نادان ، كەم قاياقىقا تارتسا شۇ ياققا ماڭىدىغان ، ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن ئويلىنىشنى گۇناھ دەپ قارايدىغان بىر خىل جەمئىيەت مۇھىتى شەكىللەندى . سىياھەت ۋە جاسۇسلۇق ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەن چەتئەللىكلەرمۇ " چېكىدىن ئاشقان دىنىي تەلۋىلىك بۇ خەلقنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرىنىڭ تۆپ يىلتىزى " دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى .

نامراتلىق ساتقىن ۋە خائىنغا ئىدىيىۋى دەستەك بولدى ، ئاۋام خەلق ئاق ـ قارىنى غۇۋا بىلسىمۇ گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى ، ئۇيغۇر زىيالىلىرى بەزىللىرى بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ بېقىپ ئاخىرى قان قۇسۇپ خۇدا دىگىنىچە جەينامازغا يېقىلدى ، يېقىلمىغانلىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، مەمتىلى ئەپەندىدەك ئەلەملىك كۆلۈپ تۇرۇپ جادۇغا باش قويىدى .

چەتئەل تارىخىغا قاراپ باقساق ھازىرقى دۇنيادىكى يەتتە كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئىچىدە گىرمانىيە ، ئامرىكا ، فىرانسىيە ، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بىر خىل ئورتاقلىقنى بايقايمىز . نىمە دىگەندە مائارىپ . ھەقىقى قۇدرەت تېپىشنىڭ بىرىچى زۆرۈر شەرتى ئاۋام خەلقنىڭ ساپاسى بولۇشى ، بولغاندىمۇ يۇقىرى ساپاسى بولۇش كىرەك . ئەمدى گەپنى قايتۇرۇپ كىلىپ بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز بىلەن باغلايلى . بىز ھازىر تەنقىت قىلىۋاتقان ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى كۆڭۈل بۆلىۋاتقان مەسلە تەرەققىيات ، ئىقتىساد ، جەمئىيەتتىكى ئەخلاقسىزلىق ، زەھەر چېكىش ، ئەيدىز ، غورۇر ، كىرزىسكە ئۇچراۋاتقان خاسلىق قاتارلىقلار . نۇرغۇن كىتاپلار يېزىلدى ، زەھەردەك سېىسىق ئىبارىلەر ئىشلىتىلدى . چېكىدىن ئاشقانلىرىدا ئىنكار قىلىنماسلىققا تىگىشلىك مەسىللەر ئىنكار قىلىندى . ھەتتا مەسئۇلىيەتنى ئۇيغۇر زىيالىلار ئۈستىگە ئېلىش كىرەك دەپ زىيالىلارغا تىغ ئۇچى قارىتىلدى . مەسلە ھەل بولدىمۇ ؟ ياق ، ئۆز پېتى كىتىۋەردى . نىمە قىلىش كىرەك ؟

خوش ، ئەمدى ئۈستىدىكى گەپنى قويۇپ تۇرۇپ يەنە بىر نوقتىدىن پاراڭلىشايلى . مەركىزى تېلىۋىزىيە ئىستانسى " چوڭ دۆلەتنىڭ باش كۆتۈرۈشى " دىگەن چوڭ ھەجىملىك فىلىمنى قويغاندىن كىيىن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇنبەرلەردە قاتتىق زىل ـ زىلە قوزغىدى . نەچچە كۈن ئاۋال چىڭخۇا داشۆنىڭ ياپونىيىگە تەكشۈرۈشكە بارغان پىروفىسسورى تەكشۈرۈشنى ئاياقلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كىيىن بىزنىڭ **GDP** ياپونىيىنى ئىككى قاتلىغان بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ ساپاسى ياپونىيىگە يەتكىلى يەنە ئوتتۇز يىل پەرىق باركەن دىگەن خۇلاسىنى چىقاردى . سىنگاپور سەھەر گىزىتى ئۇزۇن تەھلىل ماقالىسى ئېلان قىلىپ جوڭگولۇقلار ئەڭ ئاۋال ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كىرەك ، ھەربى كۈچنىڭ تەرەققى قىلىشى ، **GDP**نىڭ ئېشىشى ھەقىقى قۇدرەت تېپىشنىڭ شەرتى ، لېكىن ئۇ ھەقىقى قۇدرەت تاپقانلىقتىن دىرەك بەرمەيدۇ ، ئەڭ مۇھىمى ئاۋام خەلقنىڭ ساپاسى چوقۇم ئۆسۈشى كىرەك دەپ خۇلاسە چىقىرىلىپ ، ئارقىدىن گىرمانىيىنىڭ قۇدرەت تېپىش سىرى ، ياپونىيىنىڭ قۇدرەت تېپىش سىرى ، ئامرىكىنىڭ قۇدرەت تېپىش سىرى ، فىرانسىيىنىڭ قۇدرەت تېپىش سىرى دىگەن كىچىك تىمىلاردا ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ ، ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بېرىش ، سانلىق مەلۇماتلارنى ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە ھەقىقى قۇدرەت تېپىشنىڭ تۆپكى ئاساسى ئومۇمى خەلقنىڭ ساپاسىدا ، ساپانى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسى ئۇسۇلى مائارىپتا ، شۇڭا ھەقىقى قۇدرەت تېپىش ئۈچۈن چوقۇم مائارىپقا تايىنىش كىرەك دەپ خۇلاسە چىقاردى .

خۇ جىنتاۋ باش شۇجى 以人为本，建立和谐社会 دىگەن چاقىرىقنى مۇنداقلا ئوتتۇرغا قويغان ئەمەس ،

ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈزۈتۈش ، تەتقىق قىلىش ، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوتتۇرغا قويغان دەۋىر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە چاقىرىق . ئۇنى ئۈگىنىپلا قويۇش ، تەتقىق قىلماسلىق توغرا پوزۇتسىيە ئەمەس . ئۇ جوڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ، تەرەققىيات ئەھۋالى ، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئوتتۇرغا قويۇلغان چاقىرىق .

بىز جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئاساسلىق بىر ئەزا مىللىتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن يۇقارقى تەھلىلنى سۇغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىشىمىز كىرەك .

ئەگەر ساپا يۇقىرى بولغان بولسا ئەنخۇيدىكى بۇۋاق باللار ئۇزۇقلۇق قىممىتى ئىت يېمىنىڭ يۇزدىن بىرىگە تەڭ بولمىغان يالغان سۈت پاراشوگى بىلەن بېقىلىپ ئۇزۇقلۇق يىتىشمەي بېشى يوغىناپ كەتمىگەن بولاتتى ، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئىسپىرت ، ھەتتا ئادەم سۈيدۈكىدىن يالغان ماۋتەي ھارىقى ياسىلىپ سېتىلمايتتى ، ۋاقتى ئۆتكەن دورا ـ ئوكۇللارغا يېڭى ماركا چاپلىنىپ سېتىلمايتتى ، ساختا ماشىنا تورموز مېيى بازارنى قاپلاپ كەتمىگەن بولاتتى . نىمىدىن دىرەك بېرىدۇ ؟ ساپا تۆۋەن ، مائارىپ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالمىغان ياكى ئالدىن كۆزلىگەن مەخسەتكە يەتمىگەن . بۇ ھەقتە شاگخەيلىك بىر ئادۋوكات ئالەم كېمىمىز ئاسمانغا چىقتى ،

لېكىن بىز پاسكىنا نەرسىلەرنى يېيىشتىن ئەنسىرەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمىز ، يېمەكلىكتىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمىز دىدى ھەسرەت بىلەن . بۇ خىل مەسىلىلەرنى بازار باشقۇرۇش ، سۈپەت باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا تايىنىپ ياكى ئاممىۋى پاش قىلىش تېلېفونىغا تايىنىپ ھەل قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس ، پەقەت ئاۋام خەلقنىڭ ساپاسىغا ، مائارىپقا تايانغاندىلا ھەل بولىدۇ .

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ئاجايىپ گۈزەل ئەخلاق ، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە قېقىلىپ سوقۇلۇشقا ئۇچراپ ، ھازىرقى دەۋردە ساپاسىزلار تەرىپىدىن چۆرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىگىنى ، قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق . مېھمان كۈتۈش ، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ، باللار تەربىيىسى ، توي ، نەزىر قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادەت ئاساسى جەھەتتىن تەرەققى قىلغان دۆلەتلەر دىن ئۆرنەك ئېلىپ ھازىر خەلقئارا ئۆلچەمگە ئايلانغان قائىدى ـ يوسۇن بىلەن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ .

ئەلۋەتتە ، بىزدە پاھىشە يوق ، زەھەر چەككۈچى يوق ، ئوغرى ـ بولاڭچى ، قاتىل پاھىشۋاز يوق دەپ دېيەلمەيمىز . بۇ خىل ئەخلاقسىز قىلمىشلار ئۇيغۇرلار ئەڭ گۈللەنگەن دەۋردىمۇ ، خوجىلار دەۋرىدە خاراپ بولغان ۋاقىتتىمۇ بىر تارىخى ھادىسە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان . شۇنداقلا باشقا مىللەتلەردىمۇ مۇتلەق تۈگىتىلگەن مەسىلە ئەمەس . ئىنسانلار جەمئىيىتى بولىدىكەن بۇ خىل ھادىسە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، يۇقىرى ساپالىق تەرەققى قىلغان دۆلەتلەردىمۇ بۇ خىل ھادىسە ھازىرغىچە مەۋجۇت ، تۈگىتىلگىنى يوق . لېكىن بۇخىل ھادىسنى سان جەھەتتىن ئازايتىشقا بولىدۇ . ئازايتىش ئۈچۈن يەنىلا مائارىپقا ، ئاۋام خەلقنىڭ ساپاسىنىڭ ئۆستۈرلىشىگە تايىنىش كىرەك . بۇ يەردە ئېيتىلغان مائارىپ توققۇز يىللىق مەجبۇرى مائارىپ ياكى ئالى مائارىپنى كۆزدە تۇتمايدۇ ، ئۇ 0 ياشتىن باشلىنىلدىغان ئائىلە تەربىيىسى قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ناۋادا بىز يۇقىرىقىدەك ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى كەسىپ قىلىۋالغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرسەك ئۇلارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنىڭ ئائىلە تەربىيىسىگە مۇناسىۋەتلىكلىكىنى بايقايمىز . مائارىپ جوڭگولۇقلار چۈشەندۈرگەندەك ئۇنداق تار دائىرىدە ئەمەس ، ئۇ نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، بۇ بىزنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرلەپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مەزمۇن .

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە چىرىك چىڭ خاندانلىقى كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن ھاقارەتلىك شەرتنامىلەرنى ئىمزالاپ چەتئەل پاراخوتلىرىنىڭ زەمبىرەكى ئىشىك ئالدىغا توغۇرلانغاندىمۇ قىلچە نۇمۇس قىلماي ئۇلۇغ خاقان غەرىپ ياۋايىلىرىغا مېھىر ـ شەپقەت ئاتا قىلدى دەپ تارىخىي پۈتۈكلەرنى پۈتۈپ تۇرغان ، كاڭ يۇۋېي لار يۈز يىل يېڭىلىققا كۈچۈش ھەرىكىتىنى قوزغاشتىن سەل بۇرۇن جوڭگولۇق زىيالىلار بىلەن ياپۇنىيدىكى زىيالىلار دۇمبىسىگە ياۋروپادا گۈرۈچ بولمىسا ئاچ قالمايلى بىر خالتىدىن گۈرۈچنى يۈدۈپ غەرپنىڭ قىممەت قارىشىنى ئۆگىنىشكە ماڭغان ئىدى . بۇنىڭ ئىچىدە غەرپنىڭ ئىلغار ئىدىيىسنى ئېلىپ كەلەلىگىنى ياپونىيدىن فۇزى يۇجى بىلەن جوڭگودىن سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بولدى .

مىيجى يىلىدىكى يېڭىلىققا كۈچۈشتىن بۇرۇن ياپونىيە گۈرۈچ تېرىش بىلەن بىلىق تۇتۇشنى ئاساس قىلغان ، ياۋروپالىقلار زەمبىرەكىنى ئىشىك ئالدىغا توختىتىپ قويۇپ ھەر بىر توي قىلماقچى بولغان قىزنى ئاق تەنلىكلەر تۈكلۈك مەيدىسىگە بېسىپ بىر كېچە ياتقاندىن كېيىن كېيوغۇلغا تاپشۇردىغان بىچارە دۆلەت ئىدى . ھۇرۇنلۇق ، قاششاقلىق ، مەينەتلىك ، ياۋايىلىقتىن باشقا ھېچبىر يېڭىلىق يوق ئىدى . فۇزى يۇجى دىگەن ئۇرۇق ، پۈۋلىسە ئۇچۇپ كىتىدىغان بۇ چۇقۇر ئادەم ئامرىكا ، فرانسىيە ، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە مىللەتنىڭ چىقىش يولىنى ئىزدىگەندىن كېيىن غەزەپلەنگەن ھالدا قايتىپ كىلىپ بۇرۇندىن باشلاپ ياپونىيە ئۇچراپ كەلگەن ۋە چۇقۇنغان كوڭزى ـ مىڭزى ئىدىيىسنى جان ـ جەھلى بىلەن سۆكتى ، ھەتتا ياپونىيە گەرچە جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ئاسىيا غا تەۋە بولسىمۇ ئۇ چۇقۇم ئاسىيادىن چىقىپ كىتىشى كىرەك دەپ 脱亚论دىگەن نەزىرىيىنى ئوتتۇرغا قويدى .

ھازىرقى ياپونىيە پۇلىنىڭ ئۈستىدە بۇ ئادەمنىڭ رەسىمى بار . ئۇنىڭ بەزى قاراشلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى جالالىدىن ئافغانى بىلەن يېقىنلىشىدۇ ، ئەلۋەتتە يەنە ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان قىسمىمۇ بار .

بىز ماركسىزىمچىلار بىز ، ياپون بۇرژازىيىسىنىڭ ۋەكىلى ، ئەشەددى مىللەتچى ، غەرىپپەرەس ، بىر قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كۈشكۈرۈتكىچىسى بولغان فۇزى نىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ماركسىزىملىق نوقتىنەزەردە تۇرۇپ مېغزىنى قوبۇل قىلىپ شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ ، بۇلۇپمۇ چەتنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا دائىر قىسمىنى قوبۇل قىلساق بولىدۇ .

كاڭ يۈۋېيلار "يېڭىلىق ئۈچۈن جوڭگودا تېخى قان تۆكۈلمىدى ، بىرىنچى بوپ مىنىڭ تۆكۈلسۇن " دەپ مەردانە هالدا جازا سەھنىسىگە مىڭىپمۇ ، تۈركۈملەپ جوڭگولۇق ئۇقۇغۇچى پارخۇتنىڭ ئاستا بۇلۇمچىسىگە مۈكىنىپ غەرپكە بېرىپمۇ تاكى جوڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغىچە جوڭگونىڭ چىقىش يولىنى تاپالمىدى . نىمىشقا ؟ ئۇلار غەرپنىڭ ماھىيەتلىك نەرسىلىرىنى بىلەلمىدى ، غەرپ ئىدىيىسىنى جوڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرەلمىدى ، ئەڭ مۇھىمى گىلاستۇك تاقاپ ، كاستيۇم ـ بۇرۇلكا ، پەلتۇ كىيىپ كىلىپ، كافىخانىلارنى ئېچىپ ، تاماكىنى چىشلەپ تۇرۇپ شلەپىسىنى سول قولىغا ئېلىۋېلىپ چىرايلىق قىزلارنى يىتىلەپ مېڭىشتىن باشقا مەدەنىيەت ئەكىلەلمىدى . قىياپەت ئۆزگەردى ، مەردانىلاشتى ، باشقىلار ھەۋەس قىلدى ، قىزلارنى تۆت كۆچىدا بويىندىن قايرىپ تۇرۇپ سۆيەلىدى ، بىراق غەرپنىڭ جوڭگوغا كىلىشكە تىگىشلىك نەرسىسىدىن بىرىمۇ كەلمىدى .

ـ 21ئەسىرنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەن دۇنيادىكى مىللەتلەر ئابدۇقادىر جالالىدىن دىگەندەك ئۆز تەقدىرى ، تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى . دەسلەپتە يەھۇدىيلار بالىسىنى تامدىن سەكرىتىدىكەن، ياپۇنلار بۇۋاقنى چوڭ يولغا تاشلاپ قويۇپ ئۆزى ماڭمىسا يۈلمەيدىكەن ، تاماقتىن كىيىن مېۋە يەيدىكەن دىگەندەك قاراشلار بارلىققا كىلىپ ئارقىدىن ئۇيغۇرنى سۆكۈپ تىللاش مودا بولدى . قوي گۆشىدىن باشلاپ چوڭ دادىمىزنىڭ ساقىلىغىچە ھەممىسى خاتا بولدى. ئوغرىنىڭ ، جالاپنىڭ ، ھەزىلەكىنىڭ ، ئاقچىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بولدى ، خۇددى باشقا مىللەتلەر جەننەتتىن ئەمدى چىققاندەك. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرنى سۆيمەن دەپ تۇرۇپ بىر قاچا تاماقنى نىسگە بىرىشتىن قورقىدىغان بوپ قالدى . يەھۇدىي بالىسىنى تامدىن سەكرەتسە ئۆزىنىڭ ئىشى ، ياپۇن بالىسىنى يۈلىمىسە ئۆزىنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادىتى، ئۇلارنىڭ قۇدرەت تېپىشىنىڭ سىرى كۆندۈلۈك تۇرمۇش ئادىتىدىمۇ ؟ ياق ، مائارىپتا ، ساپادا ، ئائىلە تەربىيىسىدە .

ئۇيغۇرنى تىللاش مودا بولۇشتىن بارا ـ بارا قالغاندىن كىيىن بىر قىسىم ئاقكۆڭۈل ئەمما داۋاملىق كىتاپ ئوقىمىسا بولمايدىغان كىشىلەر ، نىيىتى خالىس ئەمما كۆزۈتۈشكە ئەھمىيەت بەرمەي ، ماھىيەتنى تاشلاپ يۈزەكى نەرسىلەرنى بەك تەھلىل قىلىدىغان كىشىلەر دىنىي ئېتىقادىمىز سۇسلاپ كەتكەچكە....... دەپلا گەپ باشلاپ ھەممە گۇناھنى شۇ ياققىلا ئارتىپ يەنە بىر يېڭى ئېقىم بارلىققا كەلدى. ئۇنى خاتا دىيەلمەيمىز ، بىراق مەسلىنىڭ ماھىيىتى شۇ يەردە دەپ كىسىپ دىيەلمەيمىز .

ئامىرىكىلىق مۇسۇلمان ئەمەس، ياپۇنلۇقمۇ مۇسۇلمان ئەمەس، ئىنگىلىز، نىمىس، فىرانسۇزمۇ مۇسۇلمان ئەمەس . ئۇلار قۇدرەت تاپالىدى، راۋاجلاندى، ئەيدىزنى كونتورۇل قىلالىدى، دىمەك مەسىلە بىز ئويلىغاندەك ئاددى ئەمەس. ئېتىقاد چوقۇم بولۇشى كىرەك ، ئېتىقادسىز ئادەم ھەر قانداق يامان ئىشنى قىلىۋېرىدۇ، چۈنكى ئۇنى چەكلەپ تۇرىدىغان سىرتقى كۈچ يوق، ئۇ قورقىدىغان ئىلاھىي كۈچ يوق، بىراق خىروئىن يۆتكەشتىن بۇرۇن نەزىر بىرىپ ، يالىڭاچ ئۇسۇلغا چىقىشتىن بۇرۇن بىسمىللا دىيىشتىن قارىغاندا مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن، ساپاسىز ئادەملەرگە نىسبەتەن دىنمۇ چەكلەش كۈچىنى يوقىتىدىكەن، چۈنكى ئۇ دىنى بىر ئېتىقاد سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى ئۆستەڭ كولاشقا چىقىدىغان ھاشار سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. ئۇنداقتا ھەقىقى ئېتىقادنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كىرەك ؟ يەنىلا مائارىپقا ، مائارىپ بىلەن بارلىققا كەلگەن ساپاغا تايىنىمىز . ساپا بولغاندىلا ئۇ مۇسۇلمانچىلىقنى، ئىنساننىڭ بۇرۇچ ۋە ئېتىقادىنى، ئائىلىنىڭ فونكسىيىسىنى چۈشىنەلەيدۇ ، بۇنداق قوبۇل بولغان ئېتىقاد مۇستەھكەم بولىدۇ.

كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ كەتتۇق، لېكىن ھەقىقى قۇدرەت تېپىش دىگەن نىمە ؟ دىگەن مەسىلە بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان ساپا ۋە مائارىپنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق . بۇنى يەنە ئىنچىكە سۆزلىسەك سەھىپە كەڭىيىپ كىتىپ ئاپتۇرنىڭ خىزمەت بېسىمى ئېشىپ كىتىدۇ . خۇددى زوردۇنكام دىگەندەك دۇنيادا يامانلىق بىلەن ياخشىلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، ساختىلىق بىلەن چىنلىق مەڭگۈ كۆرەش قىلىپ تۇرىدۇ، بىر تەرەپنىڭ مۇتلەق غەلبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس . ھەممىز ئىزدەنگۈچى ، ئىزدىنەيلى .....

خىروئىن ، ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىش ، ساختىپەزلىك ، ھاراقكەشلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى پۈتۈن مىللەتنىڭ خاتالىقى سۈپىتىدە ئەمەس، ئىقتىسادىي ئامىل، جەمئىيەت ئامىلى قاتارلىق تەرەپلەردىن مۇۋاپىق تەھلىل قىلىپ تەنقىد قىلساق بولىدۇ . چۈنكى ئۇيغۇرلاردىمۇ نۇرغۇن ساپالىق كىشىلەر بار؟ ئۇيغۇر پاھىشە بار يەردە سىچۇەنلىك ، خېنەنلىك ، گەنسۇلۇق ........ ئوخشاش بار، بۇ بىر جەمئىيەت ھادىسىسى . ھەتتا ياۋروپا ۋە ئامىرىكىدىكى دوكتۇر، ماگىستىر ئىچىدىمۇ بار . بۇنى مىللى بېسىم قىلىۋالساق توغرا بولمايدۇ .

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قاتارلىق يازغۇچىلىرىمىز ئۇيغۇرنى تىللىغىدەك ئابرۇيغا، بىلىمگە، تەجرىبىگە ئىگە ئىدى، تىللىسىمۇ دۇنيادىكى ئەڭ سېسىق، ئەڭ ئەدەبىي، ئەڭ ساترىك تىللار بىلەن تىللىغىلى سەۋىيىسى يېتەتتى، بىراق دىققەت قىلساق ئۇلار بۇ تەرەپتە بەك ئېھتىياتچان، بۇلۇپمۇ، مىللەت، زىيالىي، دېھقان دىگەن چوڭ ئۇقۇملارغا كەلگەندە ئۇلار بۇ ھەقتىكى پاراڭلاردىن قاچىدۇ ياكى كۆيۈنىشنى ئاساس قىلىپ گەپ قىلغان. دىمەك ئۇلار مەلۇم نەرسىلەرنى بىزدىن بۇرۇن ئويلاپ يەتكەن . ئۇلار خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشلەر ، موتىۋەرلەر ، بەزى گەپلەرنى يەڭگىللىك بىلەن دىمەسلىكتە چوڭقۇم بىر داۋلىسى بار . بۇ يەنە ئىزدىنىدىغان بىر يىپقى تىما .

## كارخانا

سىز مىللى مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىللىرىمىزنىڭ زامان شاۋقۇنلىرى ئىچىدە ئۇن-تىنسىز غايىپ بۇلۇپ كىتىشىنى خالامسىز؟ سىز ئىپتىخار تۇيغۇللىرىمىزنى ئويغىتىپ،غورۇر ۋە ئىشەنچىمىزنى ئۇلغايتىپ كىلىۋاتقان باشلامچى كارخانىللىرىمىزنىڭ ۋەيران بولغان، نۇرغۇن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشسىزلىق كوچىسىدا سەرسان بولغان ھالىتىنى كۆرۈشنى خالامسىز؟ سىز بىر مۇناپىق ياكى ۋىجدانىڭىزنى ئىت يەپ كەتكەن ئادەم بولمىسىڭىزلا

خالىمايسىز! ئەكسىچە، ھەر بىر ئۇيغۇر، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭمۇ، مىللى كارخانىللىرىمىزنىڭ بايراقدارى بولغان »ئارمان»، «ئىخلاس»، «ئامىنە»، «گۈل يۈرەك»... شىركەتلىرىنىڭ دۇنياۋى سەھنىدە پارلىشىنى، «ئۇيغۇرسوفت»قا ئوخشاش يۇمشاق دىتال شىركەتلىرىنىڭ دۇنياۋى سەۋىيىدىكى يۇمشاق دىتاللارنى ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ! چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى يالغۇز شۇ كارخانا، شۇ شىركەتكىلا تەئەللۇق بولۇپ قالماي يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ، ئۇيغۇر ئىختىسادىنىڭ تەرەققىياتى . ئۇلار ئۆز تەرەققىياتى بىلەن بىرگە ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەت تۈركۈمىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىللىرىنىمۇ باشقىلارغا تۇنىتىدۇ .مۇنداقچە ئېيقاندا ، مىللى كارخانىلارنىڭ تەرققىياتى ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشى ئەمەلىيەتتە بىر خىل مەدەنىيەت ئاڭ-فورماتسىيىسىنىڭ تەرققىياتى ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشىدۇر.

ئۇنداقتا ئاشۇ شىركەت – كارخانىلارنىڭ تەرەققى قىلىشى نىمىگە باغلىق؟ كىمنىڭ قولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟

بىز شۇنداق جاۋاب بىرەلەيمىزكى،ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى تەكلىماكاننىڭ گىرۋىكىدە غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرغان دېھقان؛ئالىي مەكتەپ قويىنىدىكى «سىز» ؛ئالدىراش تۇرمۇش رىتىمىدە پالاقلاپ يۈرىۋاتقان» ئۇ» ؛بور توزانلىرىنى ئاسمانغا يۈلتۈز قىلىپ چېچىۋاتقان «مەن» ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.سىز ياكى مەن ئاشۇ شىركەتلەرنىڭ تەرەققى قىلىشىنى ياكى ھالاك بۇلۇشىنى ،كىيىنكى قەدەمدە مىللى مەدەنىيەتنىڭ ،ئۇيغۇرچە ئاڭ-فورماتسىينىڭ تەرەققى قىلىشى ياكى ھالاكىتىنى بەلگىلەيمىز!

ئۇيغۇر سوفت شىركىتىدىكى ئالىم ئەھەت ئەپەندى ئۇيۇشتۇرغان بىر قېتىملىق لىكسىيەدە، ئۇيغۇرچە يۇمشاق دىتاللار ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا گەپ بولغاندا ،بىرەيلەن ئالىم ئەھەت ئەپەندىمدىن:« ئۇيغۇرچە يۇمشاق دىتال سەۋىيىسى دۇنياۋى سەۋىيىدىن ناھايىتى ئارقىدا قالغاننىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن خىرىسقا دۇچ كەلدى . بىزنىڭ

www.uyghurkitap.com



قەدىمىمىز تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ماسلاشمىغاچقا باشقىلار ئىشلىگەن يۇمشاق دېتاللار بازارلىرىنى ئىگەللەپ كېتىۋاتىدۇ. سىز دىيارىمىزدا مۇشۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق كىشى، سىز ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتال بازىرىنىڭ كەلگۈسىگە قانداق قارايسىز؟ «دەپ سورىغاندا ئالىم ئەھەت ئەپەندى بىردەم تۇرۇپ كېتىپ :« بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى،مەن باشقىلارغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن . ئەمما ئۆزۈم شۇنداق ھۆددە قىلىمەنكى، مەن ئىشلەتكەن كومپيۇتېرداچوقۇم ئۇيغۇرچە يېزىق ۋە ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتال بولىدۇ؛مېنىڭ بالام ۋە ئايالىم ئىشلەتكەن كومپيۇتېرداچوقۇم ئۇيغۇرچە يېزىق ۋە ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتال بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى . بالىلار بىر نەرسىنى چۈشەنمىگەندەك بىردەم تۇرۇپ قېلىشتىيۇ،ئارقىدىنلا ھەممىسى قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتىشتى. قارىماققا ئالىم ئەھەت ئەپەندىنىڭ گېپى سوئال بىلەن تازا باغلانمىغاندەك تۇرىدۇ.لېكىن تېگى – تەكتىدىن ئالغاندا ئۇ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالىدىغان خېرىدار بولغاندىلا، شىركەت تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ،يېڭى تۈرلەرگە قۇرقماي مەبلەغ سالالايدۇ.شۇڭلاشقىمۇ سودىدا: «خېرىدار ـ خۇدا» دەپ تەمسىل قىلىنىدۇ.راست،بىر قىسىم شىركەتلەر ئاۋۋال ئۆزلىرى ئېھتىياج شەكىللەندۇرۇپ، ئاندىن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ،ئاخىردا ئۆز مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆزلىرى شەكىللەندۇرگەن ئاشۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ پايدا ئالالايدۇ.ئەمما بۇ مونوپول خاراكتېرىدىكى شىركەتلەرگە ماس كېلىدۇ. ئەكسىچە،بىزنىڭ مىللىي كارخانىلىرىمىز ئاشۇنداق مونوپوللۇقلار ئىچىدىن خۇددى قىيا تاش ئارىسىدىن كۆكلەپ چىققان گىياھتەك كۆكلەپ چىقماقتا.ئاشۇ خىل كۆكلەشلەرگە ئەل سۆيەر ئوغلانلارنىڭ يۈرەك قېنى ،تەۋەككۈلچىلىكى سىڭگەن .ئەمدى ئۇ پەرۋىش قىلىشقا ، قوغداشقا ، يېتەكلەشكە مۇھتاج. گىياھ دەسلەپتە ئۈنگەندە ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ،ئەمما ئۇ ئۆسكەندە ، باراقسانلاشقاندا بولسا شۇنى ئۆستۈرگەن ئادەملا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنەلەيدۇ، ئۇنىڭ سايىسىدا سالقىنداپدۇ.

مەن شۇنداق بىر ئادەتنى يېتىلدۈرگەن : بىر نەرسە سېتىۋالسام ئوخشاش مەھسۇلات ئىچىدە ئۆز شىركەتلىرىمىز ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنى ئازراق قىممەت بولسىمۇ، سۈپىتى باشقا مەھسۇلاتلارغا يەتمىسىمۇ يەنىلا شۇنى سېتىۋالاتتىم. مىللىي كارخانىلىرىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشىم ئۇلارنى قوللىغىم ،ئۇلارغا تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىپ بەرگىنىم ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشقىنىم ئىدى. چۈنكى ئۇلار نۇرغۇن «مەن»لەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا تەرەققى قىلسا، ھەتتا چەتئەللەرگىچە تەرەققى قىلسا، چەتئەللەرگە ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىمۇ ئۇلارغا «ساتاتتى»، ئىستېمال قىلدۇراتتى .باشقىلار مېنىڭ كىملىكىمنى ئاشۇلار ئارقىلىق تونۇيتتى. مېنىڭ يەنە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىۋالغىنىم خوتەندىكى ،قەشقەر كونا شەھەردىكى ياكى قەشقەر يېڭىشەھەردىكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم قىلغىنىم ئىدى. ئۇلار مەندەك ئىستېمالچىلىرىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئاشۇ سەبىيلەرگە ئوقۇش شارائىتى ھازىرلاپ بېرەتتى.ئاشۇ سەبىيلەر ئىچىدىن كەلگۈسىدە دۇنياۋى ئالىملار چىقمايدۇ دەپ كىم

ئېيتالايدۇ؟  بىزنىڭ بىر كارخانىنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىۋېلىشىمىز ئاددى ھالدىكى بىز مەنپەئەتلىنىدىغان ،كارخانا پايدا ئالىدىغان جەريان ئەمەس.ئاشۇ كارخانىلارنى قۇرۇۋاتقان ئەزىمەتلەردە پۇل تېپىشتىن ئىبارەت ئارزۇدىن باشقا تېخىمۇ يۈكسەك بىر ئارزۇ – مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش، مىللى گەۋدە سۈپىتىدە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش،مىللەتنى، خەلقنى تەرەققىياتقا باشلاشتىن ئىبارەت بىر ئىستەك يۈرەكلىرىدە يالقۇنجاپ كۆيۈپ تۇرىدۇ.ئۇنداق بولمىسا ئالىم ئەھەت ئەپەندى لوندۇن ۋە ئامىرىكىدىكى ئاكىللىرىنىڭ» :بۇياققا كەل،ئاشۇ بىلىمىڭ بىلەن يۇقىرى تەمىناتلىق خىزمەت تاپالايسەن ،قاچانغىچە 30 يۈەنگە ئەلكاتىپ سېتىپ يۈرۈيسەن» دېيىشىگە پەرۋا قىلماي «ئۇيغۇرسوفت»نى دەپ بۇ يەردە قالمىغان؛دوكتۇر خالمۇرات غۇپۇرمۇ يۇقىرى ئىش ھەققى ۋە خىزمەت شارائىتىنى تاشلاپ چەتئەلدىن يېنىپ كىرمىگەن؛ رادىل ئابلامۇ  ھازىرقى ئىگىلىگىنىڭ قەنتىنى چاقماي «ئۆگىنىمەن ،تەرەققى قىلدۇرىمەن »دەپ پايپاسلاپ يۈرمىگەن بولۇر ئىدى . . .ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پۇلدىنمۇ مۇھىم بىر نەرسە بار ئىدىكى ،ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ راھەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن،ئۆزلۈكسىز تىرىشقان ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ئىدى.

دىمەك، ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىنىڭ ،تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئېيتساق مىللىتىمىز ۋە مەدەنىيتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ قولىدا  .مىللىي كارخانىلىرىمىزغا، مىللىي مەدەنىيتىمىزگە تەرەققىيات پۇرستى ھازىرلاپ بىرەمدۇق ياكى ئۇلارنى ھالاكەت يولىغا باشلامدۇق بۇ ئۆزىمىزگە باغلىق.

ئاخىردا مۇنداق بىر ھېكايە بىلەن يازمامنى ئاخىرلاشتۇرىمەن :

چەتئەلدىكى بىر يەھۇدىلار مەھەللىسىدە بىر يەھۇدىي بار بولۇپ، باشقا يەھۇدىلار ئۇنى « ئاچكۆز،ئالدامچى» دەپ بەكمۇ يامان كۆرىدىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى « ئاچكۆز،ئالدامچى» دەپ ئاتالغان يەھۇدىي مەھەللىنىڭ چېتىدە دۇكان ئېچىپتۇ . ھەيران قالارلىقى،شۇ مەھەللىدىكى يەھۇدىلار خېلى يەرلەردىن،نۇرغۇن دۇكانلاردىن ئاتلاپ كىلىپ  ئۇنىڭ دۇكىنىدىن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالىدىكەن. بىر چەتئەللىك بۇنى چۈشەنمەي قوشنىسىن سوراپتۇ:«سەن پالانچىنى ئالدامچى ، ئاچكۆز دەپ تىللاۋاتاتتىڭ، ئەمما يەنە ئۇنىڭ دۇكىنىدىن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالىدىكەنسەنغۇ؟ »دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى يەھۇدىي:«ئۇنىڭ ئالدامچى ، ساختىپەزلىگى راست، ئەمما ئۇ سودىدىن پايدا ئالسا ئاشۇ پۇللارنىڭ بىر قىسمى بىلەن باللىرنى تەربىيلەيدۇ ، بەلكىم باللىرى يارامىلىق ئادەم بولۇپ يەھۇدىيلار ئۈچۈن چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بىرەلىشى مۇمكىن » دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

BABUR

## چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى

**1) 1828 ـ يىلى جاھانگىر خوجا توپىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كىيىن شىنجاڭدىن ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ۋادىسىغا خېلى كۆپ ئۇيغۇرلار كۆچكەن، لېكىن كۆچكەنلەرنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس.**

2) 1847 ـ يىلىدىكى ۋەلىخان تۆرە قوزغىلىڭىدىن كېيىن ھازىرقى ئۆزبېكىستانغا ۋەلىخان تۆرە باشچىلىقىدا 85مىڭدىن 160مىڭغىچە ئۇيغۇرلار كۆچكەن.

3) 1878 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگ ۋە ھېكىمخان تۆرىلەر باشچىلىقىدا ئىلگىرى چاررۇسىيەگە تەۋە بولغان ھازىرقى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستانلارغا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار كۆچكەن، لېكىن كۆچكەنلەرنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس.

4) 1881 ـ يىلىدىن 1884 ـ يىلىغىچە چاررۇسىيەنىڭ مەجبۇرى كۆچۈرۈشى بىلەن 100مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار چاررۇسىيە تەۋەسىگە كۆچكەن.

1830 ـ يىلى قوقان خانى مۇھەممەد ئەلىخان قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەندە 70 مىڭ ئۇيغۇر بىللە چېكىنگەن ۋە ئۇلار تاشكەنتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

5) 1937 ـ يىلى مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىرلىكتە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار كەشمىر، ھىندىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق جايلارغا كۆچكەن، لېكىن سانى ئېنىق ئەمەس.

6)1949 ـ يىلى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالىپتېكىن باشچىلىقىدا تەخمىنەن 750 ئادەم كەشمىر، تۈركىيە قاتارلىق جايلارغا كۆچكەن.

7) 1962 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى يامانلاشقاندىن كېيىن چۆچەك ئارقىلىق 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچكەن.

ئۇيغۇرلار ئاساسى گەۋدىسى جۇڭگودا بولغاندىن باشقا ھازىر يەنە ئۆزبېكىستان، قازاقىستان،قىرغىزىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركمەنىستان، موڭغۇلىيە، تۈركىيە، ھىندىستان، پاكىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، ئامېرىكا،ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئىئوردانىيە، ياپونىيە، كانادا، گېرمانىيە، ئاۋىستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، شۋېتسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ بار. تۆۋەندە يۇقىرىدىكى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس ئىستاتىستىكا ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

1) ئۆزبېكىستاندا 680مىڭ ئۇيغۇر بار. تارىخى نۇقتىدىن قارىغاندا ھازىر ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ۋادىسىدا 6 ـ 7 مىليون ئۇيغۇر نەسىللىك خەلق ياشايدىكەن. 1920 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ 600 مىڭدىن ئاشقانلىقىنى جاكارلىغان. 1930 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلان قىلغان نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدا بۇ سان بىر ھەسسە كېمىيىپ 300مىڭغا چۈشۈپ قالغان. 1937 ـ يىلى ستالىن قوزغىغا«ئەكسىل ئىنقىلابچىلارغا زەربە بېرىش ھەركىتى» دە، مەركىزى ئاسىيادىكى ھەرىكەتنىڭ تىغ ئۇچى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان يۇرت كاتتىلىرى قىرغىن قىلىنغان، ھايات قالغانلىرىنى بولسا قەيەردە ياشىغان بولسا ئۆزىنىڭ مىللى كىملىكىنى شۇيەردىكى مىللەتلەرنىڭ مىللى كىملىكى بىلەن ئاتاشقا مەجبۇر قىلغان. ئاساسەن ئۆزبېك نامى بىلەن ئاتالغان. 1950 ـ يىلى ۋە 1960 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر دىگەن نامنى قوللىنىش چەكلەنگەن، قوللانغانلار كەمسىتىلگەن ۋە سىياسى يەكلەشلەرگە ئۇچرىغان. 1979 ـ يىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرقېتىملىق نوپۇس ئىستاتىستىكا مەلۇماتىدىن قارىغاندا ئەسلىدىمۇ كېمەيتىلىپ ئېيتىلغان 600 مىڭ دىگەن سان 29 مىڭ 104كە چۈشۈرۈلگەن، 1989 ـ يىلى 35مىڭ 700 بولغان. ھازىر ئۆزبېكىستاندا زادى قانچىلىك ئۇيغۇر ياشاۋاتقانلىقىنى ھۆكۈمەت تەرەپ يوشۇرىدۇ ياكى يالغان مەلۇمات بېرىدۇ. ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ قارىشىچە، بىر ئۆزبېكىستاندىلا ئۆزلىرىنى مەخپى ھالدا ئۇيغۇر دەپ ئاتايدىغانلارنىڭ سانى 1 مىليون 500 مىڭدىن ئاشىدىكەن، ئېنىق ھالدا مىللى كىملىكى بىلەن ياشايدىغانلار 200 مىڭدىن ئاشىدىكەن، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى بىر ئۇيغۇر پىروففېسورنىڭ ئېيتىشىچە ئۆزبېكىستاندا ئۆزىنىڭ مىللى كىملىكىنى ئوچۇق ئاشكارا ھالدا قوغداپ قالالىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 500 مىڭدىن كەم ئەمەسلىكىنى ئاشكارىلىغان. ھازىر ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنىڭ ئۆزبېكىستاندىكى نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدا 680 مىڭ دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا 300 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىنىڭ «قازاقىستان ئۇيغۇر مائارىپى» نى تونۇشتۇرغان بىر پىروگىراممىسىدا قازاقىستانلىق بىر ئۇيغۇر ئايال قازاقىستاندا 450 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقىنى ئېيتقان. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 80 مىڭدىن ئارتۇق. قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار 50مىڭدىن ئارتۇق. پاكىستاندا 50 مىڭ ئۇيغۇر بار. ھىندىستاندىكى ئۇيغۇرلار 30 مىڭ. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى ئۇيغۇرلار 6 مىڭدىن ئاشىدۇ ئىئوردانىيە دىكى ئۇيغۇرلار نىڭ سانى ھازىرقى مەلۇماتتا 100 گە

يېقىن. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار 10مىڭدىن ئارتۇق. كانادادىكى ئۇيغۇرلارنەچچە مىڭدىن ئاشىدۇ. ئاۋىستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەدىكى ئۇيغۇرلار 3 مىڭ ئەتراپىدا. ياۋروپادىكى گېرمانىيە، شۋېتسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلار بىر نەچچە مىڭدىن ئاشىدۇ. مۇڭغۇلىيەنىڭ قوبدۇ ئايمىقىغا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار 1000 دىن ئاشىدۇ. ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇرلار 8600 دىن ئارتۇق. تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلار 2000 دىن ئاشىدۇ. ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن چىقىپ ئاشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ 1000دىن ئاشىدۇ.

## ياۋروپالىقلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى

## (ئەسەت سۇلايمان ؟ )

قەدىرلىك ئوقۇرمەن!

ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى چەتئەللىكلەر بىلەن، بولۇپمۇ ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان دىئالوگىنىڭ كىچىككىنە بىر سەھىپىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇم. ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىدىن باشلانغان بۇ ئۇزاق دىئالوگ تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق. بۇ تەمىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا، چەتئەللىكلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالاقە تارىخىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا يورۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. لۇشۈن ئۆز دەۋرىدە جۇڭگولۇقلارنى قەستەن ماختاپ، كۆككە كۆتۈرگەن ئەجنەبىيلەرگە نەزەر ـ كۆزىنى سالمىغاندى، ئەكسىچە خەنزۇ مىللەتلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى يۈرەكلىك ھالدا ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلغان چەتئەللىك يازغۇچىلارغا يۇقىرى باھا بەرگەندى. ئەپسۇسكى، ئۆزۈڭدىن بويان بىز غەربلىكلەرگە باھا بېرىشتە ئۇلارنىڭ بىزگە قانداق دوستانەمۇئامىلىدە بولغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللىتىمىزگە قانداق گۈزەل باھالارنى بەرگەنلىكىگىلا قاراپ كەلدۇق. مەن مەزكۇر ئەسىرىمدە ئەنە شۇ كونا رامكىنى بۆسۈپ چىقىپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ تېخى بىزگە مەلۇم بولمىغان تەنقىدىي تەسىراتلىرىنى ئاشكارىلاشقا تىرىشتىم.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلىشىگە ئەگىشىپ، غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەردىن تۈرلۈك سالاھىيەتلەر بىلەن كۆپلىگەن چەتئەللىك تەۋەككۈلچىلەر تارىم ئويمانلىقىغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە روسىيەلىك پرجېۋالسكى (1870 ـ 1873 ـ يىللار، 1876 ـ 1878 ـ يىللار، 1879 ـ 1880 ـ يىللار، 1883 ـ 1885 ـ يىللار)، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن (1090 ـ 1891 ـ يىللار، 1894 ـ 1895 ـ يىللار، 1899 ـ 1901 ـ يىللار، 1906 ـ يىل، 1913 ـ يىللار، گېرمانىيىلىك لەكوك ۋە گرۈنۋېدېل (1902 ـ 1903 ـ يىللار، 1904 ـ 1905 ـ يىللار، 1905 ـ 1907 ـ يىللار، 1913 ـ 1914 ـ يىللار)، فرانسىيىلىك پەللىئوت (1906 ـ 1909 ـ يىللار) ھەمدە ياپونىيىلىك ئوتانى (1902 ـ 1903 ـ يىللار) قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ئېلىپ بارغان مول سەۋەرلىك ئېكسپېدىيە پائالىيىتى داۋامىدا، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنىشى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى كۆزەتتى، يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە تەپسىلى خاتىرىلەرنى قالدۇردى. بولۇپمۇ سۋېن ھېدىن، ئالبېرت فون لېكوك، نىكولاي پرژېۋالسكى، ماكارتنەي، گۇننار ياررىڭ، ستەيىن، راھىب ئوتانى، تاجىبانا، ۋاتابە، يانغاسبەند، گابرەل بونۋالوت قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خاتىرىلىرى ناھايىتى قىممەتلىكتۇر.

ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپېدىيە پائالىيىتى داۋامىدا يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن نۇرغۇن كۆنلەرنى بىللە ئۆتكۈزدى، ئۇلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئۇلارغا يالىنىپ، دەشت ـ باياۋانلاردا يول باشلىغۇچى بولدى. مۇشۇ جەرياندا ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەسىراتلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ

كۆندىلىك خاتىرلىرىدە، ئىلمىي ئەسەرلىرىدە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھەققىدە تەپسىلى توختالدى.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەسەرلەرئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم ماتىرىيال سۈپىتىدە رول ئوينىماقتا. ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش پائالىيىتى داۋامىدا، ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم سەھىپىلىرىگە شاھىت بولدى. شۇنداقلا 19 ـ ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ـ xx ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تېز سىزىمىسىنى سىزىپ چىقتى. مۇشۇ تىز سىزمىسىغا ئاساسەن، ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنىشىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نوقتىلاردىن بايان قىلىش مۇمكىن.

ئوتتۇرا ئەسىر تۈسىدىكى شەرق جەمئىيىتى

دىيارىمىزغا كەلگەن مۇتلەق كۆپ قىسىم ياۋروپالىقلار تارىم ئويمانلىقىدىكى نەچچە ئەسىرلەردىن بويان گويا توختام سۇدەك بىر ئىزدا تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كەيپىياتىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ كەلگەن شەرقتىكى بىر پىنھان كۆزنەك، دەپ تەسۋىرلىگەن.

دەرۋەقە، ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر تارىم ئويمانلىغىنىڭ سىرلىق قوۋقىنىچېكىشتىن ئىلگىرى، بۇ جاي ياۋروپالىقلارئۈچۈن كېلىش ئەڭ تەس بولغان، چەتئەللىكلەرنىڭ ئايىغى ئەڭ ئاز تەگكەن بېكىك بىر رايون ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدا پارلاق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى قۇم بارخانلىرى ئاستىغا يۇشۇرۇنۇپ ياتسىمۇ، لېكىن يىپەك يولىنىڭ خارابىسىغا ئەگىشىپ، بۇ يەرنىڭ ئىلگىركى قايناق مەنزىرىسىيوقالغانىدى. بوستانلىقلاردىكى شەھەر ـ بازارلار ۋە يېزا ـ قىشلاقلار ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان قالاق ھالەتتىكى ناتۇرال تەبىئىي ئىگىلىككە تايىنىپ، ئىنتايىن تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي فورماتسىيىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارئەتراپتىكى ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان ناھايىتى سۇس ھالەتتىكى سودا ۋە مەدەنىيەتئالاقىسىدىن باشقا، ئۆزلىرىنى تۈپتىن ھەركەتلەندۈرۈپ ماڭىدىغان ئۈچۈر ۋە ئېنېرتسىيەگە ئىگە ئەمەس ئىدى .بۇ ھال تارىم ئويمانلىقىدا ئىجتىمائىي ھالەتنىڭ بۇرۇقتۇملىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرلەش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، بىر ئىزدا ئۇززاق توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. شۇ چاغدىكى ھەرقانداق بىر شەھەر__مەيلى قەشقەر، مەيلىخوتەن، مەيلى ياركەنت ياكى مەيلى تۇرپان بولمىسۇن، ھەممىسىدە بىر خىل تۇرغۇن ھالەت داۋام قىلماقتا ئىدى. گۇننار ياررىڭ 1929 ـ يىلدىكى قەشقەرنىڭ شەھەر مەنزىرىسى كەيپىياتىنىمۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەن ئىدى: 1929 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ خۇددى ھازىرقى دەۋەردىن ئوتتۇرائەسىرگە __(مىڭ بىر كېچە) نى فىلمگەئېلىش ئۈچۈن راسلىغانكۈرۈنىش ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بۇ يەردە يا ئاپتوموبىل ،يا موتسكىلىت يوق ئىدى، ھەتتا ۋەلسىپىتمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى . بازار ئەتراپىدىكى قاراڭغۇ ،تارچۇق كوچىلارنى يورىتىدىغان ئىلىكتىر چىراغلارمۇ يوق ئىدى. قەشقەردە گېزىت يوق ئىدى ،مەتبەگە بېسىلغان كىتاب تېخىمۇ يوق ئىدى. مىرزا ـ كاتىپلار چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ،قولىيازمىلارنى ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن رەتلىك كوچۈرەتتى.ھەممىلا يەردە . بۇياقچىئۇستاملار يىپلارنى ئىششتا ئىشلىتىدىغان بادىرلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆينىڭ ئۆگزىسگە تىزىۋاتاتتى.تارچۇق كوچىلاردا ھەر ـ مىللەت كىشىلىرى مېڭىپ يۈرەتتى. بايلار ۋە ئىسىلزادىلەر چىرايلىق گۈللۈك يوپۇق ـ شالچا سېلىنىپ ئىگەرلەنگەن يۇزۇر ئاتلارغا مىنىپ، مىغلداپ تۇرغان كىشلەرتوپىنى يېرىپ ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا ئۆتۈپ يۈرەتتى. قول ئىلكىدە پۇل ـ مېلى ئانچە جىق ئەمەسلەر ئېشەككە مىنەتتى. ھالبۇكى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ زور كوپچىلىگى بولغان كەمبەغەللەر پىيادە ماڭاتتى.گۇننار ياررىڭ سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: كىشلەرشۇ چاغدىكى قەشقەرگە ئوخشاش تازا روناق تاپقان ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام جەمىيىتىنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپالمايدۇ. ئىلگىرى ئافغانىستانغا شۇنداق جەمئىيەت خېلىئۇززاق مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇنداق جەمئىيەت ھازىرقى زامانىنىڭ زوراۋانلىقىئالدىدا ئۇ يەردىمۇ ئاللىقاچان بەربات بولۇپ كەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، قەدىمقىقەشقەر ھەققىدە كىشىنى قانائەتلەندۈرگىدەك ئەسەر يازىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى. ئۇ يەردىكىبازارلارنى، ئاشۇ بازارلارنى دەۋر قىلىپ شەكىللەنگەن تۇرمۇشنى تەسۋىرلەيدىغان ئادەم چىقمىغانىدى.

قەشقەردە 17 يىل تۇرغان ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ خانىمى ماكانىمى خانىم ماكارتنەي خانىم ئۆز خاتىرىسگە قەشقەر تەسۋىرلىرىنى مۇنداقدەپ يازغانىدى :قەشقەرگە يېڭى بارغان چېغىمدا، بازاردا چەتئەلنىڭ ماللىرى يوق

دىيەرلىكئىدى .ئىنتايىن بايلارلا ئېسىل كىيىنگەننى ھىسابقا ئالمىغاندا، ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسىشۇ جايدا توقۇلغان قىل ماتادىن كىيىم كىيەتتى. ئۇ چاغلاردا روسسىيىدە ئىشلەنگەن كۆندىلىك بۇيۇملار تېپىلمايتتى ، قەنتمۇ كەمچىل ئىدى. شۇڭا، بۇ شەھەرنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان كونا قېلىپىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، كوچىلىرى، بازارلىرى ۋە ئورپ-ئادەتلىرىنىڭ كونا پېتىتۇرغانلىقىنى ئويلىسا، ئادەمگە تولىمۇ قىززىق تۇيۇلىدۇ. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ كىيىنىشى،يىمەك-ئىچمىكى، تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئاتا-بوۋىسىنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرق قىلمايتى. بىزنىڭبۇ يەرگە كەلگەندىكى ساياھەت شەكلىمىزمۇ ماركو پولونىڭ 13-ئەسىردە قۇبلەي خاننىڭ ئوردىسىغا كەلگۈچە بۇ جايلاردىن ئۆتكىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.
مانا بۇ ياۋروپالىقلارنىڭ قەلىمىئاستىدىكى يۇرتىمىزنىڭ، تېخىمۇ توغراراقى، ئوتتۇرا ئەسىر تۇسىدىكى قەشقەرنىڭ تىز سىزمىسىئىدى. بۇ تىز سىزمىغا ياۋروپالىقلارنىڭ سىرلىق شەرق ھەققىدىكى غايىبانە تەسراتلىرىمۇ سىڭگەنىدى.

## ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ شەرقتىكى جەننىتى

يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلىپ، يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى گەرچە دۇنيادىكى تاشلاندۇق رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ،لېكىن مەركىزىي ئاسىيا ئېكسپېدىيە قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلىشى بۇ رايوننىڭ ئىنسانىيەتمەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىملىقىنى قايتىدىن تونۇتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاسىيانىڭ دەشت-باياۋانلىرىغا ئورالغان بۇ رايون بىر توپ ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ جەننىتىگە ئايلاندى. بۇيەرنىڭ مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى،ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك تۈزۈلىشى ۋە ئىقلىم ئالاھىدىكلى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مۇرەككەپئىرقىي تەكىپى، شۇنىڭدەك كۆزنى قاماشتۇرىدىغان فولكلور مەدەنىيىتى غەرب تەۋەككۈلچىلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلدى. ياۋروپا ۋە ئامىركىدىكى ئوخشىمىغان ئەللەردىن كەلگەن كوپلىگەن ئارخېئولوگلار، گېئولوگلار، تاغقا چىققۇچىلار، ئانتوروپولوگلار، ئاخبارات توپلىغۇچىلار،تىلشۇناسلار، سەيياھلار، بايلىق ئىزدىگۈچىلەر،دىپلوماتىيە خادىملىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىز بېسىپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى. شۇنىڭدىنباشلاپ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كىندىكىدىكى بۇ سىرلىق ماكان بىر توپ ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ شەرقتىكى جەننىتىگە ئايلاندى. چارروسىيە بىلەن بۈيۈك بىرتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ دىپلوماتىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى مەنپەئەت تالىشىش كۆرەشلىرىدىن باشقا، يەنە بۇ يەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش جېڭىدىمۇ يەتكۈچە پۇت تېپىشتى. سېۋىن ھېدىن، ئاۋرەل ستەيىن ۋە لىكوك قاتارلىقلارئۆزلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا قىلغان مول سەمەرىلىك ئېكسپېدىيىسى داۋامىدا نام چىقاردى ھەمدە دۇنيادىكى كاتتا شەخسلەر قاتارىدا تونۇلدى.
19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن xx ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە بولغانجەريان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىيىسىنىڭ ئالتۇن دەۋرىبولدى. بۇ جەرياندا قەلبىدە تەۋەككۈلچىلىكنىڭ ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇرغان بىر توپ ياۋروپالىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بويان كۆرۈۋاتقان شېرىن چۈشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايسى بولۇڭ –پۇچقاقلىرىدا كەڭ كولەملىك قېزىشئېلىپ باردى. بۇنداق قېزىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي ۋەمەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۈرۈش بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. شۇڭلاشقا،تارىم ئويمانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇن مەزگىللىك ئېكسپېدىسىيە پائالىيەتلىرى ئەمەلىيەتتە ياۋروپالىقلارنىڭ ئۇيغۇر جەمىيىتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانى بولدى.

## ئوخشىمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ كۆرگەزمىخانىسى

دىيارىمىزغا كېلىپ تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ھەممىدىن ھەيران قالدۇرغىنى___بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئىرقىي ۋە ئېتنىك تەركىبى بولغان ئىدى. چۈنكى، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ئېتنىك تۈركۈمدە ياۋرۇ-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇغىدىكى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئالامەتلىرى مۇجەسسەملەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ بەدەن تۈزۈلىشى ۋە ۋۇجۇدىدا تىپىك ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كافكاز ئىرقىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىدىن باشقا، يەنە تارىم ئويمانلىقىدىكىقەدىمكى ئاھالىلەرنىڭمۇ ئىرقىي ئالامەتلىرى ساقلانغانىدى. قەشقەر ھەققىدە چوڭقۇر تەسراتقائىگە ئەنگلىيە كونسولىنىڭ خانىمى ماكارتنەي

كاسەرىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: قەشقەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تەقى ـ تۇرقى ۋە چىراي ـ شەكلى خىلمۇ ـ خىل، ياۋروپالىقلارغا خاس ئالاھىدە بەلگىلەرئاز ـ تولا ئۇچرايدۇ .ئەر ـ ئاياللار قاۋۇل، بەستلىك، كېلىشكەن، چىرايلىق بولۇپ، چىرايىدىن بىر خىل ئېسىل ـ سۆپەتلىكى چىقىپ تۇراتتى. قىرغىزلارنىڭ يۈزى ياپىلاق، مەڭزى قىپقىزىل ئىكەن.ياندىن قاراشتا ئافغانلارنىڭ يۈز كېپتى سوزۇق ۋە ئېنىق كورىنەتتى. يەنە ھىندى دىنىدىكى ۋە ئىسلام دىنىدىكى ھىندىستانلىقلارمۇ، خەنزۇلارمۇ بار ئىدى. رەستىدە ئالتۇن چاچلىق، دېڭىز سۈيىدەك زەڭگەر كوزلۇكلەرمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇلار ئېھتىمال ئارىيان قىنىدىكىلەر بولۇشى مۇمكىن. قەشقەردە كىشىلەر زادى قەشقەرلىكلەرنىڭ زادى قايسى ئىرىقىقا تەۋە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلمەيدۇ، چۈنكى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئوخشىمىغان ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن كىرىشى بىلەن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قېنى خېلىلا شالغۇتلاشقان. بەزى ئوغۇل باللارمۇ بەك كېلىشكەن. بولۇپمۇ ئورا كۆزلۈك كەلگەن 12 ياشلاردىكى ئوغۇل ـ قىزلار ناھايىتى گۈزەل. ئۇلار دۇخاۋا، چىت رەختلەردىن كىيىم، يارىشىملىق تۇماق، دوپپىلارنى كىيسە، ئىتالىيانلارغا ياكى ئىسپانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. “ لىكوك تۇرپان رايونىدىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا يەرلىك خەلقنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بىر خىل ئارىلاشما ھالەتتىكى شالغۇت ئىرىققا مەنسۇپ بولۇپ، نۇرغۇن ساياھەتچىلەر ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەرگە دىقەت قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزى كىشىلەرنىڭ كۆزى قوڭۇر، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ كۆپكۆك بولۇپ، ناۋادا ياۋروپالىقلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيسە، ياۋروپا شەھەرلىرىنى ئايلانسا، ھېچكىم ئۇلارنىڭ غەيرىي ياۋروپائىد ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايدۇ. پرزېۋالىسكى خوتەن بوستانلىقى بىلەن كېرىيە بوستانلىقىدىكى ۋە قۇرۇم تاغلىرى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇنداق يازغانىدى: .بۇ خەلقلەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلار ۋە تاغلىق رايونلاردا ياشايدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى ماچىنلىقلار دەپمۇ ئاتايدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان ماچىنلىقلارنىڭ ئىرقىي ساپلىقى نىسپەتەن يۇقۇرى بولۇپ، بوستانلىق ۋە شەھەرلەردىكى ئاھالىلەر نىسپەتەن سىلىق ـ سىپايە كېلىدىكەن. ساپ ماچىنلىقلار موڭغۇل ئىرقى بىلەن ئارىيان ئىرقىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان شالغۇت تۇركۇم بولۇپ، ئارىيانلىقلارنىڭ تەركىبى ئۈستۈنرەك ئورۇندا تۇرىدىكەن. بوستانلىق ۋە شەھەرلەردە ياشايدىغان چىنلىقلاردا باشقا نۇرغۇن ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ تەسىرى بولغاچقا، سىرتقى قىياپىتى ئۈنچىلىك گەۋدىلىك ئەمەسكەن...“ 1886 ـ يىلدىن 1894 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا كۆپ قېتىم ئېكسپېدىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئەنگىلىيىلىك يانغازبەند قۇمۇلدىكى ئانتوروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ھەققىدە مۇنداق يازغانىدى: ”مەن جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسمىدىن يولغا چىقىپ، 2400 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، غەربىي دىيارنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆتتۈم ھەمدە يېڭى تىپتىكى ئىرقىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە كىشىلەرنى ئۇچرىتىشقا باشلىدىم. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بويى نىسپەتەن ئېگىزرەك، بەدەن قۇرۇلمىسى موڭغۇللاردەك كۈچلۈك ئىكەن. يۈز تۈزۈلۈشى يۇملاقراق بولۇپ، موڭغۇللارغا سېلىشتۇرغاندا، سەل سوزۇنچاق كېلىدىكەن ۋە راۋۇرۇس كورىنىدىكەن. بىراق، قەشقەر ۋە يەركەنتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، سالاپىتى سۇسراق، پەم ـ پاراستى ۋە سەزگۈرلۈكى تۆۋەنرەك ھەمدە تۈز كېلىدىكەن...قۇمۇلنىڭ مۇرغاي دېگەن يەرىدە مەن يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇلار چىرايىغا ئۇپا ـ ئەڭلىك سۇرتۇپ، پۇتىنى بوغۇدىغان خەنزۇ ئاياللىرىغمۇ، يۈزى يوغان كېلىدىغان موڭغۇل قىزلىرىغمۇ، شۇنىڭدەك تاغاق سۆڭىكى بورتۇپ چىققان مانجۇ ئاياللىرىغمۇ زادىلا ئوخشىمايدىكەن. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى چىرايلىق ۋە چېچەن كېلىدىكەن .گىرىتسىيىلىك ياكى ئىسپانىيىلىك ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئۈنچىلىك قارامتۇل دېگىلى بولمايدىكەن. ئوماق رۇخسارى، قاپقارا قويكۆزلىرى خۇددى رەسىملەردىكى پەرىزاتلاردەك ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. يارىشىملىق كىيىم كىيىپ، ئىككى تال ئۇزۇن ئورۇمە چاچ قويۇۋالىدىكەن ۋە بېشىغا قىزغۇچ دوپپا كىيىۋالىدىكەن. بۇنداق ياسانغاندا ئۇلار تېخىمۇ نازاكەتلىك كورۇنىدىكەن... “ بۇنىڭدىن كورىۋالغىلى بولىدۇكى، ياۋروپالىقلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئوخشىمىغان ئىرقىي ۋە ئېتنىك تۇركۇملەرنىڭ چوڭ تۈگمىنىدە يۇغۇرلۇپ چىققان، تېخىچە تاكامۇللىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مۇرەككەپ ئېتنىك بىرلىك ئىدى .ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ، ھۇنلارنىڭ، تۇركلەرنىڭ، ساكلارنىڭ، توخرىلارنىڭ، پارىسلارنىڭ، شۇنداقلا موڭغۇللارنىڭ ئوخشاش بولمىغان نىسپەتتىكى خۇرۇچى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئىككى ئىرقنىڭ___ياۋروپا ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇش پاسىلىدا

شەكىللەنگەندى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ بەدەن قورۇلۇشى ۋە چىراي ـ شەكلىدە ھەر ئىككى ئىرقنىڭ ئالامەتلىرى تىپىلاتتى .ھەتتا، ياۋروپا ئىرقىغا خاس ئالامەتلەر خىلىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەنلەيتتى. تارىم ئويمانلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپەدىتسىيە قىزغىنلىقى كوتۇرۇلىشكە باشلىغان 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىمۇ قەشقەر، ياركەنت،خوتەن قاتارلىق سودا نىسپەتەن تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردە ئۇيغۇرلار بىلەن خوشنا ئەللەردىن كەلگەن ئاسىيا مۇھاجىرلىرى( ئەنجانلىقلار، بۇخارالىقلار، ئافغانلار، تاجىكلار، كەشمىرلىلەر ۋە ھىندىلار)نىڭ جىددىي رەۋىشتە يۇغۇرۇلۇشى داۋاملىشىۋاتاتتى. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا،19 ـ ئەسىرنىڭئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر رايۇنىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى تەخمىنەن 600 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ،ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاسىيا مۇھاجىرلىرى بىلەن شالغۇتلار (ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا ئەللەردىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ توپلىششىدىن شەكىللەنگەن ئارىلاش قانلىقلار) 145 مىڭ ئەتراپىدائىكەن. بۇ سان ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەر رايونىنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنىتەشكىل قىلىدىكەن. شۇڭلاشقا، ياپونىيە ئېكسپېدىيىچىسى تاجىبانا ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەرنىكۆرۈپ: ”قەشقەرگە يىغىلغان مىللەتلەر ۋە ئوخشىمىغان ئىرقىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كىشىلەر ناھايىتى كوپ بولۇپ، بۇ يەر بەئەينى بىر ئىرقلار بازىرىغا ئوخشايدىكەن. دۆلەتتەۋەلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردە روسسىيەلىكلەر، ئەنگلىيەلىكلەر ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەنلەر بار ئىكەن. روسسىيەلىكلەرنىڭ ئىچىدە رۇسلاردىن باشقا يەنە ەسەمەرقەنتلىكلەر، ئەنجانلىقلار ۋە تاشكەنتلىكلەر بار ئىكەن .ئوخشاش بولمىغان ئېتنىك تۇركۇمدىكى نۇرغۇن ئاھالىلەر بۇ يەرگە توپلىشىپ، مەركىزى ئاسىيادىكى ئىرقلار مۇزېيىنى ھاسىل قىلغانىكەن”.

ئۇنتۇلغان، دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋىتىلگەن مىللەت

ئۇيغۇر جەمئىيتىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى بەختسىز كەچۇرمىشى ۋە سانسىزلىغان رىيازەتلىرى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى مەنىۋى ئېنىرگىيىسىدىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دۇنيا بىلەن بولغان ئارىلىقىنىمۇ يىراقلاشتۇرىۋەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، ياۋروپالىق تەۋەككۇلچىلەر بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىغان ئاشۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ غەپلەت ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. نۇرغۇن ئەجنەبىيلەر بۇ يەرگە كېلىشى بىلەن گويا ئۆزلىرىنى زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرگە بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلغانىدى. شۇنداق، بۇ يەردە زامانىۋى تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى يوق ئىدى، ماشىنلاشقان قاتناش قوراللىرىمۇ يوق ئىدى، پۇتكۈل مىللەتنى تەربىيلەيدىغان مائارىپ سىستېمىسى ۋەمەدەنىي كەيپىيات تېخىمۇ يوق ئىدى. بۇ يەردە پەقەت ئايىغى بېسىقمايدىغان جېدەل ـ يىغلىقلار، ئوقۇپ تۈگىتەلمەيدىغان تۆۋە ـ ئىستىغپارلار، دەۋر ئۆزگەرسىمۇ قەلىپى ئۆزگەرمەيدىغان ئىجتىمائىي رامكىلار، ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان نادانلىقلار ھوكۇم سۇرمەكتە ئىدى.....

مانا مۇشۇنداق بىر دەۋردە،ئويغاق ياۋروپا بىلەن غەپلەتتە قالغان ئۇيغۇر جەمئىيتىنىڭ دەسلەپكى دىئالوگى باشلاندى.

بىر توپ ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەرئۆز تارىخى ۋە مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا نىسپەتەن قىلچىمۇ ھەقدارلىق تۇيغۇسى بولمىغان،ھازىرقى زامان ئەھۋالى ۋە رىقابەت ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغان ، ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتقا پاسسىپ ماسلىشىپ ياشايدىغان چېچىلاڭغۇ بۇ مىللەتنى سىرتتىن كۇزىتىشكە كىرىشتى....

ـ 1887يىلى دىيارىمىزدا تەكشۇرۇش ئېلىپبارغان ئەنگلىيىلىك ياڭخاز بەند يەركەنتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيتى ھەققىدە مۇنداق دەپيازغانىدى: ياركەنت مىنىڭ بۇ قېتىمقى شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى بازار، شۇنداقلا مەن ئەڭ ئىنچكە تەكشۇرۇش ئېلىپ بارغانجايلاردىن بىرى. شۇڭا، مەن بۇ جاي ھەققىدە كورگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسنى يېزىپ چىقتىم...بۇدەۋردىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان تەبىي ئىگىلىككە تايىنىپ، بىرخىل تىنچ ۋە توختام سۇدەك ئۆزگەرمەس تۇرمۇش كەچۇرىدىكەن .قاتمۇقات تاغلارنىڭ قورشاۋىدىن شەكىللەنگەن تەبئىي جوغراپىيلىك توساق ئۇلارنى سىرتقى دۇنيادىن كېلىدىغان رەھىمسىز رىقابەتتىن چەتكە قالدۇرۇپتۇ. سىڭگەن نىنىغا شۇكرى قىلىپ ياشايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارنى ھەممە نەرسىگە بىپەرۋالىق بىلەن قارايدىغان، ۋەزىيەتتىكى ئۆزگۇرۇشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇنچىلىك ئۇچراپ كەتمەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ .گەرچە بۇ يەردە نۇرغۇن يىڭىلىقلارر،ئىنقلاپلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ مۇتلەق كوپچىلىكى سىرتتىن كەلگۈچىلەرنىڭئويۇنى ھىساپلىناتتى. بۇ ھوكۇمراننىڭ ئورنىغا يەنە بىرسى ئولتۇرۇش،

سۇلالىلەر ئالمىشىش دىگەنلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۈنچىلىك كارى يوق ئىدى. بۇ ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇلار پەرۋاسىزلارچە ئىنكاس قايتۇراتتى. بۇنىڭدىن ھەرقانداق ئادەم تەبئىي ھالدامۇنداق خۇلاسىە چىقىرالايدۇ :مۇنداق مىللەت رىقابەركە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇلار يەرگە باغلانغان ئۇششاق دېھقان ياكى يىراقنى مولچەرلىيەلمەيدىغان ئادەملەر خالاس.يەر تېرىش ۋە ئۇششاق ئىپتىدائىي تىجارەتتىن باشقا ، ئۇلاردىن چوڭ ئىشلارنى كۈتكىلى بولمايدۇ.ئۇلار كىچىككىنە بىر دۇنياغا قامالغان. سىرتقى ئەللەردىكى ئۆزگۈرۈشلەرنى چۈشەنمەيدۇ،قاششاق، ھاياتى كۈچى يوق. ئۇلار پەقەت بۇ يەردىكى تار مۇھىتقا پاسسىپ ھالدا ماسلىشىپ،ئۆز روزوغارىنى ئۆز يېرىدىن ئالسىلا كۇپايە. قانداقلا بولمىسۇن، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈش ئۇلارنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مىزانى، ھەرقانداق بىر ۋەقە ئۇلارنى چوچۇتەلمەيدۇ،ئۇلارنى سەگىتەلمەيدۇ.

ئالبەرت ۋۇن لىكوكمۇ مۇنداق دەپيازىدۇ: بۇ يەردە مائارىپ ئۇقۇمى ئىنتايىن سۇس، ئەگەر بار دىيىلسە ھەجلەپ ئوقۇش ۋە يېزىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ،خالاس .لېكىن، ھەممە كىشى دېگۈدەك بىر قىسىم ھىساپلاش بىلىملىرىنىبىلىدۇ. پۈتكۈل ئۇيغۇرلار رايۇنىدا بىرەرمۇ باسمىخانا ۋە ياكى مەتبەئە ئەسلىھەلىرى يوق.ئەملىيەتتە ئۇلارنىڭ كاللىسى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، ئەگەردە ئۇلارغا ياخشى بولغان تەربىيلەش پۇرستى يارىتىپ بېرىلسە چوقۇم نەتىجە يارىتالايدۇ. بۇ مىللەتنىڭ تەدرىجى زەئىپلىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچراتقىلى بولىدىغان ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن قاششاقلىق، چۈشكىنلىك ھەمدە ئالدامچىلىقتۇر”...

لىكوك يەنە تۇرپاندىكى ئاھالىلەرنىئەسلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ“ :بىز تۇرپانغا كېلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەردىكىيۇرت كاتتىلىرى بىزنى دائىم يوقلاپ تۇردى. بىر كۈنى بىز چۈشكەن ئويگە قازى ، ئاخۇنۋە بىرقانچە يۇرت موتىۋەرلىرى كەلدى. بىز ئۇلارنى ھورمەت ـ ئېھتىرام بىلەن كۈتىۋالدۇق.بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار گەپ تەشتى:

__تەقسىر، ئىككىلىرى يىراق ئەللەردىن بىزنىڭ يۇرتىمىزغا مۇساپىر بولۇشۇپ كىلىشىپلا، شۇڭا بۇ يۇرتتا مۇنداق بويتاق پېتى يۈرۈشسىلە قاملاشماس. ئەڭ ياخشىسى، ئۆي ـ ئۇچاقلىرى بۇلۇپ، باشلىرىنى ئوڭشىۋېلىشسىلا، بىز مۇشۇ ۋەجىدىن كەلدۇق.

__بىز ئالىقاچان توي قىلىپ بولغان،ئائىلىمىز بار،_دېدۇق ھەيرانلىق ئىچىدە.

__ئۇنىسى بىزگە مەلۇم، ئەپەندىم .بىراق،ئىككىلىرىنىڭ مەزلۇملىرى بۇ يەردىن ناھايىتى يىراقتا قالدى. ئەر كىشى سەپەرگە چىقىپئۈچ ئايدىن كېيىن خوتۇنسىز يۈرسە شەرىئەتكە خىلاپ بولىدۇ، بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭمۇ خاتىرجەملىكى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە قايتا نىكاھلانماقلىرى بەرھەقدۇر. ئەگەر خالىسىلا قازىغوجام بىلەن ئاخۇنۇمنىڭ قىزلىرىنى ئەمرىلىرىگە ئېلىشالا ، ـ دىيىشتى ئۇلار ساقاللىرىنىسىلىشىپ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىز ناھايىتى ئوڭايسىز ھالدا قالدۇق ھەمدە نىمە دىيىشىمىزنى بىلمەي قالدۇق. يۇرت ئاتىلىرىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىغان ھالدا رەت قىلغىلى بولار ـ ھە؟!

مەن ئالدى بىلەن ئۇلارغا تەشەككۇرۇمنىبىلدۈردۈم، ئاندىن مۇنداق دېدىم:

__ھورمەتلىك ئاقساقاللار، سىلەرمۇ بىلىسىلەر،بۇ يەردە ھوكۇمەتنىڭ ئامباللىرى بار. ئۇلار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالىمىزنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇدۇ.باش ئەلچى بولسا بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بېرلىندىكى گېرمانىيە پادىشاھىغا يەتكۈزىدۇ. بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىدا بىرئەركەكنىڭ پەقەت بىرلا خوتۇن ئېلىشى بەلگىلەنگەن. ناۋادا گېرمانىيە پادىشاھى بىزنىڭ بۇ يەردە يەنە خوتۇن ئېلىپ، ئۆي ـ ئۇچاقلىق بولغۇنىمىزنى ئاڭلاپ قالسا، سىلەر دەپ بېقىڭلار،بىزنى قانداق جازاغا تارتىشى مۇمكىن؟

__ياق بىلمەيمىز، تەقسىر! ـ دەيىشتىئۇلار ساقاللىرىنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ.

__ئەمىسە، مەن دەپ بېرەي، ھەربىرىمىزنىيوغان كالتەك بىلەن 25 قېتىم ئۇرىدۇ!

ئۇلار گېپىمىزنى ئاڭلاپ، بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭئاتالمىش (جازا) سىدىن چۆچۈپ كېتىشتى ۋە ناھايىتى ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېتىشتى.

گۇننار ياررىڭ ئۆزىنىڭ 1929 ـ يىلى9 ـ ئايدا قەشقەردىكى ئوردا مازىرىنى زىيارەت قىلغان چاغدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ مۇنداقيازىدۇ: بىز مەيگە ئولتۇرۇپ دۇشەنبە دېگەن كىچىك بازارغا كەلدۇق. ئاندىن بازارنى پىيادەئايلاندۇق .كىشلەر بىزدىن قاتتىق ھەيران بولۇشتى.ئىلگىرى بىر كىمنىڭ فەراڭىس (فەرەڭ، يەنى ياۋروپالىق) نى كورگەنلىكى ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالماپتۇ. بىر توپ كىشلەر ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ

دەڭگىچە باردى. ئۇلار دەڭگە كىرگەندىن كېيىن، توختاپ بىزنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىمىزنى كوزۈتۈشكە باشلىدى. بىز ئىككىنچى كۈنى ئاچچىق دېگەن جايغا يېتىپ باردۇق. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرمۇ دۈشەنبىدىكىگە ئوخشاش بىزنى كۆرگىلى دەڭگە يىغىلدى. بىز ئۇلاردىن بۇرۇن ياۋروپالىقلارنى كورگەن ـ كورمىگەنلىكىنى سورىساق:

__كىچىكىمدە بىر پەرەڭنى كورگەندىم، ـ دەپ جاۋاپ بەردى ئۇلاردىن بىرەيلەن. مەن ئوقۇغان كىتابىمغا ئاساسەن، ئاشۇ ياۋروپالىقنى ئەنگىلىيە ئارخىئولوگى ئاۋرىل ستەيىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 25 يىل بۇرۇن ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندى.

مانا بۇ ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئۇز دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقى ئىدى. ئۇلار دۇنيانى چۇشەنمەيتتى،دۇنيا ھەققىدىكى يېڭى ئۇچۇرلاردىن بىخەۋەر ئىدى. چەكلىك بوستانلىقلاردىكى چەكلىك يەرلەرگەباغلىنىپ، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئۇزگەرمەيدىغان تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە ياشاپ كەلگەندى. شۇڭلاشقا،كوپلىگەن ياۋروپالىقلار ئۇلارنى باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان، دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋەتىلگەنمىللەت، دەپ بىلگەندى.

بوستانلىق خەلقى ۋە قۇملۇق پىسخىكىسى

فىلىپ كەتتى ئۆزىنىڭ ئەرەب ئۇمۇمىي تارىخى ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە: پۈرسەت تاپسىلا باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىئارقىلىق ئۆزىنى سۇغۇرۇپ تۇرۇش قۇملۇق خەلقلىرىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئىدى. دەپيازغاندى. دەرۋەقە، ئىگىز تاغلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرغان تارىم ئويمانلىقى بەئەينىدۇنيادىن ئايرىۋېتىلگەن بىر چوڭقۇر ئارالغا ئوخشايدۇ. بۇ چوڭقۇرلۇققا مەركىزىي ئاسىيادىكىئەڭ قورقۇنۇچلۇق جەزىرە__تەكلىماكان قۇملۇقى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئەتراپتىكى تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن پەسسىللىك دەريا ـ تارامىلار ئەنە شۇ زور قۇملۇققا قاراپ تېۋىشسىز ئاقىدۇ .تارىم ئويمانلىقىدىكى كوپلىگەن قەدىمىيمىللەتلەرنى ئۆزىگە يۇغۇرۇپ، شانلىق بوستانلىق مەدەنىيىتى ياراتقان ئۇيغۇر خەلقىمانا مۇشۇ قۇرغاق زېمىندا ئىككى قولىغا تايىنىپ رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن كورەش قىلىپكەلدى. ئۇلار ئەلمىساقتىن بۇيان، بوستانلىق بىلەن قۇملۇقلارنىڭ ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىچكى بىرلىكىنى ھەمدە دىئالىكتىك قانۇنىيىتىنى ساقلاپ كەلگەندى. قۇم ئاستىغا غەرق بولغان سانسىزلىغان شەھەرلەرنىڭ ئورنىغا يېڭى شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ كەلگەندى. ئۇلار يەنە تەبىئەتنى قانداق پەيلەشنى، قۇملۇقلارنى قانداق ئەيۋەشكە كەلتۇرۇشنى، سۇ مەنبەلىرىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇستىدىن ئۇچار قۇشلار، تىگىدىن ئادەمزاتۋە چاھارپايلار ئۆتەلمەيدىغان بۇ جەزىرىنى ئوزلىرىنىڭ سۇيۇملۇك ۋەتىنى، ئانا يۇرتى،كىندىك قىنى توكۇلگەن تۇپرىغى قىلىپ كەلگەندى...

لىكوكمۇ ئوز خاتىرىسىدە بۇ نوقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ ۋە مۇنداق يازىدۇ:"بۇ رايۇندىكى ھاياتلىقنىڭمەنبەسى تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان دەريا ـ تارامىلار بولۇپ، پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىغا ئومۇچۇك توردەك يېيىلغان. ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئىشچان يەرلىك خەلقلەر ئوزلىرىنىڭ پەم ـ پاراستىگە تايىنىپ، سانسىزلىغان پەۋقۇلاددە سۇغىرىش سىستىمىسىنى بەرپا قىلغان.ھېچنىمە ئۇنمەيدىغان قاقاس زىمىننى گۈزەل بوستانلىققا ئايلاندۇرغان .لىكوك يەنەمۇنداق دەپ يازىدۇ:بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ھىچقانداق ئۆلچەش ئەسۋابلىرى بولمىغان شارائىت ئاستىدىمۇ، يەرلەرنىڭ قانچىلىك سۇ ئىچىدىغانلىغىنى ، سۇ سىڭىش مىقدارىنىڭ قانچىلىكلىگىنى بىلەلەيدىكەن ھەمدە قولىدىكى كەتمىنى بىلەن ئەقلىلىق كاللىسىغا تايىنىپ چەكلىك سۇ مىقدارىدىنتولۇق پايدىلىنالايدىكەن. ئەلۋەتتە،ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدە ئەقىل ـ پاراستى نەچچە مىڭ يىللىق ئەملىي تەجرىبىسىنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. ئۇلار مۇشۇ جەھەتتىكى ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىپ ، يەر ئاستى سۇيىنى يەرئۇستىگە باشلاپ چىقىدىغان ئالاھىدە سۇغىرىش سەستىمىسى__كارىزنى كەشىپ قىلغانىدى."

ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەر يەنەئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتىرىدىن ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرغان تاشايىل ئەندىشىسىنى بايقىغانىدى. بۇ پىسخىك ئەندىزىدە يەنە ئوچۇق ـ يورۇقلۇق، مېھماندوستلۇق، يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا ۋە كۆلكە ـ چاقچاققا بولغان ھېرىسمەنلىك، ناخشا ـ ئۇسۇللۇق ۋە مۇزىكىغا بولغان ئالاھىدە ئىشتىياقىمۇ ھېس قىلغانىدى. قول ئىلكىدە بارى ـ يوق تەئەللۇقاتىنىڭ ھەممىسىنى مېھمانغا سۇنىدىغان، ئەتىنى ئويلىمايدىغان، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆزىنىڭ خوشاللىقى دەپ بىلىدىغان تەرەپلىرىنىمۇ بىلگەندى. شۇڭلاشقا گۇننار ياررىڭنىڭ : مىنىڭ سېغىنىدىغىنىم قەشقەر شەھرىنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى ئاشۇ سېھرى كۈچى ۋە مېنى

BABUR

قەدىناس‌دەپ بىلىدىغان ئاشۇ ئۇيغۇرلاردۇر. .دىگىنى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك. سۈنئ ھېدىننىڭ تاكى ئولۇپ كەتكۈچە لوپنۇردىكى ئاشۇ سەممىي، ئاق كۆڭۈل، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدامىلىق‌دوستلىرىنى___ئوردەك، سادىق، خۇداگۇل، ئابدۇرەھىم قاتارلىقلارنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلىشى‌شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك!

# ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن دىئالوگلىشىش

## ـ زاماندىاش زىيالىيلىرىمىزغا مۇراجىئەت

### زۇلپىقار بارات ئۆزباش

مېنىڭ بۇ مۇراجىئىتىمدە، ئالاھىدە تارىخىي دەۋردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ چەكلىك ئىمكانىيەت ئىچىدە يەنە قانداق ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلالايدىغانلىقى ۋە چوقۇم قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە سەممىي دەۋەت، پىكىر يولى ۋە ئىزدىنىش يولىنى ئىسلاھ قىلىش، مۇنازىرىگە، تەنقىدگە، ئىلمىي ئەمگەككە، تەخىرسىز ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەمىزنى بىر قېتىم دەڭسەپ كۆرۈش ھەققىدە چاقىرىق بار. مېنىڭچە، بۇ مۇراجىئەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھېس قىلىۋاتقىنى يالغۇز مەنلا ئەمەس. مۇشۇ خەتنى ئوقۇۋاتقان ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي پەن زىيالىيسى ھېچبولمىغاندا بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۇيغۇرنىڭ سەگەك، پىكرى ئويغاق زىيالىيلار قاتلىمىدا مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا مەن نېمە دېمەكچى؟ بىزنىڭ ئىلاجىسىز ئەھۋالدا قالغىنىمىز، چۈشكۈنلىشىۋاتقىنىمىز راست. ئەمما ئىزچىل سەل قاراۋاتقان، تىرىشساق چەكلىك ئىمكانىيەت ئىچىدە قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىشلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. نۇرغۇن زىيالىيدا تەنقىدىي روھ، سەگەك مېڭە ۋە رېئاللىقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە كۆيۈۋاتقان يۈرەك، ئۆز چامىغا يارىشا كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىق بار، ئەمما ھەمكارلىق روھى كەمچىل، ھەتتا ھەمكارلىققا ئۇرۇنۇپ كۆرىدىغان جۈرئەتمۇ يوق.

بىزدە ئۆزىمىزنى چوڭ تۇتۇش خاھىشى ئېغىر ؛ باشقىلار دەۋاتقان ئۇن ئېغىز گەپنىڭ توققۇزىدا ھەققەت، بىرىدە پۇچەكلىك ياكى يەڭگىلتەكلىك ئەكس ئەتكەن بولسا، بىز ئاشۇ بىر ئېغىز خاتالىق ئۈچۈن ئۇنىڭ گەپلىرىدىكى توغرا تەرەپلەرنى كۆرمەيمىز ياكى مۇشۇ «بايقىشىمىز» نى دەستەك قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇ زىيالىيدىن قالتىس ئىكەنلىكىمىزگە ئىچىمىزدە خۇش بولىمىز. نەزىرىمىزدە ئۇيغۇرنىڭ كارغا كېلىدىغان زىيالىيسىدىن ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك.

بىزدە ئۈچۈرلارنى بىر ـ بىرىمىزدىن قىزغىنىدىغان، بېسىۋالىدىغان، ئالماشتۇرمايدىغان ئاجىزلىق مەۋجۇد. بىزنىڭ نۇرغۇن زىيالىيىمىز تالانتلىق. ئەمما، بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى ئىلىم تەتقىقاتىنىڭ خەلقئارا ئۆلچەمدىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىنى، تەتقىقاتنىڭ مەقسىتىنى، ماقالە يېزىش قائىدىسىنى خاتا چۈشىنىۋالغىنىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىگە دىققەت قىلمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە خىجىللىق ئىچىدە ئويلىنىشىمىز كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگوغا كەينىچىلەپ كىرگەن نەزەرىيە ۋە ئۇيغۇرلاردا تىللاش، مەنسىتمەسلىك ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان نەزەرىيە ھەر بىر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ جېنى ئىدى. لېكىن، بىز ئۆزىمىز شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيىسىنى بولسىمۇ تولۇق ئۆگەنمىدۇق. ئىجتىمائىي پەنلەر زىيالىيلىرى ئۆزى قىزىققان، تەتقىق قىلىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيىسى ۋە دۇنيادا ئۇ ھەقتە نېمە يېڭى تەتقىقاتلار بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشى ۋە بۇ ھەقتىكى ئۇرۇنۇشنى كېچىكتۈرمەسلىكى كېرەك. مىللەتكە ئارتىلغان تالاي نۇقسان ۋە ئىللەت ئاۋۋال ئۆزىمىزدە بار. بىز ئاۋۋال

ئۆزىمىز ھەققىدە تەلتۆكۈس ئويلىنىشىمىز كېرەك. ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ، زىيادە كەڭرى – ئابستراكت قىزىقىشنىڭ زىيىنىنى جىق تارتتۇق. ئۇيغۇرلاردا پىكىر يېڭىلاش دولقۇنى قوزغاش پۇرستى كەلدى ھەم بۇ ۋەزىپە بىزنىڭ زىممىمىزدە. بىز جەمئىيەتلەشكەن ئۈچ مەرەز ئەۋج ئالغان مۇھىتتا (جەمئىيەتلەشكەن رەڭۋازلىق، جەمئىيەتلەشكەن پۇچەكلىك، جەمئىيەتلەشكەن ئىجتىمائىي بىنورماللىق) ياشاۋاتىمىز. بىز بۇ مۇھىتتا قانچىلىك چىرىدۇق؟ داۋاملىق چىرىمەسلىك ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟ بىز ۋەھىمە ئوبيېكتىنى مۇبالىغە قىلىۋەتتۇق. ھەقىقىي ئەندىشىنىڭ مەنبەسى، ھەقىقىي دۈشمەننىڭ مەنبەسى ئۆزىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، بىز بىر خىل ئىمكانىيەتنىڭ يولى ئېتىلسە، يەنە بىر خىل ئىمكانىيەتنىڭ ئامالىنى قىلىشىمىز ۋە توساقلاردىن شۇڭغۇپ كىرەلىشىمىز كېرەك. ئىجتىمائىي پەنلەر زىيالىيلىرى ھەمكارلىشالمايۋاتىمىز. بۇ بىزدىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مۇنەۋۋەر پېداگوگ ئابدۇۋەلى مۇقىيتنىڭ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «مەدەنىيەت بوستانى» پروگراممىسىنىڭ زىيالىيلارنىڭ بۇرچىغا ئاتاپ ئىشلەنگەن ساندا ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك: «مەن ئۇنىڭ بىر يېرىنى ياقتۇرمايمەن، ئۇ مېنىڭ بىر يېرىمنى ياقتۇرمايدۇ. ئىشقىلىپ، بىر - بىرىمىزنى ياقتۇرمايمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە كېلەلمەيمىز.» تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ بىزدىكى ئىلمگە بولغان ھۆرمەتنىڭ مۇجمەل ئىكەنلىكى، ئىلىم ئەخلاقىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھېلىمۇ پۇچەك ئادەملەرنىڭ جىقلىقىدىن ئىچىمىزدىكىنى تۆكىدىغان ئادەم تاپالماي قىينىلىمىز. ئەمدى بىر يەرگە كېلىپ بىلىدىغانلىرىمىز ھەققىدە دىئالوگلىشىشقا، قىلىۋاتقان تەتقىقاتىمىز ھەققىدە باشقىلاردىن پىكىر ئېلىشقا، ھەمكارلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايمىزمۇ؟ بۇ ئۇنچىلىك دەرىجىدە قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەستىغۇ ئاخىر؟ باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك: ئىجتىمائىي پەنلەردە مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن پىكىرلەر بولمايدۇ، پەقەتلا ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىپ قىلىنغان پىكىر بولىدۇ. شۇڭا بۇ پىكىرلەر ھامان بىر تەرەپلىملىكتىن، يۈزەكىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ خىل نۇقسانىنى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقى ئارقىلىق تۈزەتكىلى بولىدۇ. زىيالىيلارنىڭ، مىجەزى كېلىشىدىغان ئىلمگەرلەرنىڭ سورۇنلىرى گەپ سېتىش، يەپ - ئىچىش ئورنىغا ئايلىنىپ قالسا، بۇ، شۇ زىيالىينىڭ پۇچەكلىكى، قورسىقىنىڭ، روھىنىڭ تېخى تويۇنمىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. بىز «ئىلىم چېيى»، «ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش چېيى»، «كىتاب ئوقۇش تەسراتى چېيى» دېگەندەك يېڭىچە سورۇنلارنى تۈزۈپ، بىر خىل ئىلمىي كەيپىيات پەيدا قىلىشىمىز كېرەك. بۇ، قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس.

ئۆزىڭىزدىن ئوبدانراق سوراڭ: «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سىزدىن باشقا ياخشىراق پىكىر قىلىدىغان ئادەم يوقمۇ؟» مېنىڭچە، بۇنى ئوقۇغان ھەر بىر ئۇيغۇر زىيالىي ئۆز كۆڭلىدە شۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز پەقەت ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئىزدىنىۋاتقانلار. شۇڭا ھەر بىرىمىز ئۆزىمىز قىلىۋاتقان ئىشنىڭ، ئۆزىمىز دەۋاتقان گەپنىڭ ئەھمىيىتىنى زىيادە يۇقىرى باھالايمىز، باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى بىر خىل سوغۇق نەزەر بىلەن كۆزىتىمىز؟ راستىنلا باشقا زىيالىيلاردا بىز ئۆگەنگۈدەك تەرەپلەر يوقمۇ؟ ئەگەر «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرسىڭىز، ئۇنداقتا سىز «ئۆزىگە مەپتۇن بولۇش كېسىلى»گە گىرىپتار بولغۇچى. ھەر بىرىمىزدە، يۇقىرىقى سوئالغا «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىۋاتقان سىزدىمۇ كەمچىلىك بولىدۇ. پەقەتلا باشقىلارنىڭ پىكرىدىكى، ئىلمىي پوزىتسىيىسىدىكى ئارتۇقچىلىقنى ، ئىشقىلىپ، ئۆگەنگۈدەك بىر يېرىنى ئاۋۋال كۆرەلىگەنلەر ۋە قوبۇل قىلالىغانلار قىممەتلىك زىيالىيلاردۇر. بىر زىيالىينى ئاخىرقى ھېسابتا كېرەكسىز قىلىۋېتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى، دەل «ئۆزىگە مەپتۇن بوپكېتىش كېسىلى»دۇر.

ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ھەقىقەتەن ئاجىز، خەلقئارا ئۆلچەمدىن بەكلا يىراق. بىز ئىلىم تەتقىقاتىنى خاتا چۈشەنگەن. مەسىلەن، بىز كىتابخانىدىن «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى»دېگەن ئېسىل كىتابتىن بىرنى سېتىۋالغان ۋە ئۇ كىتابلاردىكى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ياقتۇرۇپ قالغان بولساق، ئۆزىمىزچە شۇ پىكىرلەرنى مۇشۇ تېمىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق قاراش دەپ بىلىمىز، ئۇنىڭ خەلقئارادا شۇ تېمىدا ھازىرغىچە بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن كىتابنىڭ ئىچىدىكى بىر كىتاب ئىكەنلىكى ۋە مەلۇم بىر خىل پىكىرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئويلاشمايمىز. بىز ئىلىم تەتقىقاتىدىكى نەقىل قائىدىسى، ئىزاھات قائىدىسى، نەزەرىيە ئەسلەش قائىدىسى قاتارلىق قائىدىلەردىن خەۋەرسىز. ماقالىلىرىمىزنىڭ تولىسى ھېسسىي قاراش تىپىدىكى ماقالىلەر بولۇپ، پاكىت ۋە ئىلمىي دەلىل كەمچىل. شۇ تېمىدا پەقەت ھازىرغىچە ئۆزىمىزلا قەلەم تەۋرىتىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئەسەر يازىمىز. بىزدىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئوخشاش تېمىدىكى قاراشلىرىنى، خەلقئارادىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تۈزۈك ئەسلەپ ئۆتمەيمىز.

ئەمدى بىز – مۇشۇ دەۋر زىيالىيلىرى مۇشۇنداق كۆلكىلىك پوزىتسىيىگە جەڭ ئېلان قىلىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرى نەزەرىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىمىزدىن خىجىل بولۇشىمىز كېرەك. ئاددىي ئاۋام ئارىسىدا نەزەرىيىنى تىللاش، مەنسىتمەسلىك، مازاق قىلىش، چۈشەنمەسلىك ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلاندى. بۇ خىل ناچار يۈزلىنىشنىڭ بىر مەسئۇلىيىتى بىز زىيالىيلاردا. سەگەك ئۇيغۇر زىيالىيلىرى نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئەمدى كېچىكتۈرمەسلىكى، يىرىم يىل ئەتراپىدا ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيىسىنى جىددىي ئۆگىنىشى كېرەك. ئېنگىلىسنىڭ «ھەر قانداق بىر مىللەت دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىمەن دەيدىكەن، ھەر دەقىقە نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن ئايرىلماسلىقى كېرەك» دېگەن سالمىقى ئېغىر گېپىنى، مىنىڭچە، ھەر بىر زىيالىي ئاڭلىغان، ئوقۇغان ياكى ماقالىلىرىدە نەقىل ئالغان. ئەمدى گەپنى ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىدىغان چاغ كەلدى. ھەر قانداق بىر ماقالىدە شۇ تېمىدا تىلغا ئېلىنىدىغان ئۇقۇملارغا دائىر نەزەرىيىلەر جايىدا تەتبىقلىنىشى كېرەك. راست، ئەمما قۇلاقنا خۇشياقمايدىغان گەپتىن بىرنى قىلغاندا، بىز ئۆزىمىز شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيىسىنى تولۇق بىلمەيمىز.

بىز ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىۋاتقان نۇقسان – ئىللەتلەرنى ھېس قىلالايمىز ۋە پىكىر قىستىغاندا ئۆزىمىز بىلگەن نۇقتىلاردا قەلەم تەۋرىتىمىز. ئەمما بىزدە ئۆزىمىز تەنقىدلەۋاتقان ئىللەتلەرنىڭ ئۆزىمىزدە مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان باتۇرلۇق بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلاردا ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنىڭ ئېغىرلىقى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىپ ئۆزىمىز ۋاقىتقا رىئايە قىلمىساق، ھەددىدىن زىيادە ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە زىياپەتنىڭ زىيىنىنى ھېس قىلىپ ۋە ئۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈپ تۇرۇپ، ئۆزىمىز ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ سەلبىي تەسىرى توپەيلى تەنقىدىي تەپەككۇردىن ئايرىلىپ قالساق، ۋاقىتلىق خۇشاللىقلار ئۈچۈن سورۇنلاردىن بىرى كېلەلمىسەك، تازىمۇ كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ. زىيالىيلىق نامى ئابستراكت تەپەككۇردا، تەنقىدىي پىكىردە ئىپادىلىنىپ قالماستىن، كونكرېت ھەرىكەتلىرىمىزدىمۇ ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئومۇمەن، بۈگۈنكى دەۋر ھېچقانداق دەۋردىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر تۈركۈم ئىجتىمائىي پەنلەر زىيالىيسىنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. فرانسىيىلىك مۇتەپەككۇر ژان مىچىل ئۆزىنىڭ «تەنقىدچى زىيالىيلارنى تەنقىد» ناملىق ماقالىسىدە ئۆزى تەنقىد قىلىۋاتقان نۇقتىلارغا ئەمەل قىلمايدىغان زىيالىيلارنى «ساختا ئالىجاناپلار» دەپ ئاتاپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇنداق زىيالىيلار تەنقىد ئۈچۈنلا تەنقىد قىلىدۇ. ئۇلار تەنقىدنى شۆھرەت ۋە ياشاش دەستىكىگە ئايلاندۇرىۋالغان. ئۇلار تەنقىدسىز ياشىيالمايدۇ، ئەمما ئۆزى تەنقىد قىلىۋاتقان تېمىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى تۇيۇمايدۇ.» ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ھايات ۋاقتىدا:«قەھرىمانلارنى دەۋر يارىتىدۇ» دېگەنىدى. بۈگۈنكى دەۋر قەھرىمان بولالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلارنى ۋاقتىدا تونۇپ ۋە ئۆز ئىدىيىسىگە ئەمەل قىلىپ ياشايدىغان زىيالىيلارغا. ئۆزىدە بار ئىللەتنى مىللەتكە ئارتىپ قويمايدىغان زىيالىيلارغا موھتاج.

بىز ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ، زىيادە كەڭرى قىزىقىشنىڭ زىيىنىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ساماندەك، ئەيدىزنىڭ يامرىشى تېز، ئىشسىزلىق ئېغىر، قىممەت قارىشىمىز كەسكىن خىرىسقا دۇچ كەلدى. لېكىن، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى نىسبەتەن مەۋھۇم ياكى ئابستراكت نۇقتىلاردا پىكىر يۈرگۈزۈۋاتىدۇ ياكى قەلەم تەۋرىتىۋاتىدۇ. مېنىڭ بەزى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ئېگىز تاغ چوققىسىدىكى بۇتخانىدا ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ كۆزى يۇمۇلغان ھالەتتە يىراقلارغا يۈزلەنگەن راھىبلارغا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بۇنداق راھىبسىمان زىيالىيلار كېرەك ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئابستراكت تەپەككۇرىمىز كونكرېت تەتقىقات تېمىسىدا ئىزچىللىششى، بىر تېمىدا پىكىر قىلىۋېتىپ يەنە بىر تېمىغا ئۆتۈپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. زىيادە كەڭرى قىزىقىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىجتىمائىي پەنلەردە ئۇنىڭغىمۇ، بۇنىڭغىمۇ قىزىقىش ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بىر مەسىلە. بۇ ھال ھېچقانداق كونكرېت ساھەگە پىششىق بولماسلىق ، كەسپىتىكى چاللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى پەلسەپە، سىياسىي، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، ئەدەبىيات ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە زۇرۇر بىلىملەردىن خەۋەرداردەك ھېس قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ ساختا تۇيغۇ. ئۇ پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىزدىنىشىمىزگە، قىزىقىش دائىرىمىزنىڭ ھەممە تۈردە تەتقىقات قىلىشىمىزغا شارائىت يار بەرمەيدۇ، ئۆمرىمىزمۇ يەتمەيدۇ. بىز تەتقىقات دائىرىمىزنى كونكرېتلاشتۇرۇشىمىز ۋە كونكرېت تېمىلار ھەققىدە ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈپ ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇرلاردا ئەخلاقشۇناس، پسىخولوگ، جەمئىيەتشۇناس يوق دېيەرلىك. ئۇيغۇرلاردىكى ئەخلاق كرىزىسى، قىممەت قارىشى كرىزىسى، پسىخىكىلىق كېسەللەر ھەققىدە ئىزدىنىدىغان، ئۇيغۇرنىڭ پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىدىغان زىيالىيلار بولۇشى كېرەك.

ھازىر ئۇيغۇرنىڭ تولۇق كۈرسىتىن يۇقىرى مەلۇمات ئالغان بىر قەدەر سەۋىيىلىك كىشىلىرى ئارىسىدىمۇ چوڭقۇرراق پىكىر يۇرگۈزۈلگەن كىتابلارنى ئوقۇماسلىق خاھىشى مەۋجۇد. بۇنىمۇ ئىجتىمائىي پەنلەر زىيالىيلىرىنىڭ بىخۇدلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ رېئاللىق قانداق كېلىپ چىققان بولسا، بىز يەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن رېئاللىققا جەڭ ئېلان قىلىشىمىز كېرەك. ئىلىم ھاۋاسى پەيدا قىلىپ ئىلىمنىڭ ئىناۋىتى، پىكىرنىڭ ھۆرمىتىنى ئۆزىمىز قىلىشىمىز كېرەك. مېنى مۇشۇنداق بىر خىل ئەھۋال ئېچىندۇرىدۇ :

بىر باي مول داستىخان سېلىپ ئۇن زىيالىينى بىر يەرگە چاقىرىپ ئۆز گېپىنى ئاڭلاتقۇزۇپ ئولتۇرغۇزالايدۇ. لېكىن ئۇن زىيالىي بىر بايغا ئۆزىنىڭ گېپىنى يېگۈزەلمەيدۇ.

بۇ بىزدىكى زىيالىيلارنىڭ ئۇيۇشالمايۋاتقانلىقىنىڭ، ماددىيلىقنى زىيادە چوڭ بىلىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. بۇ نىمە ئۈچۈن؟

نۇرغۇن سەگەك زىيالىيمىزنىڭ خىيالى شەخسىي دەردىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئويلايدىغان كىشىلەردۇر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەر ھەر بىرىمىزدە دېگۈدەك مەۋجۇد. مەن بۇ گەپلەرنى دېيىشتىن بۇرۇن بەك ئىككىلەندىم. ساقال تارغىقى، ھاياجان، تەنتەك دەپ چۈشىنىلىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىدىم. ئەمما مەن ئەمەلىيەتچانلىقنى ئۆگەندىم، كونكرېت ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمسىز سۆكۈتتىن، مۇجمەل زىيالىينىڭ جىم بولۇۋېلىشىدىن ئەۋزەل تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. شۇڭا، مېنىڭ خاتا چۈشىنىلىشىم مەن ئۈچۈن بەرىبىر. زىيالىيلارغا بۇ گەپلەرنى دېيىشىم، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش، پىكىرلىشىشكە رايىمنىڭ بارلىقىدىن، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭمۇ تەنقىد قىلىنىشنى خالايدىغانلىقىمدىندۇر.

ئاخىرىدا مەن سۆزۈمنى يەنىلا زىيالىيلار ھەققىدە جىق ئىزدەنگەن فرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى پىئېر بوردىئونىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئاخىرلاشتۇراي: «بىلىم ئىگىلىرى – ئىلىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشايلى!»

# خوتەن قوزغىلىڭى ھەققىدە ئەسلىمە

دوكتور مۇھەممەت ياقۇپ بۇغرا

كىرىش سۆز

ئۆتكەن يىل ۋەتەننى زىيارەت قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇرۇمچىدە تۇرغان `ۋاقتىمدا« شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» نى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم ۋە ئىنتايىن تەسىرلەندىم. ۋەتىنىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى نەشر قىلىنىپتۇ. بۇ، شىنجاڭ تارىخىدا چوڭ بىر ياخشى ئىش. ئاپتورلار ھادىسىلەرنى ھازىرقى جەمئىيەت ۋە مەھەللىۋى مەيداندا تۇرۇپ تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ۋەقەلەردىكى ئەسلى ماھىيەت ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

بۇ ماقالىلەرنى كۆرۈش جەريانىدا شۇ چاغلاردا خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقى ۋە ياكى دارىتىپ ئۆتۈپ كېتىلگەنلىكىنى ھىس قىلدىم. ۋەھالەنكى بۇ ھادىسىلەر، يەنى بەزەنلەرنىڭ« ئىسلامچىلار – چوماقچىلار» ھەرىكىتى دەپ كۆرسەتكەن خوتەن قوزغىلىڭى بولسا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلارغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ھازىر «دېھقانلار ئىنقىلابى» دەپ تەبىر بېرىلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر پارچىسى ئىدى.

يەنە مەن شىنجاڭ گېزىتىگە بېسىلغان مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەش ئۇمۇمى يېغىنىنىڭ مىللەتلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى قارارىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇنىڭدا بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش ھەتتا چەتئەللەردىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىمۇ يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە بولىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇڭا مەن بۇ

BABUR

قاراردىن جۈرئەتلىنىپ بۇ مەسلىنى يېزىپ چىقتىم.
كېلىپ چىقىشىم خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسىي رەھبىرى بولغان مەمتىمىن ھەزرىتىم(تۆۋەندە ـ م. ئى. بۇغرا دەپ يازىمەن) ئائىلىسىدىن بولۇپ، دادام بۇ ھادىسلەردىن چەتنەپ قالالمىغان، ئاناممۇ بۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىغان. خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ پۈتۈن جەريانى ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا داستان قىلىپ سۆزلەپ بېرىدىغان بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان. مېنىڭ بۇ ئەسلىمىلىرىم ئائىلەمدىن ئاڭلىغانلىرىم، چەتئەلدىكى ھاياتىمدا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن ئۆگەنگەنلىرىمدىن ئىبارەت. تارىخ تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا كىرگۈزۈشكە بولامدۇ ـ يوق، كۆرۈپ بېقىشىڭىزلارنى ئۈمۈد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن:
دوكتۇر مۇھەممەت ياقۇپ بۇغرا
1984 ـ يىلى، ئەنقەرە ـ تۈركىيە.

ئۇمۇمى ۋەزىيەت
ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، خوتەن تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئەڭ چەت ياقىسىغا جايلاشقان بىر جاي. خەلق شۇ چاغلاردا زامانىنىڭ ئەڭ قالاق قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش دېگەنلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. مىللى تەڭسىزلىك ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، خەنزۇ ھۆكۈمران سىنىپى يەرلىك خەلقنى دەھشەتلىك زۇلۇم بىلەن ئىدارە قىلىشتىن تاشقىرى ئۇلارنى نادان قالدۇرۇپ يېڭىلىقتىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ ئۇنى ھامان ئۇجۇقتۇرغان، ئىجتىمائى ھاياتتا قالاقلىق ۋە خۇراپاتلىق ھۆكۈم سۈرگەن، يۇقۇرى تەبىقىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ قول ـ چومىقى بولغان، بەگ، چوڭ بىر ئىگىلىرى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپ ئىمتىيازلىق كىشلەر خەلقنى ئېزىشكە ئۆزىنىڭ خوجايىنلىرىدىن كېيىن قالمىغان، ھەر بىر ئامبال ئۆز ئالدىغا بىر ھۆكۈمەت بولۇۋالغانىدى.
خوتەن ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا يېقىن بولۇشتەك جوغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى بۇ رايونغا سودا تىجارەت ۋاستىسى بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلاردىن خەۋەر (گېزىت ژورنال) تېپىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ بىر قىسىم كىشلەردە خەلقنى مائارىپ جەھەتتىن ئاقارتىش تەشەببۇسلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ كىشلەر ئۇمۇمەن ياش مۇدەرىسلەر ۋە تالىپلار، يەنى دىننى مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى خەلق ئىچىدىكى ساۋاتلىقلارمۇ شۇلار ئىدى. مەدەنىي ئاقارتىش ئورۇنلىرى ۋە مەكتەپلەرنىڭ يوقلىقىدىن خەلقنىڭ ئىلىم ـ بىلىم ئېلىش مەركىزى بۇ دىننى مەدرىسلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. ھۆكۈمرانلار باشقۇرۇشىدىكى شۆتاڭ مەكتەپلەر بولسا پەقەت ھۆكۈمرانلارغا سادىق بەگ ـ لاۋيى يېتىشتۈرۈش كورۇسلىرىدىن ئىبارەت ئىدى، خەلق بۇنىڭدىن بەك نەپرەتلىنەتتى.
جاھالەت ئىچىدىكى مەھكۇم خەلق مۇستەبىت زالىم خەنزۇ ھۆكۈمرانلارنى خەنزۇ مىللىتىنىڭ ۋەكىلى دەپ چۈشەنگەن. ئۇلار كۆرگەن ۋە بىلگەن خەنزۇلار ئەنە شۇ زالىملار ئىدى. مەسلەن، خوتەنگە خەنزۇلار سېپىل ئالدىدىكى بىر قانچە ئائىلە گۆرۈكەش، جازانىخور تىجارەتچى خەنزۇ ۋە ئاندا ـ ساندا سېپىل ئىچىدىن تاشقىرىغا چىقىپ خەلققە بالايى ئاپەت ياغدۇرۇلغان چېرىكلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ئۇمۇمەن خەنزۇلارغا قارشى بىر ئۆچمەنلىك ئەۋج ئالماقتا ئىدى. بىچارە خەلق جۇڭگودا ئۆزىگە ئوخشاش بۇ ھۆكۈمران سىنىپ قولىدا ئېزىلىۋاتقان مىليونلىغان خەنزۇ خەلقىنىڭ بارلىقىنى نەدىن بىلسۇن!
ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئالۋاڭ ـ سېلىقلار خەلق نوپۇسىنىڭ يۈزدە توقسانىنى تەشكىل قىلغان ئاجىز ۋە ئوتتۇراھال دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى چىدىغۇسىز ھالغا كەلتۈردى. ھۆكۈمرانلار بىر قات ئالۋاڭ قويسا ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرى بۇنى ئون قات قىلىپ خەلقتىن ئالاتتى، بۇنى «خاننىڭ ئەمرى»، «خاننىڭ ئەسكەرلىرى ئۈچۈن» دەپ كۆرستەتتى، خەنزۇلارغا ئالۋاڭ ـ سېلىق يوق ئىدى. يەرلىك خەلققە ئادالەتسىزلىك كۆزى بىلەن مۇئامىلە قىلىناتتى. مانا بۇ ئەھۋال مۇتلەق كۆپچىلىك خەلق ئىچىدە خەنزۇ مىللىتىگە بولغان ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى ياراتقانىدى.
يۇقۇرىدا كۆرستىپ ئۆتكىنىمدەك بىر قىسىم ياش تالىپ ۋە مۇددەرىسلەردە يېڭىچە بىلىمگە ئىنتىلىشلەر باشلاندى. بۇ ئىش بۇلۇپمۇ ھەج قىلىش ئۈچۈن ئەرەب ئەللىرىگە بېرىپ كەلگەنلەردە ئەكس ئەتمەكچى ئىدى. ئۇ زامانلاردا ھەجگە بارىدىغان يول روسىيە ـ تۈركىيە يولى بولۇپ كەلگەن. قەشقەردە 1913 ـ يىللاردا ئابدۇقادىر داموللام

باشچىلىقىدا «مەتلەئۇل ھىدايەت» ناملىق بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. بۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى زامانىۋى مائارىپنى قانات يايدۇرۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، خوتەن، كۇچا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەر شەھەردىكى بىر قىسىم باي ـ سودىگەر ۋە قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان يەر ئىگىلىرىنىڭ ياردىمىگە يۆلەنگەن. ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئاساسەن شۇلارنىڭ باللىرى ئىدى. دەرسلەردىن تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا ۋە شېئىر ئاساس قىلىناتتى. بۇ مەكتەپلەرگە تۈركىيەدىن خۇسۇسىي مۇئەللىملەر كەلتۈرۈلگەن. ئەھمەت كامال ۋە ئىسمايىل ھەققى ئىسىملىك مۇئەللىملەر شۇ چاغدا مەكتەپلەردىكى باللارنى ئوقۇتۇپلا قالماي ئىشتىن سىرتقى تەربىيە شەكلى بىلەن چوڭلارنىمۇ تەربىيەلەشنى ئېلىپ بارغان. خەلقنى ئاقارتىش جەھەتتە ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىش جەھەتتە بۇ، چوڭ رول ئوينىدى. بولۇپمۇ خوتەن، قەشقەر ۋە غۇلجا قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ دەرىجىدە بولسىمۇ بىر زىيالىيلار تەبىقىسى يوقتىن بارلىققا كەلدى. خوتەندە م. ئى. بۇغرا ۋە دادام ئابدىكېرىم ھاجى بۇلاردىن ئىدى. خوتەندە بۇ مەكتەپ ئالتۇن مەدرىسە ئىچىدە (ھازىرقى سىياسىي كېڭەشنىڭ سىياسىي مەكتەپ ئورنىدا) پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ خىل يېڭىلىق ھەركەتلىرى دەسلەپتە ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمىغان. چۈنكى ئۇ دەۋردە گېلاۋخۇي بىلەن ئاۋارە ئىدى. كېيىنچە بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا تۈركچە ئاھاڭدىكى مارىشلارنى ئوقۇش، ئەركىنلىك، باراۋەرلىكتىن سۆز قىلىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا يەرلىك مۇتەئەسسىپلەر بولۇپمۇ ھۆكۈمران سىنىپقا يۆلىنىپ جان باقىدىغان باي سودىگەرلەر ئۆز خوجايىنلىرىغا بۇ ئەھۋالنى بىر ئىسيان ھازىرلىقى دەپ مەلۇمات بېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خىل مەكتەپلەر ۋە تەشكىلاتلار پاچاقلىنىپ تاشلاندى. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار مەجبۇرى شۆتاڭ مەكتەپلەرگە ئېلىندى. مۇئەللىملەر چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

بۇ باستۇرۇش خەلقنى ئەبەدىي نادانلىق ۋە جاھىللىقتا قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت خام خىيال ئىدى. ئەكسىچە ئويغىنىشقا باشلىغان خەلق ئىچىدە ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئۆچمەنلىك تېخىمۇ ئۆلغايدى. جۈملىدىن خوتەندە بىر قىسىم مۇددەرىسلەر ۋە تالىپلار «قۇتۇلۇش يولى، قوراللىق ئىنقىلاب قىلىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش» دېگەن ئىدىيىنى تارقاتماقتا ئىدى.

بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى م. ئى بۇغرا كۈرۈنۈشتە چۈچەكتىكى مۇراد ئەپەندىدىن دىنىي دەرس ئېلىش ۋە ئالىي سەنەد (دىپلوم) ھاسىل قىلىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن شىنجاڭنى ئايلىنىپ ئەھۋال تىڭتىڭلاش ئۈچۈن 1930 ـ يىلى يولغا چىقىپ كۇچا، كورلا، قارا شەھەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى، چۆچەك، ئىلى ۋە ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئالتە ئاي ساياھەت قىلىپ كەلدى. سەپەر خۇلاسىسى: 1) تىنچ يول بىلەن ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. پۈتۈن شىنجاڭ خارەكتېرلىك قوراللىق ئىسياندىن باشقا چارە يوق، بۇنىڭ ئۈچۈن رايون خارەكتېرلىك بىر ھەربىي يوشۇرۇن تەشكىلات بولۇش لازىم. بىر تەشكىلات قۇرۇشنى ئېغىزدا قوللايدىغانلار خېلى كۆپ بولسىمۇ ئەمەلىي ھەرىكەتكە قاتنىشىدىغانلار ئانچە يوق ئىدى (غۇلجىدا ساۋۇت داموللام بىلەن پىكىر بىرلىكى قىلىنغان بولسىمۇ قەتئىي بىر قارارغا كەلمىگەن ئىدى). 2) قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىش ئورنى خوتەن بولۇشى لازىم. چۈنكى جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە خەلقنىڭ روھىي ھالىتى بۇنىڭغا ئۇيغۇن. 3) قوراللىنىش ئۈچۈن قورالنى دۈشمەندىن تارتىپ ئېلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەن كۈچىنى پارچىلاپ ئاجىزلاشتۇرىدىغان ھەر يەردە ئىسيان چىقىش پۇرسىتىنى كۈتۈش، مۇۋاپىق بىر زاماندا يەنە بىر قېتىم رازۋېتكىغا چىقىش لازىم، دېگەن تونۇشقا كەلدى. م. ئى بۇغرا بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1931 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قاراقاشتا بىر يوشۇرۇن تەشكىلات قۇردى. تەشكىلاتنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئەزالىرى م. ئى. بۇغرا، نىياز ئاخۇنۇم ۋە تۇسۇممەت ئاخۇنلار ئىدى. بۇ تەشكىلات ئەزا توپلاش ۋە مەخپىي رەۋىشتە ئەھۋال ئىگىلەش بىلەن باسقۇچلۇق ھالدا راۋاجلىنىدۇ. تەشكىلات قوزغىلاڭنىڭ ھازىرلىقى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۇمۇمىي ۋەزىيەت، قارشى تەرەپنىڭ ھەربىي ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەش ئاساسىدا ھەرىكەت پىلانى تۈزىدۇ.

قۇمۇل قوزغىلىڭى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە كۈتۈلگەن بىر ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلدى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئاساسىي كۈچى قۇمۇل تەرەپكە قارىتىلغان ئىدى. م. ئى. بۇغرا قوزغىلاڭنى خوتەن رايونىدىن باشلاپ پۈتۈن ئالتە شەھەرگە قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇستۇن دىنىي ئىلمى ۋە ئابرويىدىن پايدىلىنىپ خەلق ئىچىدە كەڭ تۈردە دىنىي ۋەز نوقتىلار باشلاپ ئۆزىگە تەرەپدار توپلاپ، قوزغىلاڭ ئۈچۈن مەنىۋى كۈچ ھازىرلايدۇ. قاغىلىق، يەكەن ۋە قەشقەردىمۇ تەشكىلاتنى قۇرۇش مەقسىتى بىلەن كىچىك ئىنىسى نۇر ئەھمەت ۋە ئەزالاردىن قۇربان ئابدۇللانى ئەۋەتىدۇ، لېكىن ئۇلار، بۇ جايلاردا تەشكىلاتتىن سۆز ئېچىش ھازىرچە قولايسىزلىقىنى سېزىپ، قوزغىلاڭغا ئۈلگۈرۈپ خوتەنگە قايتىپ كېلىدۇ.



BABUR

www.uyghurkitap.com



تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ سانى 130 ئەتراپىغا يەكەندى، ئەمدى مەسىلە قورال ھازىرلاش ۋە قورال ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قاراقاشنىڭ چەت يېزىلىرىدا، كۆرۈنۈشتە كەتمەن ـ سوقۇدىغان تۆمۈرچى دۇكىنى، ئەمەلىيەتتە بولسا قىلىچ ۋە نەيزە سوقۇدىغان ئورۇن تەشكىللىدى. يەنە بىر گورۇپپا، م. ئى. بۇغرا باشچىلىقىدا خوتەننىڭ قاراقىغۇ تاغ ۋە ئۆزمە بازار غوجام ئەتراپلىرىدا يەرلىك ئۇۋچى پالۋانلارنى يىغىپ مىلتىق ئېتىشنى ئۆگەندى ھەم بۇ مەرگەنلەردىن بىر قىسمى تەشكىلاتقا ئەزا بولدى. 1931 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى تەييارلىقلار ئاساسەن پۈتۈپ قالغانىدى. قوزغىلاڭنىڭ زامانى مەسىلىسىلا قالغانىدى.
ساۋۇت داموللام تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەب ۋە ھىندىستانلارنى ئايلىنىپ ئۇدۇل خوتەنگە كېلىدۇ ۋە خوتەندىكى تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىرىدۇ. 1932 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى قاراقاش ئۈيباغ مەدرىسىدە ئەزالاردىن غاپپار ھاجىمنىڭ ھۇجرىسىدا 130 كىشىلىك تەشكىلات ۋەكىللىرى يىغىن ئاچىدۇ. كۈن تەرتىپى: ساۋۇت داموللا ۋە قاراقاش مەمەت نىياز ئەلەم ئاخۇنۇملارنىڭ ئەزالىققا كىرىشىنى تەستىقلاش، قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرىنى سايلاش، قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قىلىنىدىغان ھۆكۈمەت تەركىبىنى تايىن قىلىش ۋە ھەركەت كۈنىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت ئىدى. بىرىنچى ماددا بىر ئېغىزدىن ماقۇللىنىدۇ، قوزغىلاڭ رەھبەرلىكى ئۈچۈن مەمەت نىياز ئەلەم دۆلەت باشلىقلىقىغا، ساۋۇت داموللام باش مەسلىھەتچى ۋە دىنىي ئىشلار مەسئۇللىقىغا، م. ئى. بۇغرا باش قوماندانلىققا سايلىنىدۇ.
ساۋۇت داموللام ئۆزىنىڭ چەتئەللەردىكى ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق خۇلاسە چىقارغان: 1) بۈگۈنكى دۇنيا شارائىتى ئىنقىلابىمىزغا قوشنا ۋە باشقا چەت دۆلەتلەردىن ياردەم كۈتمەك مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن پىكىرلەشتى. 2) ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىش نوقتىسى خوتەندە بولۇشى لازىم (شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇدۇل خوتەنگە كەلدىم.)
ساۋۇت داموللام رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ۋەز ئېيتىپ، بۇلۇپمۇ جاھات توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، قوزغىلاڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ئومۇمى پىكىر ئېقىمى بەرپا قىلىپ، ماددى ۋە مەنىۋى كۈچلەرنىڭ توپلىنىشىغا چوڭ كۈچ چىقىرىدۇ.
يېتەرلىك ئادەم كۈچ ۋە باشقا كېرەكلىكلەر ھازىرلانغان بولسىمۇ، قورال يوق ھېسابتا ئىدى. زامانىۋى بەش ئاتار مىلتىقتىن تۆت ـ بەش دانە، پالۋانلارنىڭ ئۇۋچى مىلتىقىدىن 20 گە قەدەر، نەيزە قىلىچ ۋە چوماقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئادەملەر ھەيۋەتلىك كۆرۈنمەك ئۈچۈن ئۇزۇن چاچ قويۇپ، قىزىل سەللە، يېشىل تون كىيىۋالغانىدى.
قوزغىلاڭ ۋاقتى 1933 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگە قارار قىلىنىدۇ. لېكىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ يامۇلدىكى خەۋەرچىسى تۇردى بەگ كېلىپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قوزغىلاڭدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى، پالۋانلارنىڭ ھەممىسىنى يامۇلغا يىغىۋالغانلىقىنى ۋە قوشنا ۋىلايەتلەردىن قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ۋە باشلىقلارنى جازالاش ئۈچۈن ئەسكەر چاقىرغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئاستىدا پىلاننى ئۆزگەرتىپ دەرھال قوزغىلاڭ قىلىشقا قارا قىلىنىدۇ.
قاراقاش قوزغىلىڭى
ھەركەت پىلانى پاش بولۇپ قالغانلىقتىن ئەسلى پىلاندىن بەش كۈن ئىلگىرى، يەنى 1933 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قاراقاشتا قوزغىلاڭ باشلىنىدۇ. خەۋەر قىلىپ ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىن يىغىلىش ئورنىغا (ئۈيباغ مەدرىسىگە) ئاران 68 كىشى كەلگەن بولسىمۇ، ساقلاپ تۇرماستىن كېچە سائەت بىردە يامۇلغا بېسىپ كىرىدۇ. يامۇلدا بىر قانچە ئون كۈن ئىلگىرى ئامبال تۇتىۋالغان پالۋانلار يامۇلنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇرۇش يېرىم سائەتچە داۋام قىلىدۇ. شەنجاڭ باشلىق بىر قانچە ئەمەلدارلار ئۆلتۈرۈلدى، ئۇلاردىن 12 سى ئىلچىگە قاچتى. قالدىسى ئەسىرگە ئېلىندى. قوزغىلاڭچىلاردىن بىر كىشى ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن قارا قاش «پەتھى» بولدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەتراپ ۋە شەھەر خەلقىدىن 10 مىڭدەك ئادەم قولىغا نىمە چىقسا شۇنى كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭچىلارغا قېتىلماق ئۈچۈن ئاللا ـ ئاللا دەپ توۋلاپ شەھەر ئىچىنى تولدۇرىدۇ. كېچە تاڭ ئاتقۇچە بولاردىن 1000 دەك كىشى زاۋىغا، گۇمىدىن كېلىدىغان ھۆكۈمەت قىسىملىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا (م. ئى. بۇغرانىڭ چوڭ ئىنىسى ئابدۇللا مەخسۇم، ئىسمايىل داموللام ۋە غاپپار ھاجى قوماندانلىقىدا.) يوللاندى. بۇلار كېچىسى گۇمىدىن كېلىۋاتقان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىمىز دەپ پىيالمىغا قاراپ ماڭىدۇ. لېكىن گۇمىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر پىيالمىدا ياتماي چۆلدە قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ بەخىرامان كېلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كۆپ چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ. زاۋانىڭ تار بوغۇز دېگەن يېرىگە قەدەر كەلگەن ئەسكەرلەرنى دىنىي ۋە مىللى شۇئارلار بىلەن ئۆزىنى ئۇنۇتقان قوزغىلاڭچىلار يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا قارىماي

پالتا، كەتمەن، نەيزە ۋە چوماقلار بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى گۇمبەزگە قاچتى. بۇ سوقۇشتا قوزغىلاڭچىلاردىن 200 دەك كىشى ئۆلدى. خوتەن شەھەر ئەتراپىغا يىغىلغان قوزغىلاڭچىلار قەشقەردىن كېلىدىغان ۋە سېپىلدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلمەي ھۇجۇمغا ئۆتمەي تۇردى.

قاراقاشتىكى قوزغىلاڭ خەۋىرى خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەتراپتىكى ناھىيىنىڭ ئامبال ۋە ئەسكەرلىرى خوتەن سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدى. قاراقاشلىقلارنى تۇتۇپ جادۇغا بېسىپ كېسىلگەن باشلىرىنى خوتەن شەھەر ئىچىدىكى تۆت دەرۋازىغا ئاسىدۇ ۋە قاراقاشلىقنى تۇتۇپ بەرگەنلەرنى مۇكاپاتلايمىز دەپ جاكارلايدۇ.

ئۈچ كۈن ئىچىدە ئوندىن ئارتۇق بىگۇناھ دېھقانلارنى ۋەھشىيلەرچە جادۇدا بېشىنى كېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قاراقاشلىق بولمىغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. قارامەت، تارى بەگ دېگەنگە ئوخشاش ھۆكۈمران سىنىپنىڭ يالاقچىلىرى ئۆزى بىلەن ئاداۋىتى ياكى ئۆچى بولغان خوتەنلىك كىشىلەردىن بىر قانچىسىنى قاراقاشلىق دەپ تۇتۇپ بەرگەن. خوتەن ئامبىلى خەلقنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قورقىتىپ تىنجىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئەكسىچە ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئۆچمەنلىك تېخىمۇ ئاشتى.

قوزغىلاڭچىلارغا قەشقەرنىڭ بۇ تەرىپىدە قورققۇدەك ئەسكىرى قۇۋۋەتنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خوتەنگە ھۇجۇم قىلىشقا قارار قىلىندى.

مۇئايىق پەيتتە خوتەن كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان ئابدۇللا مەخسۇم قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئۈچ سائەتلىك سوقۇشتىن كېيىن شەھەرنى قولغا چۈشۈردى، قارشى تەرەپنىڭ قوماندانى ئۆلدى. ئىككى دانە توك ۋە نۇرغۇن ياراق غەنىيمەت ئېلىندى. قاچقان قىسىم يېڭىشەھەر سېپىلىغا كىرىپ مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. ئون نەچچە كۈنلۈك مۇھاسىرىدىن كېيىن سېپىلدىكىلەر تەسلىم بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەنتەن ۋەكىللىرى سېپىل ئىچىگە كىرىپ كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن دۈشمەنلەر تەسلىم بولدى (بۇ ۋەكىللەر ئىچىدە دادامىمۇ بار) شۇ چاغدىكى تەسلىم بولۇش شەرتلىرى: «ھۆكۈمەتكە ئائىت خەزىنە، قورال، ئات ـ ئۇلاغ ۋە جابدۇقلارنى قويماي تاپشۇرۇش، خالىغان كىشى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولسا ئۆز كىشىلىرىمىز قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ، تەسلىم بولغانلارنىڭ ھاياتىغا دەخلى قىلىنمايدۇ. شەخسى مال ـ مۈلۈك ئۆزىگە قالىدۇ» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ شەرتلەر بويىچە سېپىل بوشىتىلدى. تەسلىم بولغانلار ئەركىن بولدى. غەنىيمەت ئېلىنغان قورال بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوراللاندى. بىر قىسىم تەشكىلى ئاپپاراتلار قۇرۇلۇپ يېرىم مۇنتىزىم ھالەتتىكى 10 مىڭدەك بىر قوشۇن تەشكىل قىلىندى.

قوزغىلاڭ خەۋىرى قەشقەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ماشاۋۇ شۇ دەۋردىكى قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق ۋە گۇمىدا تۇرۇشلۇق تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلىرىدىن بىر جازا قوشۇننى تەشكىللەپ خوتەنگە ئەۋەتتى. زاۋادا بۇنداق ئېھتىمالغا قارشى مۇداپىئەدە تۇرغان قوزغىلاڭچىلارغا خوتەندىن سۇبىتىللا مەۋلىۋى قوماندانلىقىدا 2000 كىشىلىك بىر قەدەر خىل قوراللانغان قوشۇن ياردەمگە كېلىدۇ. بۇ جازا قوشۇنى كېچىسى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، شىددەتلىك سوقۇش ئالتە سائەت داۋام قىلىدۇ. «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» شۇئارى بىلەن ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىگە سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتقان خەلقنى كۆرۈپ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قاچىدۇ، ئاتلىقلار قوغلاپ ئاق لەڭگەرگە قەدەر بېرىپ ئاندىن ئۆز جايىغا قايتىپ كېلىدۇ. دېمەك، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى قەشقەردىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەننى تار ـ مار قىلىپ، مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋەزىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

گۇما قەتلىئامى

1933 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كېچىسى گۇمىدا خەلق ئىچىدە «قۇمراۋات سوقۇشىدا يەندوتەي باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر خوتەنلىكلەر تەرىپىدىن تامامەن يوقىتىلىپتۇ، بىرسىمۇ ساق قالماپتۇ» دېگەن گەپ تارقىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەتراپ ۋە يېزىدىكى خەلقلەر ئابدۇلھېكىم ھاجىم ۋە ئاتاۋۇللا خانلارنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ بىر كېچىدىلا شەھەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئىككىنچى كۈنى بۇ خەۋەر يالغان چىقىدۇ. قۇمراۋاتتىكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ پەرىشان ھالغا چۈشۈپ گۇمىغا قېچىپ كەلگەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى شەھەردە دەھشەتلىك قەتلىئام يۈرگۈزىدۇ. غالجىرلاشقان ئەسكەرلەر ئالدىغا ئۇچرىغاننى ياش ـ قېرى، چوڭ ـ كىچىك دېمەستىن ھەممىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ ـ تالاپ ۋە ئوت قويۇپ ماڭىدۇ. ئالدىن خەۋەر ئالالىغانلار شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ قەتلىئامدا 450 بىگۇناھ خەلق ئۆلتۈرۈلگەن ۋە نۇرغۇن ساراي ـ دەڭلەر، مەدرىسلەر ۋەيران قىلىنغان.

BABUR

بۇ ئارادا قەشقەردىن ياردەم ئۈچۈن يولغا چىققان خەنزۇ، قىرغىز ئارلاش بىرلەشمە ئەسكەر قاغىلىققا كېلىدۇ، بۇلار بىر توكچى باتارىيە قىسىم بىلەن قاغىلىقتا بىر كۈن تۇرۇپ يولغا چىقىدۇ. ئەتىسى قاغىلىق خەلقى خوتەنلىكلەرنىڭ قوماراۋاتتىكى غەلىبىسىنى ئاڭلاپ ئەبەيدۇللا ئەلەم ۋە ئاتاۋۇللا ئىشاننىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ شەھەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ. بىر كۈن ئىلگىرى خوتەنگە قاراپ ماڭغان ھۆكۈمەت قىسىملىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بەشئېرىق سوقۇشىدا تامامەن يوقۇتىدۇ. گومىدىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ، چوڭ يولنى تاشلاپ ياقۇپ ئامبالنىڭ يول باشلىشى بىلەن تاغ يولى ئارقىلىق يەكەنگە قاراپ قاچىدۇ. يول ئۈستىدە قوزغالغان دېھقانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئاران يەكەن يېڭىشەھەر سېپىلىغا كىرىۋالىدۇ.
گوما قەتلىئامى خەۋىرى خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن م. ئى. بۇغرانىڭ كىچىك ئىنىسى نۇر ئەھمەد ۋە سۇبىستۇللا مەۋلىۋىي قوماندانلىقى ئاستىدا 2000 كىشىلىك بىر قوشۇن گوما ـ قاغىلىققا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇلار قاغىلىققا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى يەكەن يېڭىشەھەرگە كىرىۋالغان ۋە قەشقەردىن خېلى كۈچ ياردەمگە كېلىپ يەكەندىكى قارشى تەرەپنىڭ خېلى مۇھىم كۈچى توپلىنىپ قالغانىدى.

## ھۆكۈمەتى ئىسلامىيە خوتەن

بۇ ۋاقىتقا قەدەر، قاراقاشتا بولغان قوزغىلاڭچىلار مەركىزى 1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خوتەنگە يۆتكىلىپ كەلدى. مەھەممەتنىياز ئەلەم باشلىق قوزغىلاڭچىلار يېتەكچىلىرى داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئەلەم باشچىلىقىدىكى «ھۆكۈمەتى ئىسلامىيە خوتەن» قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 2 ـ ئايدا قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەركىبى ئۆزگەرتىلمىدى. مىلىك (دۆلەت باشلىقى) ئۇنۋان پەرمانى جاكارلاپ م. ئى. بۇغراغا ئىمىر ھەزرەت ۋە ئىككى ئىنىسى باشلىق بىر قانچە كىشىگە «ئىمىر» (قوماندان) دېگەن ئۇنۋانلار بېرىلدى. كېيىنچە بۇلار خەلق ئىچىدە شامەنسۇر (ئابدۇللا) ۋە ئىمىر ساھىب (نۇر ئەھمەد) دېگەن ناملار بىلەن مەشھۇر بولدى.
خوتەننىڭ باشقا ناھىيىسىدىكى خەلقلەر ئۆز مۇتتەۋەر كىشىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلىپ، ئۆز يەرلىرىگە ھاكىم بولغانىدى. خوتەن ئۇ تەرەپلەرگە ئەسكىرى كۈچ يوللىمىدى. چۈنكى ئۇ يەردىكى مۇھىم ئەسكىرى كۈچ ۋە ئامباللىرى قېچىپ خوتەن سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالغانىدى. 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يەكەن قولغا چۈشكەندىن كېيىن، چاقىلىقتىن تارتىپ يەكەن دەرياسىنىڭ يېڭىسار ياقىسىغا قەدەر بولغان رايون خوتەنلىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ھۆكۈمىتى ئۆزىنى ئەسكەر ۋە باشقا جەھەتلەردە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بەزىبىر تەدبىرلەرنى ئېلىپ باردى. قوزغىلاڭ ئەرپىسىدە ھۆكۈمرانلارغا يام بېسىپ بىگۇناھ خەلققە زىيانكەشلىك قىلغان مۇناپىقلارنى جازالىدى. بۇنىڭدا بىرىنچى بولۇپ باۋۇدۇن بەگنى شامەنسۇر ئۆز قولى بىلەن چاپتى، باۋۇدۇن بەگ دۈشمەن تەسلىم بولالىلى دېگەندە بولارنى توسۇپ «بۇ بىر نەچچە نەپەر موللىلارنىڭ ئىشى، خەلق بىرقانچە كۈندىن كېيىن زېرىكىپ قايتىپ كېتىدۇ» دېگەن. يەنە خەلقلەر تاشقىرىدا ئاللا ـ ئاللا دەپ توۋلىسا، «بۇلار نېمە دەپ توۋلايدۇ» دەپ سورىغاندا باۋۇدۇن بەگ «نان ـ نان دەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «قاراقاشلىق» دەپ نۇرغۇن دېھقانلارنى تۇتۇپ بەرگەن. روزىسوپى قاتارلىق ئون بىر كىشىنى يارباغ (ھازىرقى سوچاڭ) غا ئېلىپ چىقىپ چوماقلاپ ئۆلتۈرگەن. مەمۇرىي جەھەتتە پۈتۈن ناھىيىلەردىكى ئەلەم (شۇ يەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈن دىنىي ئىمتىيازلىق ئادىمى) ۋالىيى بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋە پۈتۈن ئىدارە قىلىش قانۇنلىرى ئىسلامنىڭ شەرئىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن، باج تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا يېزىلاردا ئۆشرە (مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرى ھۆكۈمەتكە)، شەھەرلەردە بولسا زاكات (بايلارنىڭ ماللىرىدىن قىرىقتىن بىرىنى ھۆكۈمەتكە) بېرىشنى يولغا قويغان. ئوغرىلىق قىلغاننىڭ قولىنى كېسىش، زىنا قىلغانلارنى ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلدۇرۇش، ئاياللارنى يۈزىنى يۆگەشكە مەجبۇر قىلىش ۋە يۈزى ئۇچۇق بازارغا چىققانلارنى كۆشۈككە سېلىپ بازارنىڭ كىرىش قىسمىغا ئېگىز دەرەخكە ئېسىپ قويۇشلار ئېلىپ بېرىلغان. بىر خەنزۇ ئەمەلدارنىڭ تەسلىم بولۇش شەرتىگە خىلاپلىق قىلىپ قورال يوشۇرىۋالغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالىدۇ. ئۆيىنى ئاقتۇرغاندا بىر دانە تاپانچىدىن باشقا كېيىم ـ كېچەكلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان بىر قانچە نوكچا ئالتۇن چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇلار كېلىشىمگە خىيانەت قىلدى دەپ پۈتۈن خەنزۇلارنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرى بىر ـ بىردىن ئاقتۇرىلىدۇ. نەتىجىدە خەنزۇلارنىڭ ھەممىسىدىن يوشۇرۇپ قويغان نۇرغۇن مىقداردىكى ئالتۇن چىقىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە خەنزۇ ئەمەلدارلار ئۆز ـ ئارا بۆلىشىۋالغان خەزىنىدىكى ئالتۇن، كۆمۈش ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەر مۇسادىرە قىلىنىپ دوتەيدىن باشقىلىرى قويۇپ بېرىلىدۇ. مۇسادىرە ھەيئىتىنىڭ نازارەتچىسى بولغان غاپپار

هاجىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، يىغىۋېلىنغان ئالتۇننىڭ مىقدارى 10 مىڭ سەر ئەتراپىدا. بۇ خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ۋەزىيىتىنىڭ نىسبەتەن كۈچلىنىشىگە پايدىسى بولۇپلا قالماستىن، خوجىنىياز ھاجىغىمۇ ئىككى قېتىمدا 1000 سەرلەپ ئالتۇن ياردەم قىلىشقا سەۋەب بولغان ھەمدە ئەسكەرلەرگە مۇنتىزىم مائاش بەلگىلىگەن. بۇ باشقا يەردىكى ئەسكىرى كىشىلەرنىڭ خوتەن قىسمىغا ئېقىشىغىمۇ سەۋەب بولغان. خەلقتىن ئالۋاڭ سېلىق يىغىش ئىشلىرى باشقا «ھۆكۈمەت» لەرگە قارىغاندا يوق ھېسابتا ئىدى.

ئەسكەرلەر تەركىبى ئاساسەن ھېچ بىر ئەسكىرى تەلىم ـ تەربىيە كۆرمىگەن ساددا دېھقانلاردىن ئىبارەت ئىدى، «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دېگەن شۇئارغا جان دىلى بىلەن ئىشەنگەن كىشىلەر بولۇپ ئۇمۇمى جەھەتتە باش ـ باشتاقلىق يوق ئىدى. بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە ئاياللارنى دەپسەندە قىلىشقا قەتئى يول قويۇلمايتتى. ئەسكەرنىڭ ئاساسى تېما شەكلى يوق، ھەرخىل ـ ھەر رەڭدە ئۆزى خالىغان، ئۇمۇمەن بېشىغا قىزىل دوپپا ۋە ياكى قىزىل سەللە يۆگىۋالغان، بايرىقى بولسا دەسلەپ قوزغىلاڭ ئەسناسىدا ئاق بايراق ئوتتۇرىسىغا قۇرئاننىڭ «ياردەم ئاللا تەرىپىدىن ۋە غەلىبە پات يېقىندا بولىدۇ» دېگەن ئايەت يېزىلغانىدى. رەسمى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇربان ھاجىم قايماق دېگەن سودىگەر كىشى تۈركىيىدىن ئالغاچ كەلگەن ئاي يۇلتۇزلۇق ئۈستىگە يۇقۇرىقى ئايەتلەر پۈتۈلگەن ھاۋا رەڭ بىر بايراقنى كۆتۈرگەن. ئەسكەرلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىغا ئۆز زامانىسىدا قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان مەھەممەت خان دېگەن كىشى مەسئۇل بولغان. تۈرك ئۇسۇلى (شۇ چاغلاردا ئىستامبۇلچى دەپ ئاتالغان) بىلەن تەربىيلەنگەن بۇ ئەسكەرلەردە يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك بەلگىلىك بىر كىيىم شەكلى يوق ئىدى. كۆپىنچە بېشىغا قىزىل، يېشىل سەللە ئورىۋالغان، ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغان قىياپەت بىلەن يۈرەتتى.

قورالىنىشتا ئاساسەن ئۆز كۈچىگە تايانغان. چۈنكى، بىرىنچى قېتىم ئافغانىستانغا يەكەندىن 12 ئات سوۋغا ـ سالام ۋە كۆپ مىقداردا ئالتۇن ئېلىپ بېرىپ سېتىۋېلىنغان 2000 دانە مىلتىق قامىر تاغلىرىدىكى قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. خوجىنىياز ھاجىم ئەركەشتامغا روسلاردىن قورال ئالغىلى بارىمەن، ياردەم قىلىڭلار دېگەندە ـ 2000 سەر ئالتۇن ئىمىر ئابدۇللا ئارقىلىق يوللىغان بولسىمۇ كېيىنچە ھاجىم بىلەن ئوتتۇرىدا تۇغۇلغان ئىختىلاپ تۈپەيلى بۇ قورالارغىمۇ ئىگە بولالمىغان.

خوتەن رايوننىڭ مۇھىم ئىقتىسادى مەھسۇلاتى بولغان پىلىچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يەكەندىن سوپى بەگ ھاجى ۋە غاپپار ھاجى باشچىلىقىدا بىر ھەيئەت قەشقەرگە بېرىپ، روس كونسۇلخانىسىغا 3000 سەر ئالتۇن زاكالەت قويۇش شەرتى ئاستىدا توختام تۈزۈم پىلە ئۇرۇقىنى ئېلىپ كېلىپ دېھقانلارغا تارقاتقان، لېكىن مەھسۇلاتنى ماخۇسەن ئالغان. خوتەن رايوندىكى پۈتۈن ئالتۇن كانلىرىنى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزىۋالغان. ئاق خەسىدە پۇل بېسىپ تارقاتقان.

يەكەنگە يۈرۈش

گۇما قەتلئامىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن يەن دوتەيىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن نۇر ئەھمەد قوماندانلىقىدىكى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى پوسكامغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا پوسكام خەلقىمۇ قوزغىلىپ شەھەرنى قولغا چۈشۈرگەنىدى. سۇبىتۇللا مەلۇۋى 2000 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن يەكەن كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. شىددەتلىك سوقۇش باشلىنىپ، خوتەن ئەسكەرلەر قوماندانى سۇبىتۇللا مەۋلۋى ئۆلىدۇ. قوماندانىنىڭ «شېھىت» بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەسكەرلەر غەزەپ بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ غەلىبە قىلىدۇ. قارشى تەرەپ قېچىپ يېڭىشەھەر سېپىل ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. قاغىلىقتا قالغان نۇر ئەھمەد ئۆز قىسىملىرى بىلەن يەكەنگە كېلىپ سېپىلنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. يەكەن سېپىلى خېلى مۇستەھكەم بولۇپ خوتەنلىكلەردىن مەغلۇپ بولۇپ قاچقان ھۆكۈمەت قىسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى سېپىل ئىچىگە جايلىشىۋالغانىدى. بۇ ئەھۋال ئاستىدا ئىمىر ئابدۇللا يەكەن قوماندانى قىلىپ تەيىنلىنىپ بىر قانچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يەكەنگە يېتىپ كېلىدۇ.

بۇ ئارىدا، بۇلاڭچىلىق ۋە ئۇلجىغا كۆنۈپ قالغان ماجۇڭيىڭنىڭ قەشقەردىكى گۇماشتىسى ماجەنساڭ قىسمىدىن مارۇلۇڭ 100 دەك ئەسكىرى بىلەن «سىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق» دەپ خوتەن ئىمىرلارنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. بۇلاردىن گۇمانلانغان ئابدۇللا كۆرۈنۈشتە مېھمان قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسىمۇ، ئىچكى جەھەتتىن بۇلارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئىمىر ئابدۇللا تۆمۈر سىجاڭنىڭ غەلبىسى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەپ قەشقەرگە بىر ھەيئەت ئەۋەتكەنىدى. تۆمۈر سىجاڭمۇ يەكەنگە ھاپىز لۈيجاڭ باشلىق 600 دەك ياردەم قوشۇنى ئەۋەتكەنىدى. بۇ مۇناسىۋەت ۋە ئالاقە خوتەندىن يوليۇرۇقسىز ئېلىپ بېرىلغانلىقى مەلۇم.

يەكەن مۇھاسىرىسى ئۇزۇن سوزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن خوتەن ھۆكۈمىتى ئىككى ياش ئىمىرلارنىڭ تەجرىبىسى ئاز بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، قەشقەر بىلەن بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىدىن ئەندىشە قىلغىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باشلىغاندا ساۋۇت داموللام يەكەنگە ئۆزى بېرىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە يەكەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

ساۋۇت داموللام يەكەنگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن يەكەن سىپىل ئىچىدىكى قارشى تەرەپ قەشقەردىن كېلىدىغان ياردەمدىن ئۈمىد ئۈزۈپ تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولغانىدى. ساۋۇت داموللامنىڭ يەكەنگە كېلىشىنى ئاڭلىغان قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىرى ساۋۇت داموللامنى «داغدۇغىلىق مۇراسىم بىلەن قارشى ئالىمىز» دەپ ئەسكەرلىرىنى قوماندانسىز تاشلاپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مارۇلۇڭنىڭ 100 دەك ئەسكەرلىرى پوستتىكى ئەسكەرلەرگە ئوق ئېتىپ بىر قانچىسىنى ئۆلتۈرۈپ قوراللىرىنى ئېلىپ سىپىل ئىچىگە كىرىپ ھۆكۈمەت قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىۋالىدۇ. «خوتەنلىكلەرنىڭ كۈچى ئاز، بۈگۈن ـ ئەتە ماجەنساڭ كۈچلۈك بىر قىسىم بىلەن يەكەنگە يېتىپ كېلىدۇ. قورقماڭلار» دەپ تەسلىم بولۇشقا ھازىرلانغان ھۆكۈمەت قىسىملىرىنى تەسلىم بولۇشتىن ياندۇرىدۇ. ھەتتا ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ بىر قانچە قېتىم سىپىلدىن تاشقىرىغا چىقىپ قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ كۆرگەن بولسىمۇ، مەغلۇپ بولىدۇ. خوتەن قىسىملىرى قورشاۋنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ. 15 كۈن ئېغىر ئەھۋالغا قالغان ھۆكۈمەت قىسىملىرى مارۇلۇڭنىڭ سۆزى يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەسلىدىكى شەرتلەرگە ئاساسەن تەسلىم بولايلى دەپ ئاق بايراق چىقىرىدۇ. كېلىشىم بويىچە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى پۈتۈن قورال ـ جابدۇق، ئات ـ ئۇلاغ ۋە ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى تاپشۇرۇپ شەھەرنى بوشىتىپ چىقىپ كېتىش ئىدى. ئەمما ماجەنساڭنىڭ ئادەملىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بىر قىسىم قورال ۋە خەزىنىنى يوشۇرۇپ ئېلىپ كېتىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالىدۇ. ئىمىر ئابدۇللا تۆمۈر سىجاڭغا خەۋەر بېرىپ بۇلارنى يەكەندىن چىقىپ سايغا بارغاندا يوقىتىش پىلانىنى بىلدۈرىدۇ.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىرەر مىڭ كىشىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇلار چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلگەندە ئارقىسىدىن 1000 كىشىلىك بىر قىسىم بىلەن قوغلاپ كەلگەن نۇر ئەھمەد ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىدۇ. ساق قالغانلىرى قىزىلغا قاراپ قاچىدۇ. قىزىلغا بارغاندا بۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قەشقەردىن كەلگەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ 400 ئەسكىرى يېتىپ كېلىپ ئىككى تەرەپتىن قورشاپ پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. قالغان بىرەر يۈز ئادىمى قېچىپ يېڭىسارغا كەلگەندە ئەھمەدخان لۈيجاڭ ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگىتىدۇ.

ئىمىر ئابدۇللانىڭ قەشقەر سەپىرى ۋە ئاقىۋىتى

تۆمۈر سىجاڭدىن نارازى بولۇپ تۇرىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەر خوتەنلىكلەرنىڭ يەكەن غەلىبىسىدىن كېيىن خوتەن بىلەن بىرلىشىش ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان ساۋۇت داموللامنى خوتەننىڭ ئەسكىرىي ياردىمى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ تەختكە چىقىشنى تەكلىپ قىلىشقا باشلىدى. م. ئى. بۇغرا دەسلەپتە بۇنىڭغا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ساۋۇت داموللامنىڭ قاتتىق تۇرۇۋېلىشى بىلەن ۋە قەشقەردىكى تۆمۈر سىجاڭغا قارشى پىتنىچىلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەخپىي ئادەم يوللاپ، «قەشقەر ھازىر تاۋاقتىكى تەييار ئاشتەك» دەپ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن خوتەن ھۆكۈمىتى بۇ پىلانغا ماقۇل دەيدۇ. م. ئى. بۇغرا تۈركىيىدە نەشر قىلغان «كۆرەش خاتىرىلىرى» (مۇجادىلە خاتىراتى) دېگەن ئەسىرىدە بۇ ھادىسە توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ. «بۇ ئىش خوتەن ھۆكۈمىتىگە تارىخ بويىچە بىر مەلۇمات ۋە غايەت چوڭ خاتالىق ئىدى. چۈنكى، بۇ ۋەقە ئىنقىلاب تولۇق غەلىبە قىلمىغان شارائىتتا ھەر ئىككى تەرەپ تېخىمۇ كۈچ توپلاپ قۇدرەتلىك بولۇشنىڭ ئەكسىچە، ئىككى مىللىي كۈچ بىر ـ بىرلىرىگە قارشى ئۇرۇشۇپ خېلى مۇنتىزىم كۈچكە ئىگە بولۇپ قالغان خوتەن قىسىملىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلىنىشىگە ۋە زور كۈچ چىقىرىپ تۇرغان تۆمۈر سىجاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تامامەن پاراكەندە بولۇشىغا سەۋەب بولدى ۋە بەش ئايلىق بۇ ئىچكى ئۇرۇش دۈشمەن تەرەپكە ھېچ كۈتمىگەن بىر پۇرسەت يارىتىپ بەردى».

1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىمىر ئابدۇللا ۋە ساۋۇت داموللام باشچىلىقىدا 2000 كىشىلىك بىر قوشۇن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. تۆمۈر سىجاڭغا:«بىز سىلەرگە ياردەم قىلىپ قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ماجەنساڭ قىسىملىرىنى يوقىتىپ، خاتىرجەم بولۇپ بىرلىشىپ خوجىنىياز ھاجىمغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىشقا قەشقەرگە بارىمىز» دەپ خەۋەر يوللايدۇ. بۇ ئارىدا يەكەندە تۇرۇۋاتقان تۆمۈرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ھاپىزنى 500 ئەسكىرى بىلەن يەكەندە قويۇپ ماڭىدۇ. مانا بۇ تەجرىبىسىزلىك خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللاردىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

ئىمىر ئابدۇللا ۋە ساۋۇت داموللام يېڭىسارغا كەلگەندە تۆمۈر سىجاڭ قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە تۆمۈر سىجاڭ ساۋۇت داموللامنىڭ بۇ سەپىرىدىن كۆپ ئەندىشىلەنگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ قەشقەرگە كىرمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. «ماجەنساڭنى يوقىتىشقا كۈچۈم يېتىدۇ. ئىچكى تازىلاشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن خوتەن ـ قەشقەر بىرلىشىش پىلانلىرىنى ئەمەلگە

ئاشۇرساق، هازىرچە يېڭىسارنىڭ سانىياز ئۆستىگى ئىككى تەرەپىنىڭ چېگرىسى بولۇپ تۇرسۇن» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىمىر ئابدۇللا ئىككىلىنىپ تۇرغاندا ساۋۇت داموللام بۇنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئاجىزلىقى دەپ تونۇپ قەشقەرگە كىرىشكە چاك تۇرۇۋالىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قەشقەرگە كىرگەن ساۋۇت داموللام ۋە ئابدۇللالارنى قەشقەر خەلقى ۋە دىنىي كىشىلەر قىزغىن قارشى ئالىدۇ. بۇ تۆمۈر سىجاڭنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۆمۈر سىجاڭ ماجەنساڭغا پاسسىپ، ساۋۇت داموللام ۋە خوتەنلىكلەرگە ئاكتىپ قارشى تۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ ئارىدا يەكەندە قالغان ھاپىز بىلەن نۇر ئەھمەد ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىشلەر داۋام قىلماقتا ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى تارقاق ئورۇنلاشقان ۋە خەۋەرسىز ياتقان خوتەن ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قورالسىزلاندۇرىدۇ. ئىمىر ئابدۇللا ۋە ساۋۇت داموللامنى قولغا ئالىدۇ. ئەسكەرلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. بۇلار ئاچ ـ يالىڭاچ ھالدا تارقىلىپ كېتىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يەكەندە ھاپىز نۇر ئەھمەدنى ۋە بىر قانچە قوماندانلىرىنى تۇتۇۋېلىپ قورالسىزلاندۇرىدۇ. شۇ كۈنى ھاپىز قاغىلىققا يۈرۈش قىلىپ، شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ ۋە گۇمىغا ئەسكەر يوللايدۇ.

م. ئى. بۇغرا تۆمۈر بىلەن بۇ ئىتتىپاقسىزلىقنى تەنپەن يولى ئارقىلىق ھەل قىلىش نىيىتى بىلەن قارا قاشلىق ئىشان قارى ھاجى باشچىلىقىدا بىر ھەيئەتنى گۇمىغا يوللايدۇ. زاڭگۇيغا بارغاندا بۇ ئىشان خوتەن ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ ھاپىز تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. قەشقەردىكى ئوغلى غولام قادىر تۆمۈر سىجاڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكىرى ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، خوتەن ھۆكۈمىتىگە ھاپىزنىڭ قوۋۋىتى 3000 كىشىلىك غايەت زور بىر كۈچ دەپ يالغان خەۋەر يوللاپ قورقىتىپ چېكىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاپىز ھېچقانداق قارشىلىقسىز 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قاراقاشنىڭ زاۋا دېگەن جايىغىچە قوغلاپ كېلىدۇ.

شۇ كۈنى م. ئى. بۇغرا پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھاپىزنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. ھاپىزنىڭ ئەسكەرلىرى ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلتۈرۈلگەن، يارىلانغان ۋە ئەسىرگە ئېلىنغانىدى. ھاپىز شۇ قاچقان پېتى قەشقەرگە كېلىپ توختايدۇ. بۇ دەل تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. ھاپىزنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن م. ئى. بۇغرا قاغىلىقنى قارشىلىقسىز قايتۇرىۋالىدۇ ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ ھاپىزغا ئۆتۈپ كەتكەن ساۋۇرخان ئىشان باشلىق بىر قانچە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، پوسكامغا يېتىپ كېلىدۇ. ھاپىزنىڭ مۇئاۋىنى بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپ يەكەندە قولغا ئالغان نۇر ئەھمەدنى قويۇپ بېرىدۇ. ئابدۇللامۇ تۆمۈر سىجاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ نەزەربەند قىلىنغان يەردىن قېچىپ پوسكامغا كېلىپ، ئەسكەرلىرىنى رەتلەپ، خوتەندىن كەلگەن قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ يەكەنگە ھوجۇم قىلىدۇ ۋە بىر سائەت ئىچىدە يەكەننى قولغا ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يەكەن ئىككىنچى قېتىم خوتەنلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. دېمەك، خوتەن بىلەن تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قانلىق پاجىئەلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى يۇقۇرىقىلاردىن ئىبارەت.

تۆمۈر سىجاڭ ئۆلگەندىن كېيىن ساۋۇت داموللام يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن چىقىپ يەنە ھەرىكەتلىنىشكە باشلايدۇ. بۇ قېتىم خوتەن تەرەپتىن، ماجەنساڭ قىسىملىرىغا قارشى ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى مامۇت سىجاڭ، ساۋۇت داموللام ۋە ئىمىر ئابدۇللانىڭ بىرلەشكەن قوشۇنلىرى بىلەن سوقۇش باشلايدۇ. پىلمۇت ۋە مىنامىيوتلا بىلەن قوراللانغان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۆلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئىمىر ئابدۇللا بىر قانچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ 400 دەك ئەسكىرى بىلەن شېھىت بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئاستىدا مامۇت سىجاڭ ۋە ساۋۇت داموللام كۆكراۋاتقا چېكىنىدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەر يېڭىساردا قورشاۋدا قالغان نۇر ئەھمەدكە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم باشلايدۇ، لېكىن سېپىلغا يېقىنمۇ بارالمايدۇ. مامۇت سىجاڭ پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ نۇر ئەھمەدنى قورشاۋدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى ئارقا تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولۇپ غەلىبە قىلىشقا ئاز قالغان بىر پەيتتە ھاپىز تۇيۇقسىزلا ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قورشاۋنى بوشىتىپ ئارقىغا چېكىنىدۇ. بۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بىرلەشكەن قوشۇننى تارمار قىلىدۇ.

17 كۈنگىچە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ توپقا تۇتۇشىغا بەرداشلىق بەرگەن نۇر ئەھمەد (ئىمىر ساھىب) تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىق بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلىپ بېرىپ شېھىت بولىدۇ. 23 كۈنلۈك بۇ ئۇرۇشتا خوتەن قىسىملىرىدىن 4200 كىشى ئۆلىدۇ ۋە يارىدار بولىدۇ. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىمۇ ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان

BABUR

چىقمىغا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ شەپىسى كېلىش بىلەنلا شەھەرنى تاشلاپ قاچىدىغانلارغا كۆنۈپ قالغان ماجۇڭيىڭنىڭ قوماندانلىرى بۇ غەلىبىلەردىن بەكمۇ خۇشاللىنىپ ئىككى دانە كېسىلگەن باشنى ـ ئىمىر ساھىب ۋە شامەنسۇرنىڭ باشلىرى دەپ قەشقەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ خەلقنى دەھشەتكە سالىدۇ. لېكىن بۇ باشتىن بىرى خوتەن قىسىملىرىدا خىزمەت قىلغان ئاۋغانلاردىن باز مەھەممەت ۋە يەنە بىرى يۈز بېشى (ليەنجاڭ) ھاشىم شامەردان دېگەن كىشىلەرنىڭ ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. يېڭىسار مەغلۇبىيىتى ۋە بۇ ئىككى مەشھۇر قوماندانىنىڭ ئۆلۈمى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىغا ئېغىر بىر زەربە بولدى. خوتەن خەلقى شامەنسۇر ۋە ئىمىر ساھىبلارنى ئەسلەپ قوشاقچىلارنىڭ ئۇلارنى مەدھىيىلەپ قوشقان قوشاقلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن ئاڭلىغان. ھەتتا بۇ ئىككىسىنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى، جەسەتلىرىنىڭمۇ تېپىلمىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىغان ھېكايىلەر تارقالغان، بولۇپمۇ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئاسقان ئىككى دانە كېسىلگەن باشنىڭ باشقا كىشىلەرنىڭ بولۇپ چىقىشى بۇ سۆزلەرنىڭ تېخىمۇ ئاساسلىق بولۇشىغا سەۋەب بولغان. ئەيىندىن ئىسىملىك بىر ئادەم يۈزىگە نىقاب تارتىۋېلىپ مەن «شامەنسۇر» دەپ ئادەم توپلاپ، خوتەن تاغلىرىدا بىر قانچە ۋاقىت ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن پارتىزانلىق سوقۇشى ئېلىپ بېرىپ، كېيىنچە ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەندە سىرى پاش بولۇپ قالغان.

خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ يىقىلىشى

يېڭىسار مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن م. ئى. بۇغرا، مامۇت سىجاڭ ۋە خوجىنىياز ھاجىم بىلەن بىرلىشىپ يەكەندە بولۇنۇپ كەتكەن قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ساۋۇت داموللام بىلەن خوتەننى بازا قىلىپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قارشى مۇداپىئە پىلانىنى تۈزۈش مەقسىتىدە خوجىنىياز ھاجىم بىلەن يۈزمۇ يۈز كۆرۈشىدۇ. لېكىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ روسىيە بىلەن بىرلىشىپ شاڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن ساۋۇت داموللام، م. ئى. بۇغرا ۋە باشقا بىر قانچە كىشىنى تۇتۇپ بېرىش پىلانى سىزىلىپ قالىدۇ. م. ئى. بۇغرا غاپپار ھاجىنى ئۆز ئورنىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ كېچىسى يوشۇرۇنچە خوتەنگە قېچىپ كېتىدۇ. ساۋۇت داموللام بىلەن سۇلتان بەگنى مامۇت سىجاڭ قولغا ئالىدۇ. 1934 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ماجۇڭيىڭنىڭ ماخۇسەن باشچىلىقىدىكى 8000 كىشىلىك قوشۇنى شىڭ شىسەي ۋە روسلارنىڭ زەربىسىدىن تارمار بولۇپ قېچىپ خوتەنگە باستۇرۇپ كېرىدۇ، ئەسلىدە ماخۇسەن قىسىملىرى خوتەن، چارچەن ئارقىلىق دۇڭخۇاڭ ۋە گەنسۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش پىلانى بىلەن جەنۇبقا قاراپ چېكىنگەنىدى. خوتەن ھۆكۈمىتى بۇ چاغدا غالجىرلاشقان ۋە ئاخىرقى جان تالىشىۋاتقان ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ كەڭ ـ كۆلەمدە بولالىق ـ تالاڭ ۋە قەتلىئام يۈرگۈزۈش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ ئالدىنى توسۇپ مۇداپىئەگە ھازىرلىنىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى زاۋا سوقۇشىدا خوتەن قىسىملىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ماخۇسەن خوتەننى ئىشغال قىلىدۇ. مىلىك ھەزرەت تەسلىم بولىدۇ. م. ئى. بۇغرا 300 دەك ئادەملىرى بىلەن قېچىپ قاراقىغۇ تاغىنىڭ يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ قايتا ئادەم توپلاپ پارتىزانلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ قارشىلىق قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ماخۇن قىسىملىرى ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئارام بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1934 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يېنىدا قالغان 20 دەك ھەمراھلىرى بىلەن شەيدۇللا ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

«شەرقىي چەكلەنگەن سۆز ئىشلىتىلگەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ۋە خوتەن ھۆكۈمىتى

تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوسمان ئېلى قەشقەردىكى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا ساۋۇت داموللام يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ ئوسمان ئېلىنى ھىمايە قىلىپ مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدۇ. قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئابرويلۇق خوتەنلىكلەرنى، قەشقەرلىق بىر قىسىم سودىگەر ۋە ئۆزبېكلەرنى يېنىغا تارتىپ خوتەن بىلەن ئالاقە باغلاش جەمئىيىتى دېگەنگە ئوخشاش نام بىلەن بىر تەشكىلات قۇرىدۇ. بۇلارنىڭ مەقسىتى، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ مەۋجۇت ئۈستۈنلىكى ۋە بىر قەدەر مۇنتىزىم ئەسكىرىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ قەشقەر بىلەن خوتەننى بىرلەشتۈرۈپ بىر ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى خوتەن ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولۇپ ياردەم قىلغان. بۇ ئارىدا ئوسمان ئېلىدىن نارازى بولۇپ تۇرغان بىر قىسىم ئەسكىرى ئەمەلدارلارمۇ يوشۇرۇنچە بۇ تەشكىلاتقا ھېسداشلىق بىلدۈرمەكتە ئىدى. ئوسمان ئېلى تۇرمۇش ۋە ئىستىلدىكى چىرىكلىكى سەۋەبىدىن ئىككى ئاي ئىچىدە غۇلاپ چۈشتى. ئاندىن ئۇراز بېك ۋە ساۋۇت داموللام ئوتتۇرىغا چىقىپ خوتەن جەمئىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قەشقەردە ئۆز ئالدىغا «ھۆكۈمەت» قۇردى.

شۇ كۈنلەردە تۈركىيەدىن كەلگەن بەزى كىشىلەرنىڭ ھەركىتى ئاكتىپلىشىپ ساۋۇت داموللامغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ھەربىي ۋە بەزى مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلاشقىلى باشلىغانىدى. م. ئى. بۇغرا ۋە خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ساۋۇت داموللام 1933 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شەرقىي چەكلەنگەن سۆز ئىشلىتىلگەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ خوجىنىياز ھاجىنى رئىس جۇمھۇر دەپ ئېلان قىلدى.

BABUR

مەيلى م. ئى. بۇغرا ھۆكۈمىتى بولسۇن، مەيلى خوجىنىياز ھاجى بولسۇن، بۇ ھۆكۈمەتنى رەسمىي ئېتىراپ قىلمايدۇ، ۋەزىيەت ۋە چوڭ ئىتتىپاقلىقنى كۆزدە تۇتۇپ ئاشكارا قارشى چىقمايدۇ. م. ئى. بۇغرا بۇنى شۇ زاماندا مۇنداق دەپ تەھلىل قىلغان: پۈتۈن يۇرتتا تېخى بىر ئىدىيىۋى بىرلىك مەيدانغا كەلمىگەن بىر زاماندا بۇنداق بىر ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇن ئەمەس. ھۆكۈمەت تەركىۋىدىكى ئۈچ كىشىدىن باشقىلىرى ئەسلىدىكى ئىنقىلابىي ھەيئەتتىن بولماستىن مەجھۇل ئادەملەر بولۇپ، ئىشەنچىلىك كىشىلەردىن ئەمەس.

### خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت مەسىلىسى

شىنجاڭدا شۇ يىللاردا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلار توغرىسىدا چەتئەلدە يېزىلغان ماقالە ۋە خاتىرىلەردە خوتەن ئىنقىلابىنىڭ چەتئەلنىڭ قولى ۋە كۈشكۈرتىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكى توغرۇلۇق ماتېرىيال يوق.

م. ئى. بۇغرا چەتئەلدىكى ھايات زاماندا يازغان ئەسەرلىرىدە بۇ قوزغىلاڭنىڭ پەقەت خەلقنىڭ خەنزۇ ھۆكۈمران سىنىپقا قارشى بولغان مىللى ۋە دىنىي ھېسسىياتلىرىغا تايىنىپ ئېلىپ بارغانلىقىنى يازىدۇ ۋە قىسقىچە بىر ۋاقىتتا خەلق ئىچىدىن 20 ـ 25 مىڭدەك قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا كېلىشىنى بۇنىڭغا ئاساس قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلارنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى يەرلىك خەنزۇ ھۆكۈمران سىنىپى ئىدى. مەركەز (نەنجىڭ ھۆكۈمىتى) بىلەن ئالاقىلىشىپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە مۇختارىيەتلىك بىر شەكىلنى تەكلىپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئاخىرقى كۈنلەرگىچە بايراقلىرىنى جۇڭگوچە خەت ۋە شەكىلدە تۇتقان، ھۆكۈمەت ۋە ئەسكىرىي تۈزۈم ـ ئاتالغۇلارنىمۇ خەنزۇچە قوللانغانلارمۇ بولدى، ھەتتا باج ئېلىش مەمۇرىي تۈزۈملىرىنىمۇ ئۆزگەرتمىگەن.

م. ئى. بۇغرامۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە قىلىش يوللىرىنى ئىزدەپ كۆرگەن. لېكىن شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك ۋە مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭغا تۇتقان خاتا سىياسىتى بۇنىڭغا يول بەرمىگەنىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن «خوتەن ھۆكۈمىتى»، «باشقا ھۆكۈمەتلەر» نىڭ ئەكسىنچە پۈتۈن كونا تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،ئىسلام شەرئىتى ئاساسى قانۇن بولدى. بايرىقى تۈرك ئىسلام بايرىقى بولۇپ، ئەسكىرىي ئۇنۋان ۋە ئاتالغۇلار تۈركچە ۋە پارسچە ئىدى. مەسىلەن: ئەسكەرلەردە يۈز بېرىشى ۋە ئىمىر ئەسكەر دېگەنلەرگە ئوخشاش.

قوشنا دۆلەتلەردىن ئافغانىستان ۋە ھىندىستان (ئىنگلىزلار) بىلەن ئالاقە باغلاپ ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ھىندىستان تەرەپتىن ھېچقانداق ئىنكاس بولمىغان، لېكىن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بەزەن ئىنگلىز پۇخرالىرىنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇشى، بەزىلەرنىڭ خېلى مۇھىم رول ئوينىشى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى (چۈنكى مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ جىھاتقا قاتنىشىشى پەرز) ۋە يەرلىك خەلققە ئاساسەن سىڭىپ كەتكەن تەقدىرداشلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ھەرقانداق دۆلەت ۋە تەشكىلاتقا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

ئافغانىستان گەرچە خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىغا كۈتكەن ياردەمنى قىلالمىسىمۇ، دىنداشلىق ۋە سودىگەرلەرنىڭ قويۇق بېرىپ ـ كېلىشلىرى جەھەتتىن ئەخلاقى جەھەتتە بولسىمۇ بىر يېقىنلىق بار ئىدى. م. ئى. بۇغرا پوسكامدا تۇرغان كۈنلىرىدە (1933 ـ يىلى 11 ـ ئاي) قۇربان ئابدۇللا ۋە مىيان ھەسەنخان ئىسىملىك ئىككى كىشىنى بىر ھەيئەت سۈپىتى بىلەن ياردەم سوراپ ئافغانىستانغا يوللىغان. بۇلار ئەسلىدە ئاۋغات مىللىتىدىن بولۇپ يەكەندە يەرلىشىپ قالغان، ئافغانىستاندىمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار كىشىلەر ئىدى. كېيىنكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئافغانىستان ھۆكۈمىتى بۇلارنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئەمەلىي بىر نەتىجىگە ئېرىشكىچە خوتەن ھۆكۈمىتى يېقىلغان.

تۈركىيە بىلەن خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قوزغىلاڭ ئالدى ۋە كەينىدە ئالاقە باغلىغانلىق ھەققىدە مەيلى يۇرت ئىچى ۋە ياكى چەتئەلدىكى ماتېرىياللاردا ئاساسلىق بىر پاكىت يوق. شۇ زامانلاردا خوتەن ۋە باشقا يەرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان تۈرك كىشىلىرى بىر شەخسى ماھىيەتتە ئىگە كىشىلەر ئىكەنلىكى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە مەنسۇپ كىشىلەر ئەمەسلىكى، م. ئى. بۇغرا تۈركىيىگە كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئاشكارە بولغان.

### ئاخىرقى سۆز

ۋەقەلىكنىڭ ئەڭ توغرا خۇلاسىسىنى دائىم تارىخلا چىقىرالايدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ يۇقۇرىدىكى ئەسلىملىرىمگە ـ يەنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە بىر ئاز بولسىمۇ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ـ تەتقىقاتلىرىمغا ئاساسەن شەخسى كۆز ـ قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

قۇمۇل ۋە خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ ئەسلىي يۈنىلىشى ۋە ماھىيىتىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىم خارەكتىردە تەسۋىرلەش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. يەنى بىرىنى خەلق قوزغىلىڭى ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان، بىرىنى

بولسا جاھانگىرلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ۋەتەن بىرلىكىنى پاچىلاش دەپ تەبىر بېرىش تېخىمۇ خاتا. قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق يۇنىلىش خاتالىرىغا قاراپ قوزغىلاڭنىڭ مىللى زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىككە قارشى ھەققانىي بىر ئىسيان ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ نوقتىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. م. ئى. بۇغرانىڭ سىياسى ۋە شەخسى ھاياتىدا چەتئەلگە باغلانغان ياكى شەخسى مەنپەئەت ۋە ئابروينى بىرىنچى ئۇرۇنغا قويغان يېرى يوق. مەيلى ئۇنىڭ خوتەن قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا بولسۇن ۋە ياكى چەتئەلدىكى ھاياتى ھەم يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى سىياسى پائالىيەتلىرىدە بولسۇن بۇنى ئوچۇق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خوتەن قوزغىلىڭى ۋە ياكى م. ئى. بۇغرانىڭ «شەرقىي چەكلەنگەن سۆز ئىشلىتىلگەن»، «چىن چەكلەنگەن سۆز ئىشلىتىلگەن» دەۋالىرىنى جاھانگىرلارنىڭ قولى ۋە قۇترىتىشى دەپ باھا بېرىش بىر تەرەپلىملىك كۆز ـ قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

" شنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى " نىڭ 17 ـ ساندىن ئېلىندى

# چۈمۈلە روھى ۋە ئىقتىساد ئېڭىمىز

ئوسمان زاھىر

شەھەر ئەتراپىدىكى مەلۇم يېزىدا بىر دېھقان ئۆي سالماقچى بولۇپ گەنسۇلۇق بىر ئىشلەمچىگە كېسەك قۇيغۇزۇپتۇ. كېسەك قۇيۇلۇپ ئىش ھەققىنى ئالىدىغان چاغدا ھېلىقى دېھقان بۇ ئىشلەمچىگە بىر نەچچە كۈن ساقلاپ تۇرۇشنى، بىرەيلەندە 10 مىڭ يۈەن قەرزى بارلىقىنى شۇ پۇلنى ئۇندۇرۇپ ئىش ھەققىنى بېرىۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئىنتايىن ھەيران بولغان ھېلىقى ئىشلەمچى بۇ ئۇيغۇر دېھقانغا : ـ خەقنىڭ قولىدىكى 10 مىڭ يۈەنگە ئادەم ياللاپ ئىشلەتكىنىڭگە ھەيران قېلىۋاتىمەن. مېنىڭ 200 مىڭ يۈەن پۇلۇم بار ، لېكىن ھازىرغىچە ئادەم ئىشلىتىشنى ئويلىشىپ باقمىدىم. سەن بۇ ئىدىيەڭنى جۆرىۋەتمىسەڭ، مەڭگۈ نامرات پېتى ئۆتكۈدەكسەن. ـ دەپتۇ ئاچچىق بىلەن .

ھەر قېتىم خىزمەتكە ماڭغىنىمدا يول بويىدىكى ئەسكى ـ تۈسكى يىغىۋېلىش ئورنى كۆزۈمگە چېلىقىدۇ .ئاسمانپەلەك دۆۋىلەنگەن بوتۇلكا، يەشىك، سولياۋ بۇيۇملار... ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇ يەرگە گەنسۇ ياكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ نومۇر تاختىسى ئېسىلغان زور تونناجلىق ماشىنىلىرى كېلىپ تاغارغا رەتلىك قاچىلانغان بوتۇلكا ۋە يەشىكلەرنى توشۇپ كېتىدۇ .بىر نەچچە خەنزۇ ياش تىنىمسىز يۈرۈپ تاغارغا ئەسكى ـ تۈسكى قاچىلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شەھەر تەۋەسىدىكى ئەسكى ـ تۈسكى يىغقۇچىلارنىڭ ئۈچ چاقلىق ھارۋىغا قاچىلانغان كېرەكسىز بۇيۇملارنى بۇ يەرگە ئەپكېلىپ ئۆتكۈزىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئىشلار ئىنتايىن قانۇنىيەتلىك ھالدا داۋاملىشىدۇ. ئۇلار ئاددى ـ ساددا ياشايدۇ . كەلگۈسىدىكى باياشادلىق ئۈچۈن. لېكىن ئاشۇ تامچە سۇدەك توپلانغان پۇلى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىپ ئېشىنغۇدەك بولغاندا سىز ۋە بىز ئۇنىڭ كەينىدىن غايىپ غەزىنىسى بار ئادەمگە قارىغاندەك قاراپ قالىمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ غايىپ غەزىنىسى دەل ئاشۇ چۈمۈلە روھى. ئۇلار ئۆزىنى چاغلايدۇ. سۈكۈت قىلىدۇ. ئاسان ھاياجانلانمايدۇ. سوغۇققان، پىشقان مىللەتلەرگە خاس پىسخىكا ئۇلارنى مانا مۇشۇنداق مۇۋاپپىقىيەتكە ئىگە قىلغان .

يەنە بىر تەرەپكە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، كىشىلىرىمىزنىڭ تولىمۇ ئالدىراشلىقىنى، ھەتتا ھېلىقى ئىشلەمچى(ئەمەلىيەتتە كەلگۈسىدىكى مىليونىر)لاردىنمۇ ئالدىراشلىقىنى كۆرۈپ قالىمىز. ئۇلار ئۆي زىننەتلەيدۇ. تاكسىدا ئولتۇرىدۇ. بىراق، ئاي ئاخىرىدا چىرايى ئۆي زىننەتلەشتە ئىشلەتكەن تاختايدەك سارغىيىپ كېتىدۇ. يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئۈستىگە قىلىنغان ئورۇنسىز چىقىم خېلى كۆپ كىشىلىرىمىزنى ھالسىراتماقتا .داستىخانلاردىن بەركەت ئۇچۇپ، چىرايلاردىن كۈلكە ئۆچۈپ كەتمەكتە. مەن ھازىرغىچە بىنا ئۆينى بىر قېتىمدىلا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن سېتىۋالغان ئۇيغۇرنى ئاز ئۇچراتتىم .ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ "خالتىسى" غا بېقىپ "ئۇن تارت"

قۇسى بولسىمۇ ھېلىقى بىزنىڭ تەۋررۈك "دوست ـ دۈشمەن" ئېغىمىزنىڭ كۆچلۈكلۈكىدىن
ھازىرغىچە ئۆزىمىزگە تەۋە بولۇپ ياشاپ باقمىدۇق .

تۇرمۇش رىتىمىمىز تېزلەشمەكتە. رىقابەتلىك ھايات قويىنغا چاقىرماقتا .

چۇمۇلە نەزىرىمىزدە ئىنتايىن كىچىك، ئەرزىمەس بىر جانىۋار. لېكىن ئۇنىڭدىكى چىدام ۋە
ئىزچىللىق پىلنى يىقىتىشقا قادىر .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزى قۇربى يېتىدىغان ئىشلارغىمۇ سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنى
ئىشلىتىش شەھەردىن سەھرالارغىچە ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ئوغۇت چېقىرىشتىن تارتىپ، يەرنىڭ
پۇتاقچىلىق، ئوتاقچىلىق ئىشلىرى ھەممىسىنى بۇ ئىشلەمچىلەر ئۈستىگە ئالدى .دېھقانلىرىمىزنى
بېيىپ كەتتىمىكىن دېسىڭىز، نەچچە يىل بۇرۇن كېيگەن چاپان يەنىلا ئۇچىسىدا. تەن قۇۋۋىتى
يېتىشمەمدىكىن دېسىڭىز، ھەر ھالدا گۆشسىز تائام يېمەيدۇ. بىر قانچە يىللارنىڭ ئالدىدا
مەھەللە ـ مەھەللىلەردە كېسەك قۇيۇش ، ئورما قىلىش مۇسابىقىلىرى بولۇپ تۇراتتى. توم بىلەكلىك
نۇرغۇن يىگىتلەر سېپىلدەك مەزمۇت سوقمىلارنى سوقۇپ يۇرت بىنا قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. بىز كىتاپ
ياكى رادىئو ـ تېلېۋىزىيىلەردىن چەتئەللىك مىلىيونېرلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلا بولسا ئورۇندۇق
ياساشتىن تارتىپ ھەممىنى ئۆزى قىلىدىغانلىقىنى، ئەمگەك ئارقىلىق تۇرمۇشىغا مەنە
تاپىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. يېنىدا پۇلى ئېشىنغان ئادەم ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئىشلارغا پۇل
خەجلەشنى خىيال قىلالايدۇ. بىزدە پۇلسا بىرنەچچە يىل كېيىن قولغا كېلىدىغان پۇللارنىمۇ ئالدىن
خەجلىۋېتىدىغان يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلى مەۋجۇت .بىر قىسىم دېھقانلىرىمىز قولى ئاز ـ تولا
پۇل كۆرگەندىن كېيىن راھەتنى سۆرمەكچى بولۇپ شەھەردىن بىنا سېتىۋېلىپ، ئاخىرى ئىسسىنىش
پۇلىغا چىقنالماي ئۆيىنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. كونىلاردا "ئىشتانغا چىققان كوچۈلگە
تايىن" دېگەن گەپ بار. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەر قىلىش ، قىلالماسلىق شۇ كىشىنىڭ
كىرىمىگە مۇقەررەر تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىر خەنزۇ قوشنام بار. ئۇ بىنا ئۆيىنى سېتىۋالغان
دەسلەپكى يىلى باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىپ كېيىنكى يىلى ئىجارە پۇلىغا تايىنىپ ئۆيىنى
زىننەتلەتتى. بۇ جەرياندا ئۆزى سىرتتا ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ بىرمۇنچە چىقىمنى تېجەپ
قالدى. ئۇلارنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىگە تولىمۇ قايىل بولغان ئىدىم. بىر نەپەر كادىر تونۇشۇم بار
ئىدى. ئۇ يېزىلاردا نۇرغۇن ياشلارنىڭ قۇربى يەتكۇدەك ئىشلارنى قىلغىلى ئادەم يوق ئىشلەمچى
ئىزدەپ يۈرگىنىنى ئاڭلاپ، بىر نەچچە ياش بالىنى تەشكىللەپ، يەكشەنبىلەردە سۇۋاقچىلىق ،
تامچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپتۇ. بىر قېتىم ئۇ ئىككى كۈندىلا 1800 يۈەن پۇل تاپقانلىقىنى ئېيتىپ
بەرگەن ئىدى. ئەمگەك قىلىپ بىرەر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلىغىنى يوق.
سىزنىڭ تاغدەك دۇنيايىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ ، ئورۇنسىز چىقىم قىلىۋەرسىڭىز، ئاخىرى
نادامەتتە قالىسىز،
***********

مىللىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، بازار ئېڭى كۈچەيگەن دەۋرلەردە مىللىتىمىز قۇدرەت تېپىپ، چوڭ ـ
چوڭ سودىلارنى قىلىدىغان ھەم قىلالايدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۇرگەن. يېقىنقى بىر قانچە يىللار
مابەينىدە بىزدىنمۇ نۇرغۇن مىليونېرلار يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ ھەم خەلقئارالىق سودىلارنى
قىلىۋاتىدۇ. بۇ ياخشى يۈزلىنىش .بىراق، مەسىلە يوقمۇ دېگەندە، يوقمۇ ئەمەس. بەلكى خېلىلا
كۆپ. مەسىلىنىڭ بىرىنچىسى، تەكرار مەبلەغ سېلىش كوپ. ئۇنۇم تۆۋەن.
"ئارمان"،"ئامىنە"،"مىزان" دىن ئىلگىرى 3 شىركەتنىڭ تەييار چۈيپتىن ئىلگىرى بىر خىل
مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشى سۆزىمىزنىڭ دەللى بولالايدۇ. چاينى مىسالغا ئالساقمۇ
"زەرەپشان"،"يادىكار"،"گۈلدىيار"،"ئوغۇز" "قاتارلىق شىركەتلەر بەس ـ بەستە رەڭدار قاپلىق

BABUR

چايلارنى بازارغا سېلىپ خېرىدارلارنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. خاسلىق كەمچىل بولغانلىقتىن بۇ ماركىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ھېچقايىسىسى دىگەندەك ئۇزۇپ چىقالمىدى. ئېچىلمىغان بوز يەرلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئېغىمىز يەنىلا ئاجىز ھالەتتە. يېقىندا قۇمۇلدا بىرەيلەننىڭ ماشقاق(پاچاق) تىن

ئاشقازان قۇۋۋەتلەيدىغان بىر خىل تالقان ئىشلەپچىقىرىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى

ئاڭلىدىم. قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەن بىر يىگىت "ئەلگە" ناملىق شىركەت قۇرۇپ "داۋا كۆكلىرى" نى بازارغا سالدى. بۇ ئىزدىنىشلەرنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر مەسىلە شۇكى، مىللىي كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار تېخى خەنزۇ ئىستېمالچىلاردىن ئىبارەت چوڭ بازارنىڭ ئىشىكىنى رەسمىي چېكىشكە قابىل بولالمايۋاتىدۇ. مەن بىر نەچچە چوڭ شىركەتنىڭ نامىنى خەنزۇلار ياخشى كورىدىغان خەت ياكى چەتئەللىكلەرنىڭ تاۋار ماركىلىرىغا يېقىنلاشتۇرغانلىقىغا تولىمۇ قايىل بولدۇم. مەسىلەن :"ئىزچىلار"،"مىزان" ... قاتارلىقلار. بازار ئىگىلەشتە مەلۇم ئىستېمال توپىنىڭ پىسخىكىسىنى تەكشۈرۈش داڭلىق شىركەتلەرنىڭ مۇھىم بىر يولى بولۇپ كەلگەن. مېنىڭچە، دۇكان ياكى ئاشخانە ئاچقانلار ۋىۋىسكىنىڭ ئۇيغۇرچىسىغا ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىكىسىغا يانداشقان مەنىلىك سوزلەرنى ، خەنزۇچىسىغا خەنزۇ خېرىدارلار ياخشى كۆرىدىغان خەت ياكى نامىلارنى قوللىنىپ باقسا ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ .ئۇيغۇرچىسى بىلەن ئوخشاش قىلىمەن دەپ ئاھاڭ بويىچە بىر مۇنچە مەنىسى يوق خەنزۇچە خەتلەرنى تىزىپ قويۇشنىڭ ھېچقانداق ئۇنۇمى بولمايدۇ .

بازار ھەققىدە گەپ بولغاندا مېنى ئويغا سالىدىغان بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر

ئەركىن سودا قىلىپ كەلگەن ئۈستى ئوچۇق بازارلارنى يېپىق شەكىلگە ئوزگەرتىش. بۇ گەرچە تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولسىمۇ بۇنداق يېپىق شەكىلدىكى بازارلار خېرىدارلارنى جەلب قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق بازارلارغا سېلىنغان سېلىنما كۆپ بولغاچقا خوجايىنلار ئىجارە چىقىمىنى تولدۇرىۋېلىش ئۇچۈن تاۋار باھاسىنى ئۆستۈرىدۇ. نەتىجىدە زىيان تارتىدىغىنى خېرىدارلار بولىدۇ. ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈك بازىرىنىڭ ئىلگىركى ھالىتى بىلەن ھازىرقى ھالىتىنى سېلىشتۇرساقلا بۇنىڭغا جاۋاب چىقىدۇ. "توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ" دەپ تەرىپلەنگەن بۇ بازاردا ھەرقانداق ئىستېمالچىنىڭ ھەرقانداق سۈپەت ھەم باھا ئۆلچىمىدىكى تاۋىرىنى تاپقىلى بولاتتى. بىراق، ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ياسالغان ھازىرقى دۆڭكوۋرۈك بازىرى توۋەن كىرىملىك ئىستېمالچىلار توپىنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندەك تۇرىدۇ .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بازار تىنىمسىز ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۈندىن ـ كۈنگە

گۈللەۋاتقان بازارلىرىمىزنى كۈزىتىپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگەك . دۇكان ئايرىم بولسىمۇ ئاخىرى يەتمەكچى بولغان مۇددىئا بىر. يەنى، ھالال يول ئارقىلىق ئىقتىساد جۇغلاپ كېيىنكى تەرەققىيات ئۇچۈن سەرمايە قىلىشتىن ئىبارەت. ئىزدەنگۈچى سۈپىتىمىز بىلەن ھاياتىي كۈچكە تولغان مىللىي ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەر بىرىمىزنىڭ بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرىش مەجبۇرىيىتىمىز بار .

****************

بۇ يىل ئۆي قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى تولىمۇ ئەتىۋار بولدى. تەرەپ ـ تەرەپكە ئىشچى ئالاقىلىشىپ

يۈرگەنلەرنى كۆپ ئۇچراتتىم. مەنمۇ ھەم شۇنداق ھاجەتمەننىڭ بىرى بولغاچ مىڭ تەستە گەنسۇلۇق قۇرۇلۇش ئىشچىسىدىن 8 نى تېپىپ ئىشنى تاپشۇردۇق. 25 كۈندە ئۆي پۈتتى. ئىش ھەققىگە 10 مىڭ يۈئەندىن ئارتۇق خىراجەت كەتتى. قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى ئىشنى توختام بويىچە سۈپەتلىك قىلدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاۋاقىنە ئاياللىرىنىڭ خېلى ئەركەكلەرمۇ ئاران چىدايدىغان لايچىلىق

ئىشلىرىنى ئەرلەر بىلەن ئوخشاش قىلىشى مىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇقۇشۇمچە، ئۇلار ئاساسەن بىر يۇرتلۇق ئىكەن. بۇنداق قۇرۇلۇش ئەترىتى بولۇپ تەشكىللەنگەنلەر خېلى كۆپ ئىكەن .

بۇ يىل خىش ھەم قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى بىراقلا ئۆسۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن

قۇرۇلۇش تەننەرقى ئېشىپ ، خېلى تەرلىمىسە ئۆي سالغىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. شۇ سەۋەپلىك ئۆي سېلىش نىيىتىگە كەلگەن بىر تونۇشۇمنىڭ كېسەك قۇيۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھازىر كېسەك قۇيىدىغان ئادەم تاپماق قىيىن ئىكەن. ھازىر كېسەكنىڭ باھاسى 0.1 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، كېسەك قۇيۇپ كۈنىگە 50 يۈەن ئەتراپىدا پۇل تاپقىلى بولىدىكەن. بۇ گەپ ئېسىمگە مۇنۇ تەپسىلاتنى كەلتۈردى: بىر نەچچە ئاتۇشلۇق ياش يۇرتىدىكى ھەممىلا كىشىنىڭ سودا قىلىپ بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى پۇشۇپتۇ. ئۆزى بىر ئىش قىلاي دېسە جۇرئەت قىلالماپتۇ. نەتىجىدە بىر كۈنى ئارىدىكى بىرسى كېسەك قۇيۇپ پۇل تېپىش مەسلىھەتىنى بېرىپتۇ. بىرىنچى يىلى ئۇلار كېسەك قۇيۇپ تاپقان پۇلىنى مەبلەغ قىلىپ ئارىدىكى بىرسىنى ئىچكى ئۆلكىگە سودىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ سودىسى روناق تېپىپ، ئىككىنچى يىلى يەنە بىرەيلەننى يېنىغا تارتىپتۇ. قېپقالغانلار داۋاملىق كېسەك قۇيۇپ پۇل تېپىپتۇ. ئاخىرقى ھېساپتا ئۇلار كېسەك قۇيۇپ تاپقان پۇلنى مەبلەغ سېلىپ نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ. بۇ مىسالدىن شۇنى كۆرۈش تەس ئەمەسكى، مەبلىغى يېتىشمەيدىغان ئادەم مەبلەغ كەتمەيدىغان ئىشنى قىلىپ باققىنى ئەۋزەل. ئىچكى ئۆلكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، پۇل تېپىشتا بازىرى شەكىللەنمىگەن ياكى يۇقىرى تېخنىكىلىق ھۈنەر- كەسپلەرگە مەبلەغ سالماسلىق كېرەك .ئۆزىگە تونۇشلۇق كەسپلەردىن باشلاش كېرەك. مەلۇم ماتېرىيالدىن ۋېنجولۇقلارنىڭ پۇل تېپىش يولىنى كۆرۈپ قالدىم . ئىگىلىنىشچە، ھازىر شىنجاڭدا سودا قىلىۋاتقان جېجياڭلىق سودىگەرلەر ئاچقان كارخانىلار ئىچىدە يىللىق تىجارەت سوممىسى 3 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانە مىڭدىن ئاشىدىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ يېنىك سانائىتى ئارقىدا بولۇشتەك شارائىتنى توغرا مولچەر قىلغان بىر ۋېنجولۇق سودىگەر چاقماق يۆتكەپ چاغاندا ئائىلىسىگە 15 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئەۋەتكەن. ۋېنجولۇقلار ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭغا كەلگەندە ئىشنى مەبلەغ كۆپ كەتمەيدىغان كېرەكسىز پولات- تۆمۈر يىغىۋېلىشتىن باشلىغان. كېيىن چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن چېگرا سودىسى قىلىپ ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشكەن. پۇرسەتنى قانداق تۇتۇش پايدا ئېلىشتىكى مۇھىم ئاچقۇچ .

قولىدىن ئېسىل قورىملار چىقىدىغان ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈر ياغاچچىلىق قىلىشى ھاماقەتلىكتىن باشقا ئىش ئەمەس .

دۇنيادىكى نېفىت پادىشاھى دەپ ئاتالغان روكفېللىرنىڭ سودا قابىلىيىتى باللىق چېغىدا

كوچىدىن تېپىۋالغان بىر ئويۇنچۇقنى رېمونت قىلىپ دوستلىرىغا ئىجارىگە بېرىشتىن باشلانغان ئىكەن .

خۇددى ھەممىلا ئادەم ئالتۇن كانىغا قىزىقىۋاتقان پەيتتە بىرەيلەننىڭ ئۇلارنى توشۇيدىغان كېمە

ياسىغىنىدەك، ئۆزگىچە كۆزىتىش نۇقتىسى بولۇش تىجارەتچىلەرنىڭ ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم ئامىل .

شۇ ۋەجىدىن كېسەك قۇيۇشقا ئوخشاش جىسماني كۈچ تەلەپ قىلىدىغان، نۇرغۇن ئادەملەر

قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارنى يېزا- قىشلاقلىرىمىزدىكى ئېشىنچە ئەمگەك كۈچلىرى ئالدىن ئويلىشىپ بېقىشى كېرەك .

يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بېرى كالىندارىمىزدا بىر نەچچە رەقەم ئۆزگىرىشى بولغاندىن

باشقا تۇرمۇشىمىزدا ،قىممەت قاراشلىرىمىزدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغاندەكلا ھېس قىلىمەن گاھىدا.
ئەتراپىمغا،ئەتراپىمىزدا بىز بىلەن ئوخشاش ھاۋادا نەپەسلىنىپ، ئوخشاش سۇنى ئىچىۋاتقانلارغا
باققىنىمدا بۇ قارىشىم تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ.كۆڭلۈم غەش ھالدا شەخسىي ماشىنىسىنى گۈرۈلدىتىپ
ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئالىلىكىملەرنى غايىۋانە قارغاپ ۋېلىسىپىتىمنىڭ پىدالىنى كۈچەپ تېپىپ يولۇمغا
يۈرۈپ كېتىمەن.تونۇش بىلىشلەر جەم بولغان سورۇندا كۆپىنچە پارىڭىمىز ئىقتىسادنى چۆرگىلەپ
قالىدۇ.چۈنكى،ئازغىنە مائاش بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولغان تۈگىمەس
ئارمان،ئادەمگەرچىلىكلەر،ئۇزۇن يىللىق قەرز تۆلەش ھېسابىغا كۆچۈپ كىرگەن ياسىداق ئۆيلەر
بىزنى تەبئىيلا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلاندۇرىدۇ.مۇشۇ خىلدىكى غەمنى يۈكلىۋالغانلارنىڭ
كۆپىنچىسى ئۆزىنى زىيالىي ساناپ يۈرگەن،ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرسلىرىنى پۈتتۈرگەن
ياشلار.ئۇلار ئۆگەنگەن نەزەرىيۋى بىلىمنى بۇگۈنكى جەمئىيەتتە ئۆزلىرىگە نەپ ئېلىپ
كېلەلەيدىغان قۇرالغا ئايلاندۇرالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىدۇ.ھەسرەتلىنىدۇ.ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سودا
قىلىپ ئاز ـ تولا «تىل تېتىقى» غا ئېرىشكەن بولسىمۇ،بىراق ئەمەلىي ئۇنۇمنى ئېتىراپ قىلىدىغان
جەمئىيىتىمىزدە ئۇلار يەنىلا مائاشقا قاراشلىق «سېرىقتال» زىيالىيلاردىن بولۇپ قالماقتا.يېقىندا ،
مەلۇم دېرىزە پەردىسى دۇكىنىغا بۇيرۇتقان پەردىنى ئورنىتىش ئۈچۈن كەلگەن توختاملىق خەنزۇ
ئىشچى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم.ئۇنىڭ دېيىشىچە،ئۇ پەردە دۇكىنىنىڭ خوجايىنى بىلەن خوجايىن
پەردىنى تىككىشكە، ئۇزى بولسا ئورنىتىشقا مەسئۇل بولۇش ھەققىدە توختاملاشقان ئىكەن.بىر
پەردىنى ئورناتسا 10يۈەن ھەق ئالىدىكەن.تويى ـ تۆكۈن كۆپ ئايلاردا 200 يۈەن ئەتراپىدا ساپ
كىرىم قىلالايدىكەن.ئايلىق كىرىمىمۇ 2000 يۈەندىن چۈشمەيدىكەن.ئۇنىڭ سوغۇقتىن كۆكۈرۈپ
كەتكەن ھارغىن چىرايى بۇ ئەمگەكنىڭ خېلىلا كۈچ تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى دەلىللەپ تۇراتتى.ئۇ
مېنىڭ ھەيرانلىقتىن ئېچىلىپ قالغان ئاغزىمغا قاراپ:«بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز قارا كۈچكە تايىنىدىغان
ئىش،تىنىمسىز ماگىمىساق بولمايدۇ.يەنىلا سىلەرنىڭ مۇقىم خىزمىتىڭلار ياخشى ،» دەپ ماڭا
تەسەللىي بەرگەنمۇ بولدى.ئۇنىڭدىن قانچىلىك پۇل جۇغلىغانلىقىنى سورىغان ئىدىم.«150 مىڭ
يۈەن ئەتراپىدا ئامانەت قويدۇم.ئەمەلىيەتتە مېنىڭ پۇلۇم كۆپ ھېسابلانمايدۇ.300 مىڭ يۈەن
ئەتراپىدا مەبلىغى بار تىجارەتچىلەر ھازىر خېلىلا كۆپ.» دېدى ئۇ.كۆڭلۈم تېخىمۇ غەش
بولدى.تولۇقسىزنىلا پۈتتۈرگەن،ساۋادلىق بۇ خەنزۇ ئەر ھاياتىنىڭ قىرانلىق چېغىدا كۈچىدىن
پايدىلىنىپ خېلى كۆپ پۇل جۇغلاپتۇ.بىزچۇ؟ رىقابەتلىك دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىدە «ئىچىمدە
ئۇسسۇل تولا .ئويناي دىسەم پۇت ـ قولۇم قولاشمايدۇ.ـ قۇمۇل خەلق ماقالى» دېگەندەك كىتابىي
بىلىمنى ئىچىمىزگە سولىۋېلىپ ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇپ تۇرۇۋېتىمىز.بىلىم دېگەن نىمە؟ بىز ئەينى
چاغدا ئالىي مەكتەپلەرگە«ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇپ،مىللەتنى گۈللەندۈرۈپ....»دېگەندەك چىرايلىق
ۋەدىلەرنى بېرىپ كىرگەن ئىدۇققۇ؟ قېنى شۇ بىلىم ئەجىبا ئۆزىمىزنىمۇ گۈللەندۈرۈشكە ئەسقاتمىسا
ـ ھە؟! تەنتەنىلىك ۋەدە بىلەن ھەشقىپىچەكتەك چىرمىغان مۇھتاجلىق سارغايتقان بىچارە تەن...بىر
قىسىملىرىمىز ھەقىقەتەن سودا يولىغا كىرىپ ئۇتۇق قازاندۇق.لېكىن ۋەزىيەتنى خاتا
مۆلچەرلەش،ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىش قىلىش،قويىمچىلارغا ساددىلارچە قويۇلۇش تۈپەيلى قول
ئىلكىمىزدە بار پۇللارنىڭ كۆپ قىسمىنى توزۇتىۋەتتۇق.خالاس.ئۆزۈمنى ئېيتسام، ھۆكۈمەت
ئورگىنىدا ئىشلەيدىغان مائاشقا قاراشلىق كادىرمەن.مەندە مائاشىمدىن سىرت ئانچە ـ مۇنچە پۇل
تېپىپ تۇرمۇشۇمنى ياخشىلاش ئويى پەيدا بولغان ھەم بۇ خىل ئىستەك كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ
،بىراق ھازىرغىچە پۇلمۇ تاپالمىدىم ھەم بۇنچىلىك غەيرەتكىمۇ كېلەلمىدىم.تاسادىپىي بىر كۈنلەردە
ئىشسىز قالسام نىمە قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى تەساۋۋۇر قىلالمايمەن.بەلكىم ئۇ چاغدا
ھېلىقى خەنزۇ ئەردەك دېرىزە پەردىسى ئورنىتىپ پۇل تېپىشنى ئويلارمەن.بىراق مەن مۇشۇ يۇمران
بارماقلىرىم بىلەن بۇ ئېغىر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقارمەن؟ ئۇ چاغدا جاھان تەرەققىي
قىلىپ پەردە ئورنىتىش ماشىنا ئادەملەرگە قالسا قانداق قىلارمەن؟!خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ
كەتتى.بىراق،ھېلىقى خەنزۇ ئەرنىڭ كونىراپ ئەبجەقى چىققان ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ دېرىزە پەردىسى

ئورنىتىشقا كېتىۋاتقان ھالىتى،يانچۇقىغا 10 يۈەن 10 يۈەندىن چۈشۈۋاتقان پۇللار،كىرلەشكەن كىيىمى بىلەن قەتئىيلىك بىلەن چاقناۋاتقان كۆزلىرى،«150 مىڭ يۈئەن تېخى ئاز ھېسابلىنىدۇ.» دېگەن چاغدىكى قىياپىتى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ .

.******

ئەجدادلىرىمىزئەينى چاغدا بىر بىرى بىلەن بولغان ئالاقە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىر

يۇرت بىلەن يەنە بىر يۇرت ئارىلىقىغا تۇرالارنى ياساپ>ئاڭلىشىمچە،بۆرە تېزىكىگە ئوت يېقىلسا شامال كۆچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ ئىس تىك ئۆرلەيدىكەن<بىرى ـ بىرى بىلەن ئۇچۇر ئالماشتۇرغان ياكى مەخسۇس يۈگۈرۈك كىشىلەرنى خەۋەرچىلىك>شاتۇر<كە قويۇپ جاھان يېڭىلىقلىرىغا ئورتاقلاشقان.بۈنى دەۋرىمىزدىكى بىر كونۇپكا بىلەن دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگىمۇ ئۇچۇر يوللىغىلى بولىدىغان تور تېخنىكىسى، رەقەملىك تېلۋىزور،سۇنئىي ھەمراھ تېلېفونى قاتارلىقلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك ئىنسانىيەتنىڭ بۇ يېڭى ئەسىردىكى شانلىق مۇۋاپىقىيەتلىرىگە تەھسىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز .

گاھىدا بىر توغرا ئۇچۇر بىلەن روناق تاپىدىغان بىر خاتا ئۇچۇر بىلەن موللاق ئاتىدىغان

كەسكىن شاللاش خاراكتېرىگە ئىگە ئۇچۇر دەۋرى تۈنۈگۈنكى كەچلىك زىياپەت ياكى قاتار چاينىڭ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ چۈش پىشىنگە يېقىن كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا ئەلەڭگىرەپ قاراۋاتقان ياكى شاھ رۇستەمى داستانىنى تېخىچە ئاڭلاپ بولالمىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ھەقىقەتەن بەكلا تۇيۇقسىز بولدى. چۆچىدۇق، ئەجدادلاردىن مىراس قالغان تەۋەرۈك سودا ئېڭى بىلەن ھارغىن ئېشىكىمىزگە مىنگەن ھالدا سانتانا ماركىلىق پىكاپنىڭ كەينىدىن تويا توزۇتۇپ يۈرۈپ كەتتۇق .

ئۇنداقتا ، بىزدىكى ئىقتىساد ، ئۇچۇر ئېڭى زادى قانچىلىك ھالەتتە؟ ماۋۇ پاكىتلارغا قۇلاق

سېلىڭ، قەشقەرنىڭ ئانارى ئىلگىرى ھەر كىلوگرامى 5يۈەندىن سېتىلغان بازارلىق مەھسۇلات ئىدى.مەلۇم يىلى ئۇرۇمچىدە تۇيۇقسىزلا كىلوگرامى 4 يۈەنلىك ئانار تۆكمە قىلىپ سېتىلىپ 5 يۈەنلىك قەشقەر ئانارى سىقىپ چىقىرىلغان.ئەسلىدە ئىچكى ئۆلكىدىكى سودىگەرلەر ئىچكىرىدىكى مەلۇم ناھىيىدە ھەر كىلوگرامى 1.6 يۈەنلىك ئانار بارلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى ئىگىلەپ دەرھال تۇتۇش قىلىپ ئانارنى تۆكمە قىلىۋەتكەن ئىكەن .

ئىچكى ئۆلكىدىن شىنجاڭنىڭ مەلۇم شەھىرىگە ساياھەتكە كەلگەن بىر خەنزۇ سودىگەر

ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىكى غوللۇق كەسىپلەرنىڭ بىرى بولغان دوپپىچىلىقنى ئۇزۇن مۇددەت كۆزىتىپ بارلىق گۈل نۇسخىلىرىنى توپلىغاندىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىدە ئىلغار ماشىنا ئۇسكۈنىلەر ئارقىلىق دوپپىنى زامانىۋي ئۇسۇلدا تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلغان.بۇنىڭ تەننەرقى زور دەرىجىدە تۆۋەن بولغاچقا تۆۋەن باھا جېڭى ئارقىلىق قولدا ئىشلىنىدىغان دوپپا بازىرىغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن .

يېقىندا بىر خۇيزۇنىڭ ئەنئەنىۋي داڭلىق يېمەكلىكىمىز كاۋاپقا< ئالمىخان >تاۋار ماركىسىنى

ئەنگە ئالدۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەسرەتلەندىم.قاراپ تۇرۇپ بىر مەھسۇلات باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا تىللا تۆكىدىغان دەرەخكە ئايلىنىپ قالدى.ئەتىچۇ؟ مۇگدەك بېسىپ ئولتۇرىۋەرسەك ،پولۇ شاڭخەينىڭ، لەغمەن خاڭجۇنىڭ، سامسا يۈننەننىڭ مەھسۇلاتلىرىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ ،دېيەلەمدۇق؟ !

بىز ھەدىسىلا بىزدە ئۇنداق ئېسىل مېۋىلەر بار،مۇنداق ئېسىل قول ھۈنەر بۇيۇملىرى بار دەپ دىمىقىمىزنى ئۇستۇن تۇتىمىز .ئەلۋەتتە ،پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەردىن پەخىرلىنىش ئەقەللىي ساۋات. ۋاھالەنكى، كەسكىن رىقابەت بىزنى قاراپ تۇرۇپلا نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم

BABUR

قويغىنىدا پىشانىمىزنىڭ تەتۈرلىكى بىلەن تەسەللىي تاپىمىز.يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ئىلغار مىللەتلەرنى ئۇلاردا يوق نەرسىلەرگە ئېرىشتۈرگەن بولسا ،ئارقىدا قالغان مىللەتلەردىن ئۇلاردا بار بولغان نەرسىلەرنىمۇ تارتىۋالالايدۇ.زامان ئاجىزلارغا باققان ئەمەس.ماسلاشقانلار ياشايدۇ .

بىر قانچە يىللاردىن بۇيان< دېڭىزغا چۈشكەن >لەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. لېكىن، بۇ ساھەدە ئۇتقانلاردىن ئۇتتۇلغانلار كۆپ بولدى .

ھازىر كىشىلەرنىڭ ئىستېمال ئادىتى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكى ئۆزگىرىشنى بەش يىل بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىلگىرى كىشىلەر ئاشخانىدا تاماق يېسە مىقدارى، باھاسى بىلەن ھېسابلىشاتتى. ھازىر گالغا تېتىغۇدەك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدى .كىيىم ـ كېچەكلەرنىمۇ باھانى ئەمەس، زامانغا لايىق ـ ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولدى. ئىلگىرى ئائىلىلەردە ئۆستۈرۈلۈپ كەلگەن گۈللەرنىڭ بازاردا سېتىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ھازىر مەخسۇس گۈل بازارلىرى شەكىللىنىۋاتىدۇ .كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولىۋاتىدۇ .تىجارەتچى زامانغا باقمايدىكەن ۋەيران بولۇش قىسمىتىدىن قۇتۇلمىقى بەسى مۈشكۈل .

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تىجارەت تۈرلىرى كۆپ خىللىشىپلا قالماي مۇلازىمەت تۈرلىرىمۇ كۆپ خىللىششقايۈزلەندى. مەلۇمكى ساتىراچلىق ئىنسانلار مەدەنىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن‌تارتىپلا بىر تۈرلۈك مۇھىم كەسپ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە .گەرچە ئەسۋاب ئۈسكۈنىلەر ۋە چاچ پاسونىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ چېچىنىياستىش ئارقىلىق پاكىزلىق ۋە گۈزەللىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت مەقسىدىدە ئۆزگىرىش‌بولغىنى يوق .

ئىلگىرى ئۇيغۇر ساتىراچلار تولىمۇ ئاز ئىدى. يېقىنقى يىللار مابەينىدە ھۆسن تۈزەش ۋە چاچ ياساش كەسپى ئۇچقاندەك تەرەققىيقىلدى. بۇ سەپكە ھەتتا يىگىتلىرىمىزمۇ قوشۇلدى. چاچ ياستىش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇساتىراچخانىلارغا قەدەم قويغىنىمدا بەزىلىرىنىڭ مۇلازىمىتىدىن سۆيۈنسەم بەزىلىرىدىن‌ئۆكۈندۈم. بەزىدە ئالدىنقى خېرىدارنىڭ چېچىنى سۈپۈرۈۋەتمەيلا سىزنىڭ چېچىڭىزنىياساشقا تۇتۇش قىلسا، بەزىدە باشقىلارنىڭ ساقال ـ بۇرۇتىنى قىرغان تىغدا سىزنىڭچېچىڭىزنى ياساشقا تەمشىلىدۇ .

يېقىندا يېڭىلا تىجارەت باشلىغان بىر ساتىراچخانىغا كىردىم. دۇكان ئىچىئاددى ياسالغان بولۇشىغا قارىماي پاكىزە ئىدى. ساتىراچ يىگىت خېرىدارنىڭ چېچىنىپۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ياسايتتى. ھەركىتى چەبدەس ھەم سىلىق ئىدى. ئۇ خېرىدارنىڭچېچىنى ياساپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قوللىرى ، دۈمە بىلىرىنى تەپسىلىي ئۇۋۇلاپ ئاندىن يولغا سالدى. مەن< قارىغاندا بۇ خېرىدار ئۇۋۇلاش مۇلازىمىتىگە ھەق تۆلىگەن ئوخشايدۇ >.دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ پەقەت چاچ ياساش ھەققىنىلا ئالدى. ماڭا كەلگەندىمۇ شۇنداق بولدى. خىزمەتتىن چارچىغان تەنلىرىم ئۇبدانلا ئارام تېپىپ قالدى. ئىشىنىمەنكى، بۇ دۇكانغا كەلگەن خېرىدار چوقۇم قايتا كېلىدۇ. ئۇنىڭ خېرىدارنىڭ پىسخىكىسىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىشتىكى ئاقىللىقى مېنى سۆيۈندۈردى. بىر خېرىدارنىڭ ئۇچىسىنى ئۇۋۇلاپ قويۇشقا كۆپ بولسا 3 مىنۇت ۋاقىت كېتەر .

دەرۋەقە، خېرىدار دۇكانداردىن چوڭ ئىش قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. كىچىككىنە بىر مۇلازىمەت دۇكاننىڭ نامىنى چىقىرىشى مۇمكىن. بىر قېتىممەلۇم تاللا بازىرىنىڭ ئالدىغا ناسۇس قويۇلغانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدىمۇ شۇنداق ھېسسىياتقا كەلگەن ئىدىم. مۇلازىمەتكە مەبلەغ كەتمەيدۇ. پەقەتلا ئازراق ئەقىل ۋە سەزگۈرلۈك كېتىدۇ .

BABUR

بىر دۇكاندارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ دۇكان ئاچقان تۇنجى يىلىنى زىيان تارتىش يىلى دەپ بېكىتىپ، خېرىدارغا نەپ يەتكۈزۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپتۇ. مەھسۇلاتلىرىنى زاۋۇت باھاسىدا دېگۈدەك سېتىپ چىقىرىپتۇ. بىر يىل ئۆتۈپ ئەمدىلىكتە دۇكىنىدىن خېرىدار ئۈزۈلمەيدىغان، ھەتتا دۇكاندا ر ئۆزى يېتىشەلمەيدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ .

ناۋادا سىزمۇ دۇكاندار بولسىڭىز، دۇكىنىڭىزغا بىر نەچچە ئورۇندۇق ، بىرچايدان بىلەن بىرنەچچە ئىستاكان قويۇپ قويۇڭ. چارچىغان خېرىدار شۇ بىر ئىستاكان چېيىڭىزنىڭ خاسىيىتى بىلەن سىزنىڭ دائىملىق خېرىدارىڭىزغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن .
مەلۇم بىر شىركەتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بېسىلىپ قاپتۇ. خوجايىنىنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغاندا بىر خادىم ئۇنىڭغا كىيىم- كېچەكلەرنى چەت، يىراق يېزىغا ئاپىرىپ سېتىش ئەقلىنى كۆرسىتىپتۇ. نەتىجىدە شەھەردە مودىدىن قالغان بۇ كىيىملەر ناھايىتى تېزلا سېتىلىپ بوپتۇ .
يەنە بىرەيلەن كەمتۈك ماللار دۇكىنى قۇرغان. بۇ دۇكاندا ئالتە بارماقلىق قولقاپ، بىر يېڭى يوق چاپان دېگەندەك ماللار بار ئىكەن. ئۇزۇن يىللارغىچە رىقابەتچى بولمىغانلىقتىن بۇ دۇكاننىڭ تىجارىتى ئوبدان يۈرۈشۈپتۇ .

يەنە بىر داڭلىق ئويۇنچۇق شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى باشقىلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمىسىمۇ بىراق بەكمۇ ئالقىشقا ئېرىشكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ شىركەت مەھسۇلاتلىرىنى بىر مەزگىل ئىشلەپچىقارغاندىن كېيىن ھەرقانچە بازار تېپىپ كەتسىمۇ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ساقلاش قىممىتىگە ئىگە مەھسۇلاتقا ئايلىنىدىكەن .
نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا بازارلىرىمىزدا سېتىلىۋاتقان ماللارنىڭ تۈرى ۋە سۈپىتىدە بەلگىلىك ئۆسۈش بولغان بولسىمۇ تىجارەتتىكى بىر خىللىق ، دورامچىلىق ئىللىتى چوڭ بىر ئۆسمە سۈپىتىدە

مىللىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا چۈشەك بولۇپ تۇرماقتا .بىرەيلەن جايان ساتسا ھەممىسى شۇ كەسپكە ئېسىلىۋالىدىغان، بىرەرسى شىم سېتىشنى ئويلىشىپ باقمايدىغان يارىماس ئادەتنىڭ تەسىرىدىن بازارلىرىمىز سۈس ھالەتتىن قۇتۇلالمىدى. ئوخشاش تۈردىكى گىرىم بۇيۇملىرى، ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى ھەممىلا جاينى قاپلاپ كەتتى. ماركىلارنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ .
بازار ھەر بىر تىجارەتچىدىن سەگەكلىك بىلەن يېڭىلىق يارىتىش روھىنى تەلەپ قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەر بىر تىجارەتچى چوقۇم ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈشى، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى كۆپرەك ئۆرنەك قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. شۇندىلا تىجارەتتىكى بىر خىل قېلىپ ۋە دورامچىلىقتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ .

*********

يېقىندا، شەھەر بىلەن يېزا تۇتاشقان يول بويىدا ساتىراچخانە ، ماروژنى تىجارىتى قىلىدىغان بىر يىگىتنىڭ دۇكىنىنى پېچىنە- پىرەنىكخانىغا ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆردۈم . بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان چېغىمدا ئۇ تىجارەتنى ئۆزگەرتىپ بېقىش ئويىدا بولىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇزۇندىن بۇيان قىلىپ كەلگەن تىجارەتتىن ۋاز كەچمەك ئاسان ئەمەس، بىراق، كەسكىن تاللاش بولمىغاندا كېيىنكى ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ .

www.uyghurkitap.com



كەسپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى بىلەن دېھقانلىرىمىزمۇ بازارلىق مەھسۇلاتلارنى تېرىشقا يۈزلەنگەندەك، ئۇچۇر، تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، كىشلەرنىڭ ئېڭىدىكى ئىقتىساد ئېڭىمۇ زامانغا ماس ھالدا ئۆزگەرمەكتە. بەزى كىشلەر ئىككى خىل تىجارەتنى تەڭ تۇتۇپ ياخشى ئۈنۈم ياراتماقتا. ئاددىي مىسال، ئىلگىرى موزدوزلار پەقەت تىكىش ماشىنىسىغىلا قاراپ ئولتۇراتتى. ھازىر بەزى سەزگۈر موزدوزلار قوشۇمچە قىلىپ ئاچقۇچ ياساش ماشىنىسىدىن بىرنى ئورۇنلاشتۇردى. بەزىلىرى پىچاق بىلەشنى قوشۇمچە قىلدى. مانا بۇلار ئاڭدىكى ئۆزگىرىش. بەزى تىجارەتلەر پەسىل خاراكتېرىگە ئىگە. قىش پەسلىدە قىلغىلى بولمايدۇ .بىراق قىشتا ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈش ئەخمىقانىلىق. بۇنى تونۇپ يەتكەن ئايرىم كىشلەر قىشتا خۇرۇم چاپان مايلاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن كىرىم قىلماقتا .

> ئىلگىرلەشكە يول قالمىغاندا چېكىنىش كېرەك >دېگەن سۆز تولىمۇ ئورۇنلۇق .ئەڭ مۇھىمى، ئۈنۈمنى كۆزلەش كېرەك. بىر كەسپ بىلەن ئۆمۈر بويى شوغۇللانغان تەقدىرىدىمۇ زاماننىڭ ئۇ كەسپكە ھاجىتى قالمىغانلىقىنى سەزگىنىڭىزدە ئىككىلەنمەي ۋاز كېچىڭ. تۆمۈرچىلىك بۇنىڭ مىسالى. قول ھۈنەر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى تۈۋەن تەننەرق، تۆۋەن باھادا تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقرىلدى. بۇ تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىمىزنى ئېغىر خىرىسقا ئۇچراتتى. بەزىلىرى ۋاز كەچتى. بەزىلىرى بازارنى كۆزىتىپ، ھۈنەرنى زامانغا لايىقلاشتۇردى. مەن تونۇيدىغان بىر تۆمۈرچى ھازىر ئاساسلىق دەرۋازا، رىشاتكا قاتارلىق كىشىلەر ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ياساپ ئوبدان كىرىم قىلىۋاتىدۇ. يەنە بەزى كىشلەر تېخىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان كەسپلەرگە يۈرۈش قىلماقتا. بىر جۈپ ياش ئەر- ئايال مەلۇم سودا سارىيىدا مەخسۇس يانفۇنغا ناخشا- مۇزىكا قاچىلاش تىجارىتى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تىجارىتىمۇ ياخشى. كومپيۇتېردىن ئەسلا خەۋىرى بولمىغان بەزى ئۇيغۇر ياشلىرى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ،كومپيۇتېردىن پايدىلانماقتا. بۇ ئەھۋاللار كىشلەرنى سۆيۈندۈرىدۇ.تىجارەتنى دادىللىق بىلەن ئۆزگەرتىش كىشىدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى سەزگۈرلۈك ۋە يىراقنى كۆرەلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. تاللىشىڭىز توغرا بولمىغاندا بەزىدە كۆزلىگەن ئۈنۈم قولغا كەلمەيلا قالماستىن ئىلگىركى دەسمايىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگىمۇ دۇچ كېلىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى، مەبلىغى، شارائىتىنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرۈشنى بىلىشى، ئىلگىرلەشنىمۇ، چېكىنىشنىمۇ بىلىشى كېرەك .

ئىلگىرى مەلۇم يېزىدا دۇكان ئېچىپ، نېسىچىلارنىڭ دەردىدە ئوقىتىنى روناق تاپقۇزالماي، شەھەرگە كىرىپ ئۆزىنى سىناپ باققان بىر يىگىتنى تونۇيتتىم. تېنى ئاجىز، لېكىن ئىرادىلىك بۇ يىگىتنىڭ بەزى كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، شەھەرگە پۇل تېپىش ئۈچۈن كىرگەن يېزا يىگىتلىرىنىڭ ھالىتى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. بۇ يىگىتنىڭ دېيىشىچە، ئۇ دەسلەپ شەھەرگە كىرگەندە توپ تارقىتىش بازىرىدىن مېۋە- چېۋە ئەپكېلىپ سېتىپتۇ. بۇلتۇر قوغۇن- تاۋۇز باھاسى بەكلا تۆۋەن بولغاچقا كۆڭۈلدىكىدەك پايدىغا ئېرىشەلمەي، بۇنىڭدىنمۇ كۆڭلى سوۋۇپتۇ. كېيىن مەلۇم مىقداردا مەبلەغ سېلىپ كىچىك تىپتىكى سوۋغات بۇيۇملىرى دۇكىنى ئېچىپتۇ. بىراق، مال كىرگۈزۈش تەننەرقى يۇقىرى بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، يەنىلا دېگەندەك پايدا ئالالماپتۇ. ئۇ كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ، مۇستەقىل ئىش تەۋرەتكەندىن مەلۇم مەزگىل باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەپ، بەلگىلىك ئاساس ھازىرلاپ ئاندىن سودا قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ سوۋغات بۇيۇملىرىنى كىرگۈزگەن باھادىن تۆۋەن دېگۈدەك سېتىپ قولدىن چىقىرىپ، ھازىر سىنتەخسە ئىجارىگە بېرىدىغان بىر دۇكاندارغا ئايلىقى 300 يۈئەنلىك ھەق بىلەن يالىنىپ ئىشلەۋېتىپتۇ .يېقىندا، مەن ئۇنىڭ بۇ ماگىزىندىكى كومپيۇتېردا بىمالال مەشغۇلات قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەۋەس قىلدىم. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن چېكىنىشتەك سەزگۈرلۈكىگە قايىل بولدۇم. ئۇنىڭدىكى ئەڭ قايىل قىلارلىق

BABUR

تەرەپ، باشقا يىگىتلەردەك ئىشى ئازراقلا ئەپلەشمىسە يۇرتىغا "قۇيرۇقىنى خادا" قىلماي، سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىش بولسا كېرەك. مەن ئۇ يىگىتنىڭ مۇشۇ خىل روھى بىلەن شەھەردە چوقۇم بىر ئىش تەۋرىتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن .

شەھەر تىنچسىز دۇنيا. شەھەردە ياشاشنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، سىز خىلمۇ ـ خىل خىرىسلارنى

ھېس قىلىپ ياشايسىز. سەگەكلىشىسىز. سەھرادىكى جىمجىت تۇرمۇش قويىندا بىسلىپ قالغان نېرىپلىرىڭىز قايتىدىن ئېچىلىپ يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشقا پۇرسەت تۇغۇلىدۇ. شۇڭا قەدىمكىلەر "شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قورق" دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان. قەتئىيلىك، بەل قويۇۋەتمەسلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ كوزۇرى .

مەن بىر مېيىپ يىگىتنى تونۇيمەن. ئۇ 2 ـ دەرىجىلىك مېيىپ بولسىمۇ قەتئىيلىك، ئىزچىل

تىرىشش روھى بىلەن ھازىر بەلگىلىك ئىگىلىككە خوجايىن بولۇپ ئائىلىسىنى گۈلدەك بېقىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلىنى رەت قىلىپ "بۇ پۇلنى مېنىڭدىنمۇ بەك ياردەمگە مۇھتاج كىشىلەر ئالسۇن" دېگەن. مانا بۇ قەدىر ـ قىممەت . .

ئىقتىسادىي ئامىل ھەممىنى بەلگىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پۇل ھەققىدە ئويلانمايدىغان، ئۇنى

قولغا كىرگۈزۈشنىڭ كويىغا كىرمىگەن ئادەمنى تېپىش ھەقىقەتەن مۇشكۇل. شائىردىن باققالغىچە، تۆمۈرچىدىن زاسۇيپەزگىچە. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قايسى بىر يېزىسىدىن ناھىيە بازىرىغا بىر باغلام ئوتۇننى سېتىشقا بېرىپ تاپقان بىر يۈەن پۇلىنىڭ 5 موسىغا گىردە ئېلىپ ئاش سۈيىگە چىلاپ يەۋاتقان ياكى مىڭ بىر جاپادا تېرىپ ئۆخشاتقان قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىنى ئېشەك هارۋىسىغا بېسىپ ئەرزىنىغا سېتىۋاتقان قۇمۇللۇق دېھقانغىچە ... قىسقىسى، ھەممىلا ئادەم< قانداق قىلغاندا پۇل تېپىپ تېخىمۇ ياخشىراق ياشىغىلى بولىدۇ >دېگەن مەسىلىدىن ئەگىپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 2 ـ ،3 ـ كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن دېھقان ـ چارۋىچىلارمۇ

تۈرلۈك تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىمنى ئاشۇردى. قاداق باسقان قوللار پۇل كۆردى. قورۇق باسقان، مىستەك قىزارغان چىرايلاردا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى .بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. چۈنكى دېھقانىنىڭ باي بولغىنى ئاخىرقى ھېسابتا دۆلەتنىڭ باي بولغىنى ئەمەسمۇ! لېكىن، مۇشۇ خۇشلۇقتا ئەگىشىپ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان رىئال مەسىلىلەرمۇ باش كۆرۈشكە باشلىۋىدى، ھېلىقى خۇشلۇق يەنە غەشلىككە ئالماشتى. قانائەتلىنىپ قېلىش ياكى قۇرۇق ھەشەمەتخورلۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ تاپقان دەسمايىنى چېچىۋېتىش، ئەمگەك خۇشياقماسلىق، پىلانسىز ئىستېمال... دېھقانلىرىمىزنىڭ مىڭ مۇشەققەتتە تاپقان پۇللىرىنى تېگى يوق كامارلارغا ئېقىتىۋەتمەكتە. بەزىلەر بۇ يىل تاپقان پۇل بىلەن كېلەر يىلغىچە تاماشا قىلىپ

ئاخىرى> بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم، بوز ئېشەككە مىندۇرەلمىدىم <دېگەندەك يەنە ئەسكى سوقمىغا يۆلىنىپ قالماقتا. ئاچچىق موخوركا... قاچقان ئامەت ...

ئۆزۈمدىن ئېلىپ ئېيتسام، ئىقتىساد ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەسمەن ھەم بۇ

توغرىلىق ۋەزخاھلىق قىلىشقىمۇ ئاجىزمەن. بىراق، مەن كۆرگەن ۋە ئاڭلاۋاتقان بەزى ئەھۋاللارنى سېلىشتۇرۇپ باققۇم كېلىدۇ. يېقىندىلا تېلېۋىزوردىن بىر دېھقانىنىڭ پۇل تېپىش يولىنى كۆرۈپ ئويغا چۆكتۈم. بېيجىڭ شەھرى ئەتراپىدىكى مەلۇم جايدا بىر دېھقانىنىڭ مۇزارلىقى بولۇپ، ھەرخىل يېڭى

سورتلۇق مېۋىلەر مول ئىكەن. بۇ دېھقان مېۋە ـ چېۋىلەرنى بازارغا ئاپىرىپ ساتمايدىكەن. بەلكى ئۆزگىچە سېتىش شەكلىنى قوللىنىدىكەن. خېرىدار خۇددى تاللا بازىرىغا كىرگەندەك مەخسۇس چىغدىن توقۇلغان سېۋەتتىن بىرنى ئېلىپ ئۆزىگە لازىملىق مېۋىنى لىق تولدۇرۇپ ئۈزۈپ چىقىدىكەن. بىر سېۋەت مىۋە سېۋەت بىلەن قوشۇلۇپ 150 يۈەندىن سېتىلىدىكەن. گەرچە مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ باھاسى بازار نەرقىدىن يۇقىرى بولسىمۇ خېرىدارلار ناھايىتى رازى ئىكەن. بۇ دېھقان مېۋىلىك دەرەخلەرنى يەنە تۈرلەر بويىچە ئايرىپ تىككەن بولغاچقا پەسىلگە قاراپ مېۋە مەنزىرىسىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىكەن. ئۆزلىرى ئازادە ھالدا شېخىدىن ئۈزگەن مېۋىلەر خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن .

دەرۋەقە، بۈنىڭغا سېلىشتۇرما ھالدا بىر يىل جاپا چېكىپ پەرۋىش قىلغان قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىنى

ئېشەكلىرىگە زۇلۇم قىلىپ بازارغا ئېلىپ كىرىپ ئەرزىنىغا سېتىۋەتكەن دېھقانغا قاراپ باقساق، ئەرزان ئەمگەك كۈچى ھەم ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. خەنزۇ دېھقان بىرى بازارنى چەنلىيەلىدى، يەنە بىرى ئەمگىكىگە لايىق ھەسسىلەپ قايتۇرۇۋالالىدى. بۇنى مېنىڭچە> نىشانلىق ئوق ئېتىش<دېگەن تۈزۈكتەك قىلىدۇ. بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزمۇ ئوخشاشلا ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ. بىراق ھەممەيلەن بىر ئېقىندا ئېقىش، خۇشنىسى تاۋۇز تېرىسا تاۋۇز تېرىش، يېسىۋىلەك تېرىسا يېسىۋىلەك تېرىش دېگەندەك قاراقويۇق ئىش كۆرۈشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي تاپقىنىمىز سالغان مەبلەغقە كېتىپ ئورۇنسىز ئىسراپچىلىق بولىۋاتىدۇ. ھازىر قۇرۇلمىنى تەڭشەش توغرىلىق گەپ بولىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا دېھقانلىرىمىزمۇ بازار يۈزلىنىشىگە دىققەت قىلىپ ،> پاختا پۇل بولۇپ قالارمۇ <دېگەندەك تەلەي سىنايدىغان ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، بازارنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىغا ئەگىشىپ ساۋاتسىزلىقنىڭ ئۆلچىمى ئۆزگەرگەندەك، دېھقان بولۇش ئۈچۈنمۇ مەلۇم ساپانى ھازىرلىماي بولمايدۇ .

مەلۇم يېزا تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار ھالال تەرى بىلەن ئىلگىرى يامان ئەمەس ھاللانغان

بولسىمۇ، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان قانائەتچانلىق، تېخنىكىغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلماسلىق،ھازىر يىلدىن يىلغا قايتانامراتلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، ھورۇنلۇق ئىللەتلىرى باش كۆتۈرگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ يېزىنىڭ مەركىزىدەكۈندە ئەتىگىنى 1 كلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سەپ تۈزۈپ ئىشلەمچىلەر تۇرۇشۇپ كېتىدىكەن>.ئەلۋەتتەخەنزۇ.<بۇ ئەمگەك كۈچى بازىرى يېقىنقى يىللاردا شەكىللەنگەن بولۇپ،ھاجەتمەنلەر ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ ئېلىپ كېتىدىكەن .

ئىش قايىنغان چاغلاردا ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈكى 50 يۈئەندىن ئېشىپ كېتىدىكەن.نورمال

چاغلاردىمۇ 35 يۈئەندىن كەم بولمايدىكەن.بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار بۇ ئىشلەمچىلەرگە شۇنچىلىك ئۆگىنىپ كېتىپتۇكى،ھەتتا ئېغىلدىكى ئوغۇتلىرىنىمۇ پۇل تۆلەپ ئىشلەمچىلەرگە چىقارغۇزىدىكەن.نامراتلىرىمۇشۇنداق ئىكەن.بەزى نامرات كىشىلەر يەرلىرىنى ئۆزى تېرىپ كېتىشكە قۇربى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق يېرىنىڭ موسىنى 700 يۈئەندىن خەنزۇلارغا ئىجارىگە بېرىپ كۈنلەپ لاغايلاپ يۈرىدىكەن. بۇجايدا توي قىلسا مېھمان كۈتۈش 3كۈنگىچە داۋاملىشىدىكەن>دوست ـ دۈشمەن<نىڭ سۆزىدىن قورقۇپ يېزا مەركىزىدە 20 ـ 30 ئۈستەللىك جوزا بۇيرۇتۇپ ئۆتكۈزىدىكەن.شۇڭلايەر ئىجارە ئالغان بىر خەنزۇ ئىشلەمچى مۇنداق دېگەن:ـ ئەگەر سىلەريەنە مۇشۇ پەددە 5 يىل ئۆتسەڭلەر بىزنىڭ قولىمىزدا ئىشلەيسىلەر .

يېقىندا، مەلۇم يېزا بازىرىدا ئايدا ئىككى قېتىم بازار بولىدىغان دېھقانلار بازىرىنى

ئايلانغاچ بازارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتىم .ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ تەڭدىن يېرىمىنى ئىگىلەيدىغان بۇ بازاردىكى ئوقەتچىلەرنىڭ 80 پىرسەنتى خەنزۇلار بولۇپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئاساسەن ئىستېمالچى ئىكەن .ئوقەتچىلەر بولغاندىمۇ ئاساسەن رەخت ۋە قوغۇن ـ تاۋۇز

تىجارىتى قىلىدىكەن .بازار بولىۋاتقان يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سوغۇق ئىچىملىك ئورۇنلىرىدا پىۋا ـ هاراق ئىچىپ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىك ئۇيغۇر ياشلىرى بولۇپ، گاهى ئۇستەللەردىن بىهايا سۆزلەر بىلەن چاقچاقلىشىۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى .بىر چاغدا ياندىكى ئۇستەلدە ئولتۇرغان ئىككى تەمەل يىگىتنىڭ بىرى چاقچاقتا چىدىمىدىمۇ ئەيتاۋۇر ئالدىدىكى يىگىتنىڭ بېشىغا پىۋا بوتۇلكىسى بىلەن راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇردى . يىگىتنىڭ بېشىدىن شۇرۇلداپ قان ئاققىلى تۇردى .بىردەمدىلا تاياق يېگۈچىنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇرغۇچىنى ئورىۋېلىپ قالايمىقان چەيلەشكە باشلىدى .كۆڭلۈم غەش هالدا بۇ يەردىن ئايرىلغان چېغىمدا يەنە بىر ئۇستەلدىكى يىگىت< هۇ ئاناڭنى >دېگىنىچە ئالدىدىكى يىگىتكە يوپۇرۇلدى. يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىشىۋاتقانلار يەنىلا يەرلىك ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئىدى. ئەجەبا، دېهقانلار بازارغا يۈزلىنىپ ئازراق بولسىمۇ قەددىنى كۆتەرسۇن، دەپ قۇرۇلغان بازار يىگىتلىرىمىزنىڭ غۇرۇرىنى ئۆزى خالاپ تۇرۇپ دەپسەندە قىلىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالسا هە !

يېقىندا، رادىئودىن مۇنداق خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم. خەۋەردە دېيىلىشىچە، مەلۇم يېزىدا

ئېشىنچە ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىشتا ئۇيغۇرلار ئاساسەن تېخنىكا تەلەپ قىلمايدىغان كەسىپلەرگە ئورۇنلاشقان. بۇ خەۋەردىن مەلۇمكى ، بىزدە پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش ئېڭى تېخىچە ئاجىز هالەتتە تۇرماقتا. ساپاسىزلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان خەلقىمىز ئۈچۈن نۆۋەتتە ئەڭ مۇهىم بولغىنى ئۆزىنى تونۇش ۋە كىرىزىس تۇيغۇسى ئىچىدە توختاۋسىز ئىزدىنىشتىن ئىبارەت .

بۇ ئاچچىق رېئاللىق يالغۇز بىر جايغىلا تەئەللۇق بولمىسا كېرەك. دەرۋەقە، يېقىنقى يىللاردا

خېلى كۆپ قىسىم دېهقانلاردا شەهەرگە كىرىپ پۇل تاپىدىغان ، مەهسۇلاتلىرىنى هايانكەشلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماي، ئۆزى سېتىپ چىقىرىدىغان ياخشى يۈزلىنىشلەر بارلىققا كەلدى هەم كەلمەكتە. لېكىن ، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا يەنىلا رېئاللىق كىشىنى بىئارام قىلىدۇ .دېهقانلىرىمىزدىمۇ يېتەرلىك پاراسەت، تەجرىبە ۋە غۇرۇر بار. لېكىن ۋاقتى ئۆتكەن ئادەتلەر، هالىغا باقماي بەسلىشىش، ئازراق پۇل تاپسىلا كېرىلىپ كېتىش، تېخنىكا ئۆگەنمەسلىك، نوقۇل قارا كۈچكە تايىنىۋېلىش... ۋاهاكازالار دېهقانلىرىمىزنىڭ هاللىق سەۋىيىگە يېتىش يولىدا<يامان يولۋاس>بولۇپ ياتماقتا .

مەلۇم بىر باغۋەنچىلىك يېزىسىدا ئەڭ تەجرىبىلىك دەپ قارالغان ئۇيغۇر دېهقانلار بىر مو يەردىكى ئۈزۈمدىن 1.5 توننا ئەتراپىدا هوسۇل ئالسا، خەنزۇ دېهقانلار 2 توننا ئەتراپىدا هوسۇل ئالالايدىكەن. ئۈزۈن يىللىق ئۈزۈمچىلىك تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇر دېهقانلار بۈگۈنكى كۈندە خەنزۇ دېهقانلاردىن تېخنىكا ئۆگەنمەكتە .

يەنە بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئەهۋال شۇكى، ئۇيغۇر دېهقانلار كۈزدە يەردىن هوسۇلنى ئېلىپ

بولغاندىن كېيىن بالا ئۆيلەش، كىيىم، توي ـ تۆكۈنگە چېپىشقا ئالدىرايدۇ. يەر سۇلىياۋ يوپۇق قالدۇقلىرى بىلەن قالىدۇ. كۆزلۈك ئاغدۇرۇش، ئوغۇتلاش، قىشلىق تۇڭ سېلىشقا ئەهمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن ئەتىيازدا تېرىقچىلىق ۋاقتى قىستاپ كەلگەندە سۇلىياۋ قالدۇقلىرىنى تېرىشكىمۇ ئۈلگۈرمەيلا يەرنى تېرىيدۇ. يەرگە بېرىلگەن ئورگانىك ئوغۇتمۇ تۈزۈكرەك ئېچىمىغان بولغاچقا يەرگە كېرەكلىك مىكرو ئېلېمېنتلار بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ. نەتىجىدە مايسىلارنىڭ ئاينىشى ئاستا هەم ئاجىز بولۇپ پەرۋىش قانچە ياخشى بولغان تەقدىردىمۇئالىدىغان هوسۇل تايىنلىق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. خەنزۇ دېهقانلار بولسا يەرنى كۈزلۈك ئاغدۇرۇشنىڭ ئالدىدا سۇلىياۋ قالدۇقلىرىنى پاكىزە تازىلىغاندىن سىرت ئۆزى تەييارلىغان ياكى سىرتتىن ئېپكەلگەن ئورگانىك ئوغۇتنى يەرگە ئايىماي تۆكۈپ يەرنى ئاغدۇرىدۇ. ئەتىيازدا تۇپراق ئاستىدا قالغان ئوغۇت ئېچىپ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئوغۇتقا ئايلىنىدۇ. يەر تېرىغاندىمۇ ئىنتايىن تۈجۈپلەيدۇ. يەردىن مۇشتەك چالمىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەڭ مۇهىمى ئۇلار بىزنىڭ بەزمە، مەشرەپ، باراۋەتلىرىمىز قايناپ كەتكەن كەچكۈز ۋە

BABUR

قىش پەسلىدىمۇ ىىكار ياتمايدۇ. شۇڭا "خەنزۇ دېھقانلار تەرەت قىلسىمۇ ئېتىزىغا بېرىپ تەرەت قىلىدۇ" دېگەن گەپ چىققان. مانا بۇ خەنزۇ دېھقانلاردىكى تىرىشچانلىق روھقا بېرىلگەن يۇكسەك باھا .
ھەر بىر دېھقان بېيىيمەن دەيدىكەن، قارا كۆچكە ياكى تەلەيگە ئەمەس، ئۇچۇر، تېخنىكىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان خەنزۇ دېھقانلارنى
ئۇلگە قىلىشى، يارىماس ئادەت بولغان ئىسراپخورلۇقلارغا ئەمدى> خەيرى- خوش<دېيىشى ھەم دېيەلىشى كېرەك .
*********

يىقىندا ،شەھەر ئەتراپىدىكى مەلۇم كەنتنىڭ باشلىقىدىن مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلاپ

قالدىم.بىر قېتىم ئۇلار يول بويىدىكى بىكار ئۆيلەرنى ئىجارىگە بەرمەكچى بوپتۇ.بىر خەنزۇ يىگىت كېلىپ 2 ئېغىزلىق ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ پولات ئىشىك ـ دېرىزە ياساش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.كەنت باشلىقىنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بوپتۇكى،بۇ يىگىتنىڭ بۇ كەسىپتىن ئەسلا خەۋىرى يوق ئىكەن.بۇ يىگىت كەنت باشلىقىنىڭ ھەيرانلىقىغا جاۋابەن بۇ ھۈنەرنى بىرەر ئۇستامنى ئىشلىتىش داۋامىدا ئۆگىنىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.دەرۋەقە،بىرنەچچە ئايدىن كېيىن كەنت باشلىقى قارىسا ھېلىقى خەنزۇ يىگىت ئۆزى ئىشلىتىۋاتقان ئۇستامنى يولغا سېلىپ قويۇپ ،ئىشىك- دېرىزىلەرنى ئۆزى ياساۋېتىپتۇ.بۇ يىگىتتىكى تەۋەككۇلچىلىك ۋە تىرىشچانلىق روھى ئۇنى تولىمۇ قايىل قىلىپتۇ .

مەن تونۇيدىغان بىر يىگىت بار.ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن

تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلىش تۈگۈل «بۇ ھۈنەر زاماننىڭ كەينىدە قالدى.» دەپ تۆمۈرچىلىك ئەسۋابلىرىنى ئەسكى ـ تۈسكى يىغقۇچىلارغا ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى.ھۈنەرنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرمىدى.ئۇ ھازىر مەھەللىسىدىكى پاراڭ قىزىيدىغان دوقمۇشنىڭ «غوللۇق ئەزاسى «.
ئاڭلىشىمچە،قۇمۇلنىڭ ئۈزۈم چىلان ـ ماكانى بولغان قارادۆۋە يېزىسىدا ھەر يىلى تەك كۆمگەن ھەم ئاچقان مەزگىللەردە سىرتتىن ھەتتا قوشنا ۋىلايەت تۇرپاندىن ئىشلەمچىلەر كېلىپ كۈنلۈكىگە 20 ـ 30 يۈئەنگىچە ھەق ئېلىپ ئىشلەيدىكەن.تۇرپاننىڭ تەكلىرى بىر ھەپتە بالدۇر ئېچىلىدىغان بولغاچقا ئۇلار تۇرپاندىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپلا دەرھال قارادۆۋىگە قاراپ يولغا چىقىدىكەن.بۇ خىل ۋاقىت پەرقىدىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىش روھى ئۇلارنى ئوبدان كىرىمگە ئىگە قىلىپتۇ.گەرچە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى ھۈنەر دېگىلى بولمىسىمۇ بىراق ئۇلارنىڭ پۇرسەتنى قەدىرلەش ،تىرىشىپ ئىشلەش روھى تولىمۇ قىممەتلىك .

ھېلىقى خەنزۇ يىگىت ۋەزىيەتنى كۈزىتىش ئارقىلىق پولات ئىشىك ـ دېرىزە ياساش كەسپى

ئۆزىگە يات كەسپ بولسىمۇ تەۋەككۇل قىلىپ بېقىشنى لايىق تاپقان.شۇ تاپتا سىز ئۇنىڭ دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتسىڭىز ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ غاقىرىغان يېقىمسىز ئاۋازى ئىچىدە تەرلەپ پىشىپ پولات ئىشىك ـ دېرىزە ياساۋاتقان بۇ يىگىتكە قاراپ ھېسداشلىق قىلغۇڭىز كېلەر.بىراق،ئاشۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ،ئېقىۋاتقان تەرلەرگە چىداش بەدىلىگە ئۇنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈۋاتقان پۇللارنى ،ئۇنىڭ باياشاتلىققا تولغان ئائىلىسىدىكى بەخت كۈلكىسىنى مەڭگۈ تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن .
***********

تۇرقىدىن 30 ياشلاردا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بىر خۇيزۇ تىلەمچى تۆمۈرچىلىك دۇكىنى

ئالدىدا بازغان ئۇرۇۋاتقان ئۇستامنىڭ ئالدىغا كېلىپ پۇل تىلىدى.ئۇستام گەپ- سۆز قىلمايلا بازغاننى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ بىر نەچچىنى ئۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا تىلەمچى ئالدى ـ كەينىگىمۇ قارىمايلا كېتىپ قالدى.ئەتراپتا تۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى.ئۇستامنىڭ

چاقچاق تەرىقىسىدىكى بۇ ئىشى مېنى ئويغا سالدى.تېخى بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرىلا مەلۇم كوچىدا بىر خەنزۇ مومايىنىڭ بەللىرى مۈكچەيگەن ھالدا ئەسكى يەشىك ۋە ئىچىملىك قۇتىلىرى لىق بېسىلغان ھارۋىسىنى سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.ئىككى خىل كۆرۈنۈش روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ مېنى خېلى كۆڭۈلەرگىچە بىئارام قىلدى.بەش ئەزاسى تولۇق،قاۋۇل بىر ئەرنىڭ ھارام كۈچىنى خار قىلىشنى خالىماي ،جېنىنى خار قىلغانلىقى،ئەكسىچە ئۆيىدە ئارام ئالسىمۇ بولىدىغان ھېلىقى مومايىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىكار ئولتۇرماي

دەسمايە توپلاۋاتقانلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئويغا سالاتتى.دەرۋەقە ،بۇ مومايدىكى ئىقتىسادىي

ئاڭ خېلى كىشىلىرىمىزدە يوق. ئىرادىسىزلىكىدىن ،ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇشنى بىلمىگەنلىكتىن يول تاپالمايۋاتقان ،توغرىسىنى ئېيتقاندا پۇل تاپالمايۋاتقان بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ ئەپتىگە قاراپ باقايلى .

كىيىملىرى قىرى بىلەن تۇرسىمۇ گەز باغلاپ شورلۇق يەردەك بولۇپ كەتكەن لەۋلەر

دەرمانسىزلىقىنى ئاشكارىلاپلا تۇرىدۇ.ئاغزىنە ئاۋارىچىلىقتىن قورقۇپ راۋا كۆرگەن تىلەمچىلىك شۇھ بىسىزكى كىشىنى خار ـ زەبۇنلۇققا قويىدۇ.ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندىكى ئەھۋاللارنى ئەسلىگىنىمدە ئاچچىق ھەسرەتتىن تولغۇنۇپ كېتىمەن.ئۇرۇمچىنىڭ دۆڭكۆۋرۈكتىن تاكى جەنۇبىي قوۋۇقىچە بولغان تار كوچىلاردا باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن پۇتى ـ قولى يوق قىياپەتكە كىرىۋالغان تىلەمچىلەر بار ئىدى.ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەن مېيىپ بولسىمۇ بەزىلىرى پۇت قوللىرىنى يوشۇرۇپ مېيىپنىڭ رولىنى ئېلىپ كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات قورغىنىغا ھۇجۇم قىلاتتى.بەزىلىرى ئازراق جاراھەتنى تاتىلاپ يۇقۇملاندۇرۇپ ،قان ـ يىرىڭ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماقچى بولاتتى.ئاڭلىشىمچە ،خۇدا بەرگەن بىر جۈپ قولنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كەستۈرۈۋېتىپ تىلەمچىلىك يولىغا ماڭغانلارمۇ بارئىكەنمىش.بۇ خىلدىكى جەمئىيەت داشقاللىرى ناھايىتى ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلسىمۇ ،بىراق ئۇ ئايرىم كىشىلەردىكى پارازىتلارچە ياشاش مەنتىقىسىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرىدۇ.ئۇلاردا ئاشۇ خەنزۇ مومايدىكىچىلىكمۇ ئاڭ بولمىغىنىغا ئېچىنىمەن .
مەن تونۇيدىغان بىر موزدۇز بار.ئۇ قولتۇق تايىقىدىن ئايرىلالمايدۇ.يول مېڭىشتا بەكمۇ قىينىلىدۇ.بىراق ئۇ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدىن دەس تۇرۇپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا موزدوزلۇق ھۈنىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەپ بىر ئاياغ تىكىش دۇكىنى ئاچتى.ئۇ ھېچكىمدىن بىر تىيىن تىلىگىنى يوق.ئۇ يىقىلىپ چۈشسە ھېچكىم يۆلەپ قويىغىنى يوق .

يىگىت، سىزدىكى ئاشۇ ساغلام مېڭە تەپەككۇر ئۈچۈن، بەردەم تېنىڭىز ھالال مېھنەت

ئۈچۈن يارىتىلغان .شۇڭا بۇ نېمەتلەرنى جايىغا ئىشلىتىڭ .ئەجدادلىرىڭىزنىڭ قانداق ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى كۆزىڭىزنى چوڭراق ئېچىپ كۆزىتىڭ .
گاھىدا ،»ئاشۇ مېيىپ ياشلىرىمىزنىڭ جاسارىتى ھەر بىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ يۇلقۇنۇپ تۇرسىكەن،ھېلىقى تىلەمچى ياشتەك ئەمەس ،ھېلىقى مومايدەك ياشاش ھەر بىرىمىزگە نېسىپ بولسىكەن « .دەپ پىچىرلاپ قويىمەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە .
سىز قاسراق تاشلاشنى بىلمىسىڭىز رىئاللىق مەجبۇرىي قاسراق تاشلىتىدۇ.ئۆزىڭىزدە بار نەرسىلەردىن سەزگۈر كاللىڭىز بىلەن پايدىلىنىشنى بىلمىسىڭىز ،قىسقىسى ئۈچۈر ئارقىلىق ھايات ـ ماماتىڭىز بەلگىلىنىدىغان كەسكىن رىقابەت دېڭىزىدا ئۈزۈشنى بىلمىسىڭىز > موللاق ئېتىش <قىسمىتىدىن قۇتۇلالمايسىز .شۇڭا ، ئۈچۈر دەۋرىدە رۇس مېڭىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويايلى .ئەتىمىز خەيرلىك بولغاي .

ئاپتور ـ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي ئۈچۈر مەركىزىدە

www.uyghurkitap.com



# زاۋۇتى يوق مىللەت قانداق كۈنگە قېلىشقا تېگىشلىك؟

بۇ 2011- يىل.

20مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە بىر مىللەتنىڭ ئىچكى ئىستىمال مىقدارى، ئوتتۇرىچە ئىستىمال سەۋىيسىگە نىسبەتەن، زادى قانچىلىك زاۋۇتلارنى قۇرۇش تەننەرخ كۆتىرىدۇ؟ قايسى قۇرۇلۇشلار تەننەرخ كۆتۈرمەيدۇ؟ قانداق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلىرىمىز بولسا ئاندىن نورمال ئەھۋال بولغان بولىدۇ؟ ھېچ بولمىسا ئەڭ ئەقەللىي ئەھۋال بولغان بولىدۇ؟

يانچۇقىمىزدا باشقىلارنىڭ ئىشلىگەن مەھسۇلاتىنى سېتىۋىلىشقا پۇل بولسىلا ھەممە ئەھۋال نورمال بولغان ھېساپلىنامدۇ؟

ستاتىسكىلاشقا ئېنىق سان يوق، شۇنداق بولسىمۇ ئاددىي، لېكىن ئېچىمىزنى ئاچچىق قىلىشقا يېتىدىغان مىساللارنى ئالايلى:

ھەممىمىز ئاياق كىيىۋاتىمىز: تەخمىنەن ۋە ئاز دېگەندىمۇ 10 مىليون ئادەم (ئايىغى چىققان بوۋاقلاردىن باشلاپ ئۆلەي دېگەنلەرگىچە..) يىلدا بىر جۈپ ئاياق ئالىدۇ، بۇ ئاياغلارنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى تۆۋەن ھېساپلانغاندىمۇ (باللارنىڭ 40، چوڭلارنىڭ 160 تىن، ياش نىسبىتى كىرگۈزۈلگەندە) 110يۈەن بولىدۇ، دەيلى، يىللىق كىرىمنىڭ ئۆزىلا 10 :مىليون جۈپ ئاياغ * 110 = بىر مىليارد 100 مىليون يۈەن بولىدۇ!

تىرناق ئالغۇچ: 20 مىليون كىشنى ھەر بىر ئائىلدە 4 جان ياشاۋاتىدۇ، دەپ ئالساق، ئۈچ يىلدا بىر تىرناق ئالغۇچ سېتىۋالىدى، 4 يۈەندىن 10 يۈەنلىككىچە، ئوتتۇرىچە باھاسى 7 يۈەن بولدى، دېگەندىمۇ، 5 مىليون ئائىلە * 7 = 35 مىليون يۈەن، بۇنى ئۈچ يىلغا بۆلسەك، يىلغا 11 مىليون يۈەن بولىدۇ!

چايدان: ھەر بىر ئائىلدە ئىككىدىن بەشكىچە چايدان بولىدۇ، بوپتۇ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ئىككى چايدان دەپ تۇرايلى، بۇ چايدانلار، ئەگەر سۇلياۋ بولسا، بەشنچى يىلى قېپى كاردىن چىقىدۇ، باھاسى 12~15 يۈەن، ئەگەر مېتال قاپلىق بولسا، 10 يىلدىن 15 يىلغىچە تۇتقىلى بولىدۇ، داتلىشىپ سەتلىشىدىغىنى بولمىسىلا، باھاسى 30~120 يۈەن دەپ تۇرايلى. يەنە شۇ 5 مىليون ئائىلە بار دېگەن ھېساپ بويىچە، ھەر بەش يىلدا بىر چايدان ئالىدۇ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن) مېتالدىن بىر، سۇلياۋدىن بىر بويىچە) 35 يۈەن بولىدۇمۇ دەيلى: 5 مىليون * 35 يۈەن 175 = مىليون يۈەن بولىدۇ، بۇنى بەش يىلغا بۆلسەك، ھەر يىلغا 35 مىليون يۈەنلىك كىرىم بولىدۇ!

كومپيۇتېرنىڭ قېپى: ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھازىر ھەر بىر ئۆيدە بىر كومپيۇتېر بار، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 6 يىلدا بىر يېڭىلايدۇ. ئىدارە -ئورگانلارنى ماركىلىق دەپ ھېساپلىماي تۇرايلى، بىر قاپنىڭ ئۆزى، توك مەنبەسىنى ھېساپلىمىغاندا 90 يۈەندىن 250 يۈەنگىچە، بۇنى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 120 يۈەن دەيلى 5 :مىليون ئائىلىدىن كومپيۇتېرى يوق ئائىللەر ئۈچۈن 3 مىليوننى چىقىرىۋېتىپ (3 مىليون ئائىلىنىڭ كومپيۇتېرى يوق دېگەن سەل مۇبالىغىمۇ قانداق..)، ئىككى مىليون ئائىلە ھەر ئالتە يىلدا بىر كومپيۇتېر قېپىغا ئېھتىياجلىق دېسەك، ئىككى

مىليون 120 * يۈەن = 240 مىليون يۈەن، ھەر يىلى ئۈچۈن 40 مىليون يۈەن بولىدۇ!

كىيىم ـكېچەك: بۇنىڭ ستاتىسكىسى سەل تەسراق، چۈنكى دۇنيادا ئاياللارلا بولىدىكەن، قانچىلىك كىيىم ئىشلەپچىقارساڭمۇ يەتمەيدۇ! گەپ رەخت، رەڭ، پاسوندا قالىدۇ! بوپتۇ، بونىمۇ ئىشتىن سىرتقى سالاھىيەت بىلەن ستاتىستىكا قىلايلى، ئەمدى ئائىلە سانى بويىچە ئەمەس، جان سانى بويىچە، 20 مىليون نوپوسنىڭ ئىچىدىن كىيىم كەيمەيدىغانلار ئۈچۈن 1 مىليوننى چىقىرىۋېتەيلى (چۈنكى ئېغىزدىن گەپ چىقىپ بولغىچە تۇغۇلۇۋاتقان ۋە ئۆلۈۋاتقانلارنىڭ سانىنىمۇ بىر نىمە دەپ بولغىلى بولمايدىچۇ، ئۇلار ئەدىيال بىلەن ماتا ئىشلىتىدۇ..) 19 مىليون ئادەم، 19 مىليون ئادەم! مېنىڭ ئېسىمدە قالغان ھازىرغىچە بىر يىللىق كىيىم پۇلۇمنى ئاساس قىلدىم، بۇ مۇۋاپىق، چۈنكى مەن ئانچە كەيمەيمەن، ئىنچىكە ھېساپلىسام سەل ئېشىپ كېتىدىكەن، 2000 سوم چىقىدۇ، بۇنىڭدىن ئازلار بىلەن بۇنىڭدىن كۆپلەرنىڭ ئوتتۇرىچە چىقمى بۇسانغا يەتمەيدۇ، دىسىڭىزمۇ، ئايالالار بۇ سانىنى پۈتۈنلىۋېتىدۇ، يەنىلا دېھقانلارنىمۇ ھېساپ ئىچىگە كىرگۈزۈشنى ئۇنتۇمىغان ئاساستا، ھەر بىر ئادەم بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 1000 سوملۇق كىيىم كىيىدۇ، دەيلى (بۇنىڭغىمۇ يەتمەيدۇ، دىگۈچىلەرگە سودا سارايلارنىڭ چوڭىغا يول بولسۇن!.. بىر قېتىمدا خەجلەپ چىقمىسا مانا مەن)، ئەمدىكىسى ھېساپ: 19 مىليون كىشى 1000 * يۈەن = 19 مىليارت يۈەن!! ( ۋاي خۇدايىم! بۈگۈن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرغاندا مىليارت يۈەننىڭ گېپىنى قىلالايمەن دەپ ئويلىماپتىكەنمەن!..) ئەمدى قانچىلا كەمبەغەللىك بىلەن ھېساپلىساڭمۇ بۇ سانىنى يىلىغا ئىككى خانىلىق مىليارت يۈەندىن تۆۋەن چۈشۈرسىڭىز كەم بولا! چۈنكى بىزنىڭ ئاز دىسە ھەپتىدە، كۆپ دىسە ئايدا كىيىم ئالمىسا مۆرىسى قىچىشىپ توختىمايدىغان بۈيۈك كىيىم سېتىۋالغۇچى پىدائى ئايالالار قوشۇنىمىز بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار 10 مىليونغا يېقىنلىشىدۇ (ئايالالار جىق .(!يىلىغا 19 مىليارت يۈەن.. بۇنى رەخت زاۋۇتلىرى بىلەن بىللە نەچچە ئون داڭلىق ماركىلىق كىيىم كارخانىسى بىلەن سانى 10 مىڭغا يەتمەيدىغان ئۇيغۇر سەيپۇڭلارغا بۆلۈپ باق! زادى كىمنىڭ قۇرسقى ئاچ قالىدىكىن، ئاشۇ كىيىم سېتىۋالغان قوللار ئاچ قالسا قالىدۇكى، رەخت زاۋۇتى ۋە سەيپۇڭ كارخانىلار ئاچ قالمايدۇ، ھەر ئەللىك ئادەم 2 نەپەر رەخت زاۋۇتى خادىمى بىلەن 1 نەپەر كىيىم-رەخت لايىھىلىگۈچى ۋە بىر نەپەر سەيپۇڭنى باقالىشىدا غەم يوق. قالغان كاپىتاللىق ھېساپ ئۆزەڭلارغا قالدى.

قول سائەت: ئوقۇغۇچىلارنىڭ، چوڭلارنىڭ، بايلارنىڭ بويىچە، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن بىر قول سائەت 200 سوم بوپ تۇرسۇن، 19 مىليون كىشىدىن پەقەت 2 مىليون كىشى سائەت تاقسۇن، ھەر 10 يىلدا كونا سائەتنى ئاۋۇ 17 مىليون تۇغقىنىغا بېرىۋېتىپ يېڭىدىن قىممىتىنى ئالسۇن.. شۇنىڭ بىلەن 200 سوم * 2 مىليون = 400 مىليون، بۇ ھەر يىلىغا 40 مىليون يۈەن بولىدۇ!

سومكا:

خۇرۇم ئاياغ:

يانفون:

خاتىرە ـ كىتاپ:

ئورۇندۇق:

كارۋات:

ئۆي: توۋا، ئۆينى بىر ھېساپلايلى، ئەڭ پۇل خورىتىدىغىنى مۇشۇ.. مەن تونۇيدىغان ياشلاردىنلا 3 يۈرۈش بىنا ئۆيى بارلىرى بار، مەن بىلىدىغانلار ئىچىدە: 8 جان بىر ئۆيدە ئولتۇرىدىغان دېھقان ئائىلىسىدىن، ھەر بىرجانغا بىر يۈرۈش ئۆيى بارلارغىچە بار؛ ھەر 3 جانغا بىر يۈرۈش ئۆي دەيلى، بىنا ئۆي بىلەن ئادەتتىكى ئۆي، شەھەر ئۆيلىرى بىلەن ناھىيە ئۆيلىرىنى ئويلاشقاندىمۇ (بۇنداق ستاتىستىكىغا مەن مۇتەخەسسىس ئەمەس، ئۇلار دىگۈچە مەن دەپ تۇراي)، 20 مىليون نوپۇسنىڭ 7 مىليون ئۆيى بار دەپ تۇرايلى (ئەجەپكى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىلا 3 مىليون نوپۇس مانا مەن دەيدۇ، باشقا مىللەتلەرنى ھېساپلىماي تۇرىدىغان بولغان راست..) . 7 مىليون ئۆينىڭ سېتىۋېلىش قىممىتى ئوتتۇرىچە بولغاندا، شەھەر ۋە يېزىلارغىچە ئويلىغاندا (مەن راستىنلا مۇتەخەسسىس ئەمەس) 22 تۈمەن دەيلى: 7 مىليون * 22 تۈمەن = بىر تىرلىيون 540 مىليارت يۈەن (راست گەپ قىلسام، ماۋۇ سانىنى ئۆزۈم تۆت قېتىم ئوقۇپ ئاران چىقاردىم)، بۇنى ھەر بىر ئۆينى 60 يىل ئولتۇرغىلى بولىدۇ بويىچە ھېسالىغاندا، ھەر يىلى 25 مىليارت يۈەنلىك ئۆي سېلىنغان بولىدۇ.

يەنە سېسىق تاماكا بىلەن بەدبۇي ھاراقمۇ بار ئىدى، ئۇنى ھېساپلاشقا تاقىتىم يوق، سانىمۇ يوق.. مۇشۇ ئىككىسى بىلەنلا يوقىرىدا دىيىلگەن كارخانىدىن نەچچىسىنى قۇرۇشقا بولاتتى كۆپچىلىك! دۇنيادا ئەڭ ئەھمىيەتسىز پۇل ئىسراپ قىلىش دىسە، سېسىق تاماكا- ھاراققا كەتكەن پۇلنى دىسە بولىدۇ! 100% ئىسراپچىلىق!

خۇلاسە كالام، يوقىرىدىكى سانلارنى قوشقاندا، ئىستىمال سەۋىيىنىڭ GDP سى بويىچە بىزنىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ!

لېكىن، نۆۋەتتىنىڭ ئۆزىدە، ئاشۇ ئىستىمال چىقىممىزنىڭ نەچچە پىرسەنتى ئۆز ئادەملىرىمىزنى بېقىۋاتىدۇ؟ بۇ گەپ، ئۆزىمىزدە قۇرۇلمىغان، قۇرۇلۇشقا تېگىشلىك زاۋۇتلارغا قارىتىلغان، ئەلۋەتتە زاۋۇت ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، تەدبىرلىك كاللا، ئىشچان بىلەكلەر، جاپاكەش پۇتلارنىڭ ئەجرىگە قۇرۇلىدۇ! بىر مىليون كىشى كىيىم كەيسە، لېكىن بۇ بىر مىليون كىشىنىڭ ھېچقايسىسى رەخت خام ماتىريالى، رەخت، بوياق ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى بىلەن ئالاقىسى بولمىسا؛ بىر مىليون كىشى ئەينەك ئىستاكان ئىشلەتسە، لېكىن ئەينەك ئېرىتىش زاۋۇتلىرىدا ئون ئېنژىنېر بولمىسا؛ بىر مىليون كىشى ھەر خىل شەكىللەردە ماشىنىدا ئولتۇرسا، لېكىن ماشىنىسازلىق ئېنژىنىرىدىن 10 كىشىمۇ يېڭى ماشىنا پاسونى لايىھىلەشتە بولمىسا؛ بىر مىليون كىشى كومپيۇتېر ئىشلەتسە، لېكىن بىرمۇ كىشى بىر ئۆزەكنى، بىر توك مەنبەنىڭ چىرتيوژىنى سىزىشقا قاتناشمىسا.. بۇ بىر مىليون كىشى..

بۇ بىر مىليون كىشى ئەسلى ئۇلۇغ يانچۇقىدىكى پۇلنى سول يانچۇقىغا سېلىشنىڭ ئورنىغا ئىككىلا يانچۇقتىن پۇل چىقىرىشتىن باشقىنى بىلمىسە، بۇنى نىمە دەپ ئاتايمىز؟ مانا بۇ بىر مىليون كىشىنىڭ ھەقىقىي ساۋاتسىزلىقى! مانا بۇلار 20 مىليون كىشىنىڭ ھەقىقىي ساۋاتسىزلىقى !!

زاۋۇتسىز مىللەت ھەقىقەتەن، ھەقىقەتەن، ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈنلەي بىر ساۋاتسىز مىللەت.

هازىرقى ئۇيغۇر، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ساۋاتسىز مىللەت ھېساپلىنىمىز! ھەر ئالىملىرىمىز، دوكتورلىرىمىزنى مىڭلارچە ساناپ بېرىكچۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۇستى- بېشىغا بىر قاراڭ، زاۋۇتسىز مىللەت- ساۋاتسىز مىللەت، دىگەننىڭ نىملىكى ھەتتا بىزنىڭ ئالىملىرىمىزنىڭ ئۇستىدىمۇ ئىسپاتى بىلەن تۇرۇپتۇ! ئىشلەتكىنى ھېساپ ئەمەس، سەن نىمە ئىشلەپچىقىرالىدىڭ؟ نىمە سەن تەرەپتىن لايىھەلەنگەن؟ نىمىنىڭ خام ئەشياسىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە قاتناشتىڭ؟

ساۋاتسىز مىللەتنىڭ بېلى بوش تەرەپلىرى ساناقسىز، ساۋاتسىز مىللەت ئېغىر ئىشقا چىدىمايدۇ!

ئەسلى قانداق بولۇشى كېرەك ئىدى؟

چۈشەنچە شۇكى، نوپۇسنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، چۈنكى ئۇنىڭدا تىرىك ئىستىمال كۈچى مەۋجۇت، بۇ ئىستىمال كۈچىنىڭ تۈرتىسىدە، بىر ساۋاتلىق مىللەتكە قەدەم قويالايدۇ، چۈنكى ئىستىمالنىڭ قۇدرىتى ئىنتايىن زور!

ئەترابىمىزدا ئۇيغۇرنىڭ نوپۇسى قوشقاندا، 50 مىليوندىن ئاشىدىغان نوپۇسنىڭ ئىستىمال كۈچى بار، 500 كىلومېتىردىن سىرت بازارلارنى قوشقاندا، ئەترابىمىزدا 100 مىليونلۇق نوپۇس بار، يوقىرىدىكى ھەر بىر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن توغرا كېلىدىغان ئىستىمال قىممىتى بىلەن مۇشۇ 50 مىليون نوپۇسنى، 100 مىليون نوپۇسنى كۆپەيتىپ، چىققان ساننى ئوقۇپ بېقىڭلار، بۇ سانلارنىڭ قۇدرىتى بىر زاۋۇت قۇرۇش چىقىمى، مۇتەخەسسلەرنى تەربىيلەش چىقىمى، مائاش، ئۇپىراش، تەتقىقات خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئوت ئالدۇرۇپ ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ چىقىرىشقىمۇ يېتىدۇ!

بۇ يىل 3- ئايدا، دېڭىز شاۋقۇنىنىڭ ھۇجۇمىدا، بىر قىسىم ياپۇن يادرو ئېلىكتىر ئىستانسىلىرى توك تەمىنلەش ئىقتىدارىدىن قالدى، نۇرغۇن زاۋۇتلار ئېنېرگىيىسىز ئايلانمىدى، بۇنىڭ تەسىرىدە، پۈتۈن دۇنيادىكى ياپۇن ئۆزەكلىرىنى ئىشلىتىدىغان ماشىنا زاۋۇتلىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، زور تېخنىكىغا، زور ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات كۈچىگە ئىگە بۇ ياپۇنلار، ئاتوم بومبىسىدىن دەس تۇرالىغان يەردە، بۇ دېڭىز شاۋقۇندىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ، ئۇلارغا ئامەت تىلەيمىز، ئۇلارغا ئاستىدىكى تاش سۇدىن چىقىپ تۇرسىلا يېتەرلىك، ھەممىنى قىلالايدۇ. نىمە ئۈچۈن؟ ئۇلار بىلىمنى پۇلغا ئايلاندۇرۇشنى، زىل مەھسۇلاتلارنى ئۆز ئالدىغا ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىشنى بىلىدۇ.

بىر قىسىم ھازىر بار كارخانىلارغا نەزەر سالايلى: ئارمانى ئاتاۋاتقىلى نۇرغۇن يىل بولدى، پەخىرلىك بۇ شىركەت ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق؛ ئېرپان يېڭىدىن ئوبدان چىقۋاتىدۇ، ئېلانلىرى تېلېۋىزىيە ۋە شەھەر ئېكرانلىرىنى قاپلاۋاتىدۇ، ئەمدى ئېرپان ماركىلىق رادىيو، MP4، يانفۇن.. قاتارلىقلارنى ساقلايدىغان ۋاقتىمىز بولدى. تور بېكەتلىرىمىزمۇ كىرىم يارىتىش باسقۇچىغا كىرىپ بولدى .

ئەمدى ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنىمىز، كەملىكىدىن يۈزىمىزنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتقان يېرىمىز شۇكى، يىنىك ساناەت، ئوتتۇرا ساناەت، ئېغىر ساناەت تۈرىدىكى، يەنى خام ئەشيالارغا تېخنىكا سىڭدۈرۈپ چىقارغان بارلىق

ئېھتىياجلارنى تولۇقلايدىغان سانائەت كارخانىلىرىدۇر. 50 قەۋەت بىنالارنى ئۆز چېرتيوژلىرى، ئۆز مۇتەخەسسىلىرى بىلەن، ئۆز ئىشچىلىرى بىلەن سالالايدىغان قۇرۇلۇش شىركەتلىرىدۇر.

تارىختىن بىرى نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەتقىق قىلمىدۇق، زاۋۇتلارنى قۇرمىدۇق، ئاددى كۆپلەرنى ئىشلەپچىقاردۇق-يۇ، نۇرغۇن ساپال تاختا ۋە خىش ياساپ، تاج ماھال مەقبەرىسى كەبىي قۇرۇلۇشلارنى ئېگىز ۋە يوغان قىلىپ سېلىپ قويالمىدۇق، ئاكا- ئۇكا مۇسابايېۋلار تېرە زاۋۇتىنى داۋاملاشتۇرالمىدۇق، ھازىرقى ئىلى لىچۈەن تېرە زاۋۇتى مۇشۇ زاۋۇت ئاساسىدا نامىنى ئۆزگەرتىپ داۋاملاشتۇرۇلغان، بۇ توغرىسىدا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى شىنجاڭ گېزىتىدە مەخسۇس خەۋەر بار، ئەسلى بۇ زاۋۇتنىڭ ئىسمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئەينى تۆھپىكارلار خاتىرلىنىشى، ئېتىراپ قىلىنىشى، تارىخى ئۆز ئۇيغۇر يېزىغىمىزدا تاشلارغا پۈتۈلۈپ، زاۋۇت دەرۋازىسى ئىچىگە توختىتىلىشى كېرەك ئىدى .

ھەر قايسى شەھەرلەردىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركەزلىرىدە، نۇرغۇن يىل ئالىي مەكتەپنىڭ ئېسىل كەسپلىرىدە ئوقۇغان بالىلار چىرايى كەلگۈسىدىن بىخەۋەر جەدۋەل تولدۇرۇپ يۈرىدۇ، ئەسلى ئۇ بالىلارنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم كەسپلەردە ئوقۇغان بالىلار مەلۇم كاپىتاللارنىڭ قولىلىشىغا، خىزمەتكە سېلىنىشىغا ئېھتىياجلىق ئىدى، ھەم ئۇ بالىلارنىڭ قولىدىن كېلەتتى..

بىزنىڭ قولىمىز زادى زاۋۇت قۇرالمايدىغان قولمىدۇ؟ ئاسان قاپىرىپ كېتەمدىغاندۇ؟ قاپارسا نىمە بوپتۇ؟ بەخت پىشانەڭدىكى تەردىن كېلىدىغۇ؟!

ھەر بىر ئادەم خەت تونۇيدۇ..

ھەر بىر ئادەم تېلېفون تۇتالايدۇ..

ھەر بىر ئادەم كومپيۇتېر ئىشلىتەلەيدۇ..

ھەر بىر ئادەم ئانا تىلىدىن سىرت بىر نەچچە تىلدا سۆزلىشەلەيدۇ..

مۇشۇ ھەر بىر ئادەم ساۋاتسىز ھېساپلىنامدۇ؟

ھەممە ئادەم تۇرمۇش زاۋۇتلىرى قۇرمىغان..

ھەممە ئادەم مېتال تاۋلاش ئۈچۈن تەر تۆكمىگەن..

ھەممە ئادەم مىليون، مىليارد يۈەنگە يارايدىغان چېرتيوژسىزىپ باقمىغان..

ھەممە ئادەم ئۆزى ئىشلەپچىقارغان يولۇچىلار ئايروپىلانىدا ئولتۇرۇپ باقمىغان.

مۇشۇ ھەممە ئادەم ساۋاتسىز بولماي نىمە؟

بىز ساۋاتسىز ئاتىلىشقا تېگىشلىك، بىز بىر ساۋاتسىز مىللەت..!

ساۋاتسىز ئاتالغان مىللەت، ئۆزگە ئۈچۈپ كەلگەن مەسخىرە ئاياغلىرىنى نىمە بىلەن توسيالايدۇ؟

بەخت كېلىدۇ نەدىن،

پىشانەڭدىكى تەردىن.

BABUR

**بەخت گۈلى ئېچىلار،**

**جاپالىق ئىشلىگەن يەردىن.**

**نىمشقا ئۆتكەن 15 يىلدىن بېرى مۇشۇ شېئىردەك شېئىردىن ئىككىنچىسى يېزىلماي كەلدى؟**

**نېمشقا ئۆتكەن 15 يىلدىن بېرى، 90- يىللاردا ئوينالغان "سىز بىزگە ئىشنەمسىز" دىگەن دىرامىمدىن يەنە بىرى ئوينالمىدى؟**

**نېمشقا؟**

**"سىز بىزگە ئىشنەمسىز" دىيەلەيدىغان ياشلار كۆپەيگەن بولسا، پۈتۈن دۇنيا بىزگە ئىشنەتتى.**

**قانداق قىلغاندا ئىستىمالنىڭ غايەت كۈچىنى نۇرغۇن كېرەكلىك نۇقتىلارغا يىغقىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا نەچچە يۈز ئائىلىنى بىر يېڭى زاۋۇتقا قويۇپ، نەچچە يۈز پىشانىدىن تەڭ تەر ئاققۇزغىلى بولىدۇ؟**

**مەنبە: ئانا يۇرت تورى، ئەلكۈيىنىڭ كۆچۈرۈلگەن تېمىلارنى تەستىقلىمايدىغانلىقىنى بىلمەن بىراق بۇ تېما مۇنازىرە قىلىشقا چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك بولغاچقا بىر قېتىم قائىدىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدىم، تەستىقلاپ قويغايسىلەر ھەمدە تورداشلار ئاكتىپلىق بىلەن مۇنازىرە قىلىپ كۆرگەي.**

# پۇلىمىز نەگە كېتىۋاتىدۇ ؟

خەلقىمىز ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ئۆزگە خاس ئىقتىساد ئېڭى ۋە مىللىي ئىگىلىك سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ، مىللەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلغان .بۈگۈنكى كۈندە ئىقتىساد ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى، بولۇپمۇ بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدەناماييان قىلىۋاتىدۇ. خەلقىمىزدە ”پۇل تېپىش قىيىن ئەمەس، خەجلەش قىيىن“، ”پۇل تاپقۇچە يۈز تاپ“ دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەر خېلى بار .ئۇنداقتا نۆۋەتتىكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە كىشلىرىمىز پۇلنى قايسى يوسۇندا تېپىۋاتىدۇ؟ ئىستېمال ئېڭىدا قانداق يۈزلىنىشلەر بولىۋاتىدۇ؟ بۇ نۇرغۇن كىشى كوڭۇل بولىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بىز كەڭ جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئىقتىساد ئېڭى، ئىستېمال يۈزلىنىشى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىش ، بۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزدە بەلگىلىك تونۇش ھاسىل قىلىش يۈزىسىدىن يېقىندا جەمئىيىتىمىزدىكى ئوخشىمىغان كەسىپ، ساھەلەر بويىچە بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن ئىدۇق. سوھبەتنىڭ سەممىيلىكى ۋە سۆھبەت ئوبيېكتلىرىنىڭ خۇسۇسىي مەخپىيەتلىكلىرىنى ساقلاش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ كەسپى ۋە سالاھىيىتىنىلا ئاشكارىلاپ، نام – شەرپىنى ئاشكارىلىماسلىقنى توغرا تاپتۇق. سۇئاللار:

1. سىزنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەيىڭىز قايسى؟ ھازىرقى كىرىمىڭىزدىن رازىمۇ؟
2. سىز ئادەتتە پۇللىرىڭىزنى قايسى ئىشلارغا سەرپ قىلىسىز؟ ئاساسلىق ئائىلە چىقىمىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟
3. سىزچە ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر پۇللىرىنى نېمىلەرگە سەرپ قىلىۋاتىدۇ؟ زورۇرىيەتسىز چىقىملار بار دەپ قارامسىز؟
4. سىزچە پۇلنى قانداق سەرپ قىلىش ، نېمىلەرگە سەرپ قىلىش كېرەك؟

ي ئەپەندى (شەھەردىكى مەلۇم كەسپىي ئورۇننىڭ خىزمەتچىسى)
مەن ھازىرقى كىرىممدىن رازى ئەمەس. چۈنكى ھازىر دەۋر تەرەققىيات رىتىمى تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تېز بولىۋاتىدۇ. ئىش ھەققى، تەمىنات، پاراۋانلىق ئىشلىرىمۇ مۇشۇ يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە ئىش ئۈنۈمىگە ئاساسەن ئىسلاھ قىلىنىۋاتىدۇ. بىزدىچۇ؟ "مائاش ئۆسىدۇ" دەپ ئاغزىمىزنى تاتلىق قىلىپ، تېخى قوشۇلمىغان مائاشنى ھېسابلاپ، ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ يۈرىۋاتىمىز. مەن بىر ئايدا 1250 يۈئەن ئەتراپىدا مائاش ئالىمەن. ئىشتىن سىرت قەلەمگە تايىنىپ، توخۇغا دان تاشلاپ بەرگەندەك بىرنەچچە تەڭگە ئاقچا تاپىمەن. باشقا قوشۇمچە كىرىمىم يوق. ھەر ئايدا مائاشنى ئېلىپ، بىنا ئۆيگە 430 يۈئەندىن ئارتۇق قەرز پۇل تۆلەيمەن. ئارقىدىن سۇ، توك باشقۇرۇش، ئىككى يانفون، بىر مۇقىم بولۇپ 3 تېلېفون، موتسىكىلىتقا ماي، گاز، ئۇن، ماي، گۆش، كوكتات ۋە ۋاھاكازالارغا 600 يۈئەندىن كۆپرەك پۇل كېتىدۇ .باللارنىڭ خىراجىتى، ئارىلاپ ئايدا بىر-ئىككى قېتىم قاتار چاي، توي، ئىدەر، سۈننەت، نەزىر ۋە باشقا ئادەمگەرچىلىكلەرگە كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ بىرىمىزنىڭ مائاشى تولۇق تۈگەيدۇ. يەنە بىرىمىزنىڭ مائاشىدىن 500 يۈئەننى يوق ھېسابتا بالىلارنىڭ كېيىنكى ئوقۇشىغا ئاتاپ قويدۇق. ئوقۇشتىكى قېرىنداشلارغا ھەر ئايدا 100 يۈئەن، مەۋسۇم بېشىدا 500 يۈئەن، قېرىنداشلارنىڭ توي- تۆكۈنلىرىگە 500- 1000 يۈئەنگىچە كوڭۇل ئىزھارى قىلىمىز. ئانچە- مۇنچە قىسىپ-چىمدىپ كىيىم كىيمىسە تېخى.
ئالاھىدە مونوپۇل كەسپلەردە ئىشلەۋاتقان، ئايدا 3- 4 مىڭ يۈئەن ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپرەك كىرىم قىلىدىغان ئائىلىلەرگە نىسبەتەن ئەھۋال يەنە باشقىچە بولىدىكەن. بۇ ئائىلىلەردىكى ئاياللار 1000 يۈئەن، 2000 يۈئەنلىك كىيىم كىيىۋاتقان، زىبۇ- زىننەت ئېسىۋاتقان، ئەرلىرى ماجاڭ ئويناۋاتقان، ئىچىملىك- چېكىملىك، بۇزۇقچىلىق ئۈچۈن پۇل خەجلەيدىغان، كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىردىن يۇقىرى ئۆي ئېلىش، ماشىنا ئېلىش، ساياھەت قاتارلىق يۇقىرى ئىستېمال دولقۇنى پەيدا بولدى. دېمەك، ھەركىم ئۆزىنىڭ كىرىمىگە، كەسپىگە، ئورنى ۋە قىزىقىشىغا ئاساسەن ئىقتىساد سەرپ قىلىدۇ. ئادەتتىكى خىزمەتچىلەردە بۇزۇپ- چاچقۇدەك پۇل نېمە ئىش قىلسۇن؟ ئىسراپچىلىق يەنە شۇ ئاز ساندىكى يۇقىرى كىرىملىك ئائىلىلەردە يۈز بېرىۋاتىدۇ. يېقىندا بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، يىلىغا 300- 400 مىڭ يۈئەن كىرىم قىلىدىغان بىرسى بولۇپ، ئۇ كىشى ئاغرىقچان بولۇپ قالغاننى ئاز دەپ، قىمارغا بەك بېرىلىپ كېتىپتۇدەك.
قىسقىسى، مەندە ۋە ئائىلەمدە بۇزۇپ- چاچقىلى پۇل يوق.
ئەمدى پۇلنى نەگە ئىشلىتىش، قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسىگە ئاق- كوك، دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن كىتاپقا قىزىققانلىقىم ئۈچۈن ھەممە ئادەم كىتاپ ئېلىش، ئۆيگە كىتاپ ئىشكاۋى قويۇش، ماي بوياق رەسىمى ئېسىش كېرەك، دەپ قارىمايمەن. ھەممە ئادەم ئۆز كەسپى، قىزىقىشى، ئۆزىگە ماس كەلگەن ئىشلارغا مەبلەغ سېلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئېشىنسا ياخشى كىتاپلارنى سېتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۈستۈرۈش، مەنىۋىي تۇرمۇشنى بېيىتىش كېرەك.
ئومۇمەن، ئەتراپىمىزدىكى زور كوپچىلىك كىشىلەر ماڭا ئوخشاش مائاشقا تايىنىپ ياشايدىغانلار بولۇپ، قەرزدار، غورىگۇل ياشاۋاتقان كىشىلەردە ئىقتىسادچىللىق ئېڭى ۋە تېجەشلىك تۇرمۇش ئادىتى بولمىسا ئەل قاتارى ئۆتمىكى ئاسان ئەمەس.
ئە** ئەپەندى (قانۇن مۇلازىمەت ئورنىنىڭ خادىمى(
يۇقۇرقى تېمىدا سوھبەت ئۇيۇشتۇرۇلىشىدىنلا كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، "پۇل ئېڭى" سۇئال، ئۇندەش سۇپىتىدە ھەممىمىزنىڭ قانائەت دەرۋازىمىزنى پاچاقلاپ تاشلىغان، جۈملىدىن مەنمۇ بۇ مۇستەھكەم قورغىنىمنى ساقلاپ قالالمىدىم. ھەم تېزلا پۇل دۇنياسىغا سىڭىپ كەتتىم. مېنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەئىم روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زەربىگە ئۇچرىغان، قانۇن دەرۋازىسى ئالدىدا "ئادالەت بارمۇ؟ ماڭا ئۇۋال بولدى، مېنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىمنى كىم قوغدايدۇ؟" دەپ نىدا قىلىۋاتقانلارغا مەسلىھەت بېرىپ، ھەمدەم بولۇپ تاپقان پۇل. ھازىر مەن كىرىممدىن رازى ئەمەس، دېسەم ناشۈكۈرلۈك قىلغان بولىمەن. قىلغان ئىشىم كۆپ، ئۈنۈمۈم ئاز. سەۋەبى دەۋالاشقۇچى سودىگەر ئاز، پۇلسىزلار كۆپ. شۇڭا كۆپ ھاللاردا ئىشىم كىشىلەرنىڭ ياخشى تىلەكلىرى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئىسسىق ھاۋا، سوغۇق ھاۋاغىمۇ پۇل تۆلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يېمەك- ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئادەمگەرچىلىك، ئاتا- ئانىلار رازىلىقى ئۈچۈن بولىدىغان چىقىملار، بۈگۈن تاپقاننى ئەتىگە يەتكۈزسەم شۈكرى ، دەيمەن. بىنا ئۆي دەردى، بالا دەردى قوشۇلۇپ كەلگەندە ئاچچىقىمدا ئون توقماق قەرز ئاپتىمەن، خېلى ئارام تېپىپ قالدىم. بۇ مېنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلىشىمگە تۈرتكە بولدى. مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشنىڭ

BABUR

ئۆلچىمى بارمۇ؟ نوقۇل ھالدىكى چەتئەللىكلەر سىرتتا تاماق يەيدىكەن، ساياھەت قىلىدىكەن، كۆڭۈل ئاچىدىكەن، دەپلا كەكلىكنى دورايمەن دەپ قاغىنىڭ چاترىقى كېرىلەپ كەتكەن ئىشلار نۇرغۇن. بىزدىكى ئۆلچەم، مېھمان قىلىشتا قۇلاق مەدىرلىغىچە ئىچىش، قورساق يېرىلغۇدەك يېيىش، ئاشقاننى ئېلىپ كېتىشتىن نوموس قىلىش، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىز يېرىم يالىڭاچلىقتا يۈزلىنىپ رەخت ئاز كېتىدىغان بولىدىمىكىن، دەپتىمەن. ئەمەلىيەتتە، ”كاتتا كىيسەڭ، كالتە كەي“ دەپ، بىر دېھقاننىڭ ئالتە ئايلىق كىرىمىدىنمۇ يۇقىرى. قۇمۇلدىكى يېزىلار بويىچە قارادۆۋە يېزىسى ئەڭ باي .ئەجەبلىنەرلىكى، بىرمۇ دۇكاندىن ھاراق ـ تاماكا ساتقاننى كۆرمىدىم. بىر دېھقاننىڭ كىشى بېشىغا 0.7 مودىن يەر توغرا كەلسىمۇ، يىللىق كىرىمى 10 مىڭ يۈئەن ئەتراپىدا .مانا بۇ ”ئاز يەپ، ئاسان تىربل“ نىڭ مەھسۇلى. ئاز يېيىش تاماقنى ئاز يېيىشنى ئەمەس ئىسراپ قىلماي يېيىشنى كۆرسىتىدۇ. بىز تاپقان پۇلدا نامراتلارنىڭ، ئاجىزلارنىڭ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭمۇ ھەققى بار.“ نەزىر قىلغان، تۇپراق بېشىدا تارقاتقان پۇلنى يېتىملەرگە بەرسە بولمامدۇ؟“ دېمەي ھەرقانداق ھالال تاپقان پۇلدىن يېتىملەرگە ئاپىرىپ تۇرغانلار ئەركەك. ئاشقان پۇل بىر يېرىمىزگە پاتمىغاندىن كېيىن ھالال سودىگەرگە دەسمىي قىلىپ بەرسەكمۇ بولىدۇ. ئۆزىمىز سودا قىلساقمۇ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ، پەرزەنتلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا سەرپ قىلساقمۇ، كۆڭلىمىز توق، تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم ، باياشات ئۆتەلەيمىز. پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس. نوۋىتىدە ئۇ ئادەمنى كۆككىمۇ، كۆپكىمۇ يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، پۇل تېپىشنىمۇ، خەجلەشنىمۇ بىلىش كېرەك.

ق **ئەپەندى (شەھەر قورۇلۇش خادىمى(

.1ئاساسلىق كىرىمىم مائاش، قوشۇمچە ئايالىم تىجارەت قىلىدۇ.

ھازىرقى كىرىمىمدىن رازى ئەمەس. چۈنكى مائاش تۆۋەن. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى.

.2ئادەتتە ئۆي پۇلى تۆلەش، بالىلارنىڭ ئوقۇش پۇلى، ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىمەن. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراقلىرىغا، كىتاب سېتىۋېلىش، ئۆي قەرزى، ئۇن، ماي، ئائىلە تۇرمۇشىغا سەرپ قىلىمەن.

.3ئادەتتە مەن تونۇيدىغان كىشىلەر ئۆينىڭ قەرز پۇلى، ئائىلە تۇرمۇش پۇلى، بىر قىسىملىرى يېتىم ـ يېسىر، ئوقۇشسىز قالغان بالىلارغا ياردەم قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئاجرىتىدۇ.

ئارتۇقچە چىقىملار :نەزىر ـ چىراق، توي ـ تۆكۈن، دوستلار ئولتۇرۇشى، ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشى، گۈل چېيى دېگەندەك سۆلەتۋازلىق قىلىپ مودا كىيىم كىيىش ، ئاشىندارچىلىق قىلىش...4. پۇلنى كىتاب ـ جۇرنال، قىينچىلىقتىكى كىشىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارغا سەرپ قىلىش كېرەك. ئېشىنچە پۇلى بولسا ساياھەت قىلىش، كۆپ پۇلى بولسا مەكتەپ سېلىش، دوختۇرخانا، بالىلار باغچىسى قۇرۇش كېرەك.

م ** ئەپەندى(ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى(

مەن بىر ئوقۇتقۇچى، ئايالىمۇ ئوقۇتقۇچى. ئىككى بالام بار. ھۆكۈمەت بېرىدىغان سويۇملۇك مائاشتىن باشقا كىرىم مەنبەيىمىز يوق. تەمىنلەش، پەسىللىك، يىللىق مۇكاپات پۇلىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ”يۇقىرىغا قاراپ ، تۆۋەنگە قاراپ شۈكۈر قىل“ دەپ كۆڭلۈمدىكىنى ئالسام، ئاز بولسىمۇ ھەر ئايدا كېلىدىغان مۇقىم مائاشىمىز بار .تۇرمۇشىمىز بەك باياشاتچىلىق ئىچىدە ئۆتمىسىمۇ، ھەر ھالدا يامان ئەمەس .بەزىلەر:”بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە ھۆكۈمەت بازارنى قويىۋەتتى. ھەر كىم نېمە قىلسا ئۆز ئەركىنلىكى، سىلەرمۇ ئاشخانا دەمدۇ، دۇكان دەمدۇ، ئىشقىلىپ بىر ئىش قىلىپ پۇل تېپىڭلار. ھازىر پۇل بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. بالىلىرىڭلار چوڭىيىۋاتىدۇ .ئاستىرتتىن 2 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىڭلار. ئىچكى ئۆلكىدىكى ھەر ـ ھەر چوڭ مەكتەپلەرنىڭ پىروفېسسورلىرى كەچلىك بازارلاردا پايپاق سېتىۋاتقىدەك...“ دەپ چاقچاق قىلغانلارمۇ بولدى. بىراق، بىز پارتىيىنىڭ مائارىپ سىياسەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ زېھنىمىزنى باشقا ئىشلارغا چاچماي، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن بارلىقىمىزنى بېغىشلاۋاتىمىز. مائاشىمىزمۇ ئۆسۈپ قالار.

خەجلەشكە تېگىشلىك چىقىملار بولغان يەردە، ئارتۇقچە چىقىملارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. مېنىڭچە، مېڭىپ بارسىمۇ ياكى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ بارسىمۇ بولىدىغان يەرگە ھەتتەملىك قىلىپ تاكسىغا ئولتۇرغان تاكسى پۇلى، ئۇرمىسىمۇ بولىدىغان تېلېفون پۇلى، كەيمىسىمۇ بولىدىغان مودا كىيىم پۇلى، ئوينىمىسىمۇ بولىدىغان تانسا پۇلى، چەكمىسىمۇ بولىدىغان تاماكا پۇلى، ئەي بولمايدىغان كۆچەت پۇلى، ئىئانە پۇلى قاتارلىقلار زۆرۈرىيەتسىز چىقىملاردۇر.

پۇلنى چوقۇم پەرزەنتلىرىمىز ۋە سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن مەبلەغ قىلىپ سېلىشىمىز كېرەك. ئالتۇندىن ئەتىۋار بالىلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى، بەختلىك ياشىشى ئۈچۈن، ياخشى مەكتەپ ، ياخشى كەسپلەردە ئوقۇتۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆچۈن ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىش، ھەر خىل كۇرسلارغا بېرىش، كومپيۇتېر، لۇغەت قاتارلىق زورۇر قوراللارنى ئېلىپ بېرىش كېرەككى ، ھەرگىز كېيىنگە سۈرمەسلىك لازىم.
بۇنىڭدىن سىرت، ئائىلىنىڭ كەلگۈسى ئىقتىسادىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پۇل جۇغلاش كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، دائىملىق تەربىيلىنىشكە مەبلەغ سېلىش كېرەك .شارائىت يار بەرگەندە دۇكان سېتىۋېلىپ ئىجارىگە بېرىش، يەر سېتىۋېلىپ ھۆددىگە بېرىش ياكى پەسلى قۇرۇشتەك ئىگىلىك يارىتىدىغان ئىشلارنى قىلىش لازىم.
ۋ** ئەپەندى ) يېزىلىق ھوكۇمەت كادىرى(
.1ئاساسلىق كىرىمىم خىزمەت ۋە ئىشتىن سىرتقى سوددىدىن كېلىدۇ. كىرىمىمدىن رازى ئەمەس. چۈنكى بىز ئاران 100 ئامېرىكا دوللىرى مائاش ئالىمىز. دېمەك، بىزنىڭ تېخى ئەمدىلا قورسىقىمىز تويىدى. ھەپتىسىگە 2000 دوللار مائاش ئالىدىغان فرانسىيىلىك دوكتۇر مۇئەللىملەرگە يەتمەيمىز. ئۇلار ھەپتىسىگە تۆت كۈن ئىشلىسە پەقەت تۆت كۈندە 6 سائەتلا ئىشلەيدىكەن. 24 سائەتلىك خىزمەت ۋاقتىدا پەقەت ئىككى سائەتلا دەرس بېرىدىكەن. دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى فرانسىيە بىلەن تەڭلەشكەن بولسىمۇ، كىشى بېشىغا توغرىلىغاندا يەنىمۇ تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ.
.2ئەر ـ ئايال ئىككىمىز ئايلىقى 1900 يۈەن مائاش ئالىمىز. 1000 يۈەندىن كۆپرەكى ئائىلە خىراجىتىگە كېتىدۇ. توك 100 يۈەن، تور پۇلى 50 يۈەن، گاز 70 يۈەن، گۆش 100 يۈەن، كۆكتات 50 يۈەن، نان 40 يۈەن، تېلېفون 80 يۈەن، خېنا 50 يۈەن، باللارنىڭ چىقىمى 30 يۈەن، ئۇن ـ ماي 70 يۈەن، كىيىم 100 يۈەن... دېگەندەك. ئۆي ئېلىش ۋە بالا ئوقۇتۇشقا يىغىدىغان پۇللارنى مىسال ئالساق تېخىمۇ كۆپ.
.3تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 4 پىرسەنتىنىلا ئائىلە چىقىمىغا(قاتناش چىقىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سەرپ قىلىدۇ. يەھۇدىيلار مائارىپقا 70 پىرسەنت ئەتراپىدا سەرپ قىلىدۇ. بىزچۇ ناھايىتى يىراقتا قالدۇق. ھوكۇمەت مائارىپقا 4 پىرسەنتكە يەتمىگەن مەبلەغ چىقىرىدۇ. بىز ھەشەمەتچىلىككە، قورساققا كۆپرەك خەجلەيمىز، شۇ.
.4ياش ئاتا ـ ئانىلار ئامال بار ھەشەمەتچىلىككە(تويدا ئۆي جابدۇش، مەھماندارچىلىق، ھاراق ـ شاراپ...) قارشى تۇرۇپ، ئىقتىساد توپلاپ كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. بۇنىڭغا ۋاقىت كېتىدۇ.

پۇللىرىمىز نەگە كېتىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى دەماللىققا بېرىش قىيىن. ئەمما جەمئىيەتتىكى زاھىرەن ئەھۋاللار ۋە يۈزلىنىشلەردىن ھېس قىلىش قىيىن ئەمەسكى، پۇللىرىمىز ئاساسەن مۇنداق «كامار» لارغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ.
بىرىنچى، مال باھاسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى، ئىش ھەققىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆسمەسلىكى، تۇرمۇش تەننەرقىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى بىلەن كىرىمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قورساق ۋە ئادىمگەرچىلىككە سەرپ قىلىنىۋاتىدۇ.
ئىككىنچى، ئۆي ئېلىش. ئۆي ئېلىش بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئىستېماللارنىڭ بىرى. ھازىرقى ئۆي باھاسىنىڭ ئۆسۈشى نەتىجىسىدە قەرز بولماي ئۆي ئالالايدىغان ئادەم ئىنتايىن ئاز ساندا قالدى .ئۆي ئالغاندىن كېيىن ئۆيىنى زىننەتلىتىش قاتارلىق ئالامانلارغا ئۆزنىڭ يانچۇقىنى قۇرۇقدىغاندىن سىرت چوڭلارنىڭ داستىخىنىنىمۇ قۇرۇقداپ قويىۋاتىمىز. چىرايىمىزدا مەجبۇرىي كۈلكە، ئەمما يانچۇق قۇرۇق.
ئۈچىنچى، ماشىنا. ماشىنا ھەيدەپ يۈرۈشمۇ ھۇزۇرلۇق ئىش. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى. لېكىن، مائاش قاتلىمىدىكىلەرنىڭ قەرز ئالماي ماشىنا ئالالايدىغىنى بەكمۇ ئاز. ئۆيىنى قەرزگە ئالغاندىن سىرت، ماشىنىنى قەرزگە ھەيدەپ يۈرگەن كىشىلەرنى ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئالدىن ئىستېمال قىلىش، تۇرمۇشتىن ھۇزۇر ئېلىش، ئىكەن. مەن بۇنى ھۇزۇر، دېگەندىن كۆرە بىئاراملىق، دەپ باھا بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.
تۆتىنچى، بالىنى ئوقۇتۇش ياكى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىش. بالىسى بارلار بالىسىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ۋە تويىنى قىلىش، ئۆيىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ دەردىنى تارتماقتا. شۈبھىسىزكى، ئاتا ـ ئانىلار پۈتنى بىر پاتقاقتىن تارتىپ چىقىرىش بىلەن تەڭ يېڭى بىر پاتقاق كۈتۈپ تۇرماقتا. جاھان خوشلۇقنى كۆرمەي ئۆتكەن ئاقىۋاش ئاتا ـ ئانىلار ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىنىمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى تارتىشىپ ئۆتكۈزمەكتە.
بەشىنچى، بىر قىسىم ئاسان پۇل تېپىشنى كۆزلىگەنلەرنىڭ پاي چېكى ياكى فوندىغا مەبلەغ سېلىشى . مەلۇمكى يېقىنقى يىللاردا پاي چېكى بازىرىدا زور داۋالغۇشلار بولدى. نۇرغۇن كىشى قاقسەنەم بولدى. يۈز مىليونلاپ، تۆۋىنى ئون مىڭ يۈەنلەپ زىيان تارتتى. بىزدەك ئىقتىسادىي ئاساسىي ئاجىز خەلق ئۈچۈن پايچېكى ۋە فوندنىڭ زىيىنىمۇ ئاز بولمىدى.

پۇللىرىمىزنىڭ كىرىپ كېتىۋاتقان «كامار»لاردىن مىنىڭ ھازىرچە بايقىغىنىم شۇنچىلىك. ئومۇمەن ئىقتىساد ئېڭىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئورۇنسىز ئىسراپچىلىق ۋە بىھۆدە چىقىملار ئارقىلىق پارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن پۇللىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. تويلارنى ھەشەم بىلەن ئۆتكۈزۈش، پات ـ پات خوتۇن يەڭگۈشلەش، رايون ئاتلاپ كۆڭۈل ئېچىش... لارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

ئەلۋەتتە، يەنە ئارىمىزدا ئىقتىساد ئېڭىغا ئىگە كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. بەزىلەر ئۆي ـ مۈلۈك سودىسى قاتارلىق پايدىسى زور ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىپ نەچچە يىلدىلا ئۆنۈمنى كۆرۈۋاتىدۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۆرۈمچىدىن كەلگەن زىيالىي سۈپەت بىر ئاكىمىز 10 يىلنىڭ ئالدىدا ئىشىنچە پۇلۇمغا قورۇ ـ جاي ئېلىپ قويۇشۇمنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى. ئەينى چاغدىكى ئىقتىسادىي قۇۋۋىتىمنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى بۇ ئىشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەن ئىدىم .مانا ئەمدىلىكتە، زىمىن باھاسى نەچچە قاتلىنىپ ئۆسۈپ كەتتى. بىر ئىككى جايدىن قورۇ ـ جايلىق بولغانلار نەچچە يۈز مىڭ يۈەننىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى.

پۇل تاپماق ئۆنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس. ماڭاشلىق قاتلامدىكىلەرنىڭ كۆپلەپ پۇل تېپىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك. شۇنداق شارائىتتا بىز پۇل تاپالىساقمۇ پۇل تېجەشنى بىلىشىمىز كېرەك .ئەڭ مۇھىمى پۇللىرىمىزنىڭ نەلەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئوبدان «تەپتىش» قىلىپ تۇرمىقىمىز لازىم. ئورۇنسىز چىقىملارنى بايقىغان ھامان دەرھال ئۇنىڭغا چەك قويۇشىمىز، ئاز پۇل بىلەن كۆپ ئۈنۈم قازىنىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

سۆز ئاخىرى: ئەلۋەتتە، پۇلنى تاپقان ئىكەن ھەركىمنىڭ نىمىگە خەجلەش ئەركىنلىكى بار. يۇقىرىقى سوھبەتلەر گەرچە پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ساداسىغا ۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ بىراق مەلۇم جەھەتتىن ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ سوھبەتلەردىن مەلۇمكى، ئادەت تۈسى ئالغان ئادىمگەرچىلىك قائىدىلىرىمىز، "دوست ـ دۈشمەن" نىڭ ئالدىدا مەغرۇر يۈرۈش ئۈچۈن قىلىدىغان چىقىملىرىمىز ئاز ئەمەس ئىكەن. ئۇنى تۆگىتىش، پۇللىرىنى ئەھمىيەتلىك يوسۇندا سەرپ قىلىش ھەممىلا كىشىنىڭ ئورتاق ساداسى ئىكەن. بىراق، خۇددى "مۈشۈكنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىش" ناملىق مەسەلدىكىدەك ھېچكىم ئۇنى ئۆزىدىن باشلاشقا جۈرئەت قىلالمايۋېتىپتۇ. ئىقتىساد بىر قەۋمنىڭ گۈللىنىشىگە بەلكىم ئوخشاش زورۇر نەرسە .مۇھتاجلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان خەلقىمىزدە پۇل ھەققىدە نۇرغۇن ھېكمەتلەرئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ كەلمەكتە. ماتېرىياللاردىن كۆرۈشىمىزچە، دۇنيادىكى بايلىقنىڭ 90 پىرسەنتى دۇنيا نوپۇسىنىڭ 10 پىرسەنتىگە يەتمىگەن كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن ئىكەن.

ئەمدىكى گەپ، ھەر بىر كىشى پۇل تېپىشنىلا ئەمەس ئۇنى قانداق سەرپ قىلىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇشى زۆرۈر. پۇللا بولۇپ ئۇنى سەرپ قىلىشتا توغرا ئەقىدە، پىلان بولمىسا ئۇ توزانغا ئوخشاش بىردەمدىلا غايىپ بولىدۇ .توغرا ئەقىدە بىلەن پۇل تاپىدىغان ھەم ئۇنى سەرپ قىلىدىغان روھ بىزگە نېسىپ بولغان كۈنى ئىشلىرىمىزدا يېڭىچە يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلگەن بولاتتى.

بۇ سۆھبەت تەخمىنەن 5 ـ 6 يىلنىڭ ئالدىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان. نۆۋەتتە، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن تۇرمۇش تەننەرقىمۇ ماس ھالدا ئۆسمەكتە. بۇ تېمىدىن تورداشلار مۇۋاپىق نەپ ئالسا دېگەن ئۈمىدتىمەن.

## تۈركىيەئاناتولىيىدىكى ئۇيغۇر رايۇنى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە كورىيە ئۇيغۇرلىرى

مىنىڭ ئادەتتە بوش ۋاقتىم. چىقسىلا كۇتۇپخانىغا ۋە تورغا چىقىپ نۇرغۇن ئۆزۈمگە پايدىلىق ۋە مەن قىزىقىدىغان تېمىلاردىكى ماتىرىياللارنى كۆرىدىغان ئادىتىم بار. بولۇپمۇ مەن ئۈچۈن سىرلىق تويۇلدىغان ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناغىۋەتلىك ماتىرىياللارنى كۆپ كۆرىتىم

بىر كۈنى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىن يېڭى چىققان ژورناللارنى كۆرىۋېتىپ شىنجاڭ ئۇنىۋىرستىتى ئىلمى ژورنىلىنىڭ 2008 ـيىللىق 2 ـسانىغا بىسىلغان ئابدۇكېرىم رەھمان ئاكىنىڭ «ئانا تولىدىكى ئۇيغۇر رايۇن ئۈستىدە تەكشۈرۈش» دېگەن تېمىدىكى ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش ئىچىدە ماقالىنى ئوقۇپ چىقتىم .

BABUR

ماقالىدە تۈركىيدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار بىلەن زاماندىش بولغان كورىيەلىك ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇقۇپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم. مەن بۇ ئۇچۇرنى تېزدىن ساۋاقداشلىرىمغا يەتكۈزدۇم ۋە ژورنالنى ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلدىم. لېكىن ئۇلارنىڭ قىزىقىشى مەن بىلەن ئوخشىمامدۇ ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگەۋە خىزمەت تېپىشىغا پايدىسى بولمىغاچقىمۇ ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمىدى .

ئۇلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق بۇ ئۇچۇر. يالغۇز ماڭىلا تەسىر قىلغاندەك قىلاتتى. دېمىسمۇ بۇ ئۇچۇر مېنى خۇش قىلغان ۋە تەسرلەندۈرگەن ئىدى. بۇلۇپمۇ ئۇلارنىڭ 700يىل ياقا يۇتلاردا ياشىغان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئونۇتمىغانلىقى تەسىرقىلغان ئىدى.ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولغاچقا بۇ خوشالىقتىن ئۆزۈملا بەھرىمان بولدۇم .

مۇشۇ يېقىندا مۇنازىرە تور بەتلىرىنى ئارلىغاچ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جېك بىلوگىنى ئېچىپ تېمىلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ>> ئامېرىكىلىق قەشقەرلىك<<دېگەن تېمىنى كۆرۈپ قىزىقىش بىلەن ئوقۇدۇم. ئەسلىدە ئۇكېشىنىڭ تېگىنىڭ كەشمىرلىك ئىكەنلىكىنى. ئىسمىنىڭ نىل قەشقەرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە يەنە ئامېرىكىدىكى بىر تېلۋىزىيە پىروگىراما رىئايەتچىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ئۇكېشىنىڭ تىگىنىڭ تۈركىيلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ھەمدە مۇنازىرىنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىنى بۇ تېمىغا توردىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدىم. لېكىن نېمە ئۇچۇن بۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيۋاتقانلىقىنى سەۋەبىنى بىلىشكە تەقەززا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا مەن ژورنالدا كۆرگەن ماقالە بىلەن بۇ ئىككى كېشىنىڭ مۇناسىۋتى بارلىقىنى سەزدىمئ .

شۇڭا شۇ ماقالىدىن ئۈزۈندە ئېلىپ سىلەرنىڭ بۇ ئىككى كېشىنىڭ بىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر ئاز بولسىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەسلى ماقالە بەك كۆپ بولغاچقا ۋە مېنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇرچە خەت بېسىشىم بولغاچقا ئەسلى ماقالىنىڭ 2\3 قىسمى قىسقارتىلدى. شۇڭا ئەسلى ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن .

2007 ـ يىل ـ 9ئاينىڭ ـ 10كۈندىن15 —كۈنىگىچەتۈركىيە جۇمھۇرىيتىنىڭ پايتەختى ئەنقەرە شەھرىدە89 دۆلەتتىن كەلگەن. 1500دىن كۆپرەك ئادەم ـمۇتەخەسسىلەر قاتناشقان<<38.ICANAS>> جەلقئارا ئىلمى كۇنفرىنسىيىسى ئېچىلدى .

بۇقېتىمقى كۇنفرىنسىيىگە<<ICANAS>> نىڭ نەكلىپىگە ئاساسەن مەلىكتىمىزدىن8نەپەر ئىلمى خادىم قاتناشقان .

مەن<<38.ICANAS>>نىڭ مۇدىرى تۈركىيە جۇمھۇرىيتى>> ئاتا تۈرك كۇلتۇر.تىل ۋە تارىخ يۇكسەك قۇرۇمى<<نىڭ باشقانى(رەئىسى)پىروفىسور .دوكتۇر سادىق تۇرال ۋە كورىيدىن كەلگەن پىروفىسور .دوكتۇر جاڭ يۇڭخۇن بىلەن يىغىن ئارلىقىدىكى بىر قېتىملىق سۆھبەتىمدە قىزىقارلىق بىر ئىلمى ئۇچۇرغا ئىگە بولدۇم .

ـ رەھمان نېگ سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار تارىختا ئۆزبېشىدىن ئاجايىپ قىسمەتلەرنى كەچۈرگەن بىر جەڭگىۋار خەلىق ئىكەن ـ دەپ سۆزباشلىدى.سادىق تۇرل خوجا .

ـ قانداق دەيسىز؟ ـ دېدىم.سۇئال نەزەرى بىلەن. مەن90 ـ يىللارنىڭ ئاخىردا تارىخ قۇرۇمى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان>> ئەرتنالىلار (ERATNALILAR)<<ناملىق بىر تارىخى كىتابنى ئۇقىغان ئىدىم. بۇكىتاپتا بۇنىڭدىن 700يىللار ئىلگىرى ئاناتولىيەدە بەگلىك قۇرغان ئەرتنا ئىسىملىك ئۇيغۇر!ئەمىرنىڭ يېرىم ئەسىرلىك تارىجي پائالىيتىگە بېغىشلانغان.ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ھازىرمۇ ئۇيغۇر ئېتونىمى بىلەن ئاناتولىدا ياشاۋېتىپتۇ .

ـ بىز نىڭ كورىيدىمۇ ئاشۇدەۋرلەردە يەرلىكلەشكەن ئۇيغۇرلاربار.ئۇلار ئەڭ دەسلەپ چىڭگىزخانىڭ نەۋرىسى قۇبۇلاخانىڭ شەرىققە يۈرۈش قىلغان قوشۇنلىرى تەركىبىدە كورىينىڭ خەنۇبىي قىسمىدا ئولتۇراقلىشىپ قالىپتىكەن ھازىر1000دىن كۆپرەك ئۇيغۇر بىرىيىزىدا توپلىشىپ ياشايدۇ .مەن ئۇلارنى تەكشۈرۈپ ئىككى پارچە مۇنوگىراپىيە ئېلان قىلغان ئىدىم. لارىم تېپىلساسىزگە ئەۋەتىپ بېرەي .

ناۋادا قىزىقسىڭىز كورىيىگەكىلىپ بۇئەخدادلىر ئىگىزنى زىيارەت قىلىڭ.مەن سىزگە ياردەمدە بولىمەن ـ دېدى. كورىيلىك تىلشۇناس دوستۇم جاڭ يۇڭجۇن ئەپەندى .

بۇ ئىككى ئۇچۇر مىنى بەكمۇ جەلىپ قىلدى. تۈركىيدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىرقىسىم ۋەتەنداشلاردىن بۇھەقتە

سورسام بۇ ئۇچۇردىن ھېچقايسىنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن>> .توۋا.بىرزېمىنداياشاپ تۇرۇقلۇق ئۇ يەردىكى

قېرىنداشلىرىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىدىن خەۋەرسىز ياشاپتۇدە، ئۇلار<<دەپ پىچىرلىدىم ئىچىمدە .

يۇقىرقى ئىككەيلەننىڭ پارىڭى مەندە كۈچلۈك قىزىقىش قوزغىدى. نەتىجىدە چۇقۇم پۇرسەت چىقىرىپ ئۇلارنى زىيارەت قىلىش قارارىغا كەلدىم. بۇ ئارزۇيۇم يەنى ـ2007 يىلى 11ـئاينىڭ 10ـكۈنىدىن 16ـكۈنىگىچە تۈركىيە جۇمھۇرىتى>> ئاتاتۇرك كۇلتور. تىلۋەتارىخ يۇكسەك قۇرۇمى<<رىياساتچىلىكىدە ئېچىلغان6ـ>>نۇۋەتلىك خەلقئارا ئاتا تۇرك ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى<<غا قاتنىشش جەيانىدا ئەملگە ئاشۇردۇم. بۇ قىتىمقى يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كىيىن. تۇركيە پەنلەر ئاكادىمىسيى يىنىدىكى>> تارىخى قۇرۇمى<<غا بېرىپ.ئۇلار تەمىنلىگەن يىپ ئۇچى بۇيىچە مۇ ئەللىپ كامال گودە<KAMALGODE>نىڭ1994ـيىلى تۇرك تارىخى قۇرۇمى باسمىخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) ERATNALILARئەرتناللار)ناملىق بىر تارىخى كىتاپىنى تاپتىم.ھەمدە تۇركىيدىكى بىر قىسىم ئالاقدار خادىملار ماڭا ئانا تولىينىڭ غەربىي شىمالى قىسمىدىكى ئاماسيا ۋىلايىتىدە بىر>>ئۇيغۇر بەلېدېيىسى<<ئۇيغۇر رايۇنى بار ئىكەنلىكى. ھازىرغىچە ئۇيغۇرنامى بىلەن بۇ رايۇندا ياشاۋاتقان خەلىقلەر ئۇيغۇر بىگى ئەرتنانىڭ جەمەتىدىن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تونۇشتۇردى. مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن پىرفېسسۇر.دوكتۇر سادىق تورال خوجىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەنقەرەدىن700 كىلومىتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قارادېڭىز بۇيىغا جايلاشقان تاغلىق شەھەر ئاماسيا غا يۇرۇپ كەتتىم .

بىز ئاماسيا شەھىرىنى بىركۇن زىيارەت قىلغاندىن كېيىن ئەتىسى سەھەردە ۋالى ئىشخانا مۇدىرىنىڭ ھەمراھلىقدا>>ئۇيغۇر رايۇنى<<غا قاراپ يولغا چىقتۇق. ماشىنا بىلەن يېرىم سائەت يۇل يۇرگەندىن كېيىن، تۆمۈر بىلەن ياسالغان ئەگمىنىڭ ئۇستىدىكى<<UYGUR BELEDIYESI>>دەپ خەت يېزىلغان تاختىغا كۆزۈم چۇشتى. ئۇيغۇر رايۇنى مانا مۇشۇ چېگرادىن باشلىدىكەن. ئۇيەردىن بىر كىلومىتر ئىچكىرىدە ئاسفالىت يولغا يانداپ سېلىنغان بىرماي قچلاش پونكىتى بارىكەن .بۇنكىتنىڭ ئۇستىدىكى قىزىل تاختىغا يېزىلغان UYGUR>> petgol<<)ئۇيغۇر ماي قاچىلاش ئورنى)ۋېۋىسكا ئېسلىپتۇ. ھەتتا پونكىت ئالدىكى ھەربىر ماي تۇڭىنىڭ ئۇستىگىمۇ ئەشۇ ماركا ئېنىق يېزىلىپتۇXIIIـXIV .ئەسىرلەردە تەگرىتاغ ئېتەكلىرىدىن ئايىلىپ. 20نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئانا تولىيەزېمىنىنىڭ بۇ خىلۋەت تاغ قاپتىلىدا ماكانىلاشىپ ياشاپ كېلۋاتقان قېرىنداشلىرىمىنىڭ ئۆز ئېتنونىمىنى ئۇنۇتماي ئۇيغۇر ماركىسىنى ۋىۋىسكا ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقانلىقىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، ۋىۋىسكا ئالدىدا بىر پارچەخاتىرە سۇرەتكە چۇشتۇم. شۇ ئەسنادا قارشى تەرەپتىن بىر كۇلۇەك پىكاپ ئالدىمىزغا كېلىپ توختىدى . ماشىندىن سالاپەتلىك ئىككى ئەر چۇشۇپ ئىززەت ـئېكرام بىلەن)<<hos geldiniz!>>خۇش كەپسىز)دەپ. مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئارقىدىن مېنىڭ يولباشلىغۇچىم ئۇلارنى تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ بىرى مۇشۇ>>ئۇيغۇر بەلېدىيسي<<نىڭ پىشقەدەم باشقانى ھەسەن ئەر يەنە بىرى توكات ئونىۋېرستېتىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى دوتېنت ھۇسەيىن ئەپەندى ئىكەن. ھەر ئىككەيلەن مۇشۇ رايۇندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇرلاردىن ئىكەن .

بىز تەكشۇرۇش ئوبىكتى قىلغان بۇ>>ئۇيغۇر بەلېدىيە<<سىنىڭ باشقانى ھەسەن ئەرنىڭ تونۇشىغا ئاساسلانغاندا. ھازىر بۇ رايوندا5200كېشى بولۇپ، ئۇلار ئۆزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ھېساپلايدىكەن

شۇڭلاشقا ھۆكۈمەت تەرەپمۇ ئۇلار ئولتۇراقلاشقان بۇ رايۇننىڭ نامىنى>> ئۇيغۇر بەلېدىيىسى<<دەپ ئېتراپ


قىلغان، ئۇلارنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كېلۋاتقان بىر پارچە پارىسچە يېزىلغان شەجەرە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوسمانلار سۇلتانلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بۇرايونغا ئۇلارنىڭ ماكانلاشقانىقى خاتىرىلەنگەن بۇشەجەرىنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كىلىۋاتقان مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاقساقىلى ۋەلىيوللا ئىمام بىزگە ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاتاـبوۋىمىز دائىم>>بۇ تۇپراق بىزنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىمىز .ئەسلىي زاتىڭلاتنى ئۇنۇتماڭلار. ئانا ۋەتەننى قايتا كۆرۈش بىزگە نىسىپ بولمىدى .ئۆمۈرلۈك ئارزۇـئۇمىدلىرىمىزسلەرگە ئامانەت قالدى<<..........ۋەسىيەت قىلاتتى .

خاتىمە

چىڭگىز ئىستېلاسى دەۋرىدە. مۇڭغۇل قوشۇنلىرى تەركىبىدەممەلىكەت ئېچى ۋە سىرتىدا ئۇنۇملۇك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، شۇ جايلاردا يەرلىكلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ھەقدە بىزدە تىخى ئەتراپلىق ۋە يېتەرلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىق تارىخىدا تەتقىق قىلىشقا ئەرزىدىغان

BABUR

ئەھمىيەتلىك بىر تېما ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ تېمىغا قىزىقانلىقىم ئۈچۈن. دەسلەپكى قەدەمدە قوبۇلايخانغا ئەگىشىپ ئوتتۇراۋە جەنۇبىي جوڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشلىرىدا ئاجايىپ جەڭگىۋارلىق كۆرسەتكەن<<جىيەن>>فامىلىك ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ. شىنجاڭ ئۇنىۋىستىتى ئىلمى ژۇرنىلىنىڭ 2007ـ يىللىق2ـ سانىدا ئېلان قىلغان ئىدىم. ئۆتكەن يىلى تۈركىيدە ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمى يىغىنىغا قاتنىشىش جەريانىدا ئېرىشكەن ئۇچۇر غا ئاساسەن تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن زامانداش بولغان ئاناتولىيىدىكى يەنە بىر ئۇيغۇر رايۇنىنى تەكشۈرۈش پۇرستىگە ئېرىشىپ. ئۆگىنىش نەتىجىسى سۈپۈتىدە مەزكۇر ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. بەزى تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا XIIIئەسىردىكى مۇڭغۇل ئېمپىرىيىسى دەۋرىدە ئىلىمىزنىڭ شەرىقى جەنۇبىي دېڭىز بويى رايونلىرىدا جۇملىدىن كۇرىيە ، ھىرات ، كەشمىر.......قاتارلىق چەتئەل رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى مەلۇم. شارائىت يارىبەرسە. ئۇلار ئۈستىدە بىۋاستە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ. بۇ قېرىنداشلارنىڭ تەكتى ۋە تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئېنىقلاشنى ئارزۇ قىلىمەن .






نىل قەشقىرى



BABUR

## شەھەرلەردە ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقان ئادەتلىرىمىز

**غالىپ مۇھەممەد قارلۇق**

شەھەرـ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ساپلىقتىن يىراق داشقايناق كارتىنىسى . بۇ يەردە تۇرمۇش رىتمى تېز ، تىرىكچىلىك شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرگە تولغان بولىدۇ . تۇرلۇك مەدەنىيەتلەر ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ . كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ، كۆز قاراشلىرىمۇ تاشقى تەسىرلەرنىڭ غىدىقلىشىغا ئاسان ئۇچرايدۇ . شۇڭا «مودا» ، «ھەشەم – پەشەم» ، «يېڭىلىق» ، «زامانىۋىلىق» دېگەنلەرمۇ ئەڭ ئالدى بىلەن شەھەردە بىخ سۈرۈپ ، ئاندىن يېزىلارغا كېڭىيىدۇ . شەھەرلەردە ماددىي ئىستېمالغا يارىشا مەنىۋى ئىستېمالمۇ ئوخشاشلا تاۋارلاشقان بولىدۇ . بۇ يەردە يېڭىلىقمۇ ئاسان قوبۇل قىلىنىدۇ ھەم ئاسان كونىرايدۇ . نۇرغۇن نەرسىلەر شەھەردە قايتىدىن چېچەكلەيدۇ ، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر ئاستا ـ ئاستا توزۇپ كېتىدۇ . ئالدىراشچىلىققا تولغان بۇ يەردە گاھىدا ئادەمنىڭ خىيال سۈرۈشىگىمۇ ، «توۋا قىلىشى» غىمۇ ۋاقتى چىقماي قالىدۇ . ئادەم ئۆزىمۇ بەزمىگەن ھالدا ئۆزى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاھـ تىلىك مۇناسىۋەتتىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ كونىراۋاتقا5ـ لىقىنى ، ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ياكى يوقىلىپ

ئۈنتۇلۇۋاتقانلىقىنى ، يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدۇ . مەنمۇ ئالدى ـ كەينى بولۇپ چوڭ شەھەردە ياشاۋاتقىلى ئون يىلچە بولۇپ قالدى ، بۇ جەرياندا مەن شەھەرنىڭ قىياپىتىدە يېڭى ـ يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش پۇرسىتىدە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، كىشلەرنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ، ئىستېمال سەۋىيىسى ، ئاڭ ـ قاراشلىرىدىمۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ھەم كۆردۈم . ئەمما ، بۇ جەرياندا خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخي تەرەققىيات داۋامىدا شەكىللەگ ـ دۈرگەن ھەم يېتىلدۈرگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ، گۈزەل ئەخلاق ، ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن قىسمەن تەركىبلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىرىپ ياكى ئاينىپ ،? سۇسلىشىپ ياكى ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانمايمۇ تۇرالمىدىم . تۆۋەندە ئەنە شۇ ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاققان ئېسىل ئادەتلىرىمىزدىن بىر نەچچىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە قىلماقچىمەن:

1

يېقىندا بىر دوستۇم مېنى بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ ئاپاردى . مەنمۇ نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا «دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى قىلىپ» ماقۇل دەپتىكەنمەن . ئەسلىدە ئۇ ئۆيدە تۇغۇتلۇق ئايال بار ئىكەنتۇق . يەنى دوستۇمنىڭ دوستىنىڭ ئايالى يەڭگىسپ 5 ا كۈندەك بوپتىكەن . مەن سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدۇم . ئەمما دوستۇم ۋە ئۇنىڭ دوستى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى . ئارىلىقتا مەن دوستۇمغا : « ئايالى يەڭگىگەندى دەپ قويساڭ بولماسمىدى» ، دېگەندەك قىلىپ دوق قىلىۋىدىم ، دوستۇم :«ۋاي ، نېمە بولماقچىدى ، ئارتۇقچە ئويلىنىپ كەتمىگىنە» ، دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى . قايتقاندىن كېيىن دومنۇمغا : « ئادەتتە تۇغۇتلۇق ئۆيگە ئايالنىڭ قىرىقى توشقىچە ئۆي ئىگىلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ خالىغانچە كىرىپ ـ چىقىشىغا بولمايتتى» دېسەم ، دوستۇم ماڭا بۇنىڭ كونا زاماندىن قالغان ئادەت ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ھازىر ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى ، راستىنى دېگەندە بۇنى ئۆزىنىڭمۇ ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ، دوستىنىڭ، تەكلىپى بىلەن بارغانلىقىمىزنى ئەسكەرتتى . قارىغاندا دوستۇم ۋە ئۇنىڭ دوستىمۇ خەلقىمىزدىكى بۇ ئادەتتىن خەۋەر سىزدەك قىلاتتى .

ئەمەلىيەتتە خەلقىمىزدە تۇغۇتلۇق ئۆيگە قالايمىقان ئادەم كىرىپ ـ چىقىش پەرھىز قىلىنىدۇ . شۇڭا تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆينىڭ ئىشىك بېشىغا قىزىل لاتا ئېسىپ قويۇش ئېغىر ئاياغ ئايالنىڭ كۆزى يورۇغاندىن تارتىپ تاكى ئۇنىڭ قىرىقى توشقانغا قەدەر جەمئىي قىرىق كۈن ئەتراپىدا داۋاملىشىدۇ . بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت تۇغۇت جەريانىدا زىيادە كۈچىنىش، جىسمانىي جەھەتتە بەكلا ئاجىزلاپ كېتىدىغان ئايالنىڭ ياخشى ئارام ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت .

بۇنىڭدىن بانتىقا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارمۇ بۇ دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان بولغاچقا بەدىنى ئاجىز ، ئىممۇنىتېت كۈچى تۆۋەن بولىدۇ . ئانا ـ بالىنىڭ (بوۋاقنىڭ)ياخشى ئارام ئېلىشى ئۈچۈن ئۆي ئىگىسىنىڭ ھەممىلا ئادەمگە«ئۆيىمىزدە تۇغۇتلۇق ئايال بار ، ۋاقتىنچە كىرمەي تۇرۇڭلار» دەپ ئۇقتۇرۇپ بولالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان ، جۇلالىق قىزىل رەڭلىك لاتىنى ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇش ئار قىلىق يۇقىرىقى مەقسەتنى ئىپادىلەش ئادىتى تەدرىجي تەكىللەنگەن ، مېنىڭچە بۇ ئادەتنىڭ پايدىسى باركى زىيىنى يوق .

2

توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي شەھىرىمىزدىكى مەلۇم ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋالدىم . قورۇدا

ئۇيغۇر ئائىلىلىكلىرىمۇ يەتتە ـ سەككىزگە يېتەتتى . بىز بۇ قورۇغا ماكانلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئايالىم بىر قاچا تاماقنى قوشنىمىزغا سۇنغىلى كىرىپ كەتتى . بىراق ، ھايالشمايلا چىرايىنىڭ ئۆڭى ئۆچكەن ھالدا قايتىپ چىقتى . مەن «بىر ئىش بولدىمۇ» دېگەن قىياپەتتە ئايا ـ لىمنىڭ چىرايىغا قارىدىم .

ـ يولدىشى يوق ئىكەن ، ئايالى بار ئىكەن . تاماق ئەتكەنىدىم ، تېتىسپ باقارمىكىن دەپ ئېلىپ كىرگەنىدىم دېسەم ، بىر نەرسىگە ھەيران قالغاندەك چىرايىمغا تىكىلىپ قاراپ تۇرىدۇ . ئارقىدىن «يولدىشىم مەلۇم ئىشى بىلەن بازارغا كەتكەن . مەن بولسام ھېلىراقتا سىرتتا تاماق يەپ قايتىپ كىرگەنىدىم» دەيدۇ ،«ئەكەلسىلە قوللىرىدىكى چىنىنى ئالاي» دېمەيدۇ .

ـ سىز بىر نەرسە دېمىدىڭىزمۇ ؟

ـ ئەسلىدە قايتىپ چىقاي دەپ ئويلىغانىدىم . بوپتۇلا «تاماق سۇناي دېگەن گۇناھ ئۆزۈمدە» دەپ يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ۋە تاماقنى مېھمانخانا ئۆيىدىكى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويۇپلا ، «باللارنىڭ دادىسى ساقلاپ قالدى ، مەن چىقاي ئەمسە» دەپلا قايتىپ چىقتىم . ھەي ، ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكۈ دەك بولدۇم ، ـ دېدى .

مەن بۇ ئىشتىن سەل ئەپسۇسلاندىم . خەلقىمىزنىڭ قوشنىدارچىلىق ئەنئەنىسىدىكى بىر ئېسىل ئادەت بۈگۈنكى كۈندە شەھەرلەردىكى كىشىلىرىمىز ئارىسىدا سۇسلىششقا يۈزلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى ، گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام ، بۇنداق ياتلىشىش ، ئادەت «ساۋاتسىزلىقى» يالغۇز قوشنام بىلەنلا چەكلەنمىسە كېرەك . بىر بىنادا ئۆزاق يىل؟ بىللە ئولتۇرۇپمۇ كىرىش ـ چىقىش قىلمايدىغان ، ھەتتا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇلدىكى ھەقەمسايە قوشنىسىنى تونۇمايدىغان ئەھۋاللار شەھىرىمىزدە خېلىلا كۆپ . قوشنىلار ئارا ئەپ ئۆتمەي جېدەل ـ ماجىرا قىلىدىغان ئەھۋاللارغا نېمە دەي تېخى ؟ ! . . . كىشىلەرنىڭ كىيىمى پۈتۈن ، قورسىقى توق بولۇش مەسلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولۇنغان ھازىرقى شارائىتتا ھېچكىم ھېچكىمگە زار ئەمەس . قونىك ـ لارئارا تاماق سۇنۇشتا قانداقتۇر باشقىچە بىر مەقسەت ياكى قارشى تىدرەپنىڭ ((ئاچ قالغانلىقى)) كۆزدە تۇتۇلغاگ ـ مۇ ئەمەس ، بەلكى ئوخشىغان بىر ۋاقىلىق ئىسسىق تاماقتىن قوشنىلارنىمۇ تەڭ بەھرىلەندۈرۈپ ، بۇ ئارقىلىق ئىناقلىق ، ئىتتىپاقلىق ، چۈشىنىشنى كۈچەيتىش ، باردى ـ كەلدىنى قويۇقلاشتۇرۇپ ، قوشنىلارئارا مېھىر – مۇھەببەتنى ئۇلغايتىش ئۈچۈندۇر ، خالاس .

3

ئۇزاقنىن بۇيان ھېيتنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەر ھېيتتا يۇرتقا بېرىپ كېلەتتىم ، بۇ قېتىم ھېيتنى ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى . بىراق ، نېمىشقىدۇر بۇ يەردە ھېيتنىڭ تازا «سۆلكىتى» نى ھېس قىلالمىدىم ، يۇرتلاردىكىگە ئىنتايىن روشەن سېلىشتۇرما ھالدا بۇ شەھەردە ئاندا ـ ساندا ھېيتلاش ، يەككە ھېيتلاش ، ئۆزى بىلەن ئۆزى ھېيتلاش گەۋدىلىك ئىدى . ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى قورۇدىكى قولۇم ـ قوشنىلار ئارا ھېيتلايلى دېسەك ، ئۇ ـ بۇ سەۋەبلەر بىلەن بەزىلەر ئۆيىدە يوق بولۇپ چىقتى . بىر ـ ئىككى قوشنىمىز بار ئىكەنتۇق ، شۇلارنىڭكىدە ھېيتلىغاچ ، ئۆيگە ھېيت پەتىسىگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ قايتىپ چىقتۇق . ئەتىسى قارىساق ئۇلارمۇ يوق ، باشقىلار يەنە يوق . ئۆگۈنلۈكىمۇ ھەم شۇنداق . . . شۇنىڭ بىلەنئىشكنى «گۇم» تاقاپ ، بىزمۇ «يىراقنىكى» دوستلارنىڭكىگە ھېيتلىغىلى ئاتلاندۇق . شۇنداق قىلىپ ھېيتمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بولدى . ئارىلىقتا ھېيتتا كۆرۈشەلمىگەن قوشنىلار ـ دىن بىر ـ ئىككىسى ئۇچراپ قېلىپ «ھېيتلاتساق ياخشى بولاتتى ، شۇغىنىسى چوڭلار بىلەن ، دوستلار بىلەن ھېيتلىشىمىز دەپلا ئۆتۈپ كەتتىغۇ بۇ ۋاقىت ئالدىراشچىلىقتا » دەپلا گەپنى تۈگەتتى . «راست ، ، بىر قورۇدىكى قولۇم ـ قوشنىلار تۇرۇپ ئۆزئارا ھېيتلاشقا ئازراقمۇ ۋاقىت ئاجرىتالمىغاندىن كېيىن ، ھەقىقەتەن ئالدىراش ئوخشايمىز ـ ھە » دەپ ئويلىغاچ مېيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم . ھېيتتىن كېيىنكى كۈنلەردە بولسا ئەتراپىمىزدىكى تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ئاغزىدىن «ۋاي ، بۇ ئۇرۇمچىدە ھېيت پەتىسى تازا تۈزۈك بولمايدۇ . كۆپ ھاللاردا ھېيتنى ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز ئۆتكۈزىدىغان گەپ ! ئىشكىنى تاقاپ ، قازانغا سالغان گۆشنى ئۆزىمىز مەززە قىلىپ يېگەچ ، شور ـ پىسىنى ئىچىپ ئولتۇرىمىزغۇ ، شۇ . . . » دېگەندەك گەپ سۆزلەرنى كۆپ ئىشىتىپ ، ئۆزۈمگە تەسەللى تاپقاندەك بولدۇم . شۇغىنىسى ، يۇرتۇمدىكى ھېيت تەنتەنىسى كۆزۈمگە گۈل كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى .

ھېيت بىزنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان ئەنئەنىۋى بايرىمىمىز . ھېيتتا ئۆزئارا پەتىلەش ھېيتىمىزنىڭ ئەقەللىي قائىدىسى ھەم بىر كۆركى . ئادەتتە ھېيتتا «ئالاھىدە» تەكلىپ قىلىنمىسىمۇ (ئەنئەنە بويىچە بۇنداق قىلىشنىڭ

زىنهار هاجىتى يوق) ئۆزلۈكىدىن تەشكىلللىنىپ جامائەت بولۇپ هېيتلىشىش كېرەك ئىدى . ئەمما تەكلىپ قىلىپمۇ ، سەپەرۋەرلىك قىلىپمۇ ئۆزئارا پەتىلەشكىلى بولمىسا ، ئەمدى هېيتنىڭ نېمە مەنىسى ، نېمە مەززىسى ، نېمە خاسىيىتى قالدى ؟

**4**

ئۆتكەندە بىر دوستۇمنىڭ دادىسى ماڭا تېلېفون قىپتۇ : «بالام ، ئۆيگە بىر كېلىپ كەتسىڭىز» ، مەن ماقۇل دېدىم ۋە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە باردىم . ئەهۋالىشىش جەريانىدا مەلۇم بولدىكى ، دوستۇم چوڭ ئۆيگە كەلمىگىلى ئىككى ئايچە بوپتۇ . تېلېفوندا ئاز ـ تولا سالام ـ سائەت قىلغاندىن باشقا بىۋاستە ئۇچرىشىپ باقماپتۇ ، قىسقىسى يوقلاپ كەلمەپتۇ .« بىز ئۇنىڭ پۇلىغا ، سوۋغا ـ سالىمىغا قاراشلىق ئەمەسقۇ ، پەقەتلا شۇ دىدارىنى كۆرۈش كە خۇمار بولۇپ ، بالا مېهرىمۇ ئاخىر . . .» دېگەنلەرنى قوشۇپ قويدى هەدىمىز . شۇڭا ئۇلار مېنىڭ دوتۇمغا «ئىدىيۋى تەربىيە» ئىشلىشىمنى ئۆتۈنۈپ ماڭا تېلېفون قىلغانىكەن . مەن ئەتىسىلا ۋاقىت چىقىرىپ دوستۇم بىلەن پاراڭلاشتىم . دوستۇم باشتا سەل هەيران قالغاندەك بولدى ، خىجىل بولغاندەكمۇ بولدى ، «مۇشۇ ئىشنىمۇ ساڭا ئېيتىپ . هاۋالە قىلىپ يۈردىمۇ ، تازا قاملاشلمىغان ئىشتە بۇ . . .» دېگەندەك قىلىپ سەل خاپا بولغانمۇ بولدى ۋە ئاخىردا : « يېقىنىنقىاقى ئىشلىرىم ئالدىراش بولۇپ كېتىپ يوقلاپ بارالمىدىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىمىنىڭ بىزنىڭ چوڭلاردىن سەل رەنجىشى بار ، ئۇ مېنىڭ بېرىشىمنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ . ۋاي ، تېلېفوندا كۆرۈشكەندىن كېيىن بولىدىمۇ» دەپ گېپىنى خۇلاسىلىدى . « ماۋۇ گېپىڭلار تازا قاملاشمىدى ئاداش ، تېلېفوندا ئەهۋال سوراش باشقا گەپ ، ئالدىغا بېرىپ دىدارلىشىپ ئەهۋال سوراش باشقا گەپ . سەنمۇ بىر كۈنلەردە قېرىلىق يېشىغا يەتكەندە ئاندىن بۇ گەپنىڭ هەقىقىي مەنىسىنى ، ئاتا ـ ئانىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىسەن ئاداش . . .» دېگەچ بىر مۇنچە قائىدە ، نەسىهەتلەرنى سۆزلىگەن بولدۇم .

ئاتا ـ ئانا ئۇلۇغ ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر ئۆمۈر هەر ۋاقىت بالا غېمىدە يېنىپ ـ ئۆچىدۇ . شۇڭا ئاتا ـ ئانىلارنى دائىم يوقلاپ تۇرۇش ، ئۇلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش بىز پەرزەنتلەرنىڭ ئەقەللىي پەرهىزى هەم قەرزى . ئەخلاقىمىزدا ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدە بۇ تەرەپ ناهايىتى روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ . شۇ سەۋەبمىكىن ،يېقىندا تور ، گېزىت ، تېلېۋىزىيىلەر ئارقىلىق ئاشكارا قىلىنغان «خارلانغان ئانا ۋەقەسى» جەمئىيىتىمىزنى كۈچلۈك «زىلزىلە» گە كەلتۈرۈۋەتتى ، جەمئىيەتنىڭ تەنقىد ـ نەپرىتىگە ئۇچرىدى . هەقىقەتەن شەهەرلەردە تۇرمۇش رېتىمى تېز ، خىزمەت ئالدىراش . لېكىن ، هەرقانچە ئالدىراش بولساقمۇ ، شۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت ، پۇرسەت تېپىپ ، چوڭلارنى يوقلاشقا ئىمكانىيەت چىقىدىغۇ ؟ گەپ يەنىلا ئۆزىمىزدە !

**5**

ئالىي مەكەپتە ئوقۇش پۇرسىتى بىلەن ئۇرۇمچىگە يېڭىدىن ئاياغ باسقان چاغلىرىم ئىدى . شۇ چاغدىكى بىر ئىش پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ : يۇرتلۇق بىر تونۇشىمىزنى ئىزدەپ مەلۇم بىر ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا باردىم . تونۇشىمىز ئۆز ئۆيىنىڭ ئاشۇ قورۇدا ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى . سۈرۈشتۈرۈپ قايسى بىنا ، قانچىنچى كورپۇس ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدىم ، لېكىن قانچىنچى قەۋەت ، نەچچىنچى نومۇرلۇق ئۆي ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى . مەن بىناغا كىرىپ دەماللىققىلا بىر ئىشىكنى چەكتىم . ئىشىكنى ئىككى قېتىم چەككەندىن كېيىنلا ئۆي ئىچىدىن :« كىم ، كىمۇ ، كىمنى ئىزدەيسىز؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . «مەن» دېدىم مەن قىسقىلا قىلىپ . ئۆي ئىچى سەل جىمىپ كەتتى ، «مۇشۇك كۆزىدىن مېنى كۆرۈۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم مەن . بىردەمدىن كېيىن ئىچكى ئىشىك ئېچىلدى ، تاشقى مۇداپىئە تۆمۈر ئىشىكى يەنىلا ئېتىك . ئۆي ئىگىسى ماڭا :« نېمە ئىش؟» دېگەندەك قىيا پەتتە قارىدى . مەن غوپۇر ئاكامنىڭ ئۆيىنى سورىدىم . ئۆي ئىگىسى تولىمۇ سوغۇق ئەلپازدىلا :« 5 ـ قەۋەت ، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆي» دېدى . شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بىزنىڭ سۆزلىشىشىمىز خۇددى تۆمۈر ئىشىكلىك ئۆي ئىچىدىكى مەهبۇس بىلەن سۆزلىشىشكىلا ئوخشاپ قالغانىدى . مەن هەشقاللا ئېيتتىم ، ئۆي ئىگىسىدىن باتتقا

BABUR

سادا چىقمىدى ، ئارقىدىنلا ئىشكىنىڭ «گۈپ» قىلىپ يېپىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم . بۇ ھال مېنىڭ كەيپىياتىمغا تولىمۇ سوغۇق سۇ سەپتى . كېيىنكى مەزگىللەردە مۇنداق ئىشلارغا تولا يولۇقۇپ ، بۇنداق ئىشلار ماڭا يات تۇيۇلمايدىغان بولۇپ كەتتى . مەن باشقىلاردىنمۇ مۇشۇ خۇسۇستىكى ئىشلارنى ئاڭلىدىم ، شۇڭا ئانچە ھەيران قالمايدىغان بولدۇم ، ئەمما كۆڭلۈم غەش ئىدى .

بىز ئۇيغۇرلاردا ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى ئامال بار خۇش ئەبەسسۇم بىلەن راۋا قىلىدىغان بىر ئېسىل ئادەت بار . بىز تونۇيلى ياكى تونۇمايلى ، بوسۇغىمىزغىلا بىرەرسى كېلىپ قالغۇدەكلا بولسا ، ئالدى بىلەن چىرايلىقچە ئۆيگە باشلاپ سالام ـ سائەت قىلغاچ ، بىر پىيالە ئىسسىق چاينى«مېھمان» نىڭ ئالدىغا قويىمىز . ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئاساسىي مەقسەت ـ ـ پاراڭ تېمىسىغا كېلىمىز . بۇنىڭدىن «يارىدەم سورىغان» ئادەمنىڭمۇ قەلبى بۆلەكچىلا ئىللىپ قالىدۇ ، ئۆزىمىزمۇ خۇش بولۇپ قالىمىز . مانا مۇشۇنداق گۈزەل ئەخلاقىي ئادەمگەرچىلىك ئادىتى بۈگۈنكى شەھەرلىرىمىزدە نەزەرگە ئېلىنماس ياكى «ئىشلىتىلمەس» بولۇپ قالدى . ئەزىز ئوقۇرمەنلەر ، يۇقىرىدا قەيت قىلغانلىرىم ھەرگىز ئومۇملۇققا ۋەكىللىك قىلمايدۇ ، مۇشۇنداق ياخشى ، ئېسىل ئادەتلەرنى ھېلىھەم داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلار يەنىلا بار . لېكىن ئىنچىكە قارايدىغان بولساق ، مۇشۇنداق ئادەتلىرىمىز شەھەرلەردىكى خەلقىمىز ئىچىدە راستىنلا سۇسلىشىشقا ، ھەتتا تاشلىنىۋېتىلىشكە ، ئۇنتۇلۇشقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ . بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا مۇلاھىزەم ھەرگىزمۇ بىھۇدىلىك ئەمەس ، دەپ قارايمەن .

«مىراس» ژۇرنىلى 2009 ـ يىل 5 ـ سان

(ئاپتور : ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ )

## ياپونىيەنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى

ياپونىيىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات يۈزلىنىشى ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى

1. كىرىش سۆز

ياپونىيە نۇۋەتتە غەربىي دىيار شىنجاڭنى تەتقىق قىلىش (ئۇيغۇرشۇناسلىق) جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك دۆلەت. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بۇنىڭ بىرسى ياپونىيىدە بۇرۇندىنلا شەرقشۇناسلىق ئەنئەنىسى بار؛ ئىككىنچىسى ئوتانى تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭدىن ناھايىتى كۆپ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يازما پۈتۈكلەر ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونى ۋە ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىشنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن. ياپونىيىدىكى شەرقشۇناسلىق ياپونىيىدە مىلتارىزمنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن گۈللەنگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا يەنە «جۇڭگوشۇناسلىق» دېيىمۇ ئاتالغان. ئەلۋەتتە بۇ تەتقىقاتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بۇرۇنقى بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

ياپونىيىدە گەرچە ھازىر «ئۇيغۇرشۇناسلىق» دېيىدىغان مەخسۇس ئىلمىي ئاتالغۇ بولمىسىمۇ، لېكىن مەخسۇس ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان كۈچلۈك ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەر بار، ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىدىغان ساھەلىرى كۆپ، تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ مەخسۇسلۇق دەرىجىسى ۋە ئىنچىكىلىكى يۇقىرى بولۇش جەھەتتە، ياۋروپا ئامېرىكا ئالىملىرىغا يەتمىسىمۇ لېكىن ئىلمىز ئالىملىرىنىڭ ئۆلگە ئېلىشىغا ئەرزىيدۇ. ياپونىيىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى شىنجاڭ مەسىلىسى تەتقىقاتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. غەربىي يۇرت تەتقىقاتى ياپونىيىدىكى شەرقشۇناسلىقنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر تەتقىقاتى بولسا غەربىي يۇرت تەتقىقاتىنىڭ بىر قىسمى.

ياپونىيىنىڭ غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ: ئالدىنقى ئەسىردىكى 1910 ـ يىللاردىن 1930 ـ يىللارغىچە بولغان دەۋر. بۇ دەۋردە ئاساسلىق تەتقىقاتچىلار شىراتورى كۇراكىچى، ئىشخاما جۇنتارو، ئونوگاۋا خىدېمى، خانېدا تورو. فۇجىتا

تويوخاچى، ئىشدا مىكىنوسۇكې، قاتارلىق ئالىملار ئىدى. بۇ دەۋردىكى تەتقىقاتنىڭ ئاساسلىق يۈنىلىشى خەنزۇچە رەسمىي تارىخلارنى تەتقىق قىلىش بولۇپ، بۇ جەھەتتە خانىدا تورۇننىڭ تەتقىقاتى ئەڭ داڭلىق، ئۇ يالغۇز خەنزۇچە ماتېرىياللارغىلا تايىنىپ قالماستىن يەنە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلارنىمۇ تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان بولۇپ، ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ پېشۋاسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچى: 1940 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە بولغان دەۋر. بۇ دەۋردە ئالدىنقى دەۋردىكى ئالىملار بىلەن ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، مەسىلەن: ماسۇدا خىسائو، ئېگامى نامئو، ئېنوكى كازۇئو، ئۇچىدا گىنپۇ، خانىدا ئاكىرا، ساكۇچى تورۇ، مورى ماسائو، يامادا سازۇئو، ئاكىرا فۇجىئېدا قاتارلىقلار. بۇ ئالىملار بىرىنچى باسقۇچتىكى تەتقىقات مەزمۇنلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشتىن سىرت يەنە، غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ۋە تىل مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەھەتتە يېڭى بىر سەۋىيە يارىتىپ، ئۇيغۇر رايونىدىن تېپىلغان تارىخى ماتېرىياللارغا بولغان قىزىقىشنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى.

ئۈچىنچى باسقۇچى: 1970 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە بولغان دەۋر. بۇ دەۋردە بىر قىسىم ياش ئالىملار مەيدانغا كەلدى مەسىلەن: ناگاساۋا كازۇتوشى، ئىكېدا ئون، مانو ئېيجى، ياماگۇچى زۇيخوئۇ، ئۇمېمۇرا خىروشى، مورىياسۇ تاكائو، خورى نائو، خورىكاۋاگىرى، شوگايتو ماساخىرو، كۇدارا كوگى، ئودا جۇتېن، خامادا ماسامى، ئوچىئائى موريكازۇ، ئوچىئائى موريكازۇ قاتارلىقلار، بۇ ئالىملارنىڭ بەلگىلىك خەنزۇ تىلى ئاساسى بولۇپلا قالماستىن يەنە كۆپ قىسمى ئۇيغۇر دىيارىدىكى قەدىمكى تىللارنى يەنى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي تىلى قاتارلىق تىللارنى پىششىق بىلىدۇ. ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان مىللەتنىڭ تىلىنى ۋە يازما يادىكارلىقلىرىنى بىلىش ياپونىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىدىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. بۇ ئېلىمىزدىكى غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ ئۆلگە قىلىشىغا تېگىشلىك.

ياپونىيىنىڭ غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاساسلىقى تارىخ تەتقىقاتىغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇرۇن غەرب ئالىملىرىنى دوراپ غەرب تىللىرىدىكى ۋە خەنزۇ تىللىرىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلارنى تەنقىد قىلىش جەھەتتە ناھايىتى كۆپ ساندىكى نادىر ماقالىلەرنى يازغان. لېكىن مەيلى خەنزۇ تىلىدىكى ماتېرىياللار ياكى ئەرەب تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار بولسۇن ھەممىسىنىڭ كەمچىلىكى بولغاچقا، غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا چوقۇم غەربىي يۇرتنىڭ ئۆزىدىكى ئەسلى ماتېرىياللار ئاساسىدا تەتقىق قىلىنىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، يەنى: (1) ئەسلى ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش، مەسىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، تۈرك يېزىقى، تىبەت يېزىقى، دەشت ئاتا، تۇرپاندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار، چاغاتاي يېزىقى ۋە خوتەن پۈتۈكلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش؛ (2) يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش؛ (3) رايون خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، يەنى ئەسلىدىكى ماتېرىياللار بىلەن خەنزۇچە ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈپ، مەلۇم ئالاھىدە رايون، يەنى قۇجۇ، شاجۇ، بەشبالىق ۋە كۇسەن قاتارلىقلارنى ئۇنىۋېرسال خاراكتېردە تەتقىق قىلىش قاتارلىقلار.

يېقىندىن بۇيان، ياپونىيەدىكى غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن: (1) غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتتىكى ئىلمىي ماقالىلەر. (2) تېپىلغان تارىخ ماتېرىياللىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار. بۇ ياپونىيەدىكى ھازىر ئەڭ زور كۈچ چىقىرىلىۋاتقان تەتقىقات ساھەسى بولۇپ، بۇ جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقات ئەڭ كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. (3) «مىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىلىرى» ۋە «چىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىلىرى»دە بايان قىلىنغان مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى تەتقىقات بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلاردا ياش ئالىملارنىڭ پائالىيىتى ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئائىت ئەسەرلەردىن نەچچە مىڭى نەشر قىلىندى

**2. ئاساسلىق تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە نەشر ئەپكارلىرى**

**(1)**شەرقى ئاسىيا مەدەنىيەت خەزىنىسى

بۇ **1924** ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تەۋەلىكىدە ئون نەچچە كومىتېت بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا (غەربىي يۇرتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىسلام دىنى، دەشت ئاتا يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش كومىتېتى قاتارلىقلار بار. تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسەن ياپون ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا ئېلان قىلىنىدۇ. ياپون تىلىدىكى قەرەللىك نەشر ئەپكارى شەرقىي ئوكيان ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا چىقىرىلىدىغان «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» بولۇپ (قوشۇمچە سانىنىڭ نامى «شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت خەزىنىسى يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»)، ئىنگلىز تىلىدىكى قەرەلسىز نەشر ئەپكارى «شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ياۋروپا تىللىرىدىكى ئەسەرلەردىن تاللانما». شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت خەزىنىسى مەخسۇس تېمىدىكى ئەسەردىن **60** خىلدىن ئارتۇقنى نەشر قىلدۇردى. بۇندىن باشقا يەنە مەدەنىيەت خەزىنىسى يەنە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ھۆججەتلەرنى قايتا بېسىپ چىقتى ۋە كۆپەيتىپ «شەرقىي ئوكيان مەجمۇئەسى» دېگەن نام بىلەن ھازىرغىچە يۈز خىلدىن ئارتۇق نەشر قىلىندى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇلار قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەھرىرلەشنى كۆچەيتىشكە باشلىدى. **1964** ـ يىلىدىن بۇيان ئۇلار ئارقا ئارقىدىن **4** ـ **5** توملۇق «ستەيىنىنىڭ دەشت ئاتادىن تاپقان يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان خەنزۇ تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار تۈرلەر بويىچە ئايرىشنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى»نى نەشر قىلدى. بۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى ۋە ئىسلام تەتقىقات ئورنى يەنە «شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئەرەبچە يازما يادىكارلىقلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنىڭ كاتالوگى»نى (**1974** ـ يىلى) ۋە «شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ساقلانغان تۈركچە ۋە ئوسمان تۈركچە تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر كاتالوگى»نى تۈزۈپ چىقتى.

**(2)**توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى

بۇ تەتقىقات ئورنى **1941** ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ياپونىيىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئاسىيا تەتقىقات مەركەزلىرىنىڭ بىرى، ئاساسلىقى ئاسىيانىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ تەتقىقات ئورنى يەنە پان ئاسىيا، شەرقىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بەش تەتقىقات ئورنىغا ۋە ئون بىر تەتقىقات ئىشخانىسىغا بۆلۈنگەن، بۇندىن باشقا يەنە «شەرقىي ئوكيان تەتقىقات مەركىزى» تەسىس قىلىنغان. چىقىرىدىغان نەشر ئەپكارىدىن «شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن تاللانمىلار»، «شەرقىي ئوكيان مەدەنىيىتى» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ نەشر ئەپكارلىرىدا دائىم دېگۈدەك غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ.

**(3)**كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە تەتقىقات ئورنى

**1939** ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىقى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى فىلولوگىيە ئىلمىنى تەتقىق قىلىدۇ، لېكىن بۇ تەتقىقات ئورنى غەربىي يۇرت تەتقىقاتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ تەتقىقات ئورنىدا ياپونىيە، شەرق ۋە غەرب تەتقىقات ئورنىدىن ئىبارەت ئۈچ تەتقىقات ئورنى بولۇپ، شەرق تەتقىقات ئورنىدا يەنە دەشت ئاتا تەتقىقات ئىشخانىسى بار. بۇ تەتقىقات ئورنى چىقىرىدىغان نەشر ئەپكارلىرىدىن «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»، «فىلولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» ، «تاللانمىلار»، «شەرقشۇناسلىق ماتېرىياللار كاتالوگى» قاتارلىقلار بار.

**(4)**توكيو چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ئافرىقا تىللىرى تىل مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى

**1965** ـ يىلى قۇرۇلغان، ھازىر **16** تەتقىقات ئورنى بار، ئۇنىڭدا يەنە جۇڭگو **2** ـ تەتقىقات ئورنى بولۇپ، ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى تىبەت، يىزۇ، جۇاڭزۇ تىللىرى ۋە جۇڭگودىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىقلار.

**(5)**شەرقشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى

ئۇ ياپونىيىدىكى داڭلىق ئىلمىي جەمئىيەتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىراجىتى دىپلوماتىيە ۋازارىتىنىڭ خەلقئارا ئالماشتۇرۇش فوندىدىن كېلىدۇ. بۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق نەشر ئەپكارى «شەرقشۇناسلىق» ۋە غەرب تىلىدىكى «ئاسىياشۇناسلىق» قاتارلىقلار.

**(6)**غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى

1953 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ ئاساسلىقى ئوتانى ئەكەلگەن يازما يادىكارلىقلار ۋە دەشت ئاتا يازما يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىدۇ. 1958 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقاتى» دېگەن ئالتە توملۇق بۈيۈك ئەسەرنى نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭ بىرىنچى تومى دەشت ئاتادىكى بۇددا دىنى تەتقىقاتى؛ ئىككىنچى، ئۈچىنچى تومى دەشت ئاتا ۋە تۇرپاننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ماتېرىياللىرى؛ تۆتىنچى تومى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى؛ بەشىنچى تومى غەربىي يۇرتنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تەتقىقات؛ ئالتىنچى تومى بولسا مىللىي تىل يېزىق تەتقىقاتىدىن ئىبارەت.

(7)ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى

بۇرۇنقى رەئىسى سۇگتىيەن شۇنەن. بۇ ئىلمىي جەمئىيەتتە مەخسۇس ئۇيغۇر دىيارى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ، ياماداسازۇئو (ۋاپات بولغان)، مورى ماسائو، ساكۇچى تورۇ، مورىياسۇ تاكائو، ئۇمېمۇرا خىروشى، شوگايتو ماساخىرو قاتارلىقلار مۇشۇ تەتقىقات ئورنىدا.

(8)ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى

1964 ـ يىلى قۇرۇلغان. بۇ جەمئىيەت ياپونىيىنىڭ ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتىنى (ئاساسلىقى تۈركى تىللار ۋە موڭغۇل تىل يېزىقى تەتقىقاتى) ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەر يىلى يازدا بىر قېتىم يىغىن ئېچىشنى قارار قىلغان بولۇپ، بۇ يىغىندا ئاساسلىقى ئىلىم ئالماشتۇرۇلىدۇ.

ياپونىيىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك نەشر ئەپكارلىرى:

«شەرقىي ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى»

«تارىخشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»

«شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»

«شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى»

«شەرق ئىلمىي ژۇرنىلى»

3. تارىخشۇناسلىق ۋە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى

قەدىمكى زامان تارىخى ۋە قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى

ياپونىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا خانېدا تورۇ (1882 ـ 1955) ۋەكىللىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىككى تۈرگە يەنى تارىخشۇناسلىق ۋە ۋەسىقشۇناسلىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ۋەسىقشۇناسلىقتا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دىنىي ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى « تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەتقىقات » مۇشۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمى "قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە تەتقىقات" دېگەن قىسىمدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ خەت شەكلى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن ۋاقتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئەجداد قىلىنىشى ھەم ئۇنىڭ يېزىق سىستېمىسى، تۈركەشلەر ۋە مانى دىنى مۆخلىسلىرى ئىشلەتكەن يېزىق، ھەم شۇنداقلا ئۇيغۇر نامى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

(2) «گراف ئوتانى ساقلىغان شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارغا ئىزاھ» («شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» 1 ـ جىلد 2 ـ سان، 1911 ـ يىلى)

(3) «تۈركى تىلىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر ئابىدىلىرى» ( «سەنئەت» 3 ـ جىلد 2 ـ سان، 1911 ـ يىلى)

(4) « قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى < سەككىز يۈكمەك نوم> ھەققىدە » (« سەنئەت» 4 جىلد 2 ـ سان، 1913 ـ يىلى)

(5) « قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نوملىرى» («تارىخشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» 25 ـ جىلد 6 ـ سان، 1914 ـ يىلى)

BABUR

(6) « قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى < ساددارما پۇندارىكا سۇترا>نىڭ پارچىلىرى» («شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» 5 ـ جىلد 3 ـ سان، 1915 ـ يىلى)

(7) « قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئايال سېتىۋېلىش ھەققىدىكى ھۆججەت » (« شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» 6 ـ جىلد 2 ـ سان)

(8) « توققۇز ئۇيغۇر ۋە Toguz Oguz نىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا » (« شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى » 9 ـ جىلد 1 ـ سان، 1919 ـ يىلى)

(9) « ئۇيغۇر تىلىدىكى < ئابداراما كۇشاۋارى شاستىرغا ئەنخۇينىڭ بەرگەن شەرھىسى > ھەققىدە » ( « دوكتور شىراتورىنى خاتىرىلەش شەرقىي ئوكيان مەجمۇئەسى » 1925 ـ يىلى)

(10) « تۇرپاندىن تېپىلغان مانىي دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئىستىغپار خاتىرىسىنىڭ قالدۇق ھۆججەتلىرى » (« دوكتور كۇۋاخارانى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى » 1931 ـ يىلى)

(11) « غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدىن ئومۇمىي بايان » (خىروخومى نەشرىياتى 1931 ـ يىلى)

(12) « مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەدەنىيىتى » (« ئىۋانامى لېكسىيلىرى » "شەرقىي ئوكيان ئىدىيئولوگىيە دولقۇنى" 14 ـ سان )

(13) « غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى » (زويۇباۋ تەھرىراتى نەشرى 1948 ـ يىلى)

(14) « قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى (بۇدداۋاتام ساكاماخاۋاپيۇليا سۇترا) نىڭ پارچىلىرى » (« گوۋنشى ئۇنىۋېرسىتېتى غەرب، شەرق ئىلمىي تەتقىقات مەجمۇئەسى » 6 ـ سان، 1953 ـ يىلى)

ئۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى كېيىن « دوكتور خانىدانىڭ تارىخشۇناسلىق ئەسەرلىرى توپلىمى »غا كىرگۈزۈلگەن. (شەرقىي ئوكيان تارىخشۇناسلىق مەجمۇئەسىنىڭ 3 ـ سانى، بۇنىڭ بىرىنچى تومى تارىخ، ئىككىنچى تومى تىلشۇناسلىق ۋە دىن قىسمى. شەرقىي ئوكيان تارىخى تەتقىقات ئورنى نەشرىياتى نەشرى، 1957 ـ يىلى)

ئىشىخارا جۇنتارومۇ ئۇيغۇرلار تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇلاردىن ئاساسلىقى:

(1) « مەركىزىي ئاسىيا ھەققىدە تەتقىقات » («شەرقىي ئاسىيا تەتقىقاتى» 5 – جىلد 1 ـ سان، 1915 ـ يىلى)

(2) « دۇنخۇاڭ قەدىمكى كىتابلىرى ھەققىدە تەتقىقات » («شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى»، 15 – جىلد 4 ـ سان، 1926 ـ يىلى)

(3) « ئۇيغۇرچە يېزىلغان بۇددا نوملىرى تەزكىرىسى » (« بۇددىزم تەتقىقاتى » 1 ـ جىلد 3 ـ سان، 1937 ـ يىلى)

(4) « ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرىنىڭ پارچىلىرى » («لوڭگۇ ئۇنىۋېرسىتېتى بۇددىزم تارىخ مەجمۇئەسى»، 1939 ـ يىلى)

(5) « ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پۈتۈك پارچىلىرى » (« دوكتور خانىدانى ئەسلەش مەجمۇئەسى » 1950 ـ يىلى)

(6) « غەربىي يۇرت مەدەنىيەت ماتېرىياللىرىنىڭ رەتلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى » (« ئۇنىۋېرسال تەتقىقات دوكلاتلىرىدىن تاللانما، 1954 ـ يىلى)

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاساخىنىڭ « ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نوملىرى توپلىمى » (« دىنى ساھە » 6 – جىلد

2 ـ سان، 1910 ـ يىلى)؛ شىراتورى كۇراكىچىنىڭ « غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە يېڭى تەتقىقات (1 ـ 4)» (« شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» 1 ـ جىلد 4 ـ سان، 2 ـ جىلد 1 ـ سان، 3 ـ جىلد 1 ـ 2 ـ سان)؛ ئىشىدا مىكنوسوكېنىڭ « لېكوك ئېدىقۇت قەدىمكى خارابىسىدىن تاپقان (تۈرك تىلىدىكى مانى دىنى ھۆججەتلىرى)نىڭ 2 ـ قىسمى » (« شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى » 12 ـ جىلد 3 ـ سان، 1922 ـ يىلى)؛ تارو كۇۋاتانىڭ « ئۇيغۇرلارنىڭ يىمىرىلىشى ھەققىدە تەتقىقات » (« شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى » 17 ـ جىلد

1 ـ سان، 1928 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

# ئۆزلۈك ۋە كىملىك ئارلىقىدا

*(ئەسئەت سولايماننىڭ شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان«ئۆزلۈك ۋە كىملىك ـ ياۋروپا قىرغاقلىرىدىن مەركىزى ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىغا قاراپ»ناملىق كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن)*

تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار

ئۆزلۈك ـ مەلۇم بىر ئەل ، مەلۇم بىر خەلقتىن ئىبارەت غايەت زور گەۋدىگە تەۋە يۈكسەك مەنىدىكى ئادەمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش جەريانىدىكى تاكامۇللىقى بولسا ، كىملىك ـ ئاشۇ تاكامۇللۇقنىڭ ئۇزلۈكسىز ئىپادىلىنىشى ، نامايەن بولۇشىدۇر. يەنە كېلىپ ، ئۆزلۈك ـ ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلىشىدىكى ئىچكى ماهىيەت بولسا ، كىملىك ـ ئۆزىنى بىلىشتە ئىپادىلەنگەن باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى سالاهىيەتتۇر.

مىللىتىمىز ئېڭىنىڭ چوققىسىنى ئىگەللەپ تۇرغان ساناقلىق ئالىملىرىمىزنىڭ بىرى ، يىنىك ، چۈشىنىشلىك ، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك تىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىيات ، تارىخ ، ئىستېتىكا ، ئېتىكا ، پەلسەپە يۇغۇرلۇپ كەتكەن مەدەنىيەت ، ئەدەبىيات تارىخى ۋە روهىيەت تارىخى توغرىسىدىكى ماقالە ، ئەسەرلىرى بىلەن ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ، شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئېنىستىتوتىنىڭ فىلولوگىيە(ئادىمىيەت) پەنلىرى دوكتورى ، پىروفىسسور ، ياش ئالىم ئەسەت سولايماننىڭ«ئۆزلۈك ۋە كىملىك ـ ياۋروپا قىرغاقلىر ىدىن مەركىزى ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىغا قاراپ»ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ ، بەزى بىر ساياھەت خاتىرلىرى ۋە ئاجايىپ يۇقۇرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان رومانلارنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىكىدەك كۈچلۈك ھاياجانغا چۆمدۈم. بەلكى بىرنەچچە كۈنگىچە بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر ئويلاندىم. بۇ جەرياندا مەن ياش ئالىمىمىز ئەسئەت سولايماننىڭ يات ئەللەرگە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ ئىلىم ، بىلىم ئىگەللەش جەريانىدا ، ئۆزىنىڭ ۋە بىزنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ، كىملىكنى تونۇتۇش ، يىتەكلەش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى ، شىجائىتى ، ئەستايدىللىقى ۋە ئىرادىسىگە قاراپ قاتتىق تەسىرلەندىم ۋە«مەن نېمىشقا شۇنچىلىك بولالمايمەن؟ (نېمىشقا چەتئەلگە چىقالمايمەن دىگەنلىك ئەمەس). نېمىشقا ئۇنىڭچىلىك نەرسىلەرنى بىلمەيمەن؟ مەن ئۆزلۈك ۋە كىملىك دېگەنلەرنى قانچىلىك بىلىمەن ۋە بۇ توغرىسىدا قانچىلىك ئويلىنالىدىم؟» دىگەنلەرنى ئۆزەمدىن سوراپ باقماقچى بولدۇمىيۇ ، لېكىن كۆپرەك دۇنياغا ، تارىخقا ، ئۆتمۈشكە (مىنىڭ نەزىرىمدە ئۆتمۈش بىلەن تارىخ بىر مەنىدىكى گەپ ئەمەس) ، بۈگۈنگە ، جەمئىيەتكە ، ئۆزىمىزگە ، تەقدىرگە سۇئال قويۇپ ئويلاندىم. ئەلۋەتتە بۇ سۇئاللىرىمنىڭ جاۋابىغا بۇ ئۆمرۈمدە ئېرىشىپ بولالمىسامەن. دىمەك شۇنداق چوڭقۇر ئويلارغا چۆكتۈم . مېنى مانا مۇشۇنداق ئويلاندۇرغىنى ، دەل ئەسئەت سولايماننىڭ«ئۆزلۈك ۋە كىملىك ـ ياۋروپا قىرغاقلىرىدىن مەرگىزى ئاسىياچوڭقۇرلۇقلىرىغا قاراپ»(تۆۋەندە«ئۆزلۈك ۋە كىملىك»دىيىلدۇ) دىگەن كىتابى ئىدى. دېمەك ، مەنمۇ ئاشۇ مەرگىزى ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىنىڭ مەرگىزىدىكى بىر جايدا تۇرغۇچى ھاياتلىق ئىگىسى ئىدىم.

شەھەرگە (ناھىيە بازىرىغا) كىرىپلاقالسام ، ئالدى بىلەن بۇ شەھەردىكى بار ـ يۇقى تۆت كىتاپخانىنى (بىرسى شىخۋا كىتاپخانىسى ، ئۈچى شەخسى كىتاپخانا) ئارلاپ بولۇپ ئاندىن ، باشقا ئىشلارنى قىلىدىغان ئادىتىم بويىچە ، ئەڭ چەتتىكى ئۈچىنجى كىتاپخانىغا كىرىپلا ، كىتاپ ئىشكابىنىڭ يۇقۇرىسىدىكى ئۆزگىچە بىركىتاپقا كۆزۈم چۈشۈپ ، دەرھال قولۇمغا ئېلىپ (كىتاپتىن بىرسىلا قالغان ئىكەن) مۇقاۋىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى «ئەسئەت سولايمان»دىگەن ئىسمىنى كۆرۈپ«چوقۇم سېتىۋالىدىغان كىتاپكەن» دەپ ئويلۇدۇم ـ دە ، ئىككىلەنمەيلا خوجايىن قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ، پۇل چىقاردىم. كىتاپنىڭ باھاسى ئۇنچە ئەرزانمۇ ئەمەس ئىدى. راست گەپنى دىسەم پۇلنى تۆلەۋېتىپ «نېمانچە قىممەتتۇ؟» دەپ ، سەل ئىچىم ئېچىشقاندەكمۇ بولدى. راست مەندەك جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت ناھىيىسىدىكى مەندەك ئادەتتىكى بىر سوكال خىزمەتچى ئۈچۈن بۇئانچە ئاز پۇلمۇ ئەمەس ئىدى. دىمىسىمۇ 47 كوي دىگەن ، بىزنىڭ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ بىرمو يېرىنىڭ بىر پەسىللىك سۇ ھەققى. بىر ئائىلىنىڭ يېرىم يىللىق توك پۇلى ، 23 يېرىم كىلوگىرام قوناقنىڭ پۇلى ، ئازكەم

بىركىلوگىرام گۆشنىڭ پۇلىغۇ؟!...بۇ مېنىڭ پۇلغا چىدىماي زارلىنىپ كەتكىنىم ئەمەس، بەلكى مۇشۇ كىتابنى، مۇشۇ ناھىيىدە قانچىلىك ئادەم ئېلىپ ئوقۇيالار؟ دىگىنىم ئىدى. مېنىڭ بۇ خىيالىمنى بىلىۋالغاندەك خوجايىن قىز مەندىن«بۇقانداق ئادەمنىڭ كىتابى؟ مانا تېخى ئەتتىگەندىلا كېلىۋىدى، ھەممىسى تۈگەپ كەتتى»دىدى. مەن بۇ سۇئالىنىڭ مەندىن سورالغىنىدىن ھەم بۇ كىتاپنى مەندىن باشقا كىشىلەرنىڭمۇ سېتىۋالغانلىقىدىن خوشال بۇلۇپ، يېنىك بىرھاياجاندىن كىيىن، ئەتراپىمغا قاراپ قويۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا:«ئەسئەت سولايمان، شىنجاڭ ئونىۋېرىستېتىنىڭ...»دەپ باشلاپ، ئەسئەت سولايماننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىنى ۋە ئۇنىڭ بىرقىسىم ئەسەرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چىقتىم. ئەتراپىمدىكى كىشىلەر كىتاپقا بويۇنداپ قاراشتى...16فورماتلىق، 443 بەتلىك بۇ كىتاپنى ئۈچ كۈندە ئوقۇپ بولدۇم. ئارىدىكى بىرقانچە كۈنلۈك ئويلىنىشتىن كىيىن، بۇكىتاپ ھەققىدىكى تەسىراتىمنى باشقا ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش نىيىتىگە كەلدىم. تۆۋەندىكىسى مېنىڭ بۇ كىتاب ھەققىدىكى تەسىراتىم.

ئەسئەت سولايماننى ئاز تولا كىتاب، ژورنال كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ ياكى بىلىشى كېرەك. ئالدى بىلەن«ئۆزلۈك ۋە كىملىك»ناملىق بۇ كىتاب ساياھەت خاتىرىسى ئەمەس، سىياسىي، ئىقتىساد، پەلسەپە مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان كىتابمۇ ئەمەس. رومان ياكى ھېكايىلار توپلىمى تېخىمۇ ئەمەس، چەتئەل، جۇملىدىن ياۋروپا ئەللىرى تونۇشتۇرۇلغان ساياھەت قوللانمىسىمۇ ئەمەس. بۇ بىر ئەل، بىر مىللەت پەرزەنتىنىڭ ئۆزۋەتىنىگە، ئۆز خەلقىگە ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە سانسىز جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈللۈكلەر بەدىلىگە ئېرىشكەن ئەمگەك مېۋىلىرىدىن بىرىلگەن سوغات، بۇرۇچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ كاپالەتنامىسى.

كىتاب ئۇيغۇر تىلىدا، تىلىمىزنىڭ مەنا ئىپادىلەشكۈچىدىن ئەڭ زور چەكتە پايدىلانغان ھالدا ئاددى، راۋان، چۈشىنىشلىك يېزىلغان. كىتاب ئورۇنسىز ھېس ـ ھاياجان بايانلىرى، قورۇق، مەنىسىز تەسۋىرلەر، ئەھمىيەتسىز تونۇشتۇرۇشلاردىن خالى. تەرتىپ بويىچە مەزمۇن ئېھتىياجىغا ئاساسەن، باپ، بۆلەكلەرگە بۆلۈپ يېزىلغان. ئۆزگىچە ئۇسلۇپتىكى بىر كىتاب (كىتابنىڭ بېسىلىش، كېسىلىش، تۇپلىنىشىمۇ ئۆزگىچە). ئالىممىز ئەسئەت سولايما ن شۋېتسىيەگە ساياھەت قىلىش، تۇققان يوقلاش ياكى سودا قىلىش ئۈچۈن چىقمىغان، بەلكى ئىلىم ئىزدەش، ماھىيەتتە، خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش(بۇ گەپ كونا ئىنقىلاۋىي گەپتەك كۆرۈنگىنى بىلەن مەنىسى راستىنلا چوڭقۇر گەپ)، ئۆزلۈكنى تونۇش ـ تونۇتۇش، كىملىكنى تونۇتۇش ـ تونۇتۇش ئۈچۈن چىققان. شۇڭا ئۇنىڭ شۋېتسىيەدىكى بىر يىللىق ھاياتىدا باسقان ھەربىر قەدىمى، ئۆتكۈزگەن ھەر بىركۈنى ئىزدىنىش، ئوقۇش ۋە بىلىش ئۈچۈن سەرىپ قىلىنغان. توغرا، ئۇ ياۋروپادىكى بىر قانچە دۆلەتلەرگە باردى، ئەمما ئۇ شۇ دۆلەتلەردىمۇ ئىلىم ئىزدىدى. ئۇيغۇر بىلەن، ئۇيغۇرنى بىلىدىغان، بىلمەكچى بولغان كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇيغۇرنىڭ تارىخى، مەدەنىيتى، ئاسارە ـ ئەتىقىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك جايلارنى (مۇزىي، كۇتۇپخانىلارنى) ئىزدىدى. ئەملىيەتتىمۇ، ئۇنىڭ شۋېتسىيەدە ئۆتكۈزگەن بىر يىلىنى سائەت، مىنۇت بويىچە ھىساپلاپ باقىدىغان بولساق ئوقۇغان كىتاپلىرى، يازغان خاتىرلىرى، ماقالىلىرى، قىلغان خىزمەتلىرى، باشقىلار بىلەن قىلىشقان ۋەتەن، ئۇيغۇر، ئۆزلۈك ۋە كىملىك توغرىسىدىكى پاراڭلىرىغىچە تەخسىملەپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى ئۈچۈن بىرىلگەن ۋاقىتتىن مىنۇت ـ سىكونتلىرىغىچە تولۇق پايدىلانغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداق يەھۇدىلارغا ئوخشاش ۋاقىتنى سائەت، مىنۇتلاپ ئەمەس سىكونتلاپ ھىساپلايدىغان روھ ھەقىيقى ئالىملىق روھتۇر...

ئالىممىز ئەسئەت سولايمان ئانا تىلىدىن باشقا خەنزۇچە، ياپۇنچە، ئېنگىلىزچە، تۈركچە...قاتارلىق بىر قانچە تىلنى بىلىدۇ. دوكتورلۇق، فىروفىسسورلۇق ئۇنۋانلىرىنىمۇ ئېلىپ بولغان. ئۇ ۋەتىنىنى، خەلقىنى، ئۇرۇق ـ تۇققان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى، ئىللىق ئائىلىسىنى، خوتۇن ـ بالىسىنى تاشلاپ، يەر ـ ھاۋاسىدىن تارتىپ ئادەملىرىنىڭ خارەكتىرىغىچە سوغۇق ۋە نەم بولغان شۋېتسىيەگەبېرىپ، شۋېت تىلىنى ئۈگەنگەچ ئىزدىنىمەن، تەتقىق قىلىمەن، ئوقۇيمەن دەپ يۈرمەي، بىز ئالامەت چوڭ بىلىدىغان شىنجاڭ ئونىۋېرىستېتىدا دەرىسنى راسا ئۆتۈپ، ئاسپىرانتلارنى يىتەكلەيمەن دەپ ئايدا ئۈچ ـ تۆت مىڭ سوم پۇلنى ئېلىپ يۈرىۋەرسىمۇ بۇلاتتىغۇ؟ ئۇنى بىرەرسى، چەتئەلگە چىق، بىلىم ئاشۇرۇپ كەل بولمىسا پالانى پۇلۇڭنى تۇتىۋالىمىزدىمىگەنىغۇ؟ تېخى بىر يىللىق ئوقۇشقا چىقىشىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى يېرىم يىلدا ئۆتەپبولغىلى بولىدىغان بۇ ئۇلۇغ ئەل ئۈچۈن شۇنچە جاپالارنى تارتىشىنىڭ ھاجىتى

بارمىدى؟ يوق، ئەلۋەتتە يوق. ىىراق ئۇنىڭدىكى بۇرۇچ، زىلمىدىكى مەسئۇلىيەت، ئۇنىڭ يۈرىگىدىكى ئىزدىنىش، بىلىش ئىستىگى، ئۆزلۈكنى بىلىش، كىملىكنى تونۇتۇش روھى ئۇنى شۇنداق قىلىشقا يېتەكلىگەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىزدىنىش جاپاسى ئىچىدە ئۆتكەن ھايات راھەت. ھەئە، «ئۆزلۈك ۋەكىملىك» دىگەن كىتاب بىزگە مانا مۇشۇنداق روھنىڭ جۇلاسىنى نامايەن قىلىپبىردۇ.

مانا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھەقىقى ئۆزلۈك نوقتىسىدىن ئۆزىمىزنى ـ ئۆزىمىزگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈدىغان بولساق، ئەسئەت سولايىمانغا ئوخشاش تۆت ـ بەش چەتئەل تىلىنى بىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز ئانا تىلىمىزنىمۇ تۇزۇك سۆزلىيەلمەيدىغان، تىلى ساق«گاچا»لار بىزدە ئازمۇ؟ بۇنداق سېلىشتۇرمىدىن نۇرغۇنلىرىنى كەلتۈرۈشكە بۇلىدۇ.

ئالىمىمىز ئەسئەت سولايىمان 2003 ـ يىلى11 ـ ئايدىن، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە بىر يىللىق مۇددەت ئىچىدە، ئاتاقلىق ئالىم، دۇنيا بويىچە ئەڭ كاتتا مۇكاپاتنىڭ ئىگىسى نوبىلنىڭ ۋەتىنى ـ شىۋىتسىيەگە، شىۋىتسىيەنىڭ ستوكھولىم ئونىۋېرىستېتى شەرق تىللىرى ئىنىستىتوتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىدە زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولۇپ، شىۋىتيىەدە ساقلىنىۋاتقان 1892 ـ يىلىدىن ـ 1938يىلغىچە قەشقەرگە دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن شىۋىت مىسسىئونېرلىرى تەرىپىدىن بېسىلغان باسما بۇيۇملارنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بارغان. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، تارىخ ـ بىر ئەينەك ئۇنىڭدا رېئاللىقتىكى ھەممە نەرسە ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ رېئاللىقتا يۈز بەرگەن ھەممە ئىشلارنى چۈشەندۈرگىلى بۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە، تارىختىكى ئاشۇ دەۋر ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلىگەن ئاشۇ تىلدىمۇ بىر مىللەت مەدەنىيتىنىڭ جەۋھەرلىرى مۇجەسسە ملەنگەن بۇلىدۇ. شۇنداق، تىل بىر مىللەت مەدەنىيتىنىڭ يۈرىگى،يەنە شۇنداق دىيىشكە بولىدىكى، فىلولوگىيە (ئادىمىيەت) ئىلمىنىڭمۇھىم تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ بىرى تىل، ئاشۇ فىلولوگىيە (ئادىمىيەت) پەنلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك تەتقىقات يولى قىلىپ تاللىۋالغان ئالىم، مىللىتىمىز تارىخىدىكى ئەڭ قاباھەتلىك دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» (1892 ـ 1938) نىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىشنى بىرىيللىق تەتقىقاتىدىكى تۈپ نىشان قىلىپ بەلگىلىگەن ھەم مۇشۇ نىشان بويىچە قېتىرقىنىپ، جاپالىق ئىزدەنگەن. شۇنداق، بەلكىم ئىزدىنىشىنىڭ مۇشكۈللۈكلىگىنى ھەمملا ئادەم تولۇق ھېس قىلىپ يېتەلىشى ناتايىن. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىزدىنىش نىشانىغا چوقۇم يېتەلەيدىغانلىغى شۈبھىسىز، ئەمىليەتتىمۇ ئۇ، بۇ نىشانىغا يەتتى. مانا«شۋېتسىيەدەساقلىنىۋاتقان قەشقەر باسما بۇيۇملىرىنىڭ تىلى(1892 ـ 1938)» ناملىق بىر يىللىق تەتقىقات دوكلاتىمنىڭ ئاخىرقى تۈز تىلگەن نۇسخىسىنى بىرگىت شلتېر خانىمغا تاپشۇردۇم. بۇ ئېنگىلىز تىلىدا يېزىلغان 70مىڭ خەتتىن ئارتۇق چوڭ ھەجىملىك تەتقىقات دوكلادى ئىدى» دەيدۇ. ئالىم «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»ناملىق كىتابىنىڭ 430 ـ بېتىدە. ئەمما ئۇبۇنىڭ ئۈچۈن قىلچىمۇ ۋايىسمايدۇ، قاخشىمايدۇ. چەككەن جاپالىرى، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرى ئۈستىدىن داتلاپ، كىملەر گىدۇر تاپا ـ مالامەت قىلمايدۇ. پەقەت،«بۇنىڭ ئۈچۈنستوكھولمنىڭ ئۇزۇن قىشى بىلەن سالقىن ياز كۈنلىرىدە خانلىق كۈتۈپخانانىڭ قىرائەتخانىسىدا بىكىنىپ ئولتۇرۇپ ئازبولمىغان يۈرەك قېنىمنى سەرىپ قىلدىم» دەپ قويىدۇ. مانا بۇ ھەقىقى ئۆزلۈك روھ! مانا بۇ كىملىكنى نامايان قىلىدىغان روھ!

توغرا، شۋېتلەر دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا، بۇلۇپمۇ ياۋروپا مىللەتلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيتىنى بىرقەدەر بالدۇر ھەم بىرقەدەر ئەتراپلىق چۈشەنگەن مىللەت، ھەتتا شۋېتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئەجداتلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا، تۈركلەرگە ئۇلاشقا ئۇرۇنۇپمۇ كۆرگەن، شۇڭا شۋېتلەر ياۋروپا مىللەتلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا ئەڭ بۇرۇن قىزىققان، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيتى ئۈستىدە ئەڭ كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئەڭ كۆپ خاتىرە، كىتاپلارنى يېزىپ قالدۇرغان مىللەت، ھەتتا پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان گوستاف رەكېت (1871_1945)، گۇننار ياررىڭ (1907_2002)، سۋېن ھېدىن (1865 ـ 1952) (گەرچە بۇ كىشىنىڭ بىزدىكى تەسىرى تازا ياخشى بولمىسىمۇ) دەك ئالىملارمۇ شۋېت مىللىتىدىن. راست، ئۇلار بىزگە نىمە ئۈچۈن شۇنچە قىزىقىدۇ؟ ئۇلار بىزنى تەتقىق قىلىپ دۇنياۋىي شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن شۇنداققىلامدۇ؟ (ھەجەپ ئىش بىر مىللەتنى ياكى ئۇنىڭ مەدەنىيتىنى تەتقىق قىلىپ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغىلى بۇلىدىكەن، لېكىن ئۆزى ۋە مەدەنىيتى تەتقىق قىلىنغان مىللەت تونۇشسىز، شۆھرەتسىز قالىدىكەن، توغرا، شۆھرەت بېسىمىدىن دىرەك بىرىدۇ)، بەلكىم، بىزدە، بىزنىڭ زىمىنىمىزدە ئۇلارنى قىزىقتۇرغىدەك ئىسىل نەرسىلەر باردۇ، ياكى ئۇلارنىڭباشقىلارغا قىزىقىشى ئۆزىنى تونۇ تۇش ئۈچۈندۇ؟ يەنە شۇنىمۇ ھېس قىلىشىمىز كېرەككى، بەزىدە بىر

مىللەتنىڭ يەنە بىرمىللەتنى تەتقىق قىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە كەمستىش خارەكتىرى ۋە باشقا غەيرى مەقسەتلىرى سىڭگەن بۇلىدۇ .شۇڭابەلكىم ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقان بولسا كېرەك. بولمىسا شۋېتلارنىڭ 1890 ـ يىللاردىن تارتىپ شىنجاڭغا كىلىپ، دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىشى نىمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئەلۋەتتە، غەربى ياۋروپاغا جايلاشقان شۋېتلارنىڭ بۇ دۆلىتى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىمۇ جاھانگىر دۆلەتلەر قاتارىدا سانالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقتتىكى ئەنگىلىيە، روسىيە، ئامرىكا، ياپونىيەلەدەك، بۇ يەردە يېڭى زېمىن ئېچىپ، قورچاقلارنى يېتىشتۈرىدىغان، ئاخىرىدا، ھەممىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ماددى بايلىققا ئېرىشىدىغان سىياسىي مەقسىدىمۇ يوق ئىدى. ئەمما شۋېتسىيە مەدەنىيەت، بولۇپمۇ دىنىي مەدەنىيەت جەھەتتە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى جاھانگىر دۆلەت ھىساپلىناتتى. شۇڭا، ئالىمىمىز ئۆز كىتابىدا بۇھەقتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ: « تۈپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ رايۇندا خرىستىئان دىنىنى تارقىتىشقا كىرىششى ھەمدە يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت ئەقىيدىسى بىلەن زىچ يۇغۇرلۇپ كەتكەن ئەنئەنىۋىي مەدەنىيتى ۋە قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرنىشى بىرخىل ‹مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى› دىن باشقا نەرسە ئەمەس»، دەيدۇ. «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»دىگەن كىتابىنىڭ 148 ـ بېتىدە. ئەملىيەتتە، بۇ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان غەرپ بىلەن شەرقنىڭ، ئىسلام دىنى مەدەنىيتى بىلەن خرىستىئان دىنىي مەدەنىيتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئەملىي ئىپادىسى ئىدى. دىمىسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمدىن تارتىپ دىنلار، مەدەنىيەتلەر ئۆزئاراتوقۇنۇشۇپ تۇرىدىغان، ئۆزئارا سىڭىشىپ، يۇغۇرلۇپ، تاۋلىنىپ، شاللىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاۋات مەدەنىيەت داشقايىنىقى بولۇپ كەلگەن بىر جاي، تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلىپ ياشاپ كەلگەن مىللەتمىز بولسا، مۇشۇ خىل توقۇنۇش، تەسىر كۆرسىتىش، تاللىنىش، تاللاش، شاللاش، شاللىنىشلارنى تولۇق باشتىن كەچۈرۈپ ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت خۇرۇچىنى تاللىۋېلىپ ئۆز مەۋجۇ تلىقىنى ساقلاپ كەلگەن مىللەت، شۇڭا مەيلى تارىختا بولسۇن، ۋە مەيلى بۈگۈنكى كۈندە بولسۇن، مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ داشقايىناقلار ئىچىدىن ساق قۇتۇلۇپ چىقىشنى بىر مىللەتنىڭ ھەققى مەنىدىكى «ئۆزلۈك» كىنى تونۇغانلىق دىيىشكە بۇلىدۇ. بۈگۈنكى زاماندىكى «ئۆزلۈك» بولسا، پۈتۈنلەي زامانىۋي تۈسكە ئىگە «ئۆزلۈك» تۇر. «ئۆزلۈك»نى ئىزدەش، خاسلىقنى نامايەن قىلىش بۈگۈنكى زامانىۋي مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق بۆھرانى! ئەملىيەتتە، تەرەققتاپىمىغان، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ئاجىز مىللەتلەرگە قارىغاندا، تەرەققىي تاپقان، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتجەھەتتە كۈچلۈك مىللەتلەر «ئۆزلۈك» كە تېخىمۇ بەك مۇھتاج بۇلىدۇ. «كىملىك»بولسا، «ئۆزلۈك»نى ئىزدەش جەريانىدىكى ئۇرۇنۇش خالاس. . .

ئالىمىمىز ئەسئەت سولايمان كىتابىدا ،شۋېتلارنىڭ ئوتتۇرائاسىيادا ،جۈملىدىن شىنجاڭدا دىن تارقىتىش پائالىيتىنىڭ ئارقا كۆرنىشىنى مۇنداقكونكىرت سەۋەپكە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ:«شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيتىنىڭ نىمە ئۈچۈنىراق مەركىزى ئاسىيادىكى قاتمۇ قات تاغ تىزملىرىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرغان، ئىسلاممەدەنىيتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، بىكىك ھالەتتىكى قەشقەردە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىچارىگىدە ئۆزلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پونكىتىنى تەسى قىلماقچى بولغانلىغىنامەلۇم. ئەمما شۋېتسىيىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى كاۋكازدا ۋە ئىراننىڭ غەربى شىمالقىسمىدىكى ئەزەربە يجانلار توپلىشىپ ئولتۇرا قلاشقان رايۇندا پائالىيەت ئېلىپبېرىۋاتقان مىسسىئونىرلىرىنىڭ ستوكھولمغا يوللىغان دوكلا تىدىن بۇ ھەقتىكى بەزىسەۋەپلەرنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. گۈنناريارىڭنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىگەقارىغاندا ،شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيتى شۇ يىللىرى چارروسىيە ئىمپىرىيسى تەۋەسىدىكىكاۋكاز بىلەن جۇڭگونىڭ خۇبى ئۆلكىسىدە دىن تارقىتىش نو قتىلىرىنى تەسىس قىلغانبۇلۇپ، بۇ ئىككى نوقتىنىڭ ئارلىقى يىراق ۋە ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ناھىيىتى قىيىنبولغان.مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا كاۋكازدىكى تېبلىس شەھرىدە تۇرىۋاتقان پوپىن.گ.ھۆجېر ( N.F.Hoijer)بۇ ئىككى نوقتا ئارلىقىدا بىر يېڭى دىن تارقىتىش ئورنىتەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارلىقىدىكى ئۇزاق مۇساپىنى قىسقارتىش ۋە ئۆز ئارا ئالاقىلەرنىكۈچەيتىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ مەزگىللەردە ئەنگىلىيەبىلەن ئامرىكىنىڭ دىن تارقىتىش ئۆمەكلىرى ئىراندا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپبېرىپ ،شۋېت مىسسىئونىرلىرىغا رىقابەت ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كاۋكازدىكى شۋېتمىسسىئونىرلىرى ئىراندىن ۋاز كىچىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەلۇم بىر يېرىدە يېڭىپائالىيەت ماكانى ئاچماقچى بۇلىدۇ. ھۆجېر شىجاڭنى، بولۇپمۇ بىرتانىيە بىلەن چارروسىيەئىمپىرىيسىنىڭ پامىرنى تالىشىشتىكى سىياسىي مەركىزى بولغان قەشقەرنى ئۆزلىرىنىڭتەسەۋۋۇرىدىكى ئەڭ مۇئاپىق ماكان دەپ قارايدۇ. »(«ئۆزلۈك ۋە كىملىك» 150 ـ بەت)دىمەك،19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان قوش

BABUR

ياقىلىمىلىق جاھانگىرلىكنىڭ مەقسىدىشىنجاڭدىن ئىبارەت تارىخى تۇگۇنلۇك جاينى، ئۇلارنىڭ ئىستىخىيلىك تاللاش نىشانىغائايلاندۇرۇپ قويغان. ئەمما كۈچلۈكلەرنىڭ مۇنداقلا قىلىپ قويغان ھەركىتى ئاجىزلارئۈچۈن ئەجەللىك زەربە بولغىندەك. ئۇلارنىڭ بۇخىل تار مەنپەئەت پەرەسلىكتىنكىلىپ چىققان ھەركىتى بىر ئەل،بىر مىللەت ئۈچۈن ئېغىر ئاقىۋەتلىرنى كەلتۈرۈپچىقارغان. بۇ ئاقىۋەت نېمە ئىدى؟ ئالىمىمىز كىتابىدا شىۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى دىنتارقىتىش پائالىيەتلىرىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى خۇلاسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:« شىۋېتمىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى تۈپ ماھىيىتىدىنبىرخىل مەدەنىيەت تاجاۋۇز چىلىغى بۇلۇپ، يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزدا خەلقنىڭئېتىقات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن پارچىلا شتەك يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى»(«ئۆزلۈك ۋە كىملىك» **158** ـ بەت) .ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:« شىۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭدىيارىمىزنىڭ جەنۇبى بۆلگىدە ئازكەم يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشتۇرغان دىنتارقىتىش پائالىيەتلىرى ئۇزاق مەزگىللىك ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىيتىدا دۇنيا ئېقىمىدىنئايرىلىپ قالغان بۇ خەلقنىڭ يېڭى تارىخى دەۋرىدىكى تەرققيات مۇساپىسىدە كىشلەرتەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن بۇ بىر پەردە كۆڭۈلسىز تىيا تىر بولۇپ قالدى. بۇ **20** ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىيەت بوشلۇقىغا مەلۇم دەرىجىدە ئۆز كۆلەڭگۈسىنچۈشۈرمەي قالمىدى. ھەتتا نۇرغۇن ئائىيلە ۋە شەخسلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكىپاجىئەلەرگەسەۋەپ بولدى. مىللەتنىڭ ئېتىقاد بىرلىگى روھى بىرلىگىنىڭمۇستەھكەملىنىشىگە سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بۇ تەرەپنى ئەلۋەتتە ئەستىنچىقار ماسلىق كېرەك»(«ئۆزلۈك ۋە كىملىك» **168** ـ بەت). ۋاھالەنكى، ئېتىقاد ۋە مەنىۋىيەتجەھەتتىكى پارچىلىنىش دەل«ئۆزلۈك» ئاجىزلىششىنى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ يوقۇلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «ئۆزلۈك»روھىيوقالغان مىللەتتە«كىملىك» قارىشى ئەسلا بولمايدۇ. بۇ نوقتىدىن قارىغاندا، يىراق،كىچىك بىر دۆلەتتە نەچچەمىڭ پارچە ئۇيغۇرچە كىتاپ ۋە باسما بۇيۇملار يىغىپساقلانغان «گۇننارياررىڭ نامىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا شەرق خەلقلىرى قول يازمىلىرىمەركىزى»نىڭ قۇرلىشى ۋە ئاشۇ ئۆتكۈنچى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك **20** مىڭ پارچىدىن ئارتۇق فوتوسۈرەتنىڭ«شۋ ېتسىيەدۆلەتلىك ئارخىپ سارىيى»دا ۋە ستوكھولمدىكى«شىۋېتسىيە باش دىنىي جە مئىيتى»نىڭئارخىپىدا ساقلىنىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

ئەمما، بىر مىللەتنىڭ مەلۇم بىر دەۋرىدىكتارىخ،مەدەنىيەت ئىزنالرىنىڭ سەلبىي ۋاستىلەر بىلەن ساقلىنىپ قېلىشىمۇ، ئۆزنۆۋەتتە شۇ دەۋر تارىخ، مەدەنىيتىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدىكى «ئۆزلۈك»نىتېپىۋېلىشتا ئەھمىيەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالىدۇ.شۇڭا ئالىمىمىز:« شىۋېتلارنىڭقەشقەردىكى زامانىۋىي باسمىخانىسىدا بېسىلغان زور كۆلەمدىكى ئۆتكۈنچى دەۋرگە مەنسۇپدىن دىن خالىي ئۇيغۇرچە كىتاپ ـ ماتېرىياللار ۋە باسما بۇيۇملار **20** ـ ئەسىر ئۇيغۇرمەدەنىيەت تارىخىدا مۇئەييەن قىممەتكە ئىگىدۇر» («ئۆزلۈك ۋە كىملىك »**168** ـ بەت)دەيدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەسئەت سولايمان دەل مۇشۇ ئۆتكۈنچى دەۋرىدىكى باسما بۇيۇملارنىڭ تىلىنىتەتقىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ياۋروپادىكى بىر يىللىق تەتقىقاتىنىڭ تۈپ نىشانىقىلغان.

ئالىم بۇ نىشانغا يېتىش جەريانىدا يەنە يىراقشىمالىي ياۋروپادىكى شىۋېتلارنىڭ خارەكتېرىگىمۇ دىققەت قىلغان.چۈنكى، مەيلى قانداقسەۋەپتىن بولمىسۇن،يات بىر ئەلدە ،يات بىر مىللەت ئارىسىدا ياشىغان كىشى گەرچەقىسقا بولسىمۇ، ئۆزى ياشاۋاتقان شۇ ئەل، شۇ خەلقنى چۈشىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ، ئەسئەتسولايماندەك ئادىمىيەت پەنلىرى ئالىمى بۇ نوقتىغا تېخىمۇ دىققەت قىلىدۇ.شۇڭا ئۇئامال بار ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت ھەم ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى چۈشىنىشكە تىرىشقان ۋەشۇ چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا كىتابىدا؛« شىۋېتلارنىڭ خارەكتېرى» دىگەن بىر باپنىيېزىپ. بىزنىڭ يىراق شىمالىي ياۋروپادىكى بىر خەلقنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەمبەرگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىم كىتابىدىكى «قىزىم ۋەشىۋېتسىيە مائارىپى» دىگەن باپتا شىۋېتسىيە باشلانغۇچ مائارىپىنىڭئالاھىدىلىگى، ئادەم تەربىيلەش ئۇسۇلىنى ئۇيغۇر باشلا نغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىبىلەن سېلىشتۇرۇپ، شىۋېتسىيەدىكى مائارىپ تەر بىيىسىنىڭ ئۆزگىچىلىگىنى تونۇشتۇرغان.

www.uyghurkitap.com



يەنە «گېرمانىيەدە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم»، «يەتتەسۇلۇق بىر ئۇيغۇرنىڭ ھېكايىسى» دېگەن باپلاردا چەتئەللەردە، جۈملىدىن ياۋروپائەللىرىدە بىلىم ئېلىش، ئىشلەش ۋە باشقا سەۋەپلەر بىلەن ياشاۋاتقان بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ ھاياتى، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئەيلى دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولمىسۇن، ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئاننى ئىسىدىنچىقارماي، دوستلۇق، مېھرىبانلىقتەك ئىسىل مىللىي خاسلىقنى ساقلاپ، ۋەتەن سېغىنىشى،ئانا يۇرت تەشنالىقى ئىچىدە تىرىشىپ، تىر مىشىپ ھايات كەچۈرۋاتقانلىقىنى، ئۆزىدىكىئۇرغۇپ تۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇرۇپ،ئۆزلۈك ۋە كىملىك نوقتىسىدىنتولىمۇ تەسىرلىك بايان قىلىپ بەرگەن.

قىسقىسى «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق بۇ كىتاب، بىزنىڭ يىراق شىمالىي ياۋروپادىكى بىر ئەلنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنەبىزنى مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئىددىيە، مەدەنىيەت ئەھۋالى جۈملىدىن دىنىي ئېتىقاد، تۇرمۇش،ئۆرپئادەت ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىدىكى پىنھان سىرلارنى، ئۆتكەن دەۋردىن يېڭى ئۇچۇرلارنى بىرىدىغان تىلى گۈزەل، سەۋىيىسى يۇقىرى، بىلىم ۋەئوقۇشچانلىقى كۈچلۈك بىركىتاب. مەن بۇلارنى دېيىش ئارقىلىق يەنە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ بۇ كىتاپنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

قاراقاش ناھىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن تۇرسۇن

ئابدۇللابەگيار

2006 ـ يىل ئۆكتەبىر

«ئۆزلۈك ۋە كىملىك»تىن تەسىرات

(دوكتۇر ئەسئەت سۇلايماننىڭ «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن)

تۇراجان ئابلىز دولان

دوكتۇر ئەسئەت سۇلايمان ئەپەندىنىڭ شۋېتسىيەدە بىر يىللىق ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا كۆرگەن، بىلگەن ۋە ھېس قىلغانلىرى، شۇنداقلا شۋېتسىيەلىك ۋە باشقا ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دىيارىمىزدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، رايونىمىزدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن تۈرلۈك ماتېرىياللار، قوليازما بۇيۇملار ۋە فوتو سۈرەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ روياپقا چىقارغان «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۆزىمىز ۋە دىيارىمىز شىنجاڭ ھەققىدە تېخىمۇ مول بىلىملەرگە ئىگە بولدۇم.

مەن ئالىي مەكتەپتە گەرچە تارىخ ئوقۇتۇشى بويىچە تەربىيىلەنگەن بولساممۇ، مىللىتىمىز ۋە دىيارىمىزنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئانچە كۆپ ئوقۇمىغانىدىم. ئەمما، مەزكۇر كىتابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ماڭا ئوخشاش تارىخ ئوقۇتۇشى بىلەن تەربىيىلەنگەن، تەربىيىلىنىۋاتقان، شۇنداقلا رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەخسۇس تارىخ ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بۈگۈندىن كېيىن دىيارىمىزنىڭ تارىخىي، مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدەنسە، ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك

مەسىلىلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى، مەن ۋە ماڭا ئوخشاش ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ئۆزىمىز ۋە رايونىمىزنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىم، چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ بەكمۇ يۈزەكى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

مەن «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»نى زور ئىشتىياق بىلەن قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئوقۇدۇم. راستىنى ئېيتسام، ئىلگىرى بۇنداق ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەن بولغاچقا، بۇ كىتاب ماڭا ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە چوڭقۇر مەنىلىك، مول مەزمۇنلۇق ئەسەر سۈپىتىدە بىلىندى. تاكى مۇشۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغۇچە ھېچقانداق ئىشقا رايىم بارمىدى.

ئاپتور بۇ ئەسەردە ياۋروپا جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى، ياۋروپالىقلار بىلەن ئۆزىمىزنى روشەن سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا ئۆزى ئويلىغان،ھېس قىلغانلىرىنى بىز بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغان. شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قايتىدىن تېپىۋېلىشىمىزغا يول ھازىرلاپ بېرىشكە تىرىشقان. شۇنداقلا، بىز ئاڭلىغان بولساقمۇ ئەمما كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان، مىللىتىمىزنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن قىممەتلىك ھۆججەت، ۋەسىقىلەرنى، ماتېرىياللارنى، فوتو سۈرەتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە بۇلاردىن بىزگە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ، ئۆز تارىخىمىزغا بولغان چۈشەنچىلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلغان.

كىتاب بىزگە ياۋروپا جەمئىيىتىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزدە ئالدى بىلەن ئۆزلۈك ئېڭىمىزنى يېتىلدۈرۈش، بۇ ئاساستا «مەن  كىم؟ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن تۆرەلدىم؟ بۇندىن كېيىن قانداق ياشىشىم ۋە نېمىلەرنى قىلىشىم كېرەك؟» دېگەندەك سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر بىرىمىز چوقۇم ئۆزىمىزدە مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى ھازىرلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىمىزنى بايقاپ، مىللىتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى تارىخ، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن توختىماستىن ئىزدىنىشكە چاقىرغان.

ئاپتور شۇئېتسىيەدە تۇرغان بىر يىل جەريانىدا غەربىي ياۋروپادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنى ئايلىنىپ، بارغان جايلاردىكى موزېيخانا، كۇتۇپخانا، ئاسار ـ ئەتىقە ئورۇنلىرىنى بىرمۇ ـ بىر كۆرۈپ، شۇ جايلاردا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتىگە ئائىت قىممەتلىك بۇيۇملاردىن ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ يوقالغان روھىنى ئىزدەپ، بۇ جەھەتتە بىزگە بىر يېڭى يول كۆرسىتىپ بەردى. مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئۇستازلىرىمدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ 60_70 ـ يىللىرىدىن20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغىچە نۇرغۇن چەتئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ رايونىمىزغا كېلىپ ئىلمىي تەتقىقات، قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئازدۇر–كۆپتۇر ئاڭلىغان بولساممۇ، ئەمما، شۇئېتسىيەدەك كىچىككىنە بىر دۆلەتتە مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇرشۇناش ئالىملارنىڭ بۇنچىۋالا كۆپ ئىكەنلىكىنى راستىنى ئېيتسام ئاڭلاش تۇگۇل تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغان ئىدىم. مەزكۇر كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، غەربىي ياۋروپا بويىچە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ شۇئېتسىيىلىك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن، تېخىچە چەتئەللەردە ساقلىنىۋاتقان قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپلۈكىنى، ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا، مىللىتىمىزنىڭ تارىختا ھەقىقەتەنمۇ باشقىلار ھەيران قالغۇدەك كارامەت قىممەتلىك مۆجىزىلەرنى قالدۇرغان ساناقلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مۇشۇنداق ئىپتىخارلىق مىللەتنىڭ پەرزەنتى بولۇپ تۇغۇلغىنىمدىن چەكسىز پەخىرلەندىم.

ئەسەردە شۇئېتسىيە ۋە باشقا ياۋروپالىقلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش روھى قاتارلىق تەرەپلەرمۇ ئۆزىمىز بىلەن روشەن سېلىشتۇرما قىلىنغان ھالدا

تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەر ياۋروپالىقلارنى يېڭىدىن بىر قەدەم ئىلگىرلەپ چۈشىنىشىمىزدە، ئۆزىمىزنى قايتىدىن «ئوپېراتسىيە» قىلىپ كۆرۈشىمىزدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئاپتۇر ئەسىرىدە يېڭىدىن شەۋىتسىيىدە ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر، قازاق، تۈرك، ئەزەربەيجان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ شۇ جايدىكى ياشاش ئالاھىدىلىكى، ياۋروپاغا بېرىپ قېلىشتىكى تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر، ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىشلىرى، قېيىسقۇرلۇق بىلەن جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش روھى قاتارلىقلارنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ مەسىلىلەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىزنىڭ يۈكسەك دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغايدۇ. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ تىنىمسىز ئىلگىرلەش روھىدىن ئىلھام ئېلىش جەھەتتىلەردىمۇ بىزنى ئىنتايىن مول تەجرىبە-ساۋاقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا يېڭىدىن شۇنى ئويلاپ قالدىم:

ئاپتۇر ياۋروپادا بولغان ۋاقىتلىرىدا مەيلى ئۆز قېرىنداشلىرىمىز بولسۇن، مەيلى باشقا تۈركىي قېرىنداشلىرىمىز بولسۇن، گەرچە ئىلگىرى تونۇشمىسىمۇ ئۇلار بىلەن خۇددى بىر تۇغقان ئاكا-ئۇكىلاردەك قىزغىن پاراڭلىشىپ بىر-بىرىنىڭ دەردى-ھالىغا يېتىپتۇ. بۇ ئەلۋەتتە قەدىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان قىممەتلىك روھ. ئىلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ئوقۇۋاتقان دوستلىرىمدىن ئاڭلىسام، ئۇ جايلاردىمۇ شىنجاڭدىن بارغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىر-بىرى بىلەن بەك ئىناق ئۆتىدىكەن. ھېيت-بايراملاردا بىر-بىرىنى ئىزدىشىپ قىزغىن ئەھۋاللىشىدىكەن. ئەمما، رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ دەردى-ھالىغا يېتىشنىڭ ئورنىغا، ئۆز-ئارا يۇرتۋازلىق قىلىشىپ، ھە دېگەندىلا ئۇرۇشۇپ، بىر تالاي كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى قىستۇرۇپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ:

2002-يىلى ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچى رېستورانغا تاماق يېگىلى كىرىپ بىر قىزنى تالىشىپ ئۆز-ئارا ئۇرۇشۇپ قالدى. نەتىجىدە، بۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرسىگە پىچاق تىقىپ ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئۆزىمۇ قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى.

دېمەك،بۇ ئىككى سىلىشتۇرمىدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، كونىلار ئېيتقان «يېقىن كەلسە چىشلىشەر، يىراق كەتسە كىشنىشەر» دېگەندەك بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىز دەل مۇشۇنداق بولۇپ قالدى. ئۇنداقتا، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇنداق ئىككى خىل ھالەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدا زادى نېمە سەۋەب بار؟ خەلق ناخشىلىرىمىزنىڭ بىرىدە مۇنداق مىسرالار بار:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل ،
بازارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

مۇشۇ مىسرالاردا ئېيتىلغاندەك، ئۆز رايىمىزدا ياشاپ تۇرۇپ بىر-بىرىنىڭ، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھالىغا يەتمىگەن، ھە دېسىلا ئۇرۇش —جېدەل قىلىپ بىر-بىرىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ يۈرگەنلەر بىر مەزگىل ئىچكى ئۆلكىلەردە ۋە چەتئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، قېرىنداشسىزلىقنىڭ دەرد-ئازابىنى تارتقان بولسىدى، ئاندىن قېرىنداشلىق مېھرى-مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە يەتكەن، ئۇنى قەدىرلىگەن بولاتتى.

مەزكۇر ئەسەردە ئاپتۇر بىلەن ئەھۋاللاشقان بىر قازاق ئايالنىڭ دۆلىتىمىز بىلەن شىنجاڭنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىغا بولغان چۈشىنىش ھېسسىياتى، ئۆز ۋەتىنىنى، ئاتا-بوۋىلىرى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرت-ماكانىنى سېغىنىشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ گەرچە شىنجاڭغا ھازىرغىچە كېلىپ باقمىغان، ئۆزىنىڭ بۇ جايلاردا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى، ئۇلارنى سېغىنىش ھېسسىياتى ئىنتايىن چوڭقۇر. ئەمما، مىللىتىمىز ئارىسىدا شۇنداق

ناشۇكۇر، تۇزكور نائەھلىلەرمۇ باركى، ئۆز مىللەت گەۋدىسىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ قالغىنىدىن نۇمۇس قىلىدىكەن ـ تېخى! بۇ نېمىدېگەن نادانلىق، ئاڭقاۋلىق ھە!

ئۇشبۇ قازاق ئايالنىڭ ئاپتۇرغا دېگەن مۇنۇ سۆزلىرى بىزنىڭ ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ:

« ھازىرقى كۈندە شۇۋىتسىيەدىكى چوڭلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ مەسىلىسى بولۇپ قالدى. بۇ كىچىككىنە دۆلەتتە بىزدەك ئاران يۈز نەچچە ئاھالىسى بار خەلقنىڭ مەڭگۈ ئۆز ئىچىدىن نىكاھلىنىپ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالىشى تولىمۇ تەس!»

قاراڭلار، بۇ نېمىدېگەن ئېسىل مىللىي روھ ـ ھە! ئۇلار گەرچە سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشقان. بۇ ھەقتە ئويلانغان. ئەلۋەتتە، بۇ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك ئۇلۇغ روھتۇر!

ئەمما، بىزدە ھازىر بەزى ئاتا ـ ئانىلاردا ۋە پەرزەنتلەردە مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مىللىي روھتىن ئېغىز ئېچىش ئىنتايىن تەس. ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە سەپسالىدىغان بولساق، ئازغىنە لېكىن 10مىلىيونغا يېقىن نوپۇسى بار بىزدەك مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدىن بىر قىسىم ئازغۇن (ئەر ياكى ئايال بولسۇن) كىشىلەر ئۆز ئىچىمىزدىن نىكاھلىنىشقا مۇۋاپىق لايىق تېپىلمىغاندەك، بىرىنىڭ پۇلىنى، بىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى يۈز ـ ئابرۇيىنى دەپ باشقا دىن، باشقا ئىرقتىكى كىشىلەر بىلەن نىكاھلىنىشى بىزدە بارا ـ بارا مىللىي ئاڭنىڭ ئىنتايىن لەمچىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قاراڭ: مەلۇم بىر داڭلىق سەنئەتكار بىر چەتئەللىك ئەر كىشى بىلەن توي قىلغان. مەلۇم بىر داڭلىق ئونىۋېرسىتېتتا ئىشلەيدىغان، دۆلەت ئىچى، ھەتتا خەلقئاراغا نامى چىققان بىر ئۇيغۇر رەسسام بىر خەنزۇ ئايال بىلەن تويلاشقان. ئاڭلىساق، بۇلار ھازىر ئىنتايىن بەختلىك ياشاۋاتقانمىش. يەنە بىر قىسىم ئازغۇن قىز ـ ئاياللىرىمىز «مەن سېنى ئالاي» دەپ لەيىندىن يۈگۈرۈپ يۈرگەن بەرنا يىگىتلىرىمىزگە نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويماي، بىر بىر چەتئەللىك پۇلدار بىلەن توي قىلىپ، چەتئەلگە چىقىپ كېتىدىكەن. بىرى بولسا، يەنە باشقا مىللەتتىن بولغان بىر يىگىتنىڭ لەيىندىن كېتىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان. بۇ ئازغۇن قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بولسا تۈگىمەس دەرد ـ ئەلەم بىلەن ياشىماقتا.

مانا مۇشۇنداق، بىزنىڭ قىزلىرىمىز ياكى يىگىتلىرىمىز بولسۇن، بارغانسېرى ئۆزىدىن، مىللىي كىملىكىدىن ياتلىشىپ، يات مىللەت، يات ئىرقتىكى قىز ـ يىگىتلەر بىلەن تويلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى روشەن سېلىشتۇرما ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تۈرلۈك كىزىسلارنىڭ ھەققىدە ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەجەبا دۇنيانىڭ ئەڭ غەربىدە ياشاۋاتقان يۈز نەچچە قازاق قېرىندىشىمىز ۋەتىنىگە، ئۆز مىللىتىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش، تەلپۈنۈش ئىچىدە ياشاپ، مىللىي خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشسۇن! بىز بولساق ئۆزىمىزدىن، ئاتا ـ ئانىمىزدىن، قېرىنداشلىرىمىزدىن ياتلىشىپ، يات دىن، يات ئىرقتىكى كىشىلەر بىلەن توي قىلىپ يات ئەللەردە ياشاپ يۈرسەك، بۇ نېمىدېگەن بىمەنىلىك ـ ھە! بىرى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلسا، يەنە بىرى ئۆز مىللىتىدىن تانالماي، ئۆز ـ ئۆزىنى يوقىتالماي ئاۋارە بولۇپ يۈرىدۇ. بۇنىڭغا زادى نېمە دېگۈلۈك!

ئاپتۇر ئۆز ئەسىرىدە يەنە شۋېد مائارىپى بىلەن ئۇيغۇر مائارىپىنى سېلىشتۇرما قىلىپ، بۇ ئىككى خىل مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى، يېتەرسىزلىكلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزگە ئۆز مائارىپىمىزنىڭ تۈرلۈك نوقسانلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنى چوڭقۇر ئويلىنىش ئىچىدە ئۆز مائارىپىمىزدىكى نوقسانلارنى تۈزىتىشىمىزگە يېتەكلىگەن. قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر مائارىپىدا ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن كۆپ نوقسان، يېتەرسىزلىكلەر ساقلىنىپ لەلمەكتە. ئاپتۇر كىتابىدا بايان قىلغاندەك، ئەڭ ئاددىيسى بىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسىدىكى نوقسانلار يېتىپ ئاشقۇدەك بار. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدىغان ئىنىم بېرىلگەن تاپشۇرۇقنىڭ كۆپلىكىدىن ھەر كۈنى كەچ سائەت 9:30 ـ 10:00 غىچە تاپشۇرۇق

ئىشلەيدۇ. ئۇ مۇرىسىگە ئېسىپ ماڭغان سومكىمۇ خېلىلا ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر مەكتەپلىرىمىزدە باللارنى قىزىقتۇرىدىغان ھېچقانداق ئەنئەنىۋى ئويۇنچۇقلار يوق. باللىرىمىز ئېغىر بېسىم ئىچىدە ئوقۇۋاتقاچقا، بەزى باللاردا ئوقۇشقا قىزىقماسلىق، مەكتەپتىن قېچىش خاھىشلىرى ھازىرمۇ يەنىلا بار. بۇ بىزنىڭ ئۆز مائارىپىمىزغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىزنى تېخىچە ئېنىق تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا ماڭا تەسىر قىلغان يەنە بىر ئىش، ئاپتۇر ياۋروپادا تۇرغان مەزگىللىرىدە كۆرۈشكەن چەتئەللىك ئالىم، تەتقىقاتچى، ئاددى كىشىلەر بولسۇن ياكى شۇ جايلاردا ئوقۇۋاتقان،تەتقىقات ۋە باشقا تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۈرك قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلىرىمىز بولسۇن، ئاپتۇر ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ تاماق يەۋاتقاندا، سەيلە قىلىۋاتقاندا، ئاپتوبوس ياكى پويىزدا كېتىۋاتقاندا بولسۇن، ۋاقىتنى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىلمىي پاراڭلار بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى بولدى.

ئەمما، دىيارىمىزدا بۇنداق ئىشلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. بىز مەيلى بۇرۇندىنلا تونۇش بولايلى ياكى ئەمدىلا تونۇشقان بولايلى، ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشىمىز بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەيمىز. ئارقىدىنلا بىرەر قاۋاقخانىغا كىرىپ سېسىق ھاراقنى بىر- بىرىمىزگە زورلاپ ئىچكۈزۈپ، تاماكىنىڭ ئاچچىق بۇسلىرى ئىچىدە ناھايىتى تېتىقسىز، ئەھمىيەتسىز پاراڭلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىمىز. بۇنداق سورۇندا تېخى مۇنداق نادانلارچە قائىدە ھۆكۈمران:«بولدى، ئاغىنىلەر، بۈگۈنكى سورۇننىڭ كۆڭۈللۈك بولىشى ئۈچۈن ئۆگىنىش، خىزمەت توغرىسىدا پاراڭلاشمايمىز. ھازىردىن باشلاپ راسا يەپ-ئىچىپ، قانغۇچە ئوينايمىز!» بۇنداق سورۇننىڭ ئاخىرىدا ھاراقنى تويغۇچە ئىچكەن «ھاراق تۈگىلىرى» غەرق مەست ھالەتتە سورۇندىن چىقىپ ئۆيىگە بېرىپ بولالماي، يول ئۈستىدە، يۇندا ئازگاللىرىدا ئۆز قۇسۇقىنى يالاپ ئۇخلاپ قالىدۇ ۋە قېلىۋاتىدۇ.

بۇ كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق مەن سۆيۈنگەن يەنە بىر ئىش شۇ بولدىكى، ۋەتەندىن يىراق بىر جايغا تەتقىقات ئۈچۈن بارغان بىر ئۇيغۇرنىڭ شۇ يەرلىك خەلقلەرگە ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتكەنلىكىدىن ئىبارەت. ئاپتۇر ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ستوكھولم ئونۋېرسىتىتىدا  ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئانا تىلىمىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ سېھرى-كۈچكە باي، جەلپكارلىقى كۈچلۈك تىل ئىكەنلىكىنى، شۇڭا، ئۆز ئانا تىلىمىزنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بارلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ كۈچ چىقىرىشىنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەزكۇر ئەسەردە يەنە يات ئەلدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شۇ جايدا ياشاش جەريانىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرى، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش يولىدا تارتقان جاپالىرى بايان قىلىنىش ئارقىلىق، ئارىمىزدىكى كۈنلىرىنى بىكارچىلىقتا ئۆتكۈزىۋاتقان ياشلىرىمىزغا كۈچلۈك سىگنال بەرگەن.

مەن ھازىرغىچە تۈرلۈك مەزمۇندىكى **200** پارچىدىن ئارتۇق كىتابلارنى ئوقۇغان بولساممۇ، مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» ناملىق رومانىدىن باشقا كىتابلارنى «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»نى ئوقۇغاندەك زور ئىشتىياق، چەكسىز قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ باقمىغان ئىدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە مەزكۇر كىتاب مەيلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن، ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان تۈرلۈك كىتابلار ئىچىدە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ساناقلىق كىتابلارنىڭ بىرى. بەلكىم بۇ كىتابنى ئوقۇپ باققان بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ كىتاب ئاددى ھالدىكى ساياھەتنامە ھېسابلىنىشى مۇمكىن. ئەمما، چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، بۇ كىتاب مەن ۋە ماڭا ئوخشاش «كىتاب موللىسى» ئۈچۈن ئېيتقاندا، ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە ئىلمىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى **15** يىلدىن بۇيان بىزدە ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە، چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇغان ۋە ئوقۇۋاتقان تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە ساياھەت قىلغانلار ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، ئەمما، كۆپىنچىسى پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەنلا بولۇپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەر ياكى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، مەدەنىيەت-مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىق تەرەپلىرىگە پەقەتلا كۆڭۈل

بۆلمىگەن. نەتىجىدە، تۆت ـ بەش بەت بىر نەرسە يېزىپ بېيزنى شۇ جايىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلالمىغان. شۇڭا، مەزكۇر ئەسەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نەشر قىلىنىۋاتقان ساياھەتنامە، زىيارەت خاتىرىسى قاتارلىقلار بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسەردۇر.

ئاپتۇر بۇ ئەسىرى ئارقىلىق بىزگە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 20 ـ ،30 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن قەدىمي مەدەنىيەتلىك شەھەر قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، شۇ دەۋردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى، شۇنداقلا چەتئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ رايونىمىزدىكى دىن تارقىتىش ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. شۇنداقلا، بۇ ھەقتە تېخى تولۇق بايقالمىغان، ئايدىڭلاشتۇرۇلمىغان تەرەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنى ئۆزىمىزنى قايتىدىن تېپىشىمىزغا، ئۆز ئەسلىمىزگە قايتىشىمىزغا يېتەكلىدى. شۇڭا، مەزكۇر ئەسەر ئاددى ھالدىكى ساياھەتنامە ئەمەس، بەلكى، رايونىمىزنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئىنتايىن مول مەزمۇنلىرى مۇجەسسەملەنگەن زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

2007 ـ يىلى 22 ـ يانۋار. مەكىت

( ئاپتور: مەكىت ناھىيلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىن )

تېلېفون : 15809987882 . پوچتا نومۇرى: 844600

# ئۆزلۈك ئالـمىمـىزدىكى تۇمانلار

ئابدۇغېنى ئابدۇكېرىم

يىنىككىنە چىققان شامال بەزىدە بىزنى سەگىتىپ ھوزۇر بەخش ئەتسە،بەزىدە بىر قىسىم

ئەخلەت ـ چاۋارلارنى ئۇچۇرتۇپ ئەكىلىپ ئەتراپىمىزغا تاشلايدۇ، مانا بۇنى شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدا ئىپادىلىنىدىغان ئىجابىي ۋە سەلبىيلىك ئاملى دېسەك ئارتۇق كەتمەس. قۇتلۇق قەدىمى بىلەن بىزگە نىسىپ بولۇۋاتقان تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىش ئىزنالىرى بىر تەرەپتىن بىزنى ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقنىڭ پاتقىقىدىن تارتىپ چىقىرىشقا ھەركەت قىلىۋاتقان،يەنە بىر تەرەپتىن ئادىمىيلىك ۋە خاسلىق ئالـمىمىزنىڭ رەڭدار چىراقلىرى سۇسلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان بىر قىسىم ئاچچىق پاجىئەلەرتەپەككۇر سەينالىرىمىزنى سىلكىتىپ،بىزنى ئىزتىراپلىق خىياللار قوينىغا غەرىق قىلىۋاتىدۇ.مانا بۇ خىياللار ئىلكىدە ئۆزلۈك ئالـمىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا «قورسىقى توق،كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى»ئەمدىلا ھەل بولۇپ چىرايىمىزغا ئاز ـ تولا قان يۈگۈشۈپ قالغان بىز خەقنىڭ ئۈستىدە قانلىق قىلىچىنى ئوينىتىپ شىددەت بىلەن چېپىپ كىلىۋاتقان«ئاق ئالۋاستى»نىڭ غالىبانە يۈرۈشلىرى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ.

مىللەت گەۋدىسىنى چىرىتىپ،قوۋۇرغۇسىنى ئىگىپ بىزلەرگە تالاي تالاپەتلەرنى تارتۇق قىلغان

بۇ يۈرۈش ئۆز مەنزىلىدەيەنە بىزلەرنى نۇرغۇنلىغان«سادىر پەھلىۋان،غېنى باتۇر، ئامانىسا، نوزۇگۇم...» سۈپەت ئوغۇل ـ قىزلىرىمىزدىن،ئاتا ـ ئانىلارنى پەرزەنتلىرىدىن، پەرزەنتلەرنى ئاتا ـ ئانىسىدىن مەھرۇم قىلدى.ئەل قەلبىنى تىترەتكەن تالانت(تەسرەك ئاتىدىم)لىق ناخشىچىمىز مەرھۇم ،ئەخمەتجان مەمتىمىنمۇ مانا شۇ يۈرۈشنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە ئارىمىزدىن كەتتى...بۇنداق پاجىئەلەرنى بىر –بىرى بىلەن ساناش كىشىدە چۈشىن يەۋالغاندەك تۇيغۇ ھاسىل قىلىدۇ. نادانلىق

ۋە نامراتلىقنىڭ دالىرىدا ئۇزاق ۋاقىت سەيياھلىق قىلغان بىز خەق ئۈچۈن ئارتۇقچە ھەشەمگە خېلى كۆپ ۋاقىت كېرەك ئىدى. ئوسمانجان ساۋۇت ئاكىمىز:«ساپلىقىنىڭ ئۇنىگە ئىنتىزار دىلدا،نە قىلسۇن مىڭ ئۆيىنىڭ رەڭدار نەقىشى» دەپ يازغىنىدەك، تىرىكچىلىكنىڭ قايىنىمىدا تەمتىرەپ يۈرگەنلىرىمىز ئۈچۈن بۇنداق بەدەل تۆلەش ـ كۆتۈرۈپ قويغۇسىز دەرىجىدىكى ئاھانەت ۋە ئېغىر ئازاپ ئىدى. مانا شۇنداق ئازاپ ـ ئاھانەتلەر ۋە مىللى خاسلىقىمىزدىكى تۇتۇقلۇقلار ، تەپەككۇرىمىزدىكى دەلدۈشلىكلەر نۆۋەتتە مىللەت گەۋدىسىنى سۆرەپ مېڭىۋاتقان پاراۋۇزنىڭ ماتورىنى يېقىلغۇدىن قىسىپ، ئۆزلۈك ئالىمىمىزنى توپا ـ چاڭ،ئىس ـ تۈتەكلەر بىلەن تولدۇرماقتا.

ئەيدىز بوسۇغىمىزدا يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى «ئاق ئالۋاستى» دېگەن بۇ نىجىسنىڭ رەزىل تاپىن ئاستىدىن ئاجىز گەۋدىمىزنى ئاز ـ تولا ئاجرىتىپ ئۇھ! دېمەستىنلا«ئەيدىز»دېگەن بۇ رەزگىنىڭ قانلىق يۈرۈشى ۋە تالان ـ تاراجى جېنىمىزنى ئېلىپ يېنىمىزدا قويغىلىۋاتىدۇ. ئىلگىرى «ئاق ئالۋاستى» دېگەن ئۇ نىجىسنىڭ نەزىرىگە داخىل بولۇش ئۈچۈن ئاز ـ تولا «مال ـ دۇنيا»رىمىز ياكى سودا سېتىق بىلەن ھاللىنىپ ئۆزىمىزنى بىلەلمىگىنىمىز سەۋەپ بولغان بولسا ئەمدى ، بۇ رەزگىنىڭ نەزىرىگە يولۇقۇش ئۈچۈن،كۈنسىرى چىلىلىشىپ ، ۋۇجۇدىمىزدا خوراش بەدىلىگە ئۆزىلەي دەپ قالغان «ئىنسانىي ۋىجدان ۋە كىشىلىك شەرمى – ھايا»نى دەسمىي سالساقلا كۇپايە بولىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە بۇ مەرەزنىڭ قولىغا چۈشكەنلىرىمىزنىڭ جىسمانىيتى بىلەن ئادىمىيلىكى تەڭلا يوقۇلۇپ،ئۆزىنىڭ پوقىنى ئېرىغداش بىلەن بولماستىن باشقىلىرىمىزنىمۇ بۇ پاجىئە قوينىغا سۆرەپ كىرىشكە ئۇرىنىشى ـ باشقىلارنىڭمۇ ھەم بۇ توپقا ئۆز ئايىقى،ئۆز ئىنتىلىشى بىلەن كىرىپ كىلىش جەريانى بۇ پاجىئەلەرنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەر قانداق پاجىئەلەر بابىدا ئالدىنقى ئورۇننى ئېلىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ. رايۇنىمىزدا ئەيدىز بايقالغان 95 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان ئون نەچچە يىللىق مۇساپىگە قارايدىغان بولساق،ئۇنىڭ كېڭىيىش سۈرئىتى ۋە يۇقۇم نىسبىتى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. بۇ چۆچۈش ئۆز نۆۋىتىدە بىزنى ئاق ئەجدەرھانىڭ ئۇۋىسىغا ئات سېلىۋاتقانلار،ئېپلاس تېنىگە مىللەت ئەل – ۋەتەننىڭ ئۇمۇدى – غورۇرى،ۋىجدانىنى قوشۇپ سېتىۋاتقان «ئېپپەت سودىگەرلىرى»ۋە ئەرلىكنىڭ پايانسىز داللىرىدا سەيرلەپ ئادىمىيلىكىنى سېتىش بەدىلىگە«تۆۋى يوق غار»غا تاش ئېتىۋاتقان نائەھلى ـ ناجىنس ، نانقېپلارغا نەپرەت نەزىرىمىز بىلەن قاراشقا مەجبۇر قىلىدۇ. نۆۋەتتە رايۇنىمىزدا ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى مەملىكىتىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن. بۇ سىتاستىكا ئەمەلىيەتتە مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ بايقىغان سىتاتا مەنبەلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. تېخى بايقالمىغان ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇپ بۇ مەرەز بىلەن ئوينىشىۋاتقانلارنىڭ سانىنى ياراتقۇچى ئۆزى بىلىدۇ. بىراق رېئاللىق رەھىمسىز،دۇنيادا ئاشكارلانمايدىغان ئىش يوق،بۇنىڭدا ئاغرىقىنى يۇشۇرساق ئۆلۈمى ئاشكارىلايدۇ. مەرھۇم يازغۇچىمىز مۇختار قادىر(ھونزادە) نىڭ «يانفۇن ۋە ئەيدىز» ناملىق ئەسىرىدىكى بىر قىسىم تەپسىلاتلار بۇ ھەقتە بىزنى سەگەكلىك بىلەن ئادىمىيلىكىمىزنى بىلىپ ياشاشقا ئۈندىسە،نۆۋەتتە ئېنتېرنېت ۋە باشقا بىر قىسىم ماتېرىياللاردا تەسۋىرلىنىۋاتقان،ئەتراپىمىزدايۈز بېرىپ سىز ـ بىزنى ياقا چىشلەشكە مەجبۇر قىلىۋاتقان ئىش ـ ۋەقەلەر بىزنى«ئىششىكىمىزنى مەھكەم تۇتۇپ،ئۆيىمىزگە ھېزى بولۇش»قا ئۈندەيدۇ.

ئاپتونوم رايۇنىمىزدىكى ئەيدىز يۇقۇم ئەھۋالى ئەيدىز كېسىلى نۆۋەتتە پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا،ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتقان، ئۆلۈش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى، ئۇنۇملۇك دورىسى بولمىغان بىرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىك. ئۇ،1981 ـ يىلى تۇنجى بولۇپ ئامېرىكىدا بايقالغاندىن بۇيان پۈتۈن دۇنيادىكى 240 دۆلەت ۋە رايونغاتارقالدى،ھازىرغىچە پۈتۈن دۇنيادىكى ئەيدىز يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى 60 مىليونغا يىتىپ بۇنىڭ ئىچىدە 22 مىليون ئادەم ئۆلدى. ئۇ قانداقتۇر ئادەم بەدىنىدە ئوزۇقلۇقلارنىڭ يېتىشمەسلىكى ياكى يېمەكلىكلەرنىڭ ناچارلىشىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەل ئەمەس ھەم ئاسانلىقچە خالىغان ئادەمگىمۇ يۇقۇپقالمايدۇ. ئۇئاساسلىقى

قان،ئارقىلىق جىنسىي‌مۇناسىۋەت ئارقىلىق ھەم ئانىدىن بالىغا يۇقۇش قاتارلىق ئۈچ خىل يول ئارقىلىق يۇقىدۇ.

نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادىكى ئەيدىزۋىرۇسى‌بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ 60%تى جىنسىي يول،ئارقىلىق يۇقۇملانغان‌بولۇپ دۆلىتىمىزدە جىنسى يول ئارقىلىق يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى ناھايىتى يىلدىن-يىلغا ئاشماقتا. رايونىمىزدا زەھەرنى‌تومۇردىن ئوكۇل قىلىپ‌ئۇرۇش بىلەن قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئەيدىزۋىرۇسىنىڭ تارقىلىشىدا « يۇقۇرى سۈرئەتلىك تاشيول « لۇق رولىنى ئويناۋاتىدۇ. ھازىرقى زامان تىبابىي ئىلمىدا ئەيدىزكېسەللىكى «دەرىجىدىن تاشقىرى راك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەيدىز ۋىرۇسى ئادەمنىڭ ئىممۇنت سىستېمىسىنى پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ،ھېچقانداق‌كېسەلگە قارشى تۇرالمايدىغان تۇرالمايدىغان قىلىپ قويۇپ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلار 2002-يىلدىن بۇيان ھۆكۈمەت تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلاردىن قىسقارتىلىپ ئېلىنغان بولۇپ، بىز بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن AIDS مەسىلىسىنىڭ سەل قارىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن قاراپ باقايلى:

2002-يىلى 9-ئايغىچە، شىنجاڭدىكى AIDS كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ تىزىملىكتىكى سانى 6833 گە يېتىپ، جۇڭگودىكى يۇقۇملانغانلار ئومۇمى سانىنىڭ % 20 ئىگىلەپ، يۇننەندىن قالسا 2-ئورۇندا تۇردى. (جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ 2002-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۇرۇمچىدىن بەرگەن خەۋىرىگە قاراڭ) .2003-يىلىنىڭ ئاخىرغىچە، شىنجاڭدىكى AIDS كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ تىزىملىكتىكى سانى 8150 كە يېتىپ، يەنىلا 2- ئورۇندا تۇرۇش«سالاھىيىتى»نى ساقلىدى. (جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ 2004-يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى ئۇرۇمچىدىن بەرگەن خەۋىرىگە قاراڭ).2004-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى AIDS كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ تىزىملىكتىكى سانى 9346 گە يېتىپ، AIDS كېسىلىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى دۆلىتىمىز بويىچە ئەڭ ئېغىر بولغان رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. (شىنجاڭ خەۋەر تور بېتىنىڭ 2004-يىلى 11-ئاينىڭ 25-كۈنى، شىنجاڭ گېزىتىدىن ئالغان خەۋىرىگە قاراڭ). 2005-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى AIDS كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ تىزىملىكتىكى سانى 11303 گە، مۆلچەردىكى سان 60000 گە يېتىپ، AIDS كېسىلىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى كىشىنى چۆچۈتكىدەك ھالەتكە يەتتى. (شىنجاڭ خەۋەر تور بېتىنىڭ 2005-يىلى 11-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى خەۋىرىگە قاراڭ). 2006-يىلى 3-ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەيدىزدىن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى 14235 نەپەرگە ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكىنى 91 نەپەرگە يېتىپ‌يۇقۇملانغۇچىلار 15 ۋىلايەت ، ئوبلاست ،شەھەرنىڭ 82ناھىيە رايونغا تەكشى تارقىلىشتەك جىددىي ۋەزىيەت شەكىللەندى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، رايۇنىمىزدا ئەمەلىي يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى60000دىن ئېشىپ كېتىدىكەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەيدىزنىڭ ئاساسلىق يۇقۇش يولى شپرىسنى ئورتاق ئىشلىتىپ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش بولۇپ ، بۇ ئومۇمىي يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ 84.2% نى ئىگىلەيدۇ . يېقىندىن بېرى

BABUR

جىنسى مۇناسىۋەت ۋە نامەلۇم سەۋەبلەردىن يۇقۇملىنىشنىڭ نىسبىتى ئۆرلەپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 11.03% ۋە % 19.25 لىك «ئۆتكەل»گە يەتتى. بۇ ئۆتكەلگە كەلگەنلەر ئىچىدەئايال يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ ، ئومۇمىي ساننىڭ 17.1% نى ئىگىلەشتەك

«رېكورىت» يارىتىلدى. 2005 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ،ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى يۇقۇملانغۇچىلار

نىڭ سانى 272 گە يەتتى، بۇيىلدا ئانىدىن يۇقۇملانغان باللار 15 نەپەر. 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە بولغان يىغىنقى توققۇز ئاي ئىچىدە پۈتۈن شىنجاڭدا 4732 كىشى يېڭىدىن ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى (HIV) بىلەن يۇقۇملانغان، يەنى شىنجاڭدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى 17 ئادەم ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى (HIV) بىلەن يۇقۇملانغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ تىزىملىكتىكى ئومۇمى سانى 16035 گە يەتكەن. ئىلى رايونىدا بولسا ھەر 100 ئايالنىڭ ئىچىدە بىرى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى (HIV) بىلەن يۇقۇملاندى. (شىنجاڭ خەۋەر تورىنىڭ 2006 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى خەۋىرىگە قاراڭ).«شىنجاڭ گېزىتى » نىڭ 2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، پەقەت ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدىلا ئۈرۈمچى شەھىرىدە AIDS ۋىرۇسى بىلەن يېڭىدىن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 2051 يەتكەن. ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە AIDS ۋىرۇسىنى يۇقتۇرۇۋالغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 6936 نەپەر بولۇپ، پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىدا رەسمىي ئەنگە ئېلىنغان AIDS ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى 17 مىڭ 209 گە يەتتى.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە تۇنجى ئەيدىز كېسىلى 93 ـ يىلى شىنجىن شەھىرىگە كۆتكۈچى بولۇپ چىققان

ئۈرۈمچىلىك بىر ئۇيغۇر قىزىدىن بايقالغان. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىچكىرىدىن كىرگەن بىر تۈركۈم ئالدامچىلار مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مېھمانخانىلارغا كۈتكۈچى قوبۇل قىلىش نامى بىلەن 18ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان خەنزۇچە بىلىدىغان بىرتۈركۈم قىزلارنى ئالدام دىڭىز بويىدىكى شەھەرلەرگە ئېلىپ باردى. ئۇلار بۇ شەھەرلەرگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن قىسقا مۇددەت « كەسپى تەربىيىلەش » ئېلىپ بېرىلىپ ، مەجبۇرى ھالدا ئالاھىدە كۈتكۈچىلىككە سېلىنغان ، بۇ« دونداق »لار كۆيۈنچە چەتئەللىك مېھمانلارغا مۇلازىمەت قىلغان، شۇنداق قىلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان. بۇ قىزلار مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ھەم بىرمەزگىل ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن تۇرغاندىن يۇرتىدا ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ، بۇ ئەيدىز كېسىلىنىڭ تىخىمۇ تېزكۆپىيىشىگە سەۋەپ بولغان.

ئەزەلدىن ھېچبىر كېسەل ئەيدىزگە ئوخشاش بىز ئىنسانلارنىڭ ئەقىل پاراسىتىمىز، جاسارەت ـ

جۈرئىتىمىز، ئېتىقاد ـ ئەخلاقلىرىمىزغا ۋە ھاياتلىقىمىزنىڭ چىن مەنىسىگە قارىتا بۇ دەرىجىدە مىسلىسىز بولغان خىرىسنى ئېلىپ كەلمىگەن ئىدى.بۇ كېسەللىك بايقىلىپ ھازىرغىچە ئىنسانلارنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللاپ ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىش، تەتقىقاتلىرى ئەلىۋەتتە بىر قىسىم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەمما، بۇ نەتىجىلەر ئەيدىزنىڭ شەپقەتسىز چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كەسكىن كۆرەشتە ھېچنەرسىگە ئەسقاتمىدى. نۆۋەتتەئاپتونوم رايونىمىزدىكى

يۇقۇملانغۇچىلار ئاساسەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىگە مەركەزلەشكەن،بۇ

ئورۇنلاردىكى يۇقۇملانغۇچىلار سانى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 5886 نەپەر ۋە 5519 نەپەربولۇپ پۈتۈن ئاپتونوم

رايوندىكى يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ 80.1% نى ئىگىلەيدۇ. بۇلاردىن باشقا يۇقۇم ئەھۋالى بىرقەدەر

ئېغىرجايلار ۋە ئۆلاردىكى يۇقۇملانغۇچىلار سانى تۆۋەندىكىچە:

ئاقسۇ ۋىلايىتى 813 نەپەر؛
قەشقەر ۋىلايىتى 592 نەپەر؛
سانجى ئوبلاستى 253 نەپەر؛
بايىنغۇلىن ئوبلاستى 205 نەپەر؛
تۇرپان ۋىلايىتى 171 نەپەر؛
خوتەن ۋىلايىتى 128 نەپەر؛
قۇمۇل ۋىلايىتى 96 نەپەر؛
قاراماي شەھىرى 80 نەپەر
(شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى2006 ـ 16 ـ ئاۋغۇست تېلگىراممىسى)

بۇندىن ئىككى يىل مۇقەددەم يەنى 2005 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى ماچۇنئەن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى تەشكىللىگەن « ئەيدىز ۋە مېدىيىلەرنىڭ خەۋەر قىلىشى » دېگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنداق دەيدۇ:« دېھقانلار ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەيدىز كېسەللىكىنى يۇقتۇرۇۋېلىش خەۋپى يۇقىرى كىشىلەر توپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇلار ھازىر نىسبەتەن ئوڭاي زىيانلانغۇچىلارغا ئايلىنىپ قالدى». شۇ تەرىپىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، جۇڭگو ياشلىرىنىڭ جىنسىيەت كۆز قارىشىنىڭ كۆنسېرى ئېچىلىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئەيدىز كېسەللىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جىددىي قارىمىسا، ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئاللىقاچان چەتكە قېقىشقا بولمايدىغان مەسىلىگە ئايلاندى. نۆۋەتتە، جۇڭگو جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت شۇكى، ئەيدىز كېسەللىكى ئاللىقاچان تېز سۈرئەتتە ئېشىش باسقۇچىغا كىردى. دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ئورگانلارنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا ، جۇڭگودا ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى30% ئەتراپىدا ئىكەن.رايۇنىمىزدا يۇقۇملانغۇچىلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ نىسبىتى 92% بولۇپ . بۇنىڭ ئىچىدە ، ئۇيغۇرلار % 88 نى ئىگىلەيدۇ.

بۇ ئەھۋاللار ئىھتىيات سىزىقىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ،ئەمدىلىكتە ئىش مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك باسقۇچتا تۇرماقتا. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا « ئەخلاقنىڭ چەكلەش كۈچى » گە تايىنىش كېرەكمۇ ياكى«كىشىلەرنىڭ ئەيدىز خەتىرىنى ھېس قىلىشى » غىمۇ؟ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ ياخشى بولغان ئۇسۇل. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا پاكىزە بولغان جىنسىيەت كۆز قارىشى تۇرغۇزۇش، ئىپپەت ـ نومۇس تۇيغۇسىنى كۈچلەندۈرۈش، جەمئىيەتتە بولسا نىكاھتىن سىرتقى جىنسىي مۇناسىۋەتنى ( زىنا ) قاتتىق چەكلەيدىغان ۋە ئەيىپلەيدىغان قويۇق كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش لازىم. شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەيدىز ئاتلىق بۇ ياماۋزدىن غالىپ كېلىشىدىكى ئەڭ ئاداققى ئۈمىد قانداقتۇر ئالاھىدە ئىقتىدارلىق دور ياكى ۋاكسىنىدا ئەمەس، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقىدا تېخىمۇ ئەمەس . بەلكى پەقەت پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىي ھاياتىنىڭ گۆھىرى بولغان ئېسىل ئەنئەنىۋي ئەخلاقتا. جۇملىدىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پاكلىق چۈشەنچىلىرىدە!ئەيدىزنى داۋالاپ ساقايتىشتىن ھېچبىر ئۈمىد يوق بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى پەقەت ئۇنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىدى. ئەمما ، بەزىلىرىمىزنىڭ ئەيدىز ئاتلىق جەددالنىڭ سەسكىنىشلىك ئاۋازىنى ئىشتىپمۇ خىرامان يۈرۈۋىرىشى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ.بىز ئەيدىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ئاتوم بومبىسىدىن قېلىشمايدىغان ، ھەتتاكى بىر قەۋمنى يالماپ يۇتۇپ

كېتەلىگۈدەك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلسەك ئىدۇق. ئاللىقاچان تۇشمۇ ـ تۇشتىن ئۇنىڭ ئالدىنى توراش كۆرۈشكە ئاتلانغان بولاتتۇق. ھېچ بولمىغاندا، ئېتىقاد ، پاكلىقتىن ئىبارەت دۇبۇلغان ـ ساۋۇتلىرىنى كېيىشىپ ئۇنىڭ زەخمىسىدىن ئەمىن قىلىشنى ئىزدىگەن بولاتتۇق.

نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا، جۇڭگو، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە شىددەت بىلەن يامراۋاتقان ئەيدىز كېسىلى ۋە بۇ ھەقتىكى سان ـ سىفىرلار ھەرقانداق بىر كىشىنى ئويغان سالماي قالمايدۇ. ئېلىمىز ئالدىنقى ئەسىرنى 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ بۇ كېسەلگە نىسبەتەن تىزگىنلەش ۋە ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرىدىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى يولغا قويغان، گەرچە ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ تارقىتىش ۋە يۇقۇش سۈرئىتى باشقا ئەللەرگە سېلىشتۇرغاندا يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە نىسبەتەن ئازايغان بولسىمۇ، بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل بولغىنى يوق. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە يىلدىن ـ يىلغا، كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيسە كۆپەيدىكى ئازايماۋاتىدۇ. ئەلبەتتە بۇ كىشىلەرنىڭ ئىستىمال سەۋىيىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ساپاسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. يېقىنقى بىر بىر مەزگىللىك يۇقۇم ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يۇقۇملانغانغۇچىلار ئاساسەن ياشلار، دېھقانلار، ۋە نامراتلار بولغان. شۇل ۋەجىدىن بىز ئول تەبىقىدىكى «قۇترىغان ھاڭگا،شاپاق يېگەن بۇقا،دىغراپ قالغان تېكە،تەلمۈرۈپ ئارغامچىنى ئۈزگىلىۋاتقان غۇنچىن ۋە مادىلار»غا سوغاققانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ،ئەخلاقىنىڭ مەنىۋى چەمبىرىكى ئىچىدىن ھالقىماي،ئەل ـ ۋەتەن،مىللەت ـ ئائىلە ئۈچۈن مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسى بىلەن ئۆزلىكىنى داۋام قىلىش تەشەببۇسىنى تەقدىم ئېتىمىز.تۆۋەندە «ئىنتىل تورى»دا ئېلان قىلىنغان ئىجتىھاتلىق ئاپتورىمىزئالاھىدىن ئابدۇرىشىتنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تۇتۇشنى لايىق تاپتىم:

خىرۇئىن كەلدى بىر چاغلار،جاھاننىڭ چېتىدىن بىزگە،
نىدالار كەلسىمۇ تۈيغۇن يۈرەكلەر قېتىدىن بىزگە.
مەرەزلەر يۇقتى پاسىقلار تېنىدىن ـ ئېتىدىن بىزگە.
نىمە قالدى بۇ مىللەتنىڭ غورۇرى بېتىدىن بىزگە؟!
بېشىڭغا ياققىنى ئاپەت قارا،ئاسماندا ئەيدىز بار.

پاھىشە بەچچىۋازلارنى يىراق ـ ئامېرىكىدا دەيتتۇق،
تېخى تۆت كۈن بۇرۇن ئەيدىز دېسە،ئافرىقىدا دەيتتۇق.
يولاتما ئۇنى بىزلەرنىڭ قېشىغا ئاھ خۇدا دەيتتۇق،
ھايا،ئىپپەت،نومۇستىن قىلمىغىن بىزنى،جۇدا دەيتتۇق.
بۇگۈن قەشقەر ،ئۈرۈمچى،غۇلجا ھەم تۇرپاندا ئەيدىز بار.

تاغاردىن ئاشنى كەمچەرلەپ،ئەشۇ دېھقان سېتىپ كەلسە،
ۋە يا ئوتياشنى مىڭ تەستە كىتىپ ھالدىن سېتىپ كەلسە.
خوجايىنلار ،خېنىملار ھەر تەرەپتىن تەڭ يېتىپ كەلسە،
دېمەمدۇق ئەمدى بىز توۋا! جىمى يولنى ئېتىپ كەلسە،
قېنى سەھرادىكى پاكلىق ؟ نادان دېھقاندائەيدىز بار.

ۋابادەك يامرىدى بىزگە، بۇ دەم ھەرجايدا ئەيدىز بار،
ۋەھىمە قاپلىدى دىلنى، تالاي ئىنساندا ئەيدىزبار.
تېنىڭگە ئاققىنى سەلدەك شۇ ئەيدىز،قاندا ئەيدىز بار،
پەرىشتە سايىسى يوق،بىزدىكى شەيتاندا ئەيدىز بار.
چىرىكلىك روھى گۇمراھلىق بىلەن ۋىجداندا ئەيدىز بار.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

تەرەققىياتنىڭ تۇغۇندىلىرى ـ يېڭى ماڭقۇرۇتلار
نۆۋەتتە ئىنتېرنېتقا ئاز ـ تولا نەزەر تاشلايدىغانلا بولساق ئۆزلۈك ئالىمىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ كۆڭلىمىزنى غەش قىلىۋاتقان،مۇنداق ئىككى نوقتا كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ.

1. ئالداپ سېتىۋېتىلگەن ، ئېچكىرگە ئېلىپ بېرىلىپ ئوغۇرلۇققا سېلىنىۋاتقان كىچىكلەرنىڭ ئىگىلىرى ـ يۈرەك پارىلىرىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسى

شۇ تاپتا مىللەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان ھەقىقىي ئوغلانلىرىمىز ۋە ياكى ئاتا ـ ئانا بولۇپ بىرەر

پەرزەنتىنى 4 ـ 5 ياشقا كىرگۈزۈپ باققانلىرىمىز بولساق بۇ قىسمەتنىڭ ئاچچىق دەردىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. بۇ رەزىل قىلمىش ـ ئەتمىشلەر بىزلەرنى ئۇن سېلىپ يىغلاش باسقۇچىدىن ئاللىقاچان ھالقىتىۋەتتى. مىللەتكە مۇشۇنداق بالالارنى تېرىپ بېرىش بەدىلىگە ھارامدىن سەمرىۋاتقان، ۋۇجۇدىمىزغا چۇشكەن «مىتە قۇرۇت» نائەھلى ئادەم بىدىكلىرىنى بىز «يېڭى ماڭقۇرۇتلار»دەپ ئاتىساق ئارتۇق كەتمەيدۇ. «ئىزدىنىش تورى(( www.izdinix.com» دىكى« JEK » ئىسىملىك بىر توردىشىمىزنىڭ بۇھەقتە توپلىغان ماتىرىياللىرى دىققىتىمىزگە ئەرزىيدۇ. تۆۋەندە بىز «JEK»نىڭ بايانلىرىغا قاراپ باقايلى:

«... ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئېچكىرى ئۆلكىلەرگە 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئېلىپ كىلىنىپ ئوغۇرلىققا سېلىنغان. 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە بۇنداق ئىشلا ئەۋجىگە چىقتى. يېڭى ئەسىر كىرگەندىن بۇيان تېخىمۇ كۆپىيىپ،ئاپەت خاراكتىرلىك ئىجتىمائىي ھادىسە پەيدا قىلدى. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كىچىك بالىلار تويۇقسىز يوقاپ كېتىدىغان ئىشلا يەنىلا پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇبالىلارنىڭ ئىچىدە يېشى ئۇچ ياشتىن 15 ياشقىچە بولغانلار كۆپرەك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنداق بولسا بۇ يوقاپ كەتكەن بالىلار نەگە كەتتى؟ قانداق قىلىپ ئۆز يۇرتىدىن تولىمۇ يىراق بولغان بۇ ناتونۇش شەھەرلەرگە كېلىپ قالدى؟ بۇ يەنىلا ئېچكىردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر خوجايىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ خوجايىنلارنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭدا تۇرلۇك جىنايەتلەر بىلەن ئەيىپلىنىپ ، يەنە ھەر خىل قاقتى ـ سوقتى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋېپ ئېچكىرگە كىرىپ توختاپ قالغان كىشلەردۇر. ئۇلار تەرىپىدىن ئالداپ ھەر خىل يوللار بىلەن ئوغۇرلانغان بالىلار ئۇ خوجايىنلارغا نىسبەتەن ـ قىممەت يارىتىدىغان ئىشچى،ئىگە چاقىسىز،سورىقى يوق بالىلار،ئالتۇن ساڭقايدىغان ئېشەك،يەتمىش ئىككى خىل غىزا چىقىدىغان خاسىيەتلىك داستىخان. ئۇلاردىن ئادەتتە بىرنەچچە بالىغا ئىگە بولغان بولغانلار ئۆزىنى «ئېچىل داستىخان»غا ئېرىشكەنلەر ھېساپلايدۇ. بۇلار ئوغرلاپ ياكى ئالداپ ئېلىپ كەلگەن كىچىك بالىلارنى ئوغۇرلىققا سالىدۇ. بالامەنبەسىدە مەخسۇس بىر قىسىم كىشلەر ئۇلارنى خۇددى مال بىلەن تەمىنلىگەندەك بالىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ،ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، زاۋۇت بىلەن تىجارەتچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. بۇ يەردە مەن مۇنداق بىر ئىشنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتىم. بېيجىڭدا ئوقۇيدىغان بىر نەچچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى تەتىلدە يۇرتىغا قايتاشىدا پويىزدا بىر نەچچە كىشىنى ئۇچراتقان. بۇلار بەش كىشى بولۇپ ئۇچ ئايال ئىككى كىچىك بالا،بالىلارنىڭ بىر يەتتە ياش،يەنە بىرسى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك قىزچاق ئىكەن. بۇ ئوقۇغۇچىلار ھېلىقى بالىدىن نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا ھېلىقى بالا ئىككىلەنمەستىن ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيىتقان. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇ بالىنى يامان يولدىن توسماقچى بولۇپ نەسىھەت قىلسا ئۇ مۇنداق دېگەن:‹ پۇلۇڭ بولسا سەن نوچى،بۇ دۇنيادا پۇل ھەممىدىن ياخشى،پۇلۇڭ بولمىسا سەن ئىتتىقىمۇ تەڭ بولالمايسەن.›يەتتە ياشلىق بالىنىڭ ئاغزىدىن

چىققان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئوقۇغۇچىلار ھەيران قالغان.كېيىن نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن:<چوڭ بولغاندا بالىلارنى ئىچكىرگە ئېلىپ بېرىپ ئوغۇرلىققا سالىمەن،جىق پۇل تاپىمەن،ماشىنا ئالىمەن،بالامنىمۇ ئوغۇرلىققا سالىمەن<دېگەن».

مانا قاراڭ بۇ« يېڭى ماڭقۇرۇتلار»نىڭ «ئەڭ ئالىي نىشانى»غا.ئۇلار مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىكى پارازىتلىرىنىڭ بىخلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىر«ئۆلچەملىك تەربىيە»نى قوبۇل قىلىۋاتقان بولغاچقا كەلگۈسى«نىشانى» ئېنىق،يولى «راۋان».ئەشۇ يەتتە ياشلىق بالىنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەر ـ يېزىلىرىمىزنىڭ سىخى قوينىدا مەۋجۇتلىقىنى داۋام قىلىپ يىل بويى كالىدىن بەتتەر ئىشلەپ، يىل ئاخىرىدا قەرزى ئېشى قېلىپ بارمىقىنى چىشلەپ،«بۇ كۈنگىمۇ شۈكۈرى»دېگىنىچە كەتمىنى ئېلىپ ئاچ قورساق ئېتىزىغا قاترايدىغان بىر قىسىم دېھقانلىرىمىزنىڭ ئاغزىغىمۇ پاتمايدۇ.تۆۋەندە توردىشىمىزنىڭ يازمىسىنىڭ داۋامىنى كۆرۈپ باقايلى:

«... ئىچكىرگە ئېلىپ چىقىلغان بالا ئوغرىلارنىڭ ئىچىدىكى قىزلارنىڭ 10 ياشقا كىرگەنلىرىگە خوجايىنى باسقۇنچىلىق قىلىپ نابۇت قىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئۇلار خوجايىنىنىڭ قول ئاستىدىكى باشقا ئوغرىلارغا،شۇنداقلا ئومۇمنىڭ خوتۇنغا يەنى بىر پاھىشەگە ئايلىنىدۇ. 2003ـ يىلى شاڭخەي شەھىرىدىكى مەلۇم بىر دوختۇرخانىغا ئىككى نەپەر ئۇيغۇرئەر،ئىككى نەپەر ئۇيغۇر قىزنى تەكشۈرتكىلى ئېلىپ كەلگەن، بۇ قىزلارنىڭ بىرسى 11 ياش،يەنە بىرسى13 ئىكەن.دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرىشى ئارقىلىق بۇ قىزلارنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقى ئېنىقلانغان... ئىچكىرىدىكى بالىلىرىمىز ئەنە شۇ تەرىقىدە چوڭ بولىدۇ،تېخى ئانا سۈتى ئاغزىدىن كەتمەي تۇرۇپ تۇرمىلەرگە قامىلىدۇ،چوڭراقلىرى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.بەزىلىرى تېخى كىچىك تۇرۇپلا زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ جېنىدىن ئايرىلىدۇ.ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى كۆرسىڭىز تاياق زەربىسىدىن قىزىرىپ،ئىششىپ كەتكىنىنى،تاماكۇ يېقىلغان ۋە ھەرخىل تاتۇقلارنى كۆرىسىز... كىشىلىك ئەركىنلىك، ئىنسانىنىڭ قەدىر – قىممىتى تەكىتلىنىۋاتقان،جوڭگۇ ئادەم چۈشكەن ئالەم كىمىسىنى قويۇپ بەرگەن مۇشۇنداق پارلاق دەۋردە بالىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىسمەتلەرگە مۇپتىلا بولغانلىقىغا ئىشىنەلەمسىز؟... ئىپلاس خوجايىنلار ئۆزلىرىنىڭ تىجارىتىنىڭ داۋاملىق يۈرۈشۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ رەزىل ۋاستىلارنى قوللىنىپ،بۇ بالىلارغا زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى ئۆگەتكەن.بۇنداق بولغاندا ئۇلارنى ئوغۇرلۇق قىلىشقا زورلاشنىڭ ئورنى قالمايدۇ...خوجايىنلارنىڭ بالىلارنى يېنىدا ئۇزاق تۇتۇپ تۇرۇشتا يەنە مۇنداق بىر ھۈنىرى بار:بالىلار ھەر قېتىم ساقچىغا تۇتۇلۇپ قالسا خوجايىن: بۇقېتىم سېنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن مۇنچىلىك پۇل كەتتى،دەپ بالىنى قەرىز قىلىپ قويىدۇ،ھەر قېتىم ساقچىغا تۇتۇلغاندا بۇقەرىز ھەسسىلىنىپ ماڭىدۇ... مەن ئۆتكەن يىلى ئىچكىرىدىن ئۆيگە قايتاشىمدا خوتەنلىك 19 ياشلىق بىر بالا بىلەن سەپەرداش بولۇپ قالدىم. ئۇ بالا يىغلاپ تۇرۇپ:خوجايىن بىزنى ھەر كۈنى ئاخشىمى قىمار ئويناشقا مەجبۇرلايدۇ. دەسلىپىدە بىزگە ئۇتتۇرۇپ بىرىپ ئاخىرىدا بىزنى قەرىزگە بوغىدۇ.تۆلەپ بولالمىساق ئۆسۈمى قوشۇلىدۇ ،دېدى...تېخى ئاغزىدىكى چىشلىرى چىڭىمىغان بالىنىڭ نەدىكى قەرزى؟؟؟مەن ئۇنىڭدىن قانچىلىك قەرزىڭ بار دېسەم: 30 مىڭ سوم دېدى.باشقا سەندەك كىچىك بالىلارنىڭچۇ،ئۇلارنىڭمۇ قەرزى بارمۇ؟ دېسەم ئوخشاش 30ـ40 مىڭ سوم ئەتراپىدا دېدى.5ـ6 ياشلىق بالىلارنىڭمۇ قەرزى بارمۇ دەپ سورىغىنىمدا:ئۇ،شۇنداق ،ئۇنداق بالىلاردىن 20ـ25 چە بالىلار بار دەپ جاۋاب بەردى. يېقىندا كۆچار ناھىيىسىدىن بالىسىنى ئىزدەپ چىققان ئىككى ئايال، شاڭخەي «شەرىق تىلۋىزىيە ئىستانسىسى» ئالدىدا ئىككى كۈن ياتتى.لېكىن بالىلىرىنى خوجايىنىڭ قولىدىن يەنىلا ئاجرىتالمىدى...

بەلكىم كىشىلەر بىلمەسلىكى مۇمكىن، ئىچكىرىدىكى شەھەرلەردە،ئاقما نوپۇسلارنى ياكى باشقا سەرگەردانلارنى يىغىپ باشقۇرىدىغان ‹يىغىۋېلىش ئورنى دەيدىغان› بىر ئورۇن بار. بۇ ئورۇن يىغىۋالغان كىشىلەرنى قوشنا ئۆلكىلەرنىڭ يېزىلىرىغا، جاڭگاللىرىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدۇ.يىلدا بىرەر قېتىم

شىنجاڭغا ئاپىرىپ 600 سومدىن پۇل ئېلىپ قويۇپ بېرىدۇ. ئۇ يەرلەردە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلىرىمىز ئۈچۈن مۇنداق پالىنىپ تۇرۇش ئادەتتىكىچىلا بىر ئىش.ئادەتتە بېيجىڭ پويىز ئىستانسىدا قويۇپ بېرىش باھاسى 700 سومدىن 500 سومغىچە،يەنە بىر بىكەت ماڭسىزڭىز باھاسى چۈشۈپ ماڭىدۇ.بۇنىڭدا مال سودىسىدەك سودىلىشىسىز2000ـ يىلى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مەلۇم بىر رايۇنىدا بىر نەچچە ئۇيغۇرنى ۋاقىتلىق نوپۇسۇڭ يوقكەن دەپ ئەشۇنداق بىر ئورۇنغا يىغىۋالدى.بىز بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكىلەر بىلەن قوشۇلۇپ 10 نەچچە ئۇيغۇر ئالتا كۈن تۇردۇق.ئارىمىزدا بىر ئەر خوتۇن 6 ۋە 14 ياشلىق ئىككى كىچىك بالىمۇ بار ئىدى.بۇ بالىلار ئوغرىلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن تۇتىۋېلىنغانكەن. 6 ياشلىق بالىنى بۇئەر – خوتۇنلار بالام دەپ يېنىغا تارتقىلى تۇردى.ئەسلىدە بۇلارمۇ مۇشۇنداق شوركا سۆرەيدىغانلاردىنكەن.كېيىن بىزنى پويىز بىلەن ئېلىپ مېڭىشتى.ھېلىق ئەر –خوتۇنلار بولسا1000 سوم،6 ياشلىق بالىغا500 سوم تۆلەپ پويىزدىن چۈشۈپ قالدى.14 ياشلىق بالا :بۇلارغا :مېنىمۇ ئېلىپ كەتسىڭىز مەن سىزگە شوركا بولاي،دەپ خېلى يالۋۇرغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلار:يېشىڭ چوڭىيىپ قاپتۇ،ئىش قاملاشتۇرالمايسەن،دەپ ئۇنىمىدى.بىز بېيجىڭدىن 8 سائەت ماڭغاندىن كېيىن ئېشەك سودىسىدەك تالىشىپ يۇرۇپ ھەر بىرىمىز200 سومدىن تۆلەپ پويىزدىن چۈشۈپ قالماقچى بولدۇق،ھېلىقى 14 ياشلىق بالا: ئاكىلار مېنىمۇ بىللە ئېلىپ چۈشۈپ كېتىڭلار،پۇلۇڭلارنى تېپىپ بېرىمەن،دەپ يالۋۇردى.لېكىن باشقىلار بۇنىڭغا ئۇنىمىدى.ئارىمىزدا 55 ياشلاردىكى بىر كىشىمۇ بار ئىدى.ئۇ كىشىنىڭ دېيىشىچە ئىلگىرى ئۇ 20 نەچچە يىل ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلىگەنكەن. ئۇ بىزگە ئۇكىلار:بۇ بالىنىمۇ بىللە ئېلىپ چۈشۈپ كېتەيلى! بالا گۇناھسىز، بۇ زىياتكەشلىككە ئۈچىرىغان بالا ،ئۇنى قەيەرگە ئېلىپ بارىدۇ،ئۇنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ،بىز ئۇنى قۇتۇلدۇرىۋالايلى!دېدى. ،بۇ بالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ، بۇ قايتىپ بارسا بىرەر خوجايىنغا يالىنىپ يەنە ئوغرىلىق قىلىشى مۇمكىن، دېگەندەك گەپلەر بىلەن ھېلىقى بالا كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقىنىچە پويىزدا قالدى.ئۇ پويىز دېرىزىسىدىن بىزگە ئۇمۇتسىز قارىغىنىچە ئۇزاپ كەتتى.ئۇ كەتتى،بىر پويىزدا يالغۇزبىر ئۇيغۇر بالىسى كەتتى.ئۇ پويىز نەگ بېرىپ نەدە توختايدۇ،بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ،ئۇ نىشانسىز بىر يونىلىشكە قاراپ كەتتى.بۇندىن بىر يىل بۇرۇن بېيجىڭ پويىز ئىستانسىسىدا مۇشۇنداق قىسمەت بىلەن ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئولتۇرغان بەش نەپەر ئۇيغۇر قىزنىنى كۆرگەنتىم. بۇلارمۇ بالا ئوغرىلار ئىكەن.ھايال ئۆتمەي 10 ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان ئۈچ نەپەر قىزنى 20 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز پۇل تۆلەپ ئېلىپ كەتتى.قالغان 17 ياشلا چامىسىدىكى ئىككى قىز پۇلكى بولمىغانلىقتىن ھېلىقى بالىغا ئوخشاش نىشانسىز بىر يۆنىلىشكە قاراپ كېتىپ قالدى. مۇشۇنداق قىسمەت بىلەن لەنجۇ يىغىۋېلىش ئورنىغا بېرىپ باققان كىشلەردىن ئاڭلىشىمچە ئۇ يەرنىڭ شارائىتمۇ ناچار ئىكەن،320 سوم بولمىسا قويۇپ بەرمەيدىكەن.ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە:ئۇيەردە 320 سوم پۇلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن 6 ئايدىن بېرى يېتىۋاتقان كىشلىرىمىز بار ئىكەن،ئۇلارنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن.»

ھىندىستاندا 1955ـ يىلى ئىشلەنگەن «سەرگەردان»فىلىمى دۇنيا كىنو مۇنبىرىنى زىل ـ زىلىگە سالغان،ھەم «راج»غا پۈتۈن دۇنيا ھېسداشلىق قىلغان.ئارىدىن 50 يىل ئۆتۈپ ئۇ كۆرنۈشلەر ئەتراپىمىزدا نامايەن بولۇشقا باشلىدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى نۇرغۇنلىغان « راج »لىرىمىز قاپلاپ كەتتى.بۇ پاجىئەلەرنىڭ ئېچىنارلىق يېرى شۇكى ھىندىستاندىكى «راج» لارنى ئەنگلىيە ھۆكىمىتىنىڭ مۇستەملىكىسى ۋە مۇستەبىت قىلمىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا ،بىزنىڭ بۇ«راج»لىرىمىزنى ئۆز ئىچىمىزدىكى«يېڭى ماڭقۇرۇت»لار كەلتۈرۈپ چىقارغان.بۇ نومۇسسىز ئىبلىسلارنىڭ دەستىدىن مەكتەپ يېشىغا يوشمىغان سەبى بالىلار«ئوغرى»نامىغا،10 نەچچە ياشلىق قىزلىرىمىز «پاھىشە»دېگەن ھاقارەتلىك نامغا دۇچار بولدى.نۇرغۇنلىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرەك –پارىلىرى،مىللەتنىڭ ئىگىلىرى «راج»بولۇپ كەتتى.بۇ قىسمەتكە مۇپتىلا بولغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ

BABUR

ھالىنى«سېيىت نوچى داستانى»دىكى:«ئىچكىنى ئوغا ـ زەھەر چەككىنى پىغان»دېگەن بۇ مىسرا بىلەن ئىپادە قىلساق كەملىك قىلىدۇ.

«ئىزدىنىش» توربىدا 2004 ـ يىلى2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مۇنداق بىر خەۋەر ئېلان قىلىنىدى:«ئىچكىردە مەلۇم بىر شەھەردىكى بىرسىنىڭ ئاشكارلىشىچە يېقىندا 13 نەپەر كىچىك بالا ساقچىلار تەرىپىدىن يىغۋېلىنىغان،بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن كىشى ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەن.بۇ باللار يەكەن،پەيزاۋات،يوپۇرغا،قەشقەر كونا شەھەر، يېڭىشەھەر، خانئېرىق،يەكشەنبە بازار، قاتارلىق جايلاردىن ئېلىپ كېلىنىگەنكەن.تورداشلار مۇشۇ ئۇچۇر بويىچە خەۋەر تېپىپ،ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەشنى سورايمىز». بۇخەۋەرنى كۆرگەندىن كىيىن بېيجىڭدا ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى سۆزىنى:مۇنداق باللاردىن بېيجىڭدا نەچچە مىڭى بار،قايىسىڭلار ئېلىپ كىتىسلەر؟؟؟؟... دەپ ئاخىرلاشتۇردى. بۇخەۋەرنى كۆرگەن شىنجىندا خىزمەت قىلىدىغان بىر ئويغۇر مۇنداق دەيدۇ:«ۋۇشى،شېنجېن دىمۇ نەچچە مىڭى بار.بۇيەردە ساقچىخانا دېگەن ساماندەك،ھەر بىر ساقچىخانىغا كۈندە ئازدېگەندە ئونغا يېقىن ئويغۇر باللىرى كىرىپ تۇرىدۇ.ھېلىمۇ شېنجېن جامائەت خەۋپىسىزلىك ئورگانلىرى بىر نەچچە ئايدا بىر ئىككى قېتىم بۇ «ئوغرى»لارنى پويىز بىلەن قۇراللىق مۇھاپىزەت قىلىپ شىنجاڭغا قايتۇرۇۋىتىدۇ.شۇنداقتىمۇ بۇيەردىن نارسىدە باللىرىمىزنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيدۇ». شاڭخەيدىن تورغا چىققان بىر ئويغۇر مۇنداق دەيدۇ:«شاڭخەيدىمۇ ئاز ئەمەس...»

ھەر بىر شەھەردە مىڭدىن بولسا . . .بۇنى ھېسابلاپ كۆرگەندە كىشىنى قورقۇنچلۇق تىترەك باسىدۇ.2006 ـ يىلى 10 ـ ئايلاردا ئىنتىل(www.intil.cn) توربىدا:«ئانا،دادا سىلەر قەيەردە؟!!»سەرلەۋھىلىك بايانات ئېلان قىلىنىپ ،بىز يۇقۇردا قەيىت قىلىپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنىڭ ھەقىقىيلىك دەرىجىسىنى قورساق كۆپكىمىز بىلەن قوشۇپ راسا ئۆرلىتىۋەتتى.بۇ ئەھۋال «قەشقەر گېزىتى»دىمۇ ئېلان قىلىنىدى.باياناتتا بۇندىن بەش يىل بۇرۇن ئادەم بېدىكلىرى(يېڭى ماڭقۇرۇت)لار تەرىپىدىن جېجىياڭ ئۆلكىسىنىڭ يېۋۇ شەھرىگە ئېلىپ بېرىلىپ ئوغرىلىققا سېلىنىغان 8ياشلىق ئېزىزجاننىڭ ،ج خ خادىملىرىمىز تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېز ـ دېرىكىنى قىلغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق قىسمەت ئىپادە قىلىنىغان.كىين ئېزىزجان خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيىسىدىن بولۇپ چىقتى.ئېز جاننىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى شۇ ۋاقىتلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:« بىز بالىمىزنىڭ دەردىدە ساراڭ بولاي دەپلا قالغانتۇق.تىخى ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپ نەزىرسىنىمۇ بىرىپ بولغان.ئەمدىلكتە ئۇقساق بالىمىزنى ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان مۇناپىقلار ئوغۇرلاپ كەتكەنكەن، ئۇلارنىڭ جازاسىنى ياراتقان ئىگەم ئۆزى بىرەر،بىز ئاتا ـ ئانىلاردىن باللىرىغا ئوبدان ھېزى بولۇشنى سورايمىز...».

بۇ ھەقتىكى تېمىلار ۋە ئۇنىڭدا ئەكىس ئېتىۋاتقان ۋەقەلىك،باللىرىمىز ۋە قىز ئاياللىرىمىزنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا :«مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى بىلەن ئانىسىنى باشقا ياقلارغا يولغا سېلىۋېتىپ بۇ يەردە بىزگە پوق بارمۇ؟»دېگەن ئاچچىق ئويلارغىمۇ كىلىپ قالىدۇ كىشى.مانا ئەھۋالىمىز،مانا ھالىمىز،مانا ياقا ـ يۇرتلاردا ئوغۇرلۇق،بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرگەن بىچارە يۈرەك ـ پارىمىز.

2.ياقا ـ يۇرتلاردا ئېپپەت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قىز ـ ئاياللىرىمىز

يېقىنقى بىرەر يىل مابەينىدە نېرىسى ئىچكىرى ئۆلكە،بېرىسى شەھەر بازارلاردا نىجىس تىنىگە قوشۇپ ، مىللەتنىڭ غورۇرى،ئەركەكلىرىمىزنىڭ ئابرۇيىنى سېتىش بەدىلىگە بىر تەرپتىن ئۆزى بۇلغۇنۇپ، يەنە بىر تەرپتىن بىزلەرنى بۇلغاۋاتقان قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى بىلەن سۇغۇرىلغان يازما ۋە باشقا ماتىرىياللار قەدەمدە بىر كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ قالدى.تۆۋەندە بىز « JEK »نىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىغا يەنە بىر قاراپ باقايلى:

«بەزىلەر ھېچبىر نومۇس قىلماستىنلا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن15 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان قىزلارنى ،ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئالداپ ئېلىپ بېرىپ مەخسۇس ئۆي ئىجارە ئېلىپ پاھىشىلىككە سالماقتا،چوڭ ـ كىچىك مېھمانخانىلار،رېستۇران، بەزمىخانىلار بىلەن توختام تۈزۈشۈپ ئۇلارنى قىزلىرىمىز بىلەن تەمىنلىمەكتە...ھەتتا بەزى ئورۇن ۋە شەخسلەر ئارتىس قوبۇل قىلىمىز،سەنئەت كەسپىدە تەربىيلەيمىز دەپ نۇرغۇن قىزلارنى ئېچىنىشلىق قىسمەتكە مۇپتىلا قىلىۋاتىدۇ.ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئەشۇنداق قىزلىرىمىز خېلىلا كۆپىيىپ قالدى.شىنجىڭدا سەنئەت ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ئۇيغۇر بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:ھازىر شىنجىڭدا بىر ئايال،شىنجاڭدىن قىزلىرىمىزنى ئالداپ ئېلىپ چىقىپ دەللاللىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ،ئىسمى ئايگۈل ئەھمەت،يۇرتى ئاقسۇ شەھەر لەنگەر يولى.بۇ نومۇسسىز ئالۋاستى خوتۇن 2000 ـ يىلدىن بېرى شىنجاڭدىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قىزلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىپ پۇل تېپىشقا باشلىغان...»

يۈز بىرىۋاتقان بۇ پاجىئەلەرنىڭ تېمپىراتۇرسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە سەۋەپ بولۇۋاتقان بىر ئامىل ـ بۇ تىراگىدىيلەرنىڭ باش رولىنى دەل ئۆزىمىزنىڭ ئالغانلىقىدەك «ئالەمشۇمۇل» ماھارەتتىن ئىبارەت. شۇ بائىزدىن بىز يۇقارقى ئىككى خىل سودىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى ۋە بىۋاستە قاتناشقۇچىلىرىدىن بولغان ئۆز كىشلىرىمىزنى ـدەل زامانىمىزدىكى تەرەققىياتنىڭ تۈغۈندىلىرىدىن بولغان«يېڭى ماڭقۇرۇت»لار دەپ ئاتىساق قىلچىمۇ ئاشۇرۋەتكەن بولمايمىز.ئۇ يەرلەردىكى يۈرەك پارىلىرىمىز ـ نائىنساپ خوجايىنلارنىڭ مەنپەتى بەدىلىگە ئۆزىنىڭ سەبىي ۋە گۆدەكلىكىنى سېتىپ قان ـ ياش ئىچىدە ئازاپلىق ئىڭراۋاتىدۇ.بىراق قىز ـ ئاياللىرىمىز چۇ؟ئۆزىنىڭ ھەر قەيەرلەردە يۈرگىنى ئاز كەلگەندەك تېخى يۇرتقا كىلىپ «يېڭى مال،خام ماتىرىيال»تولۇقلاپ قايتىپ بېرىپ يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايلارنىڭ كارۋىتىدا،پۇلدر بايۋەتچىلەرنىڭ قوينىدا تاتلىق ئىڭراۋاتىدۇ.ئۇلار مانا بۇ تاتلىق ئىڭراشلار قوينىدا «ئەيدىز»ئاتلىق مەرەزنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ ،ھايال ئۆتمەستىنلا،ئۇنىڭ ئەسكەر(ماڭقۇرۇت)لىرى سۈپىتىدە سىز ـ بىزگە تىغ تەڭلىشىۋاتىدۇ.

مانا بۇلار ئېنتىرنېتىكى قىزىق نوقتىلار،ئەمدى بىز ئەتراپىمىزغاقاراپ باقايلى:

BABUR

ئۆتەك ، سارايلاردىكى سەتەڭ ماڭقۇرۇت(دونداق)لار

بىز ئەرخەقلەرنىڭ سىرتتىكى (باشقا ئايال زاتى)لەرنى كۆرسەك،ھېجىقىز ـ ھەزىلەك بولساقمۇ بىر

نىمىمىز مىدىرلاپ كىتىدىغان «ئېسىل»ئادىتىمىز بار.شۇ تاپتا بۇ «غالجىرانە،باتۇرانەمىجەز»بىمىزنى ياراتقۇچىنىڭ نەسەۋەپتىن ئاتا قىلغانلىقىنى ئارتۇقچە كوچىلىساق ئاسىي كىتىمىز.مەنچە ئەرلىك تەلۋىلىكىنى ياۋغا قارشى كۆرەشتە،ۋەتەن ھىمايىسىدە ئەل ـ ۋەتەننىڭ تەقدىرى ئۈچۈن سەرىپ قىلىشقا ئاتاقىلغانمىكىن دەيمەن. ئەشۇ «غالجىرلىقىمىز» بىزنى نۆۋەتتە ھەرخىل ئۆتەك ۋە سارايلارنى يۇقاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك نۇرغۇنلىغان «سەتەڭ ماڭقۇرۇت»لار بىلەن تولدۇرىۋەتتى.ئەل ئارىسىدا تېخى:«ئىككى قازاق بىر بولسا يايلاق گېپى،ئىككى خەنزۇ بىر بولسا قورساق گېپى،ئىككى ئۇيغۇر بىر بولسا توتاق گېپى قىلىدۇ"دېگەندەك "پەخىرانە» ئاتالمىمىز بىزنى ئەرلىكنىڭ سەرخىل سەينالىرىدا غالىبانە ياشاشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.ئارىمىزدىكى ئەنە شۇنداق غالىبانە ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئەركەكلىرىمىزگە قاراپ،لۇشۇن ئەپەندى «ئا Q»ئوبرازىنى يارتمىشتا مۇشۇلارنى پىروتوتىپ قىلغانمىكىن دەپمۇ قالىمەن.گېپىمىزگە قايتساق مانا شۇ «غالىبانچىلىك» بىزنى ئەشۇنداق ئۆتەك ۋە سارايلاردا ئۇيان ـ بۇيانغا ئەلەڭ ـ سەلەڭ قاراشقا،بىلىپ ـ بىلمەي «ئەيدىز»نىڭ قارا ئۇۋۇلىرىغا قەدەم بېسىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ.تۆۋەندە ئېنتېرنېتقا بىرىلگەن مۇنۇ بايانلارنى كۆرۈپ چىقايلى:

«. . . – سىز شۇنداق كېلىشكەن،پاكپاكىز قىزكەنسىز، نىمىشقىمۇ بۇيولدا ماڭغانسىز؟
ـ نىمىسىنى دەي سىزگە،كىچىك ۋقتىمدىلا دادام جىنايەت ئۆتكۈزۈپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتى،ئانام بىزلەرنى ئېلىپ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يۈرتتىن چىقىپ بۇيەر(چوڭ يولبويى)دىكى بىر ئاشخانىنى ئاچتى.دەسلەپ بىر ئىككى كىيىنچە بەش ـ ئالتە قىزلارنى تېپىپ كىلىپ مىھمانلارغا ھەمرا قىلىپ بىرىپ پۇل تاپتى. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئوغۇرلىقچە كۆز سالدىم،كىيىنچە مەنمۇ سورۇنغا كىرىۋېلىپ چىققىلى ئۇنمايدىغان بولۇپ قالدىم.بىر كۈنى ئانام يوق يۈرسەتتىن پايدىلىنىپ كىلىشكەن بىر يىگىتكە بىر كېچە ھەمرا بولۇپ قالدىم،شۇندىن كىيىن بۇ كوچىدا. . .
ـ سىزئۆزىڭىزنىڭ ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلىقىڭىزنى قاچان بىلدىڭىز؟
ـ ئالدىنىقى يىلىغۇ دەيمەن،سالامەتلىكىم تازا ياخشى بولۇپ كېتەلمەي،تەكشۈرتسەم،چوڭراق دوختۇرخانىدا تەكشۈرتىڭ دېدى،ئۈرۈمچىگە چىقىپ تەكشۈرتسەم. . .
ـ ئۇنداقتا سىز،بىلىپ تۇرۇپ يەنە باشقىلارنىمۇ بۇ نىجىس قوينىغا سۆرەپ كىرىدىڭىزمۇ؟
ـ مەندە نېمە ئامال؟ تىرىكچىلىك قىلمىسام بولمايدۇ ـ دە؟
ـ بۇ ئۆتەڭدە كۈندە نەچچە مىھمان كۈتىسىز؟
ـ بەزى كۈنلىرى يوق،بەزىدە تۆت ـ بەش مىھمان كۈتىمەن.
ـ ئۇنداقتا سىز مۇداپىيەلىنىش ئەسۋاپلىرى ئىشلىتەمسىز يا. . .
ـ باشتا قاپچۇق ئىشلىتەتتىم،لېكىن ئەرلەر <پەلەي كىيىۋېلىپ پولو يىگەندەك بىر ئىشكەن>دەپ ياقتۇرمىغاچقا ھازىر ئۇنىمۇ ئىشلەتمىدىم. . .»
مانا قاراڭ ئۆتەڭلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى.قىزلىرىمىز ۋە «قولى بىلەنلا پولو يەيدىغان ئەرلىرىمىز»نىڭ ھالى.

«. . . ـ سىز نىمە ئىش قىلىسىز؟
ـ مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.
ـ نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

ـ 35 ياشقا.

ـ توي قىلغانمۇ؟

ـ شۇنداق ،ئايالىم ۋە چىرايلىق بىر قىزىم بار.

ـ سىز بۇ مەينەت كېسەلگە قانداق گىرىپتار بولۇپ قالدىڭىز؟

ـ شۇتاپتا،پۇشايمانغا قاچا يوق،ئايالىم ۋە قىزىمغا يۈز كېلەلمەيمەن.ئۇلارنىمۇ بۇنجىسنىڭ قوينىغا سۆرەپ كىرگىنىمنى ئويلىسام بىر كىچىدىلا ئۆلۈۋالغۇم كېلىدۇ.بىراق ئامال يوقكەن. تويدىن بۇرۇن بىر نەچچە بۇرادەرلەرپات ـ پات شەھەرگە كىرىپ ئويۇن ـ تاماشىشا قىلىپ چىقاتتۇق.تويدىن كېيىن مەلۇم مەزگىل ئۇنداق يەرلەرگە ئاياق باسمىدىم.كېيىنچە باشقا بۇرادەرلىرىم بىر نەچچە قېتىم:< بۇ خوتۇندىن قورقىدۇ،ئەمدى بىز بىلەن بىللە بارالمايدۇ>دەپ زاڭلىق قىلىشتى،شۇنىڭ بىلەن خوتۇندىن قورقمايدىغان، ھەقىقىي ئەركەكلىكىمنى بىلدۇرۇپ قويايدەپ يەنە بىر نەچچە قېتىم ئۇلار بىلەن شەھەرگە كىرىپ چىقتىم.مانا ئەمدىلىكتە...»...

مۇنداق بايانلار بىزنى ئىنسانىيەت، مىللەت،ئائىلە ئالدىدا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئويلىنىپ بېقىشقا،ھەر بىر قەدىمىمىزنى ئويلاپ بېسىشقا ئۈندەيدۇ.تۆۋەندە مەن ئۆزۈم بېشىمدىن كەچۈرگەن بىر ئىشنى كۆپچىلىككە ئېيتىپ بېرەي: بىر خىزمەتدېشىم بىلەن شەھەرگە كىرىشكە توغرا كەلدى.ھايال ئۆتمەيلا خىزمەتدېشىمنىڭ بىر ـ ئىككى يۇرتدېشى بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ قېلىپ،بىر سورۇندا مۇلاقەت بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتۇق.پېقىر ئۇ ئىشتا چالا ساۋات بولغاچقا ئاستىنىقى قەۋەتتىكى تورخانىغا چۈشۈپ كەتتىم.لېكىن ھايال ئۆتمەستىنلا تېلىفۇن بىلەن چاقىرىلىپ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىلدىم،سورۇن ئاللىقاچان قىزىرىپ رەڭلىشىپ بولغانئىدى،مەن ئىچىمدە تېلىفۇن دېگەن بۇ «دەللال»نىڭ كارامىتىگە«ئاپىرىن» ئېيتىقاچ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردۇم ۋە سورۇنىمىزغا رەڭ بەرگەن بوياق(قىزلار)غا نەزەرگە نەزەر سالدىم،بۇلارنىڭ چوڭلىرى20 ياش كىچىكلىرى16 ياش ئەتراپىدا بولۇپ ،ئالا ـ چىپار كىيىنىشلىرى يېشىغا ماس كەلمىگەندەكلا قىلاتتى.ساھىپخانلىرىمىزنىڭ نىيەت ـ ئىقپاللىرىغا قارىغاندا بىزنى ئۇشبۇ «بوياق»لار بىلەن كەچلىتىپ قالغۇدەك بىز ماقۇللۇق بىلدۈرسەكلا بىر تېلىفۇن بىلەن بىزلەرگىمۇ«بوياق»تەييار قىلارمىش.بۇ بىزنىڭ ھۆرمىتىمىز ۋە ئىززىتىمىزمىش.مەن دەرھال سىرىتقا چىقىپ كەتتىم،ئارقامدىن خىزمەتدېشىممۇ چىقتى،بىز بۇ ھۆرمىتىمىز ۋە ئىززىتىمىزدىن قانداق قىلىپ يۈز ئۆرۈش مەقسىتىدە كىلىشىۋالغاندىن كېيىن ،ئۇل ياخشى نىيەتلىك ساھىپخانلارغا ئۆزرە ئېيتىپ،دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى بىر مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتۇق. كىم بىلسۇن بۇ مېھمان سارىيىمىز ـ يۇقۇردا تىلغا ئالغاندەك «سەتەڭلەر»نىڭ قورشاۋىدا قالغان ئورۇنكەن.ياتاققا كىرىپ ئۇھ ! دەپ تۇرۇشىمىزغىلا ئىشىك ئېچىلىپ ناتۇنۇش سەتەڭلەر كىرىپ كىلىشتى.بىز قىلچىمۇ ئىپادە بىلدۈرمىگەندىن كېيىن ئۇلار ئاستاغىنە چىقىپ كىتىشتى لېكىن ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى،ھايال ئۆتمەي يەنە باشقىسى كىرىپ كىلىشتى. پەمىمچە بۇلار بىزنى باشتىكى «سەتەڭلەر»نى ياقتۇرمىدى دەپ قالدى بولغاي،تېخىمۇ نايناقشىپ غىلجىڭلىغىلى تۇردى. خىزمەتدېشىم پات ـ پات ماڭا قاراپ قوياتتى.مەن بۇ نىجىسلار يەنە نىمە ئىشلارنى قىلار ؟ دېگەندەك ئەھۋاللارنى ئىگىلەش مەقسىتىدە جىم تۇرۇۋېلىش پوزىتسىيىسىنى قوللاندىم. دەرۋەقە بۇ«يېڭى ماڭقۇرۇت»مەينەتلەرنۆۋەت بىلەن كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن ئاخىرى بىزگە«تولۇق ئەر ئەمەسكەن، ھېجىقىزئوخشايدۇ،بىرنىمىسى مىدىرلىمايدىكەن، ئىككىسى بىر ـ بىرى بىلەن قوڭ بەردى ئوينىشىدىغان چېغى...»دېگەندەك نامىلارنى ئاتا قىلىپ قويۇپ ئاچچىقى بىلەن چىقىپ كىتىشتى.شۇقېتىملىق رەسۋاچىلىق ۋە «ئىززەتلىنىپ ـ ھۆرمەتلىنىش» تىن ئامان قالغىنىم ئۈچۈن پات ـ پات ئۆز ـ ئۆزۈمگە شۈكۈرى ئېيتىمەن.ئارىمىزدا تېخى شۇنداق رەسۋاچىلق ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتلەرگە يولۇقۇپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەرلىكىنى كۆرسىتىپ قويغان بەزى بۇرادەرلىرىمىز، خىزمەتداشلىرىمىز، ئاتىمىز سىياقىدا تۇرۇپمۇ بۇ يولدىن يانمىغان ئەركەكلىرىمىز نىڭ بۇ ھەقتىكى چىڭقىلىپ سۆزلەشلىرى پات ـ پات قۇلىقىمىزغا كىرىپ قالىدۇ.مۇشۇ يىلنىڭ بېشىدا قەشقەر

شەھىرىنىڭ توڭلىتىش ئىسكىلاتى بويىدىكى بىر مېھمانسارايىدا مۇنداق بىر ئىش يۈزبەردى:«قەشقەرپېداگوگىكا ئىنىستىتوتى»نىڭ بىر قىز ئوقۇغۇچىسى ،مەلۇم بىر دەللال خوجايىنىنىڭ تېپىشتۇرىشى بىلەن بىر پۇلدار(ئۇيغۇر)غوجامغابىر ئاخشاملىقنى خېلى نۇرغۇن پۇلغا كېلىشكەن،بۇ غوجام پۇلنىڭ يېرىمىنى باشتا بەرگەن،قالغىنىنى ئەتىسى سەھەردە بېرىشكە كېلىشكەن،ئىپلاسلىق ئاياقلىشىپ ئەتىسى سەھەردە غوجام ئۇ پۇلنى بېرىشكە چىدىمىغان،نەتىجىدە غوجام بىلەن خېنىم ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولۇپ،جېدەل چىڭقىغا چىقىپ، سىرىتلارغىچە سۆرىشىپ چىقىشىپ،سەتچىلىكى ئەل ـ جامائەتكە ئاشكارلانغان. (خىزمەتدىشىمنىڭ ئۆيى شۇ مېھمانسارايغا خوشنابولغاچقا،ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنكەن).

يېڭى ماڭقۇرتلارنىڭ يېڭىچە ھوجۇمى

ئۆتكەن يىلى بىر توپ ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرى خاڭجۇ ،شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە يىڭنىنى كۆتۈرىۋېلىپ ، يىڭنىنى ئاۋال ئۆزىگە ئاندىن باشقىلارغا سېلىپ بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىقلارنى چىقىرىشتى. بىر نەچچە يىل بۇرۇن بېيجىڭ، تيەنجىن تەرەپلەردە مۇشۇنداق ئىش بولغان،ئەمما ئۇ چاغدا سانچىلغان يىڭنىنىڭ سىرىتتا تۇرۇپ كەتكەن ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا ئەيدىز يۇقمايدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىپ ئامما ئاران تېنىچلاندۇرىلغان، بولمىسا ئادەم سىرىتقا چىقىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدى .... بۇ قېتىمقىسىدا يىڭنە ـ بىمارغا سانچىلىپلا ئۇزۇن ئۆتمەي ساق ئادەمگە سانچىلىدىغان بولغاچ خەتەرلىك ئىكەن. يېقىندىن بېرى بۇنداق ئەھۋاللار رايۇنىمىزغىمۇ يېتىپ كېلىپ بىزنى تەمتىرىتىپ قويدى. مەركىزى شەھرىمىزدىن باشلاپ ئىلى ۋە باشقا دىيارلىرىمىزدا تورخانىلارنىڭ يۇمشاق ئورۇندۇقلىرىغا شپىرىس بىلەن يىڭنىنى تىك يۇشۇرۇپ قويۇپ ،ئولتۇرغان كىشىگە سانچىلىش خەۋپى ئېلىپ كېلىش،كوچىلاردىلا ئىشپىرسنى كوتۈرۋېلىپ«مەن ئەيدىز،پۇل چىقارمىساڭ ساڭىمۇ يۇقتۇرۇپ قويىمەن»دەپ شەكلى ئۆزگەرگەن بۇلاڭچىلىق قىلىش،ئاممىۋى سورۇنلاردىكى بىرقىسىم ئىستىمال بويۇملىرىغا ئۆزىنىڭ قېنىنى قوشۇپ قويۇش...قا ئوخشاش غالجىرانە قىلمىشلىرىدىن بىز «ئا Q» نىڭ «سۆيۈملىك سىماسى»نى كۆرگەندەك بولىمىز. بۇ سىما بىر تەرەپتىن بىزلەرنى قورقۇنچقا سالسا،يەنەبىرتەرەپتىن نىسبەتەن كۈچلىك غەزەپ – نەپرىتىمىزنى قوزغايدۇ. بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدەيېقىندا ئىنتېرنىتتا كەڭرى ئېلان قىلىنغان غۇلجىدىكى بىر ئاشخانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئەسلەپ ئۆتسەك كۇپايە بولار:

«...مەلۇم بىر تىز تاماقخانىدا تۆت نەپەرئۇيغۇر قىزنىڭ ئۇستەل ئۇستىدىكى سىركە ھەم لازىغا ئۆزىنىڭ قولىنى تىشىپ قىنىنى ئېقىتىۋاتقاندا ئۇلار باشقا بىر خېرىدار تەرىپىدىن سىزىپ قىلىنغان ھەمساقچىخانىغا ئىلىپ بىرىپ سوراق قىلىنغاندا ، ئۇلا مۇنداق دىگەن: < بىزدە ئەيدىزبار،بىز بۇكىسەلنى جەمئىيەتتىن يۇقتۇرغان بىزنىڭ مۇشۇنداق بوپقىلىشىمىزغا جەمئىيەتسەۋەپچى ،شۇڭا بۇنى بىز جەمىيەتكە تارقىتىشىمىز كىرەك>».

BABUR

بۇمۇ ئەلالاشتۇرۇلغان ئامال ئىكەن.قاراڭ بۇ ماڭقۇرۇتلارنىڭ ئەقلىگە ئۇلارمۇ تەرەققىي قىلىۋېتىپتۇ.نۆۋەتتە بۇلار بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرۇپ – مېڭىپ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە،جەمىيەتكە ،ئىنسانىيەتكە كۆتۈرۈپ بولغۇسىز ئېغىرچىلىقلارنى، ئاھانەت ئېلىپ كىلىشىۋاتقانلار ئىچىدە ياشلارمۇ،ئاتا سۈپەت ئاكا سۈپەت ئەرلىرىمىزمۇ،ئانا سۈپەت،ئاچا سىياق ئاياللىرىمىزمۇ، گۈزەللىكىدىن رىۋايەتلەردىكى پەرىلەرنىمۇ تاڭ قالدۇرغۇدەك ھالەتتىكى قىزلىرىمىزمۇ قەدەمدە بىر كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ھەقتە ئىنتېرنېتتا بىر ياشانغان كىشىنىڭ چاچ ياساش ئورنىغا كىرىپ يىگەن دورىسى رېئاكسىيە قىلىپ زىنائۇستىدە ھاياتىدىن ئايرىلىپ،ئۇرۇق – تۇققان،ئەھلى – مەھەللىلىرىگە ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن ئاھانەتلىرى ۋە سىسىق ئۆلۈمى ئېلان قىلىندى. بۇ يازمىنىڭ ئاپتۇرى ئاخىرىدا بۇ ساتراچخانا(ئۇچۇق پاھىشەخانا)نىڭ ھېلىھەممۇ خاتىرجەم تىجارىتىنى داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى،ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بۇ خىلدىكى ئەھۋاللار بىلەن قىلچىمۇ كارى بولمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ،ئازاب بىلەن ئېغىر تىنىدى. ئۇشبۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا ياش ئالىم –ئۇمۇدلىك دوكتۇرلىرىمىزدىن ئەسئەت سۇلايماننىڭ ياۋرۇپادىكى تەتقىقات خىزمەتلىرى جەريانىدا روياپقا چىققان قىممەتلىك ئەمگەك مىۋىسى جۇملىسىدىن بولغان «ئۆزلىك ۋە كىملىك »ناملىق ئەسىرىدىكى بىر قىسىم تەپسىلاتلار تەپەككۇرىمنى زەرەتلەپ بوغۇزۇمغا ئاچچىق بىر نەرسىنىڭ قاپسىلىۋېلىشىغا سەۋەپ بولدى.بىقىر بۇ يازمامدا ئوقۇرمەنلەربىلەن ئۇل تەسىراتلەر خۇسۇسىدا كىچىككىنە ۋاقىت ئورتاقلىشىشنى لايىق كۆردۈم .

ئالىمىمىز كىتابىنىڭ 13 – باب «گېرمانىيىدە كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرىم»تېمىسى ئاستىدا

نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئۇچۇر ۋە مۇھاكىمە نوقتىلىرىنى خېلى ئەتراپلىق يۇسۇندا بىزلەرگە تاپشۇرغان.ئەنە شۇ مۇھاكىمە نوقتىلىرى ھەم ئۇچۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا بىز ئۇشبۇ يازمىدا قەيىت قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئەھۋاللارغا تەڭداش بولغان بىر ۋەقە توغرىسىدا:ئاپتۇر بىرلىندا ئوقۇۋاتقان دىلمۇراد ئىسىملىك بىر بالىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان مۇنداق بىر ئىشنى بايان قىلغان.دىلمۇراد پويىزدا كىتىۋاتقاندا چىرايلىق ئىككى نەپەر ئۇيغۇر قىزنى ئۇچرىتىدۇ،ئۇلار دىلمۇرادنى ئويغۇر دەپ ئويلىمىغاچقا ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرلەردە قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنىڭ جۇملىسىدىن بولغان «ئىپپەت سودىسى»جەريانىدا يولۇققان مەسلىلىرى ھەققىدە ھاياسىزلارچە پاراڭ سېلىشىدۇ،شۇئاردا دىلمۇرادقا تېلىفۇن كىلىپ قالىدۇ،ئۇنىڭ ئويغۇرلىقىنى بىلگەن بۇ قىزلار«كەلگۈسىمىزنىڭ ئانىلىرى» خىجىللىقتىن(بەلكىم ساختا خىجىل بولغاندۇ)گاڭگىراپ قېلىشىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئامالسىزلىقتىن بۇ يولغا كىرىپ قېلىشقانلىرىنى ،ئالدى بىلەن ئېچكىرى ئۆلكىلەردە يۈرۈپ ئاخىرىدا ياۋرۇپاغا كىلىپ قالغانلىقلىرىنى،بۇندىن كيىن ياردەم لازىم بولسا ئۆزلىرىنى ئىزدەش لازىملىقىنى ئېيتىپ خوشلىشىدۇ. . .مانا بۇ ئەھۋاللار پېقىرىنى بىر نەچچە كۈنگىچەئارامىمدا قويماي ئىزتىرىپلىق خىياللار قوينىغا غەرىق قىلغانئىدى.ئەنە شۇ «كەلگۈسىمىزنىڭ ئانىلىرى» كيىن قانداق قىلار؟پۇرسەت ۋە پۇل تاپسا بەلكىم قايتىپ كېلەر.دىلمۇراد ۋە ئەسئەت سۇلايماندەك ئوت يۈرەك ئوغلانلىرىمىز چەتئەلگە چىقىپ ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن مىڭبىر مۇشەققەتلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ ،ئەجداتلىرىمىزنىڭ قەدەم ئىزلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ،ئاچ – توق ھالەتلەردە مۇساپىرەتنىڭ ئاچچىق دەشتلىرىدە سەرسان بولۇپ، نۇرغۇن مەنىۋى بايلىقلارنى ، بىلىم سەمەرلىرىنى ئېلىپ قايتىدۇ. بىراق بۇ قىزلىرىمىزچۇ؟ ئۇلار بىز ئۈچۈن نىملەرنى ئېلىپ قايتىدۇ. . . «بىر قىزىمىزنى يامان يولغا چىقىرىپ قويۇشنىڭ ئۆزى – كەلگۈسىمىزگە قەرەللىك بومبا قويغىنىمىز بىلەن باراۋەردۇر »(رەھمانجان رەھمىتۇللا. شىنجاڭ مەدەنىيتى2005 – يىلى5 – سان55 – بەت)لىياڭ چىچاۋ :«ياشلار بىلىملىك بولسا دۆلەت ئابرۇيلۇق بولىدۇ،ياشلار باي بولسا دۆلەت باي بولىدۇ.ياشلار كۈچلۈك بولسا دۆلەت قۇدرەتلىك بولىدۇ. . . ياشلار جاسارەتلىك بولسا،ئاندىن دۆلەت يەر شارىدا قەد كوتۇرۇپ تۇرىدۇ»دىگەن. بۇ سۆز ئوقۇغان ھەر بىر ئادەمنىڭ تا ھازىرغىچە قېنىنى ئورغۇتۇپ تۇرىدۇ،بىراق بىزنىڭ ياشلىرىمىز نەلەردە، نىمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىشىدۇ؟مەن ئەر دەپ مەيدىمىزگە مۇشتىلاپ يۈرسەكلا

ھېسابمۇ؟ ئابدۇۋەھھاب جەلىل:« شىئېر يازغانلارنىڭ ھەممىسى شائېر ئەمەس ، سۇدا ئاققانلارنى ھەممىسى تاھىر ئەمەس» (شىنجاڭ مەدەنىيىتى 2007-يىلى 1 -سان24-بەت)دەپ ئەسكەرتىش بەردى. بۇ بەرھەق.

يېقىندىن بېرى يامراپ كېتىۋاتقان بۇنداق ئىللەت ۋە ھادىسىلەرگەقارىتا ئارىمىزدا بۇ خىلدىكى ھۆكۈم ۋە جار سېلىشلار كۆپىيىپ قالدى. بۇ قاتاردا مىللىتىمىزنىڭ «ئويغاق ئانىلىرى»دىن بولغان زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت:« ئەرلەر ئەسلى مىللەتنىڭ ئاتىسى،بېشى ئىدى.ئۇلار مىللەتنىڭ باشقا ئەزالىرىغا ئۈلگە بولۇشى،توغرا يولغا باشلىشى،قوغدىشى كېرەك ئىدى.ئەمەلىيەتتە بولسا ئەشۇ باش بولۇۋاتقان ئەرلەر ئۆزلىرى قاۋاقخانا،قىمار خانا،پاھىشىخانىلارغا قاتراپ يۈردى.بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى بار - يوقنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ قويۇپ قالغان ۋاقتىنى رېستۇران - قاۋاقلاردا ھاراق،تۈگىمەس غەيۋەت-شىكايەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئەرلەر،ئۆزى بىجىرىم ئەقلى - ھوشى جايىدا تۇرۇپ خوتۇن بالىلىرىنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئۈچۈن باشقىلار ئالدىدا خار قىلىدىغان ئەرلەر،تۇل-خوتۇن ،يېتىم ئوغۇللارغا نىيىتىنى بۇزماي تۇرۇپ ياردەم بەرمەيدىغان ئەرلەر،ئۆزى زەھەر چەككەننى ئاز دەپ كېسىلى،مەينىتى ئۆزى بىلەن تۈگىمىگەن،بىر پەرزەنتىنىمۇ ساغلام- بېجىرىم ئاپىرىدە قىلالمىغان ئەرلەر،ئاپەت بولغان رايونلارغا ئىئانە توپلاشنىڭ گېپى بولسا غودۇكشىيدىغان،رېستۇرانلاردىن چىقالماي بۇزۇپ- چېچىپ،ياز بولسا تاغقا چىقىرۋەتمىسە پىتلاپ كەتكىدەك سەمرىپ كېتىۋاتقان،بىر باك گازنى بىناغا كۆتۈرۈپ ئاچىقالمايدىغان ئەرلەر،ئۆمرىنى خوتۇن يەڭگۈشلەش،ئاشنا تۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزىۋاتقان، قىز - ئايالالرنى ئۆزى سۆرەپ كوچىغا ئاچىقىپ قويۇپ،ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلىپ يۈرىۋاتقان ئەرلەر، يەنە ئاشۇ بۇلاڭچىلاردەك ھارام كۈچى نىخسىپ كېتىۋاتىسمۇ ئىشلەپ جېنىنى ئەتمەي ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ،ئۆز قەۋمىنى بۇلاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان نومۇسسىز لۈكچەك ئەرلەر... ھەممىسى ئەرلەر،ئەركەكلەر ئەمەس!..»دەپ خىتاب قىلدى. (شىنجاڭ مەدەنىيىتى2006-يىلى 5- سان)ئەل – ئاۋام دىشۋارچىلىقتا يۈرسە ئۆز -ئۆزىنىڭ كۈيى ئۈچۈن مەست- ئەلەس ھالەتتە پايتىمىسىغا دەسسەپ ، ئۆزىمىزنى ۋە ئۆزىنى ئۇخشاشنىڭ ئورنىغا «قارا ئۈۋا»،«ئۆتەك سارايلار»، «پاھىشىخانىلار» دا«دونداق»لارغا دۇم چۈشۈپ، بىھىساب پاجىئەلەرنىڭ پىلتىسىنى تارتىپ يۈرگەنلەرنى نىمە دەپ ئاتايمىز؟مەنچەبۇ پاجىئە ۋە ئوخشۇشسىزلىقلارنىڭ مەنبەسىنى ئالدى بىلەن ئۆزىنى «ئەر ھەم شىر» ساناپ يۈرگەن بىز مىللەتنىڭ ئاتىلىرى ، يولباشچىلىرى ، قاپلانلىرى بولغان ئەركەكلەر ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۈنجى رەۋىشتە ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلاپ تۈتىشىمىز،ئىككىنچى قەدەمدە ئايالىمىز، قىزىمىز،ئاچا- سىڭلىمىزغا دىققەت ئاغدۇرىشىمىز كېرەك. كىچىك چاغلىرىمدا بوۋام ئاكىلىرىمغا:«ئايالىنى يات ئەرلەردىن كۈنلىمەيدىغان،ئاچا - سىڭىللىرىغا ئىگە بولمىغان ئەركەك زاتى- قىيامەت كۈنى جىن چېپىلىپ قالغان ھالەتتە ئورنىدىن تۇرىدۇ»دەپ تەربىيە قىلاتتى، شۇ ۋاقىتلاردا گۆدەكلەرچە قىلغان نۇرغۇن خىياللىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.بىر قېتىم ئاكام بوۋامدىن:«قىيامەت- قىيامەت دەيدىكەنسەن،ئۇ قاچان بولىدۇ؟»دەپ سورىغاندا،بوۋام ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:«ئادەملەر بىلىپ تۇرۇپ،ئۆز زاۋالىنى ئىزدەيدىغان چاغدا»دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.ئەمدىلىكتە ئەتراپىمىزدا زاھىر بولۇۋاتقان بىر قىسىم ئىشلارغا قاراپ تېنىمگە ئىختىيارسىز تىترەك ئولىشىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئەخمەت ئىمىن ئاكىنىڭ ئەسىرىدىكى مۇنۇ سۆزلەر قۇلاق تۈۋىمدەئەكس سادا پەيدا قىلىپ مېنى ئاللىقانداق خىياللار قوينىغا مەجبۇرى سۆرەيتتى:«كەل دۇنيا،كەل! ئىشرەت بەزمەمگە كەل!كەيپىنىڭ ھوزۇرىنى بىللە سۈرەيلى!مېڭىشلىرىڭ غالداڭ-غۇلدۇڭ،يېتىشلىرىڭ ئىرماش- چىرماش، ئاڭلاشلىرىڭ ئاھ-ۋاھ !ئەتىسى قوپساڭ يانچۇقلىرىڭ تەتۈر ئۆرۈلگەن،خوجايىنىنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن،«كىملىك»نى گۆرۈگە قويۇپ ،پۇل ئەپكىلىشكە ئۆيگە يۈگۈرگەن...كەل دۇنيا كەل!يۈرەكئالدى بولۇپ كېتىدىكەنمەن دەپ قورقىۋاتامسەن؟ئەمىسە يۈرەكنى قاپتەك قىلىۋېتىدىغىنىدىن بىر چىمدىم سېلىپ بېرەي،ناسىۋال قاپاقنى قېقىپ بېرەمدىكىن دەپ قالما بىزمۇ زامانىۋىلىشىپ كەتتۇق،ئىچىشىمىزمۇ ئاق،چېكىشىمىزمۇ ئاق،كۆمۈش قەغەزگە ئاقنى قويۇۋېلىپ،سەرەڭگىگە ئوتنى يېقىۋېلىپ،يۈز

BABUR

سوملىقنى كاناي قىلىۋېلىپ ئاق يىلاندەك مەستخۇش تۇتۇننى ئەجدىھاردەك ھاپلا قىلىپ يۇتىمىز. ئاقىنىڭ كەيپى نازىنىن قىزدەك ۋۇجۇدىمىزنى قىلغاندا ئەسىر قولىمىز بوشاپ، پۇتىمىز بوشاپ شامدەك يۇمشاپ لايدەك ياتىمىز. بۇ جەھەتتە ياۋرۇپادىن ئۆتۈپ كەتسەك كىتىمىزكى كەينىدە قالمايمىز. ئاۋال ئىشلەپ تاپقان پۇلىمىزغا چېكىمىز، ئاندىن ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ پۇلىغا چېكىمىز، كىيىن كۆزىمىزنى خەقنىڭ يانچۇقىغا تىكىمىز. ياكى ئالداپ ئالىمىز ياكى بۇلاپ ئالىمىز ياكى تىلەپ ئالىمىز ياكى چەيلەپ ئالىمىز، ئىش قىلىپ ئالىمىز، چېكىمىز. ئاق چېكىش ئۈچۈن بەزىدە خەقنىڭ بوينى باغلانغان ئىتىغا ئايلىنىمىز «ئال كۇچۇكۇم!» دېسە ئاتا ـ ئانىمىزغىمۇ «ھاۋ!» دەپ ئېتىلىمىز. ئەشۇ ئاق ئۈچۈن ـ بەزىدە مادا ئىشەككىمۇ ئايلىنىمىز، ئىپپەت ـ نومۇستىن، غورۇردىنمۇ بىراقلا ئايرىلىمىز. ئەشۇ ئاق ئۈچۈن ـ بەزىدە ئوقى بار مىشەككىمۇ ئايلىنىمىز، چاچىراپ چىقىپ گۇناھسىزنىڭ يۈرىكىگە سانچىلىمىز . ئەشۇ ئاق ئۈچۈن ـ ئوت بولۇپ يانىمىز، ئەشۇ ئاق ئۈچۈن ـ ئىس بولۇپ ئۆچىمىز، ئەشۇ ئاق ئۈچۈن ـ كۆل بولۇپ ئۆچىمىز. كەل دۇنيا، كەل! سەنمۇ چەك ئۈچايلى بىز بىللە سامادا، مانا كەيىپ ـ مانا تاماشىا. . .» بۇ قۇرلارغا ئەگىشىپلا نۇرمۇھەممەت ئۆمەر (ئۈچقۇن)نىڭ: « ساقال ـ بۇرۇت قويغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئەر ئەمەس ئىدى؛بۇغداي تېرىپ زاغرا نان يېگەنلا قورساق توقلايدىغانلارمۇ ئەر ئەمەس ئىدى. <ئېتىقاد>ۋە <توغرا يول> ھەققىدە سۆزلەپ قويۇپ. ئىچ ـ ئىچىدىن قۇرۇپ ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئەر دىيىشكە بولمايتتى. ئۇلارنىڭ جايناماز ئىمانى، ئەل ئالدىدا ۋىجدانى، يۈرىكىدە پىغانى، سەپ ئالدىدا مەيدانى، تىغ ئالدىدا تەن ـ جىنى، تومۇرىدا دولقۇنلۇق قېنى، ھاياتىدا ئۆلۈم ھەم شان ـ شەرىپى نىسى ئىدى. . .» (شىنجاڭ مەدەنىيتى 2006 ـ يىلى 3 ـ سان) دېگەن يالقۇنلۇق نىدالىرى تەپەككۇرمنى تورمۇزلاپ، خىياللار قوينىدىن ئېلىپ يەنە باشقىچە بىردۇنياغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. كۆز ئالدىمدا تۇمانلىق دۇنيا، ئاداشقان گەۋدە، ئۆلگىلىۋاتقان روھ، ئاسىي ئۈممەت، يوقالغان ئىپپەت، سېتىلغان ۋىجدان، ئاداشقان نىشان، ئۇنتۇلغان كىملىك، ياتلاشقان ئۆزلىك، قولۇمدائەسئەت سۇلايماننىڭ ئەقىل مېۋىسى ـ «ئۆزلۈك ۋە كىملىك». . .شۇتاپتا ياسىن مۇخپۇل ئاكىنىڭ مۇنۇ يازمىلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىماقتا:

«سەن كىم، يولۇڭ قېنى، مەنزىلىڭ قايان؟ئەي ئەقلى دانىشلەر ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىڭلار، ھىدايەت تاپسۇن!». . .

پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


1 ـ شىنجاڭ ئەيدىزگە قارشى پىدائىيلار تور بىتى(www.xrcaids.com)
2 ـ ئىزدىنىش توربېتى ( /www.izdinix.com )
3 ـ ئىنتىل تور بىتى ( /www.intil.cn)
4 ـ دوختۇر توربېتى (/www.dohtur.com)
5 ـ تىبابەت تور بىتى ( /www.tibabet.com )
6 ـ يۇرتۇم تور بىتى ( /www.yurtum.cn )
7 ـ بىلىك توربېتى ( /www.bilik.cn )
8 ـ «شىنجاڭ مەدەنىيتى ژورنىلى» بىر قىسىم سانلىرى.


## ئۇيغۇرلار تارىخىدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەر يىلنامىسى

**ئۆزمىللىتىنى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى چۈشىنىش ناھايىتى مۇھىم . بىز ئۆز تارىخىمىزنى سۇدەك يادقا بىلەلمىسەكمۇ ، يۈزەكى بولسىمۇ بىر تونۇشقا كېلىپ قالغىنىمىز ياخشى.**

BABUR

## مىلادىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىسى بولغان تۇغلۇقلار شەرقىي ۋە غەربى قىسمغا بۆلۈنگەن بولۇپ ، ئۇلار ئالتۇن تاغ ( ئالتاي تېغى ) نىڭ ئىككى تەرىپىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشقان ئىدى . بۇزىمىننىڭ شەرقى قىسمى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە ، غەربى قىسمى بولسا بايقال كۆلى بىلەن ئېرتىش دەرياسى ئارلىقىدىكى جايلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ .

مىلادى 4 ـ ئەسىرلەردە تۇغلۇقلار جەنۇپقا پىيادە يۈرۈش قىلدى . شەرقى تۇغلۇقلار ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا ، غەربى تۇغلۇقلار تىيانشاننىڭ شىمالىي ۋە غەربى قىسمىدىكى يايلاقلاردا كۆچمەنلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈردى . بۇچاغقا كەلگەندە تۇغلۇقلار دىگەن نامنىڭ ئورنىنى تۇرالار دىگەن نام ئىگەللىدى . شۇنداقلا ئۇلارنىڭ هارۋىسىنىڭ چاقى ئىگىز بولغانلىقتىن ، ئىگىز قاڭقىللار( ئېگىز هارۋىلىقلار ( دەپمۇئاتالدى . ئون ئوغۇز دېگەن نام بارلىققا كەلدى . بىرقىسىم قاڭقىللارنىڭ سىلىنگادالاسىدا ياشىدى .

مىلادىنىڭ ـ 429 يىلى

بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى ئېگىز قاڭقىللارنىڭ شەرقىي قىسمىدىكىلەردىن نەچچە ئونمىڭ كىشى ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولدى .

مىلادىنىڭ487 ـ يىلى

ئىگىز قاڭقىلار بوركلى قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاۋۇزلۇ چوڭچىلار ، ئۆزقەۋمىدىن 100مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ ئېگىز قاڭقىلارنىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچۈپ بېرىپ ، ئۆز ئالدىغا خانلىق تىكلىدى .

مىلادىنىڭ ـ 508 ـ 490 يىللىرى

مىلادى 490 ـ يىلى ئاۋۇزلۇ سودىگەر خۇيۇ جېنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ئەۋەتىپ ئىككى دانە ئوقيا تەغدىم قىلدى ...

مىلادىنىڭ 951 ـ يىلى

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى كېيىنكى جوسۇلالىسى پادىشاھىغا تۇتۇق ئەۋەتىپ ، ئىچكىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادى ، مەدەنىي مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن . كېيىنكى جوسۇلالىسى هۆكىمىتى تەدبىر قوللىنىپ ، ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان خەلق ئوتتۇرسىدىكى سودىنى كەڭ قويۇۋەتكەن . ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئاساسلىقى قاش تېشى ، يۇڭ ، تېرە ، دورا ـ دەرمەكلەرنى ئالتۇن كۈمۈشكە ئالماشتۇرغان .

مىلادىنىڭ 956 ـ يىلى
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ جەستى ئاتۇشقا دەپنە قىلىندى . ئوغلى بايتاش ( مۇسا بىننى ئابدۇكېرىم ) خانلىققا ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۆزىنى « ئارىسلانخان » دەپ ئاتىدى ۋە قەشقەردە تۇردى . سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ـ 2 ئوغلى سۇلايمان بالا ساغۇنغا هۆكۈمرانلىق قىلدى .

مىلادىنىڭ 960 ـ يىلى

200مىڭ ئۆيلۈك تۈرك خەلقى ئىسلام دىنىغا كىردى . مۇسا ئىبنى ئابدۇكېرىم ئارىسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى .

مىلادىنىڭ 981 ـ يىلى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھى ئۆزىنى شىجۇدىكى جىيەن شىر ئارسلانخان دەپ ئاتاپ ، موسوۋنى سۇڭ سۇلالىسىغا ئەۋەتتى . سۇڭ سۇلالىسىمۇ ، جاۋاۋەن ۋاڭيەندى قاتارلىقلارنى سۇجۇغا ئەۋەتتى .

مىلادىنىڭ ـ 982 يىلى

ۋاڭ يەندى بەشباللىقتا ئۇيغۇر خانى بىلەن كۆرۈشتى . ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تارتۇق تەقدىم قىلدى . 983 ـ يىلى ۋاڭ يەندى قايتىدىغان چاغدا ، ئىدىقۇت پادىشاھى 100 كىشلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى سۇڭ سۇلالىسىغا ئەۋەتتى.

مىلادىنىڭ 990 ـ يىلى
قارخانلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بۇغراخان ھەسەن لەشكەر تارتىپ ئىسپىجان شەھرىنى ئالدى .

مىلادىنىڭ 992 ـ يىلى

بۇغراخان ھەسەن ماۋرا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلىپ سەمەرقەند بىلەن بۇخارانى ئىشغال قىلدى . شۇنىڭدىن تارتىپ سامانلار خانلىقى زەئىپلىششكە يۈزلەندى .

مىلادىنىڭ 999 ـ يىلى
قاراخانلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئىلىك ناسىرى سامانلار خانلىقىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقاتتى .

مىلادىنىڭ 1069 ـ 1070 ـ يىللىرى

بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇ بىلىك » داستانىنى يېزىپ چىقتى .

مىلادىنىڭ 1072 ـ 1074يىللىرى

قەشقەرلىك مەھمۇت قەشقىرى « تۈركى تىللار دىۋانى » نى يېزىپ چىقتى.

مىلادىنىڭ 1141 ـ يىلى

غەربىي لياۋ لەشكەرلىرى سەمەرقەندنىڭ شىمالىدىكى كاتۋان يايلىقىدا سالجۇقلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشتى ، سالجۇقلارنىڭ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ قالدى . ماۋرا ئۇننەھرى رايونى لياۋنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى غەربىي لياۋغا قارام بولدى .

مىلادىنىڭ 1211 ـ يىلى

نايمانلار خانى كۈچلۈك گورخان غەربىي لياۋ پادىشاھى چورۇقنىڭ خانلىق ئورنىنى تارتىۋالدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى مۇنقەرىز بولدى .

مىلادىنىڭ 1212 ـ يىلى

خارەزىم شاھى مۇھەممەت بىننى مەسئۇد سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىپ ، غەربىي قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى ئوسمان بىننى ئىبراھىمنى ئۆلتۈردى . غەربىي قاراخانىلارسۇلالىسى مۇنقەرىز بولدى .

**مىلادىنىڭ ـ 1219 يىلى**

چىڭگىزخان لەشكەر تارتىپ چىقىپ غەربكە يۈرۈش قىلدى . قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇتى تۈمەنىمك لەشكەربىلەن چىڭگىزخانغا قوشۇلدى .

**مىلادىنىڭ 1225 ـ يىلى**

چىڭگىزخان ئۆزى بويسۇندۇرغان جايلارنى ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى . 2 ـ ئوغلى چاغاتايغا ۋە 3 ـ ئوغلى ئوگدايغا غەربتىكى كەڭ زېمىننى بەردى .
قوچۇ ئىدىقۇت مۇڭغۇللارغا ھەممىدىن بۇرۇن قارام بولدى . شۇڭا قۇچۇ رايونى يەنىلا ئۆزىنىڭ قارمىقىدا بولىۋەردى .

**مىلادىنىڭ ـ 1251 يىلى**

مۇڭغۇللار بەشباللىق قاتارلىق جايلاردا ئۆلكە دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىپ ، غەربىي رايوننىڭ ھەربىي ، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى . بۇ تارىختا غەربىي رايون بويىچە ھەممىدىن ئەۋۋەل تەسىس قىلىنغان ئۆلكە ۋازارىتى ئىدى.

**مىلادىنىڭ ـ 1274 يىلى**

يۈەن سۇلالىسى ئودۇن ، يەركەنلەردە 13 سۇلۇق ئۆتەڭ قۇردى ۋە خوتەن قاش تېشى ئىشچىلىرىنى ھاشغا تۇتۇشنى كەچۈرۈم قىلدى.

**مىلادىنىڭ 1275 ـ يىلى**

چاغاتاينىڭ نەۋرىسى دۇۋا قاتارلىقلار 12 تۈمەن لەشكەر تارتىپ چىقىپ ، قۇجۇنى ئالتە ئايغىچە مۇھاسىرە قىلىۋالدى . ماھاسىرە تۈگىگەندىن كېيىن ئىدىقۇت قۇجۇنىڭ جەنۇبىدىكى قومۇلدا بوز يەر ئاچتى.

**مىلادىنىڭ ـ 1328 ـ 1324 يىللىرى**

ئۇيغۇرلار زېمىنغا كېيىنكى چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

**مىلادىنىڭ 1346 ـ يىلى**

مۇڭغۇل قەبىلىلىرىدىن دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى پىداجى چاغاتاي جەمەتىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرنى خانلىققا كۆتۈردى ( ئاقسۇدا.(

**مىلادىنىڭ 1370 ـ يىلى**

چاغاتاي خانلىقى مۇنقەرىز بولدى.

**مىلادىنىڭ ـ 1383 يىلى**

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى قىدىر خوجا بەشبالىقنىڭ چاغاتاي خانلىقىغا كۆتۈرۈلدى.

**مىلادىنىڭ 1391 ـ يىلى**

قىدىرخان خوجا ئەلچى ئەۋەتىپ مىڭ سۇلالىسىگە تارتۇق ئەۋەتتى . مىڭ سۇلالىسى پادىشاھىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ قىدىرخان خوجىغا نامە يوللاپ مىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىتىنى ئىزھارلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن تاكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭلار يىلىغا قەدەر قىدىر خوجا ھەريىلى دېگۈدەك مىڭ سۇلالىسىغا تارتۇق ئەۋەتتى.

**مىلادىنىڭ1403 ـ يىلى**

قۇمۇل ۋاڭى ئېڭغو تۆمۈر مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ 4700 ئات تارتۇق قىلدى . مىڭ سۇلالىسىمۇ پۇل قايتۇردى . تارتۇق قىلىنغان ئاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى چېگرا قوغدىغۇچى ئاتلىق ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بەردى.

**مىلادىنىڭ 1404 ـ يىلى**

مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇل ۋاڭى ئېڭغو تۆمۈرنى ساداقەتلىك ، ئىتائەتمەن دەپ ئاتىدى ھەم ئالتۇن مۆھۈر ئىنئام قىلدى.

**مىلادىنىڭ 1680 ـ يىلى**

ـ 17ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خوجىلار « ئاق تاغلىق » « قارا تاغلىق » « ئاق تاقىيە » « قارا تاقىيە » دەپ ئىككىگە بۆلۈندى . ۋە ئۆزئارا ھوقۇق تالاشتى.
ـ 17 ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە بۇلار ئوتتۇر ىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن ـ كۈنگە كەسكىنلەشتى . يەركەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئىسمايىل خان قارا قاغلىقلارنى قوللاپ ، ئاق تاغلىقلار نىڭ غوجىسىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى . ئاپئاق دالايلاما ۋە جۇڭغارلارنىڭ خانى غالدان بىلەن كۆرۈشۈپ ، جەنۇبى شىنجاڭ دىكى سەئىدىيە دۆلىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەربىي ياردەم سورىدى . شۇيىلى غالدان قوشۇپ بەرگەن ئەسكەرلەرنى باشلاپ كېلىپ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى . ئاپئاق خوجا جەنۇبى شىنجاڭنىڭ قورچاق خانى بولدى . بۇ قورچاق خانلىق ھەريىلى جۇڭغارلارغا 100 مىڭ سەر كۈمۈش خىراجەت ، 100 مىڭ ئۇلاغ ماتاچەكمەن تۆلىدى.

**مىلادىنىڭ 1696 ـ يىلى**

جۇڭغارلارنىڭ خانى غالدان ئۆلدى . ئۇنىڭ ئورنىغا چىۋان ئاراپتان ۋارىسلىق قىلدى . جەنۇبىي شىنجاڭدىكىلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى.

**مىلادىنىڭ ـ 1700 يىلى**

چىۋان ئاراپتان لەشكەر تارتىپ كېلىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتا بويسۇندۇردى ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكىمرانلىق ھوقۇقى ئاق تاغلىقلار قولىدىن قارا تاغلىقلار قولىغا ئۆتتى . جۇڭغار خانى چىۋان ئاراپتان قارا تاغلىقلارنىڭ ئاقساقىلى دانىيال خوجىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خانى قىلىپ تەيىنلەپ ، ھەر يىلى جۇڭغارلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئون تۈمەن كۈمۈش پۇل ئولپان تاپشۇرۇشنى بەلگىلەپ ئىلغا قايتىپ كەتتى.

مىلادىنىڭ 1755 ـ يىلى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكىمتى جۇڭغار خانلىقىنى يوقىتىپ ، ئۇنىڭ 70 نەچچە يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى.

مىلادىنىڭ ـ 1759 يىلى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكىمتى لەشكەر تارتىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ ـ چوڭ خوجا ( بۇرھاندىن خوجا ۋە خوجا جاھان ) لارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ شىنجاڭ رايونىنى يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلتۈردى.

مىلادىنىڭ 1762 ـ يىلى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكىمتى شىنجاڭغا قارىتا ھەربىي مەككىمە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى .
جاڭجۈن مەھكىمىسى ئىلىدىن كۈرەدە تۇردى . ئۇنىڭ قارمىقىدا ، مەسلىھەتچى ئامبال ، دوتۇڭ ، ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال ، لەشكەر بېشى ئامباللار بېكىتىلدى.
ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بەگلەرنىڭ نەسەپ بويىچە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ ، بەگلەرنىڭ ھوقۇقىنى چەكلىدى ۋە تارقاقلاشتۇردى.

مىلادىنىڭ ـ 1765 يىلى

ئۇچتۇرپان ئۇيغۇرلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا ، يەرلىك فېئوداللارنىڭ ئېزىشىگە قارشى قوزغىلىپ ئۇچتۇرپاننى ئازات قىلدى . قوزغىلاڭ يېرىم يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى . چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمتى قەشقەر ، ئاقسۇ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ئەسكەر يۆتكەپ بۇ قوزغىلاڭنى باستۇردى.

مىلادىنىڭ ـ 1815 يىلى

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى زىياۋۇدۇنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى ، بۇ ۋەقە چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا يېزىلغان كىتابلاردا « زىياۋىدىن ۋەقەسى » دەپ ئاتالدى.

مىلادىنىڭ 1822 ـ 1828 ـ يىللىرى

بۇرھاندىن خوجىنىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجا جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىڭسۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭىغا باشچىلىق قىلدى.
ـ 1826 يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمتى لەشكەر يۆتكەپ چىقىپ ئۇلارنى باستۇردى . 1828 ـ يىلى جاھانگىر خوجىنى ئەسىر ئېلىپ ، بېيجىڭغا باردى ، ۋە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى.

مىلادىنىڭ ـ 1848 يىلى

جاھانگىر خوجىنىڭ جىيەنى مۇھەممەت ئىمىن ( كاتتا خوجا ) بىلەن ۋەلى خان قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى يەتتە خوجا قوقەندىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ قەشقەر ، يېڭىسار ، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى . چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمتى ئەسكەر يۆتكەپ چىقىپ ئۇلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتتى . جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېغىر

قىرغىنچىلىق يۈز بەردى . خەلق بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىدى .

**مىلادىنىڭ ـ 1857 يىلى**

ۋەلىخان تۆرە يەنە بىر قېتىم توپىلاڭ كۆتۈردى ، بۇ ، بىر قانچە قېتىملىق خوجىلار توپىلىڭىنىڭ كېڭىيىشى ئىدى . توپىلاڭ تۆت ئاي داۋاملاشتى . چىڭ سۇلالىسى توپىلاڭنى ئاخىر تىنچىتتى. ئۇزاق ئۆتمەي كۇچاردىكى ئۇيغۇرلار ئېغىر ئالۋاڭ ـ ياساققا ، خورلۇققا قارشى قوزغۇلاڭ كۆتۈردى . قوزغىلاڭ قاتتىق باستۇرۇلدى . چىڭ سۇلالىسى ھۆكىمتى جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراتقان سىياستىدە بىرئاز يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

**مىلادىنىڭ ـ ـ 1864 يىلى**

كۇچاردىكى ئۇيغۇر ، خۇيزۇ خەلىقلىرى ئالۋاڭ ـ ياساق ، خورلۇق ، ستەمگە قارشى ئومۇميۈزلۈك قوزغۇلاڭ كۆتۈردى . قوزغۇلاڭ يالقۇنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارغا كېڭىيىپ ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى بولۇپ شەكىللەندى.

**مىلادىنىڭ ـ 1865 يىلى**

قوزغۇلاڭ نەتىجىسىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ ، بىر ـ بىرىگە بىقىنمايدىغان بەش ھاكىمىيەت شەكىللەندى . ئۈرۈمچىدە خۇيزۇ تودىلىن ھاكىمىيتى ، كۇچاردا راشىدىن خوجا ھاكىمىيتى ، قەشقەردە سىدىق بەگ ھەكىمىيتى ، جىڭ شاڭىيلىڭ خۇيزۇ ھاكىمىيتى ، ئىلىدا مىزامزات ھاكىمىيتى مەيدىنغا كەلدى.

قەشقەردىكى سىدىق بەگ بىلەن شاڭىيلىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن قوقەند خاندانلىقىدىن ياردەم سورىدى . قوقەند خاندانلىقى جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇك خوجا بىلەن قوقەندنىڭ قۇربىشى ياقۇپ بەگنى لەشكەر بىلەن جەنۇبى شىنجاڭغا ئەۋەتتى.

**مىلادىنىڭ ـ 1867 ـ 1865 يىللىرى**

ياقۇپ بەگ قەشقەر ، يەكەن ،خوتەن ، ئاقسۇ ، ئۇچتۇرپان ، كۇچار . كورلا . قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ ، ئۆزىنى « بەدۆلەت» دەپ ئاتاپ قەشقەردە يەتتە شەھەر خانلىقىنى قۇردى.

**مىلادىنىڭ ـ 1870 يىلى**

ياقۇپ بەگ نىڭ ئەسكەرلىرى تۇرپان ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى . شىمالىي شىنجاڭدا ئۇنىڭ تەسىر دائىرسى ماناسقىچە كېڭەيدى . تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بىرقىسىم رايونلىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

**مىلادىنىڭ ـ 1875 يىلى**

چىڭ سۇلالىسى ياقۇپ بەگ ھاكىمىيتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ، زوزۇڭتاڭنى چىنچەي داجىن ھەم شىنجاڭنىڭ ھەربىي دوبەنى قىلىپ تەيىنلىدى.

**مىلادىنىڭ1876 ـ يىلى**

زوزۇڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ، ياقۇپ بەگكە ھۇجۇم قىلدى . فۇكاڭ ، كومودى، ئۈرۈمچى ، قاتارلىق جايلانى قايتۇرۇۋېلىپ ، داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرلىدى.

مىلادىنىڭ1877 ـ يىلى

چىك سۇلالىسى ئەسكەرلىرى تۇرپان ، توقسۇن ، داۋانچىڭ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى . ياقۇپ بەگ كورلىدا باشقىلار تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى .
چىك ئەسكەرلىرى داۋاملىق ئىلگىرلەپ كورلا ، كۇچار ، باي ، ئاقسۇ لارغا كىردى . ياقۇپ بەگ 14 يىل ئىشغال قىلغان قەشقەر ، يېڭىسار ، يەكەن ، خوتەنلەرنىمۇ ئىشغال قىلدى . ياقۇپ بەگكە قارشى تۇرۇش بىر يېرىم يىل داۋاملىشىپ 1878 ـ يىلى 1 ـ ئايدا غالىبە بىلەن ئاخىرلاشتى.

مىلادىنىڭ ـ 1884 يىلى

چىك سۇلالىسى ھۆكىمتى شىنجاڭنى مەمۇرى ئۆلكىگە ئۆزگەرتىشنى تەستىقلاپ ، لىيۇ جىڭتاڭنى پاشاپ بەگلىككە ، خې كوڭتاڭنى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئامباللىقىغا تەيىنلىدى . 1885 ـ يىلى لىيۇ جىڭتاڭ قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

مىلادىنىڭ ـ 1911 يىلى

جۇڭگودا سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىي پارتىلدى . لىيۇ شەنجۇن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار ئۈرۈمچىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كوتۇردى . قوزغىلاڭغا « گېلاۋخۇي » جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرىدىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

مىلادىنىڭ 1912 ـ يىلى

ياڭ زەيشۈي قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاپچىلار ئىلىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى . ئىلى جىگرا مۇداپىئەسىدە تۇرۇۋاتقان چىك سۇلالىسى چېرىكلىرىنى تېزلا تارمارقىلىپ ئىلىنى ئىشغال قىلدى . ئىلى جاڭجۇنى ئۆلتۈرۈلدى . ئۆيغۇر ، خەنزۇ ، مانجۇ ، مۇڭغۇل ، زاڭزۇ لاردىن ئىبارەت « بەش مىللەت ئورتاق ئىلگىرلەش جەمىيتى » ۋە« يېڭى ئىلى چوڭ دودو مەھكىمىسى » قۇرۇلدى . ئىلى ئىنقىلاپچىلىرى قوشۇنى شەرىققە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرلەپ ، جىڭ ناھىيىسىدە چىك سۇلالىسى چېرىكلىرىنى تارمار قىلدى . شىنجاڭنىڭ پاششەپ بېگ يۈەن داخۇ جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى . شۇنىڭ بىلەن چىك سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى .
شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە ئامبىلى قوشۇمچە ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىسى ياڭ زىشىن دودو لىقىغا تەيىنلەندى. شۇ يىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە ، خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى ياڭ زىشىن ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى . خوتەندە چېرىە ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چار روسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشى يەنى « چىرا ۋەقەسى » پارتىلدى.

مىلادىنىڭ 1928 ـ يىلى

بىر قەدەر ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە بولغان ، كونا سىياسەتنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان فەن ياۋنەن باشچىلىقىدىكى بەزى ياش ئەمەلدارلار 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سىياسى ئۆزگىرىش قىلىپ ، ياڭ زىشىننى ئۆلتۈردى. بۇۋەقە شىنجاڭدا « 7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىش» دەپ ئاتالدى . سىياسىي تېزلا بېسىقتۇرۇلدى . شىنجاڭ مەمۇرى ئىشلار نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى جىڭشۇرىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۋالدى.

مىلادىنىڭ1931 ـ يىلى

قۇمۇلدا خوجىنياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى پارتىلىدى . گەنسۇدىكى خۇيزۇ ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ جىڭشۇرېن قىسىملىرىغا زەربە بەردى . ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قوزغىلاڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭەيدى.

مىلادىنىڭ1933 ـ يىلى

ـ 4 ئاينىڭ ـ 12 كۈنى جىڭشۇرېن ھۆكۈمىتىدىكى ياش ئەمەلدار تاۋمىڭيۇ ، ئۇرۇمچىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ئاق ئورۇس سالداتلىرى بىلەن بىرلىشىپ ، ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ جىڭشۇرېننى ھەيدىۋېتىپ ، ليۇۋېنلۇڭنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ، شىڭ شىسەينى چېگرا مۇداپىئە دوبەنى قىلىپ تەيىنلەيدۇ .
شۇيىلى 11 ـ ئايدا قەشقەردە سابىت داموللا » شەرقىي ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى . ئەمما جۇڭگودىن ئايرىلىش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى.

مىلادىنىڭ ـ 1935 يىلى

مۇشۇ يىلى 6 ـ ئايدا يوشۇسۇڭ قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭغا كېلىپ ، تەشۋىقات ، تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ كومپارتىيەنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى . شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەككەملەش ئۈچۈن سىياسىي جەھەتتە سوۋېت ئىتپاقى بىلەن دوست بولۇش ، كومپارتىيەنى ھىمايە قىلىش پوزىت سىيىسىنى بىلدۈردى . ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ۋە تەسىرى ئاستىدا ، « جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش'» ، « سوۋېت بىلەن دوست بولۇش » ، « مىللەتلەر ھوقۇقى باراۋەر بولۇش » ، »تىنچلىقنى ساقلاش » ، « شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش » دېگەن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مىلادىنىڭ ـ 1937 يىلى
ـ 9ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۇرۇمچىدە 9 ـ يۈنلىش ئارمىيىسىنىڭ باشقارمىسىنى قۇردى . بۇ دەسلەپ قۇرۇلغاندا چېڭ يۈن مەسئۇل بولغان ئىدى ، كېيىن دېڭفا ، چېڭ تىيەنجۇ لەر مەسئۇل بولدى.

مىلادىنىڭ 1942 ـ يىلى

شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل قىياپىتىنى ئاشكارلىدى . شۇ يىلى 9 ـ ئايدا چېڭ تىيەنجۇ ، ماۋزېمىن ، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى قولغا ئالدى ۋە 150 نەپەر كىشىنى نەزەربەند قىلىپ كېيىن ئۇلارنى تۈرمىگە قامىدى.

مىلادىنىڭ1943 ـ يىلى

چېڭ تىيەنچۇ، ماۋزېمىن ، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى.

مىلادىنىڭ ـ 1942 يىلى

شىڭ شىسەي ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ۋازارىتىنىڭ ۋازىرلىقىغا تەيىنلىنىپ شىنجاڭدىن كەتتى . شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ئىلىدا ناھىيىسىنىڭ خەلقى ئات تەقدىم قىلىشقا قارشى تۇرۇپ ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى . 11 ـ ئايدا خەلقىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غۇلجىنى ئىشغال قىلدى ، ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى . قوزغۇلاڭ ناھايىتى تېزلا ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتكە كېڭەيدى ۋە « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى » دەپ ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**مىلادىنىڭ1946 ـ يىلى**

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكىمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى . 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ ، شىنجاڭدا مىللىي بىرلەشمە ھۆكىمەت قۇرۇلدى . مەسئۇد سەبۇرى ئۆلكە رەئىسى ، ئەخمەتجان ئەپەندى ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف باش كاتىپ بولدى.

**مىلادىنىڭ 1947 ـ يىلى**

مۇشۇ يىلى ـ 2 ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «25 ـ فېۋرال » ئەكسىيەتچىلىك ۋەقەسىنى پەيداقىلىپ ، «تىنچلىق» بىتىمنى يىرتىپ تاشلىدى،ۋە بىرلەشمە ھۆكىمەتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرى ئىلىغا قايتىپ كەتتى ـ 5 . ئايدا مەسۇد سەبۇرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكىمەتنىڭ رەئىسى بولدى.

**مىلادىنىڭ 1949 ـ يىلى**

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكىمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى . بۇرھان شەئىدى ئۆلكىلىك ھۆكىمەتنىڭ رەئىسى بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان ئەپەندى ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ،ئىسھاق بېك ، دەلىلقان سۈرگۈن بايوف ۋە لوجىسلار جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت يىغىنىغا قاتناسماقچى بولۇپ يولغا چىقتى . ئۇلار سوۋېت ئىتپاقى تەۋەسىدىن ئۆتۈپ كېتۋاتقاندا ۋەقەگە ئۇچراپ مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ۋا خەلق دېموكراتىيە ئىنقىلابى ئىشلىرى يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.

شۇ يىلى ـ 9 ئاينىڭ 25 ـ 26 ـ كۈنلىرى ئاۋسىيۇ ، بۇرھان شەھىدىلەر تېرگىراممىا يوللاپ ھەقىقەتكە قايىتتى ... 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى 600 چاقىرىم يول يۈرۈپ شىنجاڭغا يۈرۈشقىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى بىلەن ئۇچراشتى ، ۋە بۇ ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 ـ كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى .

**مىلادىنىڭ 1955 ـ يىلى**

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى . دوڭبىۋو جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەركىزى كومىتېتىغا ، مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە رەئىس ماۋزېدوڭغا ۋاكالىتەن يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى .

## ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى

ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى 1950 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرى يۇمۇلاقشەھەر كۆلبېشى

مەھەللىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1966 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. 1972 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1982 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەرەپ تىلى ئۆگەنگەن. 1984 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئىراققا بېرىپ، باغدات، كۇفە، نەجەف ۋە كەربالا قاتارلىق شەھەرلەردە ئەرەپ تىلى بويىچە پىراكتىكا قىلغان، 1986 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پارس تىلى ئۆگەنگەن. 1996 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1997 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە زىيارەتچى ئالىم سالاھىيىتى بىلەن مىسىرغا بېرىپ، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەرەپ ئەدەبىياتى بويىچە، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسلام دىنى

ئاساسلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. 1997 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2002 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە تۈركىيەگە بېرىپ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ تارىخ ـ جۇغراپىيە ئىنستىتۇتى چاغداش تۈرك شىۋىلىرى ۋە ئەدەبىياتلىرى فاكۇلتېتىدا چاغاتاي تۈركىي تىل ـ ئەدەبىياتى بويىچە ئوقۇپ، «ئەدەبىيات پەنلىرى دوكتورى» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىرغىچە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر تىل تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇرتىلى لېكسىكولوگىيەسى»، «تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى»، «چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «نەۋائىي ئەسەرلىرى تەتقىقاتى»، «تۈرك تىلى» ۋە «ئەرەب تىلى» قاتارلىق دەرسلەرنى سۆزلىگەن. 1991 ـ يىلى بېيجىڭ شەھىرى دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالانغان. 1992 ـ يىلى دوتسېنت بولغان. 1995 ـ يىلى «باۋگاڭ مائارىپ فوندى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىسى» بولۇپ باھالانغان. 2004 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پىروفېسسور بولغان. ئۇ 30 يىلدىن بۇيان ئىزچىل سۆزلەپ كېلىۋاتقان «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكى 2006 ـ يىلى «بېيجىڭ شەھىرى دەرىجىلىك سەرخىل دەرس» بولۇپ باھالانغان. 2007 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولغان.




ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز ئۆلچىمىنى بېكىتىش ھەققىدە»، «ئۇيغۇر 12 مۇقامى تېكىستلىرى بويىچە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا»، «مۇسا سايرامى ۋە ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى»، «گۇمنام — ھىرقەتىيىنىڭ ئۆلۈمسىز غەزىلى ‹ كاشفەر › ھەققىدە» قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. «چاغاتاي تىلى» (خەمىت تۆمۈر بىلەن بىرگە، 1986 ـ يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى) ناملىق كىتابى 1989 ـ يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» (1995 ـ يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى) ناملىق كىتابى 1996 ـ يىلى بېيجىڭ شەھىرى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، 1997 ـ يىلى مىللىي يېزىقتىكى كىتابلار بويىچە مەملىكەتلىك 3 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن باشقا، «نەۋائى: مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» (خەمىت تۆمۈر ئەپەندى بىلەن بىرگە، 1988 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى)، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلار» (1993 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى)، « چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» (2004 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى)، «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىدىن — ئەسلى يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر 12 مۇقام تېكىستلىرى» (2005 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى)، « چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» (2007 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى)، «كور خېرىدار» (ھېكايىلەر توپلىمى، 1989 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى) قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە «ئەڭگۈشتەر» (1984 ـ يىلى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرى)، «بەيتۇللانىڭ تارىخى» (1994 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرىياتى)، « مەخدۇم قۇلى شېئىرلىرى» ( مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا بىلەن بىرگە، 2000 ـ يىلى، خەلق ئەدەبىيات نەشرىياتى نەشرى)، «قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن — ئەممە پارە تەپسىرى» (2003 ـ يىلى، جىددە نەشرى) قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى هازىر «ئۇيغۇر 12 مۇقام تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقاتى» ۋە «‹تارىخى ھەمىدى› نىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق يىرىك ئەسىرى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

## يەكەن خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

يەكەن خانلىقى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئۇيغۇرلاشقان چاغاتاي ئەۋلاتلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان . بۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلەر گۈللەپ ياشنىغان ئالتۇن دەۋر ئىدى .

1. سۇلتان سەئىدخان ـ ـ ـ ـ يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى سۇلتان سەئىدخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خاقانى ئەھمەدنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ ، 1490 ـ يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان .

2. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ـ ـ ـ ـ ئابدۇرەشىدخان سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ ، كىچىكىدە سەرسان ـ سەرگانداnlىقتا كۆپ ئازاب تارتقان . 1533 ـ يىلدىن 1559 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

3. ئابدۇلكەرىمخان ـ ـ ـ ـ ئابدۇلكەرىمخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىككىنجى ئوغلى . ئۇ يەكەن خانلىقى تارىخىدا ئەڭ ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن خاقان . 1559 ـ يىلدىن 1591 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

4. مۇھەممەدخان ـ ـ ـ ـ ئابدۇلكەرىمخاننىڭ ئىنىسى . 1591 ـ يىلدىن 1609 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

5. ئەھمەدخان ـ ئەھمەدخان ئابدۇلكەرىمخاننىڭ ئوغلى . 1609 ـ يىلدىن 1618 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

6. ئابدۇللەتىپخان ـ ئەھمەدخاننىڭ ئىككىنجى ئوغلى . 1618 ـ يىلدىن ـ 1630 يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

7. سۇلتان ئەھمەدخان ـ ـ ـ ـ سۇلتان ئەھمەدخان بولسا ئەھمەدخاننىڭ نەۋرىسى . تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئوغلى . ئۇ ئابدۇللەتىپخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، يەكەندىكى ۋەزىرلەر ۋە ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن خاقانلىق تەختىگە چىققان.

8. ئابدۇللاخان ـ ئابدۇللاخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى . ئابدۇرەھىمنىڭ ئوغلى.

9. سۇلتان مەھمۇدخان ـ ـ سۇلتان مەھمۇدخان سۇلتان ئەھمەتجاننىڭ ئىنىسى.

10. يولۋاسخان ـ ـيولۋاسخان ئاق تاغلىق خوجىلار ۋە ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن مىلادىيە 1667 ـ يىلى يەكەن خانلىقى تەختكە چىققان .

11. ئابدۇللەتىپخان ـئابدۇللەتىپخان يولۋاسخاننىڭ ئوغلى . ئۇ ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، 1670 ـ يىلى خاقانلىق تەختىگە يۆلەپ چىقىرىلغان.

12. ئىسمائىلخان ـ ـ ـ ـ ئىسمائىلخان 1670 ـ يىلى قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا يەكەن تەختىگە چىققان.

BABUR